ئابدۇرېھىم دۆلەت



# مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئابدۇرېھىم دۆلەت

# مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

存在与文化 / 阿布都热依木.达吾来提著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.5

ISBN 7—228—08025—4

Ⅰ.存… Ⅱ.阿… Ⅲ.社会科学 — 文集 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.C53

中国版本图书馆 CIP 数据刻字(2003)第 037431 号

责任编辑:艾则孜.吐尔迪

责任校对:祖来哈.艾则孜

封面设计:[illegible]兰设计中心

存在与文化 (维吾尔文)

阿布都热依木.达吾来提著

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮政编码:830001)

新疆新华书店发行

乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷

850×1168 毫米 1/32 开本 12.375 印张 2 插页

2003 年 5 月第 1 版 2003 年 5 月第 1 次印刷

印数 1 — 3000

---

ISBN7—228—08025—4 定价:18.70 元

# ئاپتوردىن

راستىمنى دېسەم، مەندە ئەزەلدىن يازغۇچى بولۇش ئارزۇسى بولۇپ باقمىغان. كىتاب ئوقۇغان، ئۆزۈم قىزىققان، خالىغان ئىشلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن چاغلىرىمدىمۇ، بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتەرمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. ھېلىھەم ئۆزۈمنى يازغۇچى دەپ قارىمايمەن. مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدە ۋىجدانەن ئويلىنالايدىغان ھەر قانداق ئادەم، ئۆزىلا بىلىپ، كاللىسىدا ساقلاپ كەلگەن ئوي - پىكىرلىرىنى سىغدۇرالمىغاندا ھەم بۇنى باشقىلارمۇ بىلسۇن دەپ ئويلىغاندا، قولىغا قەلەم ئالسا بولۇۋېرىدۇ. يېزىش قانداقتۇر يازغۇچىلارنىڭلا ئىشى ئەمەس، ھېچبىر يەردە ئەدەبىيات ئەھلىلا قەلەم تەۋرەتسۇن دېگەن پەرمان يوق.

پىكىر يۈرگۈزۈش ئادەتكە ئايلانسا، قەلەم قولىغا ئۆزلۈكىدىن چىقىپ قالىدىكەن. بىزدە يازىدىغان ئىشلار، دەيدىغان گەپلەر ئازمۇ؟ ياق، بىزدە يېزىشقا تېگىشلىكنى يازالايدىغانلار بەك ئاز. كىشىلەر ئۆزى يېزىلىشى كېرەك دەپ قارىغان، ئەمما تېخى يېزىلمىغان نەرسىلەرنى يازغۇچىلار يازسۇن دەپ ساقلاپ يۈرمەي، ئۆزلىرىمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىپ باقسا بولۇۋېرىدۇ. بىر ئادەمدە مەسئۇلىيەتچانلىق، پىكىرنى ئىپادىلىيەلىگۈدەك جۈملە تۈزۈش ئىقتىدارى بولسىلا، ئۇنىڭدا يېزىشنىڭ شەرتلىرى ھازىرلانغان بولىدۇ.

بۇلار مېنىڭ يېزىش ھەققىدىكى كىچىككىنە قاراشلىرىم، ھازىرغا قەدەر يازغانلىرىم پەقەت رېئاللىق مېنى

قىستىغان مەسىلىلەر خالاس. يازغىنىمدىن بىرەر جۈملە بىرەر ئادەمنىڭ ئىدىيىسى، كاللىسىنىلا ئەمەس، ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتەلىسە مەن غەلىبە قىلغان بولىمەن. چۈنكى قەغەزدە خەت، ئېغىزدا گەپ، قەلبتە ھېسسىيات، مېڭىدە پىكىر ھالىتىدىلا قېلىش ھەقىقەتنىڭ قىيامىتىدۇر. بىرەر تال شام يېقىش زۇلمەتتىن نەپرەتلىنىپ، قاقشاپ يۈرگەندىن كۆپ ئەلا.

ئاڭلىشىمچە، بەزى ئوقۇرمەنلەر ئابدۇرېھىم ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى يازىدۇ، دېيىشىپتۇ. بۇ گەپتىن مەن ئۆزۈمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە مەن ئۇلار ئويلىمىغاننى، خىيالىغا كەلمىگەننى تاپالىشىم، ئۇلارغا يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيە بېرەلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، قىلغانلىرىم ئاران ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىش بوپتۇ، ۋەھالەنكى مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزگەرتمەكچى، كۆڭلىگە تەسىر كۆرسەتمەكچى ئىدىم.

مەن ئوت قالىيالمايمەن، پەقەت بىرلەرگە قالاپ بېرىلگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماي، چوغنى باشقىلارغا يەتكۈزۈپ بەرسەم، كىشىلەر بۇنىڭدا ۋۇجۇدىنى ئىللىتسا، يولىنى يورۇتسا دەيمەن.

2003- يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


ئەمدى قانداق قىلىمىز ...... 1

يۈگەنسىز ئىزتىراپلار ...... 6

جاھاندىن ئاز- تولا خەۋەردار بولۇپ قويايلى ...... 17

يۇلتۇزلىرىمىز قەيەردە ...... 25

قانىتى بوغۇلغان تىنچلىق كەپتىرى ...... 60

مائاشلىقلار قانداق ياشاۋاتىدۇ ...... 100

تېلېۋىزورمۇ ياكى دىل بۇزۇر ...... 110

موللا كۆپ يەردە قوي ھارام ...... 126

يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم ...... 132

نېمىشقا ئويلانمايمىز ...... 144

ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ ...... 159

بىلىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ...... 170

ئىلىم، تۈزۈلمە، ئۈنۈم ...... 190

ئېشەك ئۇچامدۇ، ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ ...... 203

ئىلىم كۆكىدىكى گىگانت چولپان ...... 210

بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل ...... 219

پەلسەپە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز ...... 276

ئائىلە ۋە ئائىلە كرىزىسى ...... 290

ئۇقۇم، رېئاللىق، تەقدىر ...... 328

ئىلىمگە خىيانەت — ئەلگە قىيامەت ...... 338

مەۋجۇتلۇق نېمىلەرگە باغلىق ...... 350

# ئەمدى قانداق قىلىمىز

سىز ئوقۇتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۆيىڭىزدە ۋە ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز ئارىسىدا بىرەر ئوقۇتقۇچى (ئەلۋەتتە دېمەكچى بولغىنىم يېزا مەكتەپلەردە ئىشلەيدىغان) بارمۇ؟ سىز ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، شۇلارنىڭ خىزمىتى، مەكتىپى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ باققانمۇ؟ ھە راست، سىز مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەمسىز؟ كەڭ يېزا مائارىپىنىڭ قانداقراق كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگۈڭىز كېلەمدۇ؟ سىز يېزىلارغا بېرىپ باققانمۇ؟ يېزا مەكتەپلىرىگە كىرىپ دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن سىردىشىپ باققانمۇ؟ قېنى، سىز قاقشىمىغان، خىزمىتىدىن دادلىمىغان بىرەرى بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالدىڭىزمۇ؟ قېنى، كىم مەن بۇ خىزمىتىمدىن بەك رازى، مەن بۇ كەسپىمنى ھەقىقەتەن سۆيىمەن، مېنىڭ بارلىقىم مۇشۇ خىزمىتىم ئۈچۈن دەپ باقتى؟

سىزگە دېسەم قاراڭ، يېزا مائارىپىدىكى بۇ ئەھۋاللارنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ، بەزىلىرىگە ئادەم ھەيرانلىقتا ھاڭ-تاڭ قېلىشقا، ھەتتا بەزىلىرىگە ياقا، بارماق چىشلەشكە مەجبۇر! قېنى سىز قانداق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا كۆچۈرۈشنى ئۆگەتكىنىنى كۆرگەن؟ قانداق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەتتا ئىمتىھانغا كىرىپ ئوقۇغۇچىغا دەپ بەرگىنى، يېزىپ بەرگىنىنى كۆرگەن؟ يەنە سىز قانداق مەكتەپتە باشلانغۇچتا بەش يىل ئوقۇپ يەنە تولۇق بىر

سىنىپ بالىنىڭ تولۇقسىزغا ساۋاتسىز كۆچكىنىنى كۆرگەن؟! بەلكىم كۆرگەنسىز، بەلكىم ئاڭلىغانسىز، بەلكىم ھازىر ئاڭلاپ ھەيران قېلىۋاتقانسىز؟ بەلكىم ئۆزىڭىز شۇنداق مەكتەپلەردە ئىشلەپ باققانسىز، ھەتتا ئۆزىڭىز كىرىپ كۆچۈرۈپ بەرگەنمۇ تېخى؟

بىلىپ قويۇڭ، جاھاندا، يەنە كېلىپ بىزنىڭ بۇ تارىم گىرۋەكلىرىدە بۇنداق ئىشلار سامانەدەك تولا، ھېچكىم ھازىر ئۇنىڭدىن ھەيران قالمايدۇ. بۇ يەردىكى يېزا مەكتەپلەردە دەرس ئۆزلەشتۈرەلمەسلىك، ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ سىنىپ بويىچە لاياقەتسىز بولۇشى تولىمۇ ئادەتتىكى ئەھۋال، ئىمتىھاندا5،7،9،10... نومۇر ئېلىش نورمال ئىش. ھازىر بۇ يەرلەرگە 100 نومۇرنى ئۆلچەم قىلماي، 50نومۇرنى ئۆلچەم قىلىپ، 25 تىن يۇقىرى ئالغانلارنى ئۆتتى، دەپ ھېسابلىسا سەل قاملىشار. سىز تولۇقسىز 3- يىللىقتا خەنزۇ تىلى دەرس بېرىپ قالسىڭىز، ئاۋۋال ئۇلارغا پىنيىن ئۆگىتىشكە مەجبۇر بولىسىز. پىنيىن بىلىدىغان باللار بولسا خېلى خۇش بولسىڭىز بولىدۇ. بۇ مەكتەپلەردە تېخىچە باللارنى مەكتەپكە تولۇق ئەكېلىش باش ۋەزىپە، ئۇلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۆگىنىش ئەھۋالى دېگەنلەرمۇ ئىشقىلىپ باش ۋەزىپە.

سىز دېھقانلار بىلەن پاراڭلىشىپ باققانمۇ؟ بولۇپمۇ بىرەر بالىسى مەكتەپتە ئوقۇۋېدىغان دېھقان بىلەن. مەن سىزگە شۇنداق ھۆددە بېرەلەيمەنكى، ئەگەر 10 ئادەم بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، كەم بولغاندىمۇ يەتتىسى ئۆزىنىڭ بالىسىنى مەكتەپتىن ئاجراتقۇسى بارلىقىنى، ئەمما يول تاپالماي قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردىكى «ئاجرىتىش» دېگەن سۆزنى ئويلاپ باقسىڭىز سەل قىزىق. بۇ يەردە دېھقان باللىرى مەكتەپ پۈتتۈرسە ياكى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپكە بارمايدىغان بولسا،بالام مەكتەپتىن «ئاجرىدى» دەيدۇ. سىزنىڭچە بۇ «ئاجرىدى» دېگەن سۆز قانداق مەنە بىلدۈرەر؟ بۇ دېھقانلارنىڭ: ئۇھ، ئاخىر بالام مەكتەپكە بارمايدىغان بولدى، خويمۇ ئۇبدان بىر

قۇتۇلدۇق، دېگىنى . ئۇلار بالىسىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋالسا، خۇددى تۈرمىدىن چىقىرىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال 30 ـ 40 يىلدىن بۇيان يېزىلاردا ئۆزگەرگىنى يوق. بالىلار مەكتەپكە ئۆزلۈكىدىن بارغۇسى كېلىدىغان، دېھقانلارمۇ بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاكتىپلىق، رازىمەنلىك بىلەن ئەۋەتىدىغان ۋەزىيەت تا بۈگۈنگىچە مەيدانغا كەلگىنى يوق. ئەگەر مەن بۇ خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، دېسەم، سىز ئىشىنەمسىز؟ ئىشىنىڭ، ئەمدى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەن بۇ يەردە يېزا مەكتەپلىرىدىكى ئالامەت، كارامەتلەرنى سۆزلەپ يۈرمەي، بۇنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇخىل ئەھۋاللارنىڭ، يەنى دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بارغۇزمايدىغان ئەھۋالنىڭ نېمىشقا ئەمدى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، دېگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ ئۆتەي.

دېمىسەممۇ دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپتە نېمىنى كۆزلەپ ئوقۇتىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن، ئەلۋەتتە ئۇلار بالام دېھقان بولمىسىكەن، كەتمەندىن قۇتۇلسىكەن، مائاش ئالىدىغان كادىر بولسىكەن، دەپ ئوقۇتىدۇ. ئىلگىرى بۇ خىل ئۈمىد پات ـ پات ئەمەلگە ئېشىپ قالاتتى، دېھقان بالىلىرى تولۇقسىزدىنلا ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئۆتۈپ مائاشلىق كادىر بولۇپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، ناھايىتى ئاز ساندىكىسى، ۋەھالەنكى ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەردى. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ چاقىرىقىقا ئېرىشمەك بەسى مۈشكۈل، ئەمما ئاجايىپ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى، ئەمما ھازىر ئىمتىھانغا قاتناشسىلا، چاقىرىقتىن بەك غەم قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، يەنىلا دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى كادىر قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى ھەممىگە ئايان، ھازىر ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلمايدىغان بولدى، ئوقۇغۇچىلار خىزمەتنى ئۆزى تاپىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا مۇقەررەركى دېھقانلار ئەمەس، ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا، بالىلىرىنى مەكتەپتە

بىزدە زادى شۈنچىلىك كۈچ بارمۇ ـ يوق؟

قانداق، سىزنىڭچە بۇ مەسىلىلەر ئۈيلىنىشقا ئەرزىمەمدىكەن؟ مۇقەررەركى، مائارىپىمىزدىكى نۇقسانلارنىڭ زىيىنىنى بىز ئاتا ـ ئانىلار، بىز بالىلار تارتىمىز.

مائارىپىمىزغا شامال تەگسە بىزگە زۇكام تېگىدۇ، زۇكام تەگسە چوقۇم بىز ئۈپكە ياللۇغى، ئۈپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغاندا بولسا، مۇقەررەركى بىز راكقا مۇپتىلا.

ئوقۇتۇش ـ ئوقۇتماسلىقنى ئويلىشىپ باقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەلكىم ئىككىلا تاللاش يولى بولۇشى مۇمكىن، بىرى ئالاھىدە ياخشى ئوقۇپ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ياكى ھۈنەر كەسىپ تۈرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش، يەنە بىرى، تۆت ـ بەش يىل ئوقۇسىمۇ يەنە خىزمەت يوق، مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچە بالىلىرىنى بالدۇرراق ئاجرىتىۋېلىپ، ھۈنەرگە بېرىش ياكى سودىغا سېلىش. چۈنكى، جان بېقىش ئەڭ مۇھىم مەسىلە، بۇ ھەر قانداق ئادەمگە ئورتاق. يېقىندا مەن نۇرغۇن زىيالىي، مائاش ئالىدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ ئەمدى بالىنى ئوقۇتقاننىڭ پايدىسى قالمىدى، دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

بىز بۇ خىل ئەھۋالدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز: ئىلگىرى ھەممىمىز بالىلىرىمىزنى مەكتەپكە تاشلاپ قويغان، بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى مەكتەپتىن ئىزدىگەن، بالىمىزنى ئۆزىمىز تەربىيىلەش خىيالىمىزغا كىرسىمۇ ئەمەلىيىتىمىزدە بولۇپ باقمىغان. ئەمدى بىز قانداق ئاتا ـ ئانا بولىمىز؟ بالىلىرىمىزنى قانداق تەربىيىلەيمىز؟ ياكى يەنە ئاۋۋالقىدەك مەكتەپلەرگىلا تاشلاپ قويۇپ، كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندە ھېلى ئۇ باشلىق، ھېلى بۇ باشلىقنىڭكىگە قاتناپ، ئۇلارنىڭ سوغۇق چىراي، توڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سارغىيىپ يۈرەمدۇق، ياكى بالدۇرلا بالىمىزنىڭ تەربىيىسى، كېيىن جېنىنى قانداق بېقىشى ھەققىدە ئويلىنىپ بىرەر تەدبىر قوللىنامدۇق؟

يەنە بىرى بىز بالىلار ئەمدى قانداق بالا بولىمىز؟ قانداق ياشايمىز؟ مۇھىمى نېمىمىزگە تايىنىپ ياشايمىز؟ يەنە ئاتا ـ ئانام باققاندىكىن، بىر ئامال قىلسۇن، دەپ نومۇس قىلماي يەنە بېزىرىپ ئولتۇرامدۇق ياكى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ بىر ئامال قىلامدىمىز؟ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ بىر ئامال قىلالايمىزمۇ؟ ئەگەر ئۆز كۈچىمىزگە تايانساق، قايسى كۈچىمىزگە، نەدىن ئېرىشكەن كۈچكە تايىنىمىز؟

سورىقى يوق. يېڭىلگۈچىلەر سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، بىراق شاھمات تاختىسىدىكى پېچكىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزىڭىزنى مۇسابىقە مەيدانىدا، دەپ ھېس قىلمىسىڭىز، بۆرە يوق يايلاقتىكى قوتۇر بېسىپ كەتكەن قوينىڭ تەقدىرىگە قالىسىز. ئۆتمۈش خۇلاسىلىرىمىزنىڭ يوقلۇقى بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىلەردىن مەھرۇم قىلسا، كەلگۈسى ھەققىدىكى بىرەر لايىھىمىزنىڭ يوقلۇقى بىزنى ماڭىدىغان يولدىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ. كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى تەبىئەت ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، بۈگۈننىڭ رېئاللىقى تارىخنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۈگۈننىڭ پېشانىسىدە تۇرۇپ تۈنۈگۈنگە قارىساق، بۈگۈنكى تەقدىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭدا كۆزىمىز بىلەنلا قارىساق ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. رېئاللىقىمىزدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى تارىخقا كۆمۈلگەن. بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىز يىلنامە، ۋەقەلىكلەرنى ئېسىدە ساقلىغان بىلەن سالماق خۇلاسىلەرنى، كەلگۈسى خەرىتىمىزنى سىزىشقا ئاساس بولىدىغان يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. باشقىلاردا تارىخچىلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناس ۋە كەلگۈسىشۇناستۇر. بىراق، بىز قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانساق، خۇددى ئۇنى بىزگە تامغىلىۋەتكەندەك مەڭگۈ باشقىغا تەرەققىي قىلدۇرالمايمىز، بۇ بىزنىڭ كەسىپ تاللىشىمىزنىڭ بۇرچ تۈرتكىسىدە بولمىغانلىقىدىندۇر. «تۆتىنچى قېتىملىق بۇرۇلۇش» ناملىق كىتابتا «تارىخشۇناسلارنىڭ خىزمىتىگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: تارىخشۇناسلارنىڭ خىزمىتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەكرار ئوتتۇرىغا چىققان ئەندىزىلەرنى ئىزدەش ۋە ئىجتىمائىي تەجرىبىلەرنىڭ تەبىئىي يەكۈننى بايقاشتۇر» (ۋىلىيام ستۇئارس ۋە ۋە نىل خول، دولقۇن فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشرى، 5 ـ بەت). گەرچە كەلگۈسىمىزنىڭ

# يوگەنسىز ئىزتىراپلار

21- ئەسىرگە ھېچبىر تەييارلىقسىزلا كىرىپ قالدۇق. قولىمىزدا كەلگۈسىنىڭ ھېچقانداق خەرىتىسى ياكى ئۆتمۈشنىڭ ئىبرەتلىك خۇلاسىسى، ھېچبولمىسا رېئاللىقنىڭ سۈزۈك ئەينىكى يوق. خەرىتىسىز يولنى مېڭىۋېرىپ جايىمىزدا تۈگمەن تېشىدەك ئايلىنىپ تۇرۇۋېتىمىز. خەرىتىنىڭ يوقلۇقى ئىزنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئېھتىمال، بىزدە مۇنداق خەرىتىنى سىزالايدىغانلار تېخى بولمىسا كېرەك. تەنھەرىكەتچىلەر مۇسابىقىدىن ئىلگىرى مەشقاۋۇلنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەشىق قىلاتتى، بىراق بىز مەشىق مەيدانىغا ئۆزىمىزمۇ تۇيمايلا مەشىقسىز كىرىپ قالدۇق. قوم دېڭىزلىرىدا يۈرۈپ سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولۇۋاتىمىز. قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدىن ئىلگىرى رەگەتكىمۇ تۇتۇپ باقمىدۇق. ھېلىمۇ ياخشى مۇسابىقىنىڭ مارافونچە بولۇپ قالغىنى. مارافونچە مۇسابىقىدە نۇقتىدىن بالدۇر چىققانلارنىڭ ھەممىسى پەللىگە باشتا بارالىشى ناتايىن، شۇنداقلا كېيىن چىققانلارمۇ ئارقىدا قېلىشى ناتايىن. يول ماڭغان ھېساب ئەمەس، مەنزىلگە يەتكەن ھېساب. مەنزىلگە يېتىشكە جەريان كېتىدۇ، مەسىلە دەل جەرياننى قىسقارتىش ۋە سۈرئەتنى تېزلىتىشتە. بۇ مۇسابىقە سىزنىڭ قاتنىشىش - قاتناشماسلىق ھەققىدە پىكرىڭىزنى ئېلىپ يۈرمەيدۇ. سىزنى ئالدىن تىزىملىمايدۇ. نەتىجىنىڭ ۋىجدانسىزلار ئۈچۈن

سەندە بۇرچ تۇيغۇسى، ۋىجدان يوقمۇ؟ دەپ سورىسىڭىز، چوقۇم كۆپىنچىسىنىڭ جاۋابىدىن ۋىجداننى يېگىلى بولمىغاچقا، دېگەن يوشۇرۇن ئىمانى چۈشىنىپ قالىسىز.

ئۆز قوۋمى ئۈچۈن ئىشلەتمىگەن ئىلىمنى ئۆگىنىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئىلىم دېگەن مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتەي، دەپ ئۆگىنىدىغان نەرسە، ئۇ مەڭگۈ غايە بولالمايدۇ، ئۇ پەقەت غايىگە يېتىشتىكى ۋاستە.

بىزدە ئوقۇغانلار كۆپ بولسىمۇ، كارغا كېلىدىغانلار ئاز، بۇ دەل نېمىشقا ئوقۇيدىغانلىقىنى ئۇقماي ئوقۇپ سالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. شۇڭىدىن نېمىشقا ئوقۇيدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرەلمىگەن مائارىپقا ھەيران قالىمەن. بىزدە ئەمگەك قىلىۋاتقانلار كۆپ بولغان بىلەن ھوسۇل ئېلىۋاتقانلار ئاز.

مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئومۇمىي قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بىزدە ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە، سۇنماس روھلۇق زىيالىيلىرىمىزنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى، كۆپىنچىسىنىڭ ھازىرقى ئورنى ۋە ئەھۋالى بىلەن قانائەتلىنىپ تورۇپ قالغانلىقىنى، تىرىشىۋاتقانلارنىڭمۇ قولىدىكى تاۋاقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ خىل تىرىشىش، بۇ خىل بىلىم شۇ تاۋاقتىن ھالقىپ ئەتراپىدىكىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. پائالىيەت مەقسەتكە چۈشلۇق بولىدۇ - دە. ئۇلاردىن سوراپ باقساق، كۆپىنچىسىنىڭ ئۇلۇغ ئارمانلىرى بارلىقىنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەزىلىرى ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىق سەۋەب بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىمكانىيەت بولسا چوقۇم تىرىشىدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ئىشلىرىغا ياكى ئىمكانىيەت پەيدا قىلىشقا تىرىشقان - تىرىشمىغانلىقىغا قارىساقلا، ئۇلارنىڭ بولۇشىغا ياشاش لوگىكىسىغا ئەمەل قىلىپ ياشاۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

خەرىتىسىنى يەر شەكلى خەرىتىسىدەك ياكى مەمۇرىي رايونلار خەرىتىسىدەك ۋە ياكى قۇرۇلۇش چېرتيوژىدەك ئېنىق سىزغىلى بولمىسىمۇ، ھېچبولمىسا ئاز - تولا پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بولساق، نۇرغۇن بىھۇدە ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ئالدى ئېلىنغان، نۇرغۇن ئېنېرگىيە، ۋاقىت تېجەلگەن بولاتتى. جون لۇيىس مۇنداق دەيدۇ: «ناتونۇش يەردىكى يولدىن ئۆتمەكچى بولغىنىمىزدا، مەلۇم خەرىتىگە موھتاج بولىمىز. ئۆزىمىزنى تونۇغاندەك خەرىتە سىزىش ئېڭى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ قەيەردىلىكىنى ۋە قەيەرگە مېڭىش زۆرۈرىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ» («مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشى دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۇرغۇزۇلۇشى»، سەككىزىنچى بەت، شىنخۇا نەشرىياتى، ساموئېل خۇنتىڭتون).

ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا كۆپلىرىمىزگە ناتونۇش، ناتونۇش دۇنياغا كىرىش يەنە بىر مەزگىللىك ئازغۇنلۇقتىن، تەمتىرەشتىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى، بىزدە قاراڭغۇدا قالغان كىشىلەرگە يۇرىكىنى دانكودەك مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ بېرەلەيدىغانلار بارمۇ؟

ئەتراپىتىكى دۇنيانى چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىنى پەرەز قىلىپ ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق يول تېپىش ئۈچۈن، بەزىبىر سىستېمىلاشقان نەزەرىيە، چۈشەنچە، كونكرېت ئۇقۇم، پرىنسىپ، ئۆلچەملەر كېرەك بولىدۇ. بۇلار كۆچۈرۈپلا كېلىنگەن بولماستىن، ئۆز مەنپەئەتىمىزنىڭ دىستىللىشىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. خەلقىمىز ئەسلىدە بۇلارنى زىيالىيلىرىمىزدىن كۈتكەندى. لېكىن، زىيالىيلىرىمىز بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش - بەرمەسلىكنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قاتارىدا سانىمىدى. بەلكى، بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە تاقاشمىغۇچە ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولۇپ قالغانلىقىدىندۇر. ئۇلاردىن نېمىشقا بۇلار ھەققىدە ئىزدەنمەيسەن؟ دەپ سورىسىڭىز، بۇ مېنىڭ كەسپىم ئەمەس، دېيىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۆزىدىنلا كىرىزىسنى ھېس قىلىسىز.

ماشىنىدا قانداق بىر نەرسىنى ئېيتىپ بەرسە، ئەگەر بىز ئايروپىلاندا بولۇپ قالساق، بۇنىڭ بىزگە پايدىسى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ئايرودروم، سىمسىز ئاۋئاتسىيە بەلگىسى، ھاۋا يولى، يەر شارائىتى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەرىتىگە ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئەگەر خەرىتە بولمىسا، بىز ئېزىپ كېتىمىز. خەرىتە قانچە تەپسىلىي، ئىنچىكە بولسا، رېئاللىقنى شۇنچە ياخشى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. بىراق، بەك تەپسىلىي بولۇپ كەتكەن خەرىتىنىڭمۇ نۇرغۇن مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر بىز بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى بويلاپ بىر چوڭ شەھەرگە بارماقچى بولساق، بىزنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىگە ئالاقىسىز ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەرىتىگە ھاجىتىمىز چۈشمەيدۇ. بۇنداق خەرىتىدە تاشيول مۆرەككەپ، ئىككىنچى ئورۇندىكى يوللارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. بۇنداق خەرىتىنىڭ ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يەنە بىر جەھەتتىن پەقەت بىرلا تاشيول بار خەرىتە باشقا رېئال ئەھۋالنى چەتكە چىقىرىۋېتىدۇ. ئەگەر بۇ يول توسۇلۇپ قالغان بولسا، بۇ خەرىتە بىزنىڭ باشقا يولنى تاللاش ئىمكانىيىتىمىزنى چەكلەپ قويىدۇ. قىسقىسى، بىز ھەم رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ھەم رېئاللىقنى ئاددىيلاشتۇرۇپ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان خەرىتىگە موھتاج (يۇقىرىقى كىتاب). ساموئېل خۇنتىڭتوننىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى بىزنىڭ لايىھە، كونكرېت ئەمەلىيەت ۋە ئېھتىياج ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بىزنىڭ مەسىلىلىرىمىزگە جاۋاب بېرىپلا، ئىزاھلاپ قويۇپلا بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. نۇرغۇنلىرى زورۇر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر. ھەل قىلىنىش تەقەززاسىدىكى مەسىلىلەر توغرا جاۋاب، ئىزاھقىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتسا، بۇ كرىزىس بولماي نېمە؟

ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ شەخسنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغىنىنى ئېنىق. بۇ بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ھەرتەرەپلىمە، ئورتاق ئەمگىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزدا ئورتاق ئەمگەك يوق، بەلكىم بۇ ئورتاق نىشان بولمىغاچقىدۇر. زىيالىيلاردا ئورتاق نىشان بولماسلىقى ئەجەللىك كرىزىس ئەمەسمۇ؟ زىيالىيلىرىمىزنى بىردىن لىياڭشەن كۆلىنىڭ ئاتامىنى سۈپىتىدە كۆرىمىز. ئەجەبا، ئۇلار بىر ـ بىرىنى قويۇپ، فاڭلا، ۋاڭماڭلار بىلەن ياكى ئوردا بىلەن بىرلەشمەكچىمىدۇ؟ بۇ كىشىگە ھەسرەت ئەمەسمۇ؟!

بۇ غايە بىلەن پائالىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقتىن ۋە تەبىئىتىدىكى قىتىغۇرلۇقىنى غايىسىگە بېقىندۇرالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى بېقىندۇرالماسلىقمۇ ئىنسان روھىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئېتىقاد مەشئىلىنىڭ شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى تېخى يورۇتالمىغانلىقىدىن بولىدۇ.

بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، شۇنداقلا شۇ مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئۇقۇم، نەزەرىيىلەرنى قەتئىي ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ۋە ئۇنى ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ساموئېل خۇنتىڭتون مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

1. رېئاللىقنى رەتلەش ۋە خۇلاسىلەشكە، ھادىسىلەر ئارىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشكە؛

2. ئەگەر تەلىيىمىز بولۇپ قالسا كەلگۈسىنىڭ تەرەققىياتىنى پەرەز قىلىشقا، مۇھىم بولغان نەرسىلەر ئىچىدىن مۇھىم بولمىغان نەرسىلەرنى ئايرىۋېلىشقا، نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قايسى يولنى تاللاشنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇنداق خەرىتىلەر ئابستراكت بولۇپ، بەزى مەقسەتلەرگە پايدىلىق بولىدۇ. بىر خەرىتە بىزگە A نۇقتىدىن B نۇقتىغا

سۆز پەقەت ئىسمىدىن چىقمايدۇ: «تېنىڭ بىر ئات، سەن شۇ ئاتقا مىنگۈچى. ئىي ئاتقا مىنگۈچى، ئاتنىڭ ئوقۇرىدا ھەم ياتمىغىن، ئات ئوزۇقى سېنىڭ ئوزۇقۇڭ بولالماس، ئات سېنى ئەمەس، سەن ئاتنى ئۆز يولۇڭغا سال».

شۇنداق قىلىپ، ناتونۇش دۇنياغا كىرىپ كەلدۇق، ناتونۇش دۇنيادىكى ناتونۇش يوللار بىزنى ناتونۇش ئاقىۋەتكە باشلىماسمۇ؟ ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى نۇرغۇن ۋىجدانسىز كىشىلىرىمىز ئۈچۈن بەرىبىر. يول باشلىغۇچىسىز، خەرىتىسىز يۈرۈشچۇ؟ خىرەلىك ئىچىدە تېڭىرقاپ ياشاش بىزنىڭ ئەنئەنىمىزمۇ؟

ئومۇمىي خەلقتە، ھەتتا خەلق توپىنىڭ سەركىسى بولمىش زىيالىيلىرىمىزدا يېتىپ كېلىۋاتقان تەھدىت ۋە خىرىس ھەققىدە ھېچقانچە ئويلىنىشنىڭ بولماسلىقى بۇنى ھېس قىلىدىغان كىشىلەردە تولىمۇ تەخىرسىزلىك، تىت - تىتلىق پەيدا قىلدى. ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش چارىسى بولىدۇ. مەسىلە، چارىنىڭ بايقالماي قېلىشى، بايقالسىمۇ، ئىشلىتىشتە زامان - ماكاندا ئۆز ئورنىنى تاپالماسلىقىدۇر. كرىزىستە قالغان خەلق چوقۇم ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سېلىشى كېرەك. لېكىن «بۇ قوۋمگە نېمە بولدىكىن؟ ھېچبىر سۆزنى چۈشەنمەيدۇ» (قۇرئان كەرىمدىن).

بىزنىڭ زىيالىيلار قاتلىمىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئوقۇتقۇچىلار تەشكىل قىلىدۇ. بىز ئوقۇتقۇچىلار قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ، زىيالىيلارغا باھا بەرسەك، مېنىڭچە خاتالاشمايمىز. ئورفاتنىڭ «يېڭى ئىدىيە» (بۇ نەسىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق 4- سانىغا بېسىلغان، مۇھەررىردىن) دېگەن نەسرىنى كۆرۈپ، ئۇنى شىنجاڭدا يازغانمىكىن، دەپ قالدىم. توغرا، بۇ زېمىندا يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىدى، يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىغاندىكىن، يېڭى پائالىيەت، يېڭى نەتىجە مەيدانغا كەلمىدى. مەن يېڭى ئىدىيە تۇغۇلماسلىقنى ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆرىمەن. مەنچە

ئەسلىدىلا ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىلىرى يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن، ھەممە پەرلەر سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى ئارىلىقنى ئۆزارتىۋېتىپ، بىزگە يەنە نۇرغۇن مەسىلە پەيدا قىلدى. زامان يەنە نۇرغۇنلىرىنى پەيدا قىلدى. شۇلارنىڭ ھەممىسى داۋا تەلەپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. خەلقىمىز بۇلارنى ھەل قىلىشتا يەنە زىيالىيلارغا ئىشەنچ قىلدى. ئۇلارچۇ؟!

نۇرغۇنلىرى كرىزىسنى تېخى ھېس قىلمىدى. رېئاللىقىمىز نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزنى نەپرەتلەندۈرەلىسىمۇ، بىراق بۇ نەپرەت ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرەلمىدى. بۇ خىل نەپرەت مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مول ئېنېرگىيە بار. بۇ ئىشلىتىلمىگەن ئېنېرگىيىگە قاراپ نەپرەتنى يالغانمىكىن، دەپ قالىمەن. نۇرغۇنلىرىمىزدا كرىزىس تۇيغۇسى بولسىمۇ، كرىزىسنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى يوق. نۇرغۇنلىرىمىز گۆش يېگەن بىلەن ئۇ ئۇۋۇلىيالمايمىز، قوي بوغۇزلىيالمايمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ خۇددى ھەممە ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچسىمۇ تاماق ئېتەلمىگىنىدەك بىر ئىش.

غەربنىڭ نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، جەمئىيەتشۇناس ۋە سىياسىئونلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالىمەن. ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتى ۋە قوۋمىنىڭ ھەممە ئىشى ھەل بولۇپ كەتكەندەك ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق دۇنياۋى مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى، يەر شارى ئېكولوگىيىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، دۇنيا تىنچلىقى دېگەندەك خەلقئارا تېمىلار ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ تەتقىق قىلىدىغان تېمىلىرى. بۇلارغا قاراپ ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ زىيالىيلىرىغا قارىساق، كىمنىڭ ئىچى سىيرىلمىسۇن؟ ئۆزىمىزنىڭ ئانا تېمىلىرىنىمۇ مۇھىم كۆنتەرتىپكە كىرگۈزمىگەن بۇ زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆزى مىنگەن ئاتنى ئۆز يولىغا ئەمەس، ئات ئۆزى ئۆز يولىغا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن.

رادىي فىشنىڭ «جالالىدىن رۇمىي» دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ

تەكرارلىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا ‹باتۇرلۇق› ئەقەللىي تىۋىشلىق ئىشقا ئايلىنىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدىم.»»

قىسقىسى، زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى، قىلماقچى بولغانلىرى، مەسئۇلىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ بېقىشى زۆرۈر. خې جيادۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو زىيالىيلىرى خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلققە بوشاشماستىن ‹دېموكراتىيە، ئاقارتىش، يېتەكلەش› ئېلىپ بېرىشى، ئىپادىلەش ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارى يوق خەلقنىڭ باياناتچىسى بولۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك («جۇڭگونىڭ يولى»، جەنۇب گېزىتى نەشرىياتى، 185- بەت).

مىللەت بىر ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. مىللەت گەۋدىسىدىكى ھەربىر ئەزانىڭ ئۆز ھاياتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشى ماھىيەتتە مىللەت ئومۇمىي ھاياتىنىڭ قىممىتى ۋە رېئال ئەھۋالىنى بەلگىلەيدۇ. سۇنىڭ سۇزۇكلۇكى ھەر بىر تامچە سۇنىڭ سۇزۇكلۇكىگە باغلىقتۇر. ئىجتىمائىي ساپا يەككە ساپانى مەنبە قىلىدۇ. شۇڭغا ئوخشاش مېنى ھەسرەتلەندۇرگەن مىللىتىمىزنىڭ خەرىتىسىز يول مېڭىشى سىز ۋە مېنىڭ ئۆز ھاياتىمىزنى ئويلاشمايلا ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىدىغانلىقىمىزدىن كەلگەن. نۇرغۇنلىرىمىزغا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ياشاش ۋەزىپىگە ئايلانغان. ھاياتنىڭ بىرلا قېتىملىقى ھاياتنى ئاجايىپ ھېكمەتكە ئىگە قىلغان. شۇنچە قىممەتلىك ھاياتقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماي، مەقسەت-پىلانسىزلا ياشاپ تۈگىتىۋېتىش ئادەمنى چەكسىز نادامەتتە قويماسمۇ؟ ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلانماسلىق شۈبھىسىزكى، بىھۇدە ياشاشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ھايۋانمۇ ياشىيالايدۇ. ياشاشنى بىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ پەرقى قانداق ياشاشنى بىلگەنلىكىدە. ئادەمنىڭ قىممىتى ياشىغانلىقىدا ئەمەس، قانداق ياشىغانلىقىدا، قانداق ياشاشنى بىلىش ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدىغان

ئوقۇتقۇچىلار مىللەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدۇر. بىراق، بىزنىڭ هازىرقى مائارىپىمىز خۇددى ئابدۇقادىر جالالىدىن ئېيتقاندەك:« قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنى ئالمان ـ تالمان ئىشقا ئالىدىغان، بەرداشلىقتا باي، سېخىي ماكانغا ئايلىنىپ قالدى» («مائارىپىمىزدا بىلىم كىرىزىسى»، «تەگرىتاغ ژۇرنىلى» 2000 ـ يىللىق 1ـ سان). بىزنىڭ بۈگۈنىمىز تارىختىا يارىتىلغان، شۇنىڭغا ئوخشاش كەلگۈسىمىزمۇ بۈگۈندە يارىتىلىدۇ. مۇقەررەركى، تەگرى تەقدىرىمىزنى پائالىيىتىمىزگە لايىق ئورۇنلاشتۇرغان. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز يېڭى روھ، يېڭىچە قاراش، يېڭى ئىدىيىگە ئىگە ئەۋلادلارنى تەربىيىلىيەلمىدى. سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە يېڭى روھ، يېڭى قان يوق. ئۇلار ئۆزىنىڭ پائالىيەتتىكى لاياقەتسىزلىكى، ئەۋلادلار تەقدىرى بىلەن ئويىنىشىۋاتقانلىقىنى شارائىتتا، بەزى قىيىنچىلىقتا ئارتىپلا چۈشەندۈرىدۇ.

مائارىپىمىزنىڭ شۇ قەدەر زەئىپلىكى ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ. ماهىيەتتە بۇ بۈيۈك مەسئۇلىيەت بولۇپ، بۇ، مىننەتسىز مېهنەتنى تەلەپ قىلاتتى. بىزدىكى روهىي زەئىپلىك قىيىنچىلىقتا شۇنداق لاتىلارچە مۇئامىلە قىلىشقا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. مەسئۇلىيەت ئاداسىزلىقىغا هېچكىم ۋىجدانىدىن جاۋابكارلىق هېس قىلمايدۇ. ساموئېل سمايلسىنىڭ «هايات مەسئۇلىيتى» دېگەن ئەسىرىدىكى مۇنۇ ۋەقەلىك كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ: «1852ـ يىلى ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىدىكى ‹بوك هارت› ناملىق پاراخوت چۆكۈپ كېتىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا كىنەز ۋېلىتون ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى بىر زىياپەتتە ئىدى. بۇ خەۋەر ئەنگلىيىگە يەتكەندە مېكاۋىل: (ئامېرىكىلىق مىنىستىر لاۋرېىتمۇ شۇنداق قارايدۇ) مەن كېنەزنىڭ قۇربان بولغانلار ئۈچۈن يازغان مەرسىيىسىدە ‹باتۇرلۇق› دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقىنى، ئىتائەتمەنلىكىنىلا تىلغا ئالغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ بۇنى كۆپ

# جاھاندىن ئاز-تولا خەۋەردار بولۇپ

## قويايلى

ھەممىمىز جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە قالدۇق. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى گەجگىمىزدىن بېسىپ، بېشىمىزنى كۆتەرتمەيۋاتىدۇ. تاماق يەيمىز، خىزمەتكە ماڭىمىز، كېلىمىز، ئۆيدە سەي-كۆكتات، ئۇن - ياغ تۈگىگەن، بازارغا قاترايمىز، كەچتە تېلېۋىزورنى ئاچىمىز، شۇنداق قىلىپ بىر كۈنىمىز ئۆتىدۇ. مانا بۇ ئۈچبۇلۇڭ بىزنىڭ قېلىپلىشىپ كەتكەن ھاياتلىق ئوربىتىمىز. شۇنچە ئالدىراش ئۆتىمىز، ئالدىراشلىقتا ھېچبىر مەنە يوق؛ شۇنچە جاپا تارتىمىز، ھېچبىر ئۈنۈم يوق. ھاياتىمىز ئۆزىمىز خالىغان ئىشلارغا ئەمەس، خالىمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىنىپ تۈگەۋاتىدۇ. ۋاقتىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئاشىدىغىنى كۆپ ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھارغىن، خاپىغان روھىي كەيپىياتتا ئازغىنا قاتتىق سۆڭەكلىرىمىزدىن باشقىلىرىمىز ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا تۇتۇنالمايمىز. تۇرمۇشىمىزغا يېقىن مۇساپىدىن تەسىر كۆرسىتىۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەچكە، تەقدىرىمىزگە يىراق مۇساپىدىن تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەر خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمايدۇ.

تۇرمۇش غەم - ئەندىشىدىن خالىي ئەمەس، شۇنداقلا خاتىرجەملىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇممۇ ئەمەس. لېكىن غەم -

ئانا تېمىسىدۇر. بۇ ھەرقانداق كىشىگە مەجبۇرىيەتتۇر. گەرچە مەلۇم مەسئۇلىيەتلەر زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئالمىشىپ تۇرسىمۇ؛ ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرسىمۇ؛ ئادەملەر سالاھىيىتىنىڭ پەرقلىنىشى بىلەن پەرقلەنسىمۇ؛ بۇ تېما قىممىتىنى يوقاتمايدۇ ھەم ھەممىگە ئورتاق. قانداق ياشاشنى بىلمەسلىك ئىنسانىيەت بەختسىزلىكىنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر. شەخس ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۆزىدىن باشقىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. گەرچە تاشقى سەۋەب ۋە باشقىلار مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرەلىسىمۇ، ئۆزۈل - كېسىل بولمايدۇ. ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يەنىلا شۇ شەخسنىڭ ئۆزى. شەخسنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ياخشىلىيالماسلىقى مىللەت قىيامىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

دېمەك، ھەر بىرىمىزدە ئۆز ھاياتىمىزنىڭ خەرىتىسى، يول بەلگىسى بولۇشى زۆرۈر. بۇ خەرىتىنى سىزگە باشقىلار بېرەلمەيدۇ، بەرسىمۇ سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن بەرمەيدۇ. خەرىتە سىزنىڭ نىشانىڭىزغا ئاساسەن سىزىلىدۇ. نىشان ئېتىقادىڭىزدىن تۇغۇلىدۇ. باشقىلار سىزنىڭ نىشانىڭىزنى چۈشەنمىگەچكە، خەرىتىنىمۇ ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئاساسەن سىزىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ خەرىتىسى بولمىسا، كۆزى تېڭىلغان كالىدەك خامان يۇمشىتىسىز. ئاقىل ئادەم ئۆز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتالايدۇ. ئۆزى مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتالماسلىق ئۇنى يېتىلىگۈچىنىڭ نىشانىغا باشلاپ قويىدۇ.

ئىنسانىي كەپسىز ئاتقا مىندۈرگەن زات شۇ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇش قابىلىيىتىنى ھەم ئورۇنلاشتۇرغان.

باقمىدى. بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە جۇڭگودا ئەزەلدىنلا سىياسەتۋازلارنىڭلا نوپۇزى بوپكەلدى. پۇقرالار نىمىلەردىندۇر تەشۋىشلىنىپ، بۇ ساھەگە قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۆز تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇش مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىرخىل تەبىئىي ھوقۇق. بۈگۈنكىدەك ھەرخىل مەنپەئەتلەر گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان، بىرىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا يەنە بىرىنىڭ تۇيىقى سىرقىرايدىغان بۇ دۇنيادا ئىستىقبالغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ مەزمۇنى بېيىشقا باشلىدى. بۇ ئامىللارنى چۈشەنمەسلىك ماھىيەتتە ئوخشاش تەقدىرنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، تارىختىكى بۇخىل خاتالىقلارنى ساناپ بولالمايمىز.

روشەنكى، «ئۇ شۇ يىلى چاررۇسىيىدە ئاق پاشانىڭ، گېرمانىيىدە ۋىلىيامنىڭ، ئاۋستىرو - ھونگىر ئىمپېرىيىسىدە ھابۇسبىرىگ پادىشاھىنىڭ، تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە سۇلتان مۇھەممەد V نىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئاشۇ دۆلەتلەر ۋە يېڭى مۇستەقىل بولغان پولشا، بۇلغارىيە، چېخسلوۋاكىيە، ئىسلاندىيە، سۇرىيە، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە يېڭى پادىشاھلارنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۆز يۇرتىنىڭ يېقىنىدىكى بۇخارادا بۇخارا ئەمىرىنىڭ، خانلىقىدا خىۋە سۇلتانىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئافغانىستاندا ھەبىبۇللاخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئامانۇللاخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاستانىسىدە بولسا، يۈەن شىكەينىڭ ئۆلۈپ، لى يۈەنخۇڭنىڭ زۇڭتۇڭ بولغانلىقىنى، جاڭ شۈننىڭ لى يۈەنخۇڭنى قوغلاپ، دۈەن چىرۇينىڭ ھوقۇق ئىگىلىگەنلىكىنى، راۋاقتا ھەر كۈنى بىر بايراق ئالمىشىپ تۇرغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر بىلگىنىدە ئىدى، ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتكەن ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ بۇ يىل پادىشاھ ئالمىشىدىغان يىل دېگەن كارامەتلىك سۆزىدىن زادىلا گۇمانلانمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ ئاشۇ دۆلەتلەردە پادىشاھ

ئەندىشىسىنىڭ سەۋەبى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بوپكەتكەندە، ئادەمنىڭ بارلىق ئوي-خىيال، پائالىيىتى ئۆزىنىلا مەركەز قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتىگە ئالاقىسىز ھەممە نەرسە قىلچە ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھايات ئوقۇرنى ئوق مەركەز قىلىپ ئايلىنىشقا باشلايدۇ ـ دە، بۇ خىل ھاياتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھايۋانلاردىن تاماقنى خام يېمەسلىكتىن ئۆزگە پەرقى قالمايدۇ.

مانا شۇ ئورىتىدا ئايلىنىۋېرىپتىمىز، ئايلىنىۋېرىپتىمىز... ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە قوشنىمىزغا تاماق سۇنىدىغان ئادىتىمىز ئۆتمۈشكە ئايلىنىپتۇ. خوتەنلىكلەر ئۈرۈمچىدە نېمە بولۇۋاتقىنى بىلەن كارى يوق، غۇلجىلىقلارنىڭ قەشقەرنى ئويلاشقا چولىسى يوق. ئۈرۈمچىلىكلەر باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان. ھازىر كىشىلەر باشقا يۇرتلاردا تۇغقىنى ياكى بېجىرىدىغان ئىشى بولمىسا، ئۇ يەرلەرگە بېرىشقا «پۇل بۇزماس» بوپكەتتى. ئادەمگە نىسبەتەن ئۆز يۇرتىدا بېكىنىپ ياشاش بىر پاجىئە. تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ياق. ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ مۇقەددەس ھاياتلىق مىزانىغا ئايلانغان. ئادەملىرىمىز بۇنىڭغا ئاساسىي قانۇندىن بەكرەك رىئايە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ تولا چۈۋۈلۈپ، تولا توقۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى. دېمەك، قاچىغا دۈم چۈشۈپ تەرلەپ ـ پىشىپ تاماق يەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا مەسخىرە ۋە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان دۇنياغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئەجەب ماڭىلا قاراپ قاپتىغۇ؟ نېمە قىلىپ سالغاندىمەن؟ دەپ ئويلىنىشقا چولىسى يوق. بىز دۇنيا تۈگۈل، جۇڭگودىكى تۈرلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ـ ئۆزگىرىشلەرگىمۇ تاكى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمىگۈچە دىققەت ـ نەزىرىمىزنى قاراتماي كەلدۇق. خەلقئارا ۋەزىيەت، دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە بىزدە ھېچقانداق تەھلىل ـ مۇھاكىمىلەر بولۇپ

بېرلىن تېمىنىڭ چېقىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، ياۋروپا بازىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئېلېكترونلۇق ئۆتنۈشمە، ئۇچۇر يوللىرىنىڭ تەرەققىياتى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئوبرازلىق بەلگىسى بولۇپ قالدى. يەر شارلىشىش دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، مائارىپ سىستېمىلىرىغا ئۆزۈل- كېسىل تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىن شۇنىڭغا لايىق سىياسەت، ئىستراتېگىيىلەرنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

يەر شارى ئاجايىپ غەلىتە بىر پلانېتا. ناۋادا بىرەر تاشقى پلانېتا ئادىمى يەرشارىغا كېلىپ، بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرسە، ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى چىشلەپ قېلىشى مۇمكىن. قاراپ باقسىڭىز شۇنى بىلىسىزكى، ھەر يىلى تىنچلىق، مۇھىت ئاسراش، سالامەتلىك، پاراۋانلىق، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش دېگەن ئىشلار ئۈچۈن مىلياردلاپ پۇل خەجلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىنى قىرىشى ئۈچۈن يۇقىرىقىلاردىن ھەسسىلەپ كۆپ مەبلەغ سېلىنىۋاتىدۇ (ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان قورال - ياراغلارنى ئويلاپ كۆرۈڭ)!

20- ئەسىر ئىنسانلار تارىخىدىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە، قىممەت قاراشلار ئەڭ كەسكىن، ئەڭ كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇشقان بىر ئەسىر بولدى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنى بىر - بىرى بىلەن ئەڭ كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى قىسقارتتى، خەلقئارا ئالاقە تورى ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بۇنى تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈردى. بۇ كۈچلۈك قوۋملەرنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، ئاجىز قوۋملەرگە يېڭى خىرىس، يېڭى تەلەپ ئېلىپ كەلدى. ئاجىزلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىزكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن خەۋەرسىز، ھەتتا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پۇرسەتتىنمۇ

ئالماشتۇرۇشلارنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا، شاھ يەڭگۈشلەش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغان بولاتتى...» (نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001- سانىغا بېسىلغان «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» ناملىق ھېكايىسىگە قاراڭ). ئاپتورنىڭ بۇ ھېكايىدىكى راخمان كۆكۈتتا ئىپادىلىگىنى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەنتىقىسى.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەۋسىيە قىلىنغان «دۆلەت مەنپەئەتى ئۆزگەردىمۇ؟» ناملىق بۇ سۆھبەت خاتىرىسى جۇڭگودىكى نوپۇزلۇق تەتقىقات ئورگانلىرى، داڭلىق ئاكادېمىيە ـ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئاتاقلىق تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يەرشارىلىشىش شارائىتىدىكى جۇڭگو دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلىپ بارغان مۇھاكىمىسىدۇر. جۇڭگو پۇقراسى بولغان ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە بۇلار نېمە دەيدۇ؟ ئاڭلاپ بېقىشىمىز ئىنتايىن يوللۇق ۋە زۆرۈر.

يەرشارىلىشىش گەرچە خەلقئارادا ئاللىقاچان تەتقىق قىلىنىپ، شۇنىڭغا لايىق نۇرغۇن تۈزۈملەر شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ تەلىپى كونكرېتلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تېما ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مۇلاھىزە باسقۇچىنى ئەمدى باشلىدى. بىزدە بولسا گېزىت ـ ژۇرناللاردا بۇ ئاتالغۇ غىل ـ پال پەيدا بولدى، مۇلاھىزىدىن سۆز ئېچىش تېخى يىراق تۇرۇپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، 1492- يىلى كولومبو شەرقىي، غەربىي ئىككى يېرىم شارنى تۇتاشتۇرغاندىن باشلاپ يەرشارىلىشىشنىڭ قەدىمى باشلانغانىدى. بىراق، ھازىرقى دەۋرگىچە بۇ پەقەت قىسمەن تارقىلىش، ھەرخىل مىللەتلەر مەنپەئەتلىرىنىڭ توقۇنۇشى دېگەندەك رايون خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە چەكلەندى. ھازىر بولسا دۆلەتتىن، چېگرىدىن ھالقىغان يەرشارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۈزۈلمەستىن مەيدانغا كېلىپ، يەرشارىلىشىشنىڭ كۆلىمىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭەيتتى.

بۇ ئېرىششىش خۇددى ھەر بىر مۇيەسسەرىيەتتە مەھرۇمىيەت، ھەر بىر مەھرۇمىيەتتە مۇيەسسەرىيەت (جالالىددىن رۇمىي) دېگەندەك، نۇرغۇن يوقىتىشلارنى بەدەل قىلدى .

خەلقئارادا پىكىر بايان قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، بەلگىلەش پەقەت كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىمتىيازى بوپقېلىپ، ئاجىز قوۋملەر ئىدېئولوگىيە، تۈزۈم، مەدەنىيەتىنىڭ بىچارە ئىستېمالچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. كۈچلۈك دۆلەتلەر ھەقىقەتەن لاتا قورۇقنى يەرگە قاقالىدى، دېگىنى پۈتكۈل دۇنياغا ئورتاق بولدى. ئۇلار چۈشكۈرسە، پۈتكۈل دۇنيا زۇكامداپ قالىدىغان بولدى.

بۇ ئەسىردىكى پاجىئەلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، مەن بۇنى ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تۈرلۈك قىممەت قاراشلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىدىن كۆرىمەن. تېلېۋىزوردىن خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئاز - تولا كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە ئايانكى، ھازىر خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باي بىلەن نامراتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. باي باينىڭ قاياشى ئاساسلىق ئېقىم بولۇۋاتىدۇ. ھېيت كېلىپ قالغان چاغلاردىمۇ تۇغقانلىرىمىزنى ئېسىمىزگە كېلىش تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىپ باقساق، ئەمەلدار ۋە پۇلدارلىرى چوقۇم باشتا كېلىدۇ، نامرات تۇغقانلىرىمىز كۆزىمىزگە ئانچە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتمەيدۇ؛ نامراتنىڭ ھەر بىر ئىشى قاملاشمايۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئىنسانپەرۋەرلىك ئاپىتىنى يوقىتىمىز دەپ، يۇگوسلاۋىيىنىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويغان بولدىيۇ، ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئاپىتى بولۇۋاتقان، رەگەتكە بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان پەلەستىندەك يەرلەرنى كۆرمەسكە سالدى.

«گېنېرال پاتتون» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىدە، پاتتون ئافرىقىدا بىر خارابىلىكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ گېنېراللار دەۋر يارىتىدۇ، دەۋر شائىر يارىتىدۇ، شائىرلار شېئىر يارىتىدۇ، دېگەندى.

مەھرۇم.

يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخى غەربنىڭ تارىخى بولۇپ كەلدى. بۈگۈنكى دۇنيامۇ غەرب قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مېڭىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەت ئەڭ ئالىي غايىگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەللەرمۇ ئەڭ كۆپ بولدى. شەھۋانىي، زوراۋانلىق تەسۋىرلەنگەن كىنو ـ فىلىملىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇللار مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ دورىسى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىندى. ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىپ، ئىقتىسادىي پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدىغان پائالىيەتلەر بىھۇدىلىك، دەپ قارالدى. ئىستېمال قىممىتى يوق ئەخلاقىي مىزان، ئەقىدە ـ ئېتىقادلارنى ئىنسانلار ئاستا ـ ئاستا مۇزېيلارنىڭ ئىشكاپلىرىغا تىزىپ قويىدى. غەربلىكلەر قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارنى غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆرنەك ئالىدىغان ئۈلگىسىگە ئايلاندۇردى (ئەلۋەتتە، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرمەي بولمايدۇ). غەرب ئەندىزىسى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈلگىلىك ئەندىزە، دەپ تەرغىب قىلىندى. ئامېرىكىلىق فىرانس فۇكۇياما «تارىخنىڭ تۈگۈنى» دېگەن كىتابىدا « ئەركىن دېموكراتىيە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلدى، بۇ، ئىنسانىيەت ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك شەكلى، بۇ تارىخ ئەمدى تۈگەنجىلەندى» دەپ ئۇتتۇرىغا قويدى. يەنە كېلىپ، بۇ خىل قاراشنى تارىخنى كۆزىتىش، خۇلاسىلەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەلسەپىۋى خۇلاسە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويدى (بۇ كىتاب دۇنيادا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان، جۇڭگو ئالىملىرى قاتتىق رەددىيە بەرگەن ـ ئاپتور).

غەربنىڭ بۇ يېتەكچىلىك تارىخى ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلەلىدىمۇ، يوق؟ ئادىل قازى يەنىلا تارىخ. پەقەت بۇ ھەققانىي كىشىلەر تەرىپىدىن شەرھلەنگەندىلا.

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتى، بىراق

# يولتۇزلىرىمىز قەيەردە

## 1 . بۇلار قەيەردىن كەلگەن؟

17_ 18- ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى ياۋروپا دۇنياسى خىرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نوپۇزى، ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن، مۇقەددەس ئىدى.ھەممىلا يەردە، ھەرقانداق ساھەدە شۇلارنىڭ دېگىنى ھېساب، قىلغىنى توغرا سانىلاتتى. شۇلار توغرا دەپ قارىغان دىنىي ئەقىدە،پرىنسىپقا زىت ھەرقانداق بىر ئىلمىي تەلىمات بىردەك سەپسەتە،دەپ ھۆكۈم قىلىناتتى.ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر قازىلىرى،دەپ قارايتتى. بۇ ئىدېئولوگىيە مۇستەبىتلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى، ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قايىل قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلار تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان ھەقىقەت سادا سىنى ئاڭلىيالماس بوپقالغان، لېكىن ئۆزىنى ھەقىقەتنىڭ ئىگىلىرى، دەپ قارايدىغان بىچارىلەر ئىدى. خىرىستىئان دىنى ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ پوپ روھانىيلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار باشقىلارنى غاپىل سانايدىغان غاپىللاردىن ئىدى. كېيىنچە ئىتالىيىدە قوزغالغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە ئىلىم ـ پەندە ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىلەرنىڭ دىنىي جەمئىيەتلەرگە بولغان ئەيمىنىش

توغرا، شائىرلار شېئىر يېزىۋاتىدۇ، گېنېراللار بولسا دەۋر يېزىۋاتىدۇ.
غەرب ئۆز مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى، قىممەت قارىشىنى توختىماي ئېكسپورت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئارقا تۈۋرۈكى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھازىرقى زامانچە ئەھلىسەلىپ ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىستېلالىرى ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ساھەلىرىگە، بازارلاردا ئىستىخبىلىك ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەلكىم يېقىن كەلگۈسىدە دۇنيا خەرىتىسىدىن سىياسىي مۇستەملىكىلەرنىلا ئەمەس، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي مۇستەملىكىلىرىنى كۆرۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ھېچقايسىمىز سالاھىددىن ئەييۇبىيلارنى ئەمدى تۇغۇلمايدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز.

دېمەك، بىز ئۇچۇن دۇنيانى چۈشىنىش، خەلقئارا ۋەزىيەت، دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بەلكىم شۇنداقتا ئۆزىمىز ھەققىدە ئاقىلانە يەكۈنلەرگە ئېرىشەلىشىمىز، كىرىزىسلىرىمىزنى چۈشىنەلىشىمىز، ئۆز ئىستىراتېگىيىمىزنى ئىلمىي ئاساسلارغا ئىگە قىلالىشىمىز، ھېچبولمىغاندا سۈرۈك دۇنيانىڭ پۇقرالىرىغا ئوخشىيالىشىمىز مۇمكىن. سۈنئىي ئېيتقان ئۆزگىنى بىلىش دەل شۇ ئەمەسمۇ؟ يەكۈننىڭ توغرىلىقى ئۇنىڭغا زۆرۈر ئۇچۇر مىقدارى ۋە ئۇچۇرلارنىڭ توغرىلىقىنى شەرت قىلىدۇ. شەرتلىرى كەم يەكۈن چۇقۇمكى، پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا ئىگىسىنى زور تالاپەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ.

بىزگە ھەر كۈنى ھەرخىل يېڭى ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىتلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. نېرۋىلىرىمىز ئۇچۇرلارنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. پەقەت ئەقىللىق كىشىلەرلا ئۆزى ئۇچرىغان نەرسىلەردىن ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، زىيانلىقلاردىن ساقلىنالايدۇ. شۇلارلا مەڭگۈ ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

كەك دائىرىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەرگە دىئاگنوز قويۇپ، ئۆز قارىشى بويىچە رېتسېپ يېزىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى بىلەن ئەجدادلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى، ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە،ئۇقۇملارئۇچۇن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى. ئۇلار ئىنسانلارغا گۈزەل كەلگۈسى، پارلاق جەمئىيەت سىزىپ بېرىشكە، ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىق، خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە باشلىدى. خۇددى پاۋىل جونسون ئېيتقاندەك:«ئۇلار پوپ-روھانىيلاردەك ئىلاھنىڭ چاكىرى،شەرھلىگۈچىسى بولماستىن، بەلكى ۋارىسى بوپقالدى».

## 2 . شەرقتىچۇ؟

ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت، مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن بۇخىل ئىسيانكار ئىدىيىدىكى كىشىلەر گەرچە غەربلىكلەر بىلەن تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتە ئاز - تولا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تاللىغان يولى، تەشەببۇس قىلغان ئىدىيىسى يەنىلا ئۆز ئەنئەنىسىدىن يىراقلاشمىدى. بۇ بولۇپمۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتى، مۇسۇلمانلاردىكى سىياسىي ئەمەلىيەتچىل روھنىڭ سۇسلىشىشىدىن كەلگەن يېقىنقى زامان ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈك، غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشى ئۇلارنىڭ كرىزىس تۇيغۇسىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلارمۇ چىقىش يولى ئىزدەشكە، ئۆز ئەنئەنىسىدىن، ئىسلام دىنىدىن يېڭى يول ئىزدەشكە باشلىدى. جامالىددىن ئافغانىي ئىسلام دىنىنى

پوزىتسىيىسىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىشكە، خەلق دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەرغىباتلىرىدىن گۇمانلىنىشقا، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نوپۇزى ئۆزلۈكىدىن چۈشۈشكە، ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك قىممىتى، ھوقۇقى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ھەققىدە مۇستەقىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

ئىنسانىي قىممەت، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى مۇھاكىمىسىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان شۇ چاغلاردا ئۆز تەپەككۇرىدا دىنىي ئەقىدىلەردىن كۆرە ئەقىلنى بەكرەك ئاساس قىلىدىغان ئىسيانكار مىجەز بىر تۈركۈم يېڭى كىشىلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئىدىيىدە ئازاد، تەپەككۇردا ئەركىن، دىنىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولدى. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار دىنغا، دىنىي جەمئىيەتلەرگە كەسكىن تەنقىد پوزىتسىيىسى تۇتتى. بۇ دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەھرىي دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيتتى. رۇسسو پارىژ ئېپىسكوپىغا يازغان ئۇچۇق خېتىدە ئۆزىنىڭ ھەمىشە خۇدانىڭ نامىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان، سىپىنوزا ئۆز پەلسەپىسىدە خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەخسۇس مۇھاكىمىلەر بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرگەن... بەلكىم ئۇلار دىن دېگەن خۇسۇسىيغا تەئەللۇق ئەقىدە، ئۇ سىياسىيدىن، ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىشى كېرەك، دەپ قارىغان بولۇشى، بۇگۈنكى ياۋروپانىڭ دىن قارىشىغا شۇ چاغلاردا ئاساس سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى خرىستىئان دىنىنى چېركاۋلارغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، دىنىنى پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئىشىغا ئايلاندۇردى. بۇگۈنكى كۈندە ياۋروپا چېركاۋلىرىدا ئالاھىدە كۈنلەردىمۇ 80% ئورۇندۇق بوش قالىدىغان بولدى.

ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، بۇ كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى، ئىدېئولوگىيىسى، ئەخلاق مىزانى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ھاكىمىيەت شەكلى، ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا مۇستەقىل،

## 3 . ئۇلار قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ؟

بۇ كىشىلەرنى دۇنيا كۈلۈپ قارشى ئالمىدى، يوللىرىغا پايانداز سالمىدى. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپلا ئېرىشكىنى ئازاب - ئوقۇبەت، مەھرۇملۇق، سەرسانلىق بولدى. رۇسسو دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن دەھرىي، دەپ قوغلاندى قىلىنىپ، بىرنەچچە يىل سەرسان ياشىدى. جامالىددىن ئافغانىيمۇ سەرگەردان بولدى ۋە تۈرمىدە ياتتى. رۇسسىيلىك لاروشفوكۇ يازغان كىتابلىرى تۈپەيلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، كېيىن قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلدى. جوڭگودا بولسا، كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ،تەن سىتوڭلار يەتكۈچە ئەرزىيەت تارتتى، ھەتتا تەن سىتوڭ ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ قوللىشى، چۈشىنىشىگە ئېرىشمىكى بەسىي مۇشكۈل بولدى. چۈنكى بۇلار ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە خىلاپ رېئاللىقتىكى مەۋجۇت ھەممە نەرسىنى، خەلقىنىڭ ئادىتى،تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، سىياسىتىگە قەدەر ھەممىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەشەببۇس - ئىدىيىلەرنى قوللىنىشنى تەرغىب قىلدى. مۇقەررەركى، بۇخىل تەشەببۇس ئاسانلىقچە ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇڭلاشقا، بۇ ئادەملەر مەيدانىغا كېلىشى بىلەنلا ھاكىمىيەتنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بوپقالدى. ئابدۇقادىر داموللام، مەتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيلار قەتل قىلىندى. سەۋەبى پەممچە ھەممىمىزگە ئايان. بۇ كىشىلەردە ئارمان بولدى، لېكىن دەرمان ھەقىقەتەن كەم بولدى. بۇلاردا ئۆزگىرىگە چىقىدىغان نىيەت بولسىمۇ، شوتا يوق ئىدى ( كىشى مۇشۇنداق چاغدا ھەقىقەتنى ماددىي قۇۋۋەت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئاجايىپ چوڭقۇر ھېس قىلىپ قالىدۇ). بۇخىل پاجىئە دۇنيادىكى باشقا ئازساندىكى مۇستەبىت ھاكىممۇتلەق ئەللەردىلا تاھازىرغىچە پات-

دەۋرلەشتۈرۈشنى، غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى، ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىلمىي يېتەكچى ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇھەممەد ئابدۇرەشىد رىزالار ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىغا قايتىشقا چاقىرىق قىلدى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا يات ئەقىدىلەر ئارىلىشىپ قالغان،ئۇنى پاكلاش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار نىجاتلىقنى غەربلىكلەردەك دىنىنى تۇرمۇشتىن، سىياسىيدىن ئايرىشتىن ئىزدىمەي، بەلكى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىزدىدى. مۇسۇلمانلار ھەر قېتىم چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالغاندا، مۇسۇلمان ئالىملىرى ئۇنىڭ سەۋەبى ئىسلام يولىدىن چەتنىگەنلىك، دەپ چۈشەندۈرەتتى. جامالىددىن ئافغانىي باشلىغان بۇ ئاقارتىش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى مۇسا جارۇللا، ئىسمائىل بەگ غەسفىرىنىسكىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئابدۇقادىر داموللامغىچە كەلدى. بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىتلىك ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. مەتىلى ئەپەندى، مۇتائالى خەلپەت،ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي... لارنى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئانا زېمىنىمىزدىكى ۋەكىللىرى،دەپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ئىككى تۇپراق (شەرق ۋە غەرب) ئىسيانكارلىرىدىكى ئوخشىمىغان يول، بەلكىم ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ۋە خەلقلىرىنىڭ دىنىغا بولغان ساداقەتمەنلىكى ۋە چۈشەنچىسىدىكى پەرقىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇلاردا قانچىلىك پەرق ساقلانسۇن، ئۇلار ئوخشاشلا كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ئۆز قوۋمىگە يېڭى يول كۆرسىتىپ بەرگۈچىلەر ئىدى.

تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. دېمەك، بۇكىشىلەر خىيالىدىكى ساماۋى دۇنيادا ياشاپ، ئۆز غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى رېئال مۇمكىنچىلىكلەر ئۈستىدە ئويلىنىشى تولىمۇ يېتەرسىز بولدى. 20-ئەسىردىكى مەشھۇر پەيلاسوپ بېرتراند رۇسسېل ئۆزى چاي ئىچىشكە تولىمۇ ئامراق بولسىمۇ، چاي دەملەشنى بىلمەيدىكەن. ئايالى ھەر قېتىم سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى دەملەش تەرتىپىنى قەغەزگە يېزىپ دېرىزىگە چاپلاپ قويىدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا قاملاشتۇرالماي ھەممىنى قالايمىقان قىلىۋېتىدىكەن. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار نۇرغۇن. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش سېكرېتارى ۋاڭ مىڭ موسكۋادا ماركسىزم،سوتسىيالىزم نەزەرىيىلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاڭلىماققا كىشىنى تېزلا قايىل قىلىدىغان نۇتۇقلىرى بىلەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە پارتىيىنىڭ باش سېكرېتارى بولغان. لېكىن، ئۇنىڭ موسكۋادا كىتابتىن ئۆگەنگەن، جۇڭگونىڭ رېئال ئەمەلىيىتى بىلەن تېخى تازا ئۆزلەشمەي بولالمىغان نەزەرىيىسى گومىنداڭنىڭ قورشاپ يوقىتىش ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرالمىدى. ئۇنىڭ سولچىل خاتالىقى ئەمەلىيەتتە دەل ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ رېئال ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتى ماۋزېدۇڭنىڭ پات - پات ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇرىدىغان ئەمەلىيەتچىل پىكىرلىرى ئۈستىگە مەركەزلىشىپ، زۇنيى يىغىنىدا ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنى تەبىئىيلا تىكلەندى.

بىز بۇنىڭدىن ھەرقانداق ھەقىقەت، ھەتتا ئۇ ئىلاھىي ھەقىقەت بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەلپىنى رېئاللىققا لايىقلاشتۇرمايدىكەن، دىققەت - نەزىرىنى كونكرېت، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرمەيدىكەن، مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. چۈنكى، بەزىدە نەزەرىيىۋى پرىنسىپلاردا توغرا ئىشلار رېئاللىقتىكى

پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

بۇ كىشىلەر مۇنداق بىر ئورتاق ئەجەللىك ئاجىزلىقتىن ئىزچىل قۇتۇلالمىدى: ئۇ بولسىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىش. ئۇلار تىپىك غايىۋىزىمچىلاردۇر. ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى تەتقىقات، ئىزدىنىشلىرىگە چۆكۈپ كېتىپ، كونكرېت مەسىلە، نەق ـ ئەمەلىي ئېھتىياجلارغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى قارىتىپ بولالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غايە ـ ئىدىيىلىرى، ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ـ ئۇقۇملىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، زور بەدەللەر تۆلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىغا قۇرۇۋالغان ھەيۋەتلىك قەسىر ـ ئوردىلىرىدىن چىقالمىدى. ئۇلار باشقىلارغا يېتىشكە تېگىشلىك غايىنى ئۆگەتسىمۇ، بۇ غايىگە قانداق يېتىشتىن ئىبارەت كونكرېت مەسىلىنى ئۆگىتەلمىدى. ئۇلار ئۈچۈن شۇ ئۇقۇملار ھەممىدىن قىممەتلىك، قەدىرلىك بولدى. ئۇلاردەك ئويلىيالمىغانلار، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەنمىگەنلەر، قوبۇل قىلمىغانلار بىردەك نادان، دەپ قارالدى. ئۇلار ئەقىلنىڭ رولىغا خۇداغا چوقۇنغاندەك، ھەتتا ئۇنىڭدىن بەكرەك چوقۇندى. ئۇلار ئۈچۈن ئەقىل ھەممىنى ھەل قىلىدىغان تەڭداشسىز ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى. يىراق قەدىمدىلا ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت»نى، توماس مور «ئوتوپىيە»نى، فارابىيمۇ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىلىرى»نى يازدى، سېن سىمون، ئوۋېنلار خىيالىي سوتسىيالىزم، ماركس ـ ئېنگېلىسلار كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنى ياراتتى. لېكىن، تاھازىرغىچە ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئۇلار خىيال قىلغاندەك جەمئىيەت، دۆلەت بولۇپ باقمىدى. سانسىزلىغان كىشىلەر مۇشۇ خىيالىي تەلىماتلار ئۈچۈن ئاجايىپ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى. جۇڭگودىمۇ پۇلات تاۋلاش يىللىرى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدىمۇ كىشىلەر شۇنداق بىر ئوتوپىك تەلىمات ئۈچۈن بىھۇدە بەدەل تۆلىدى ئەمەسمۇ؟ روشەنكى، ئوتوپىزم ھوقۇق بىلەن بىرلىشىپ قالسا، ئىنسانلارنى زور بەدەل

ئاتالغان بولۇپ، سۆز يىلتىزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «دانىشمەن»، «ئەقىلدار» دېگەن سۆزگە ئۇدۇل كېلىدۇ. ئىنگلىزچە سۆز ئىبارىدىكى lect دېگەن سۆز تومۇرى «قاتلاش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆز تومۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان Intellectual دېگەن سۆز تاللىيالايدىغان، پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئادەملەر، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. خەنزۇ تىلىدا «知识分子» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىلىم ئەھلى، ئىلىم ئىگىسى دېگەن مەنىدە.

دېمەك، بىز يۇقىرىقى سۆز مەنىلىرىدىن زىيالىي دېگىنىمىز، (قىسقارتىپ ئېيتقاندا) ئەقلىي ئەمگەك، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردۇر. ئىلىم ئىگىسى بولۇش زىيالىي بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىلىمسىزلەر زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ، دېگەن يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز، شۇنداقلا يەنە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقىرالايمىز:

1. زىيالىي بىلىملىك بولغانىكەن، ئۇ چوقۇم ئۆز جامائىتىگە نىسبەتەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. بىلىم ئۇنى باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقىلار ئادا قىلالمايدىغان بۇرچ، مەجبۇرىيەت يۈكلەيدۇ. ئۇلار تەبىئىيلا ئۆز جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچى كۈچلىرىگە، جاھالەت ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىغا ئايلىنىدۇ. شۇ جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا تەبىئىي يۈكلەنگەن بۇ بۇرچ ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە ئادەم بوپقېلىشىنى رەت قىلىدۇ. بۇچاغدا ئۇلارئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىسى، خوتۇنىنىڭ ئېرى، بالىسىنىڭ دادىسى بولۇشتىن باشقا، پۈتۈنسۈرۈك بىر قوۋمنىڭ يۇلتۇزى بوپقالىدۇ. پۈتۈن بىر قوۋمنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، بەخت ـ سائادىتى بۇلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.

2. زىيالىيلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەگرى ـ توقاي

نەتىجىسىنىڭ زىيانلىقلىقى تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە خاتا ھېسابلىنىدۇ. تاماق يېيىش توغرا ئىش، ئەمما قورسىقى توق چاغدا تاماق يېيىش بولسا خاتا ئىش.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ئەقلىنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە. دەل شۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى، يوشۇرۇن ئىقتىدارى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلدى. ئەنئەنىنىڭ ئەجەللىك ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلدى(ئەلۋەتتە، مەن بۇ قۇتۇلۇش يەنە بىر تۇتۇلۇشقا ئېلىپ بارمايدۇ، دېيەلمەيمەن). كىشىلەرنىڭ روھىيىتى، تەپەككۇرى يېڭى ئەركىن مۇھىتتىن نەپەس ئالدى...

## 4 .ئۇلار زادى كىم؟

گەرچە ئۇلار مىلىسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى،تالاي ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، 200 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ يېتەكچى كۈچلىرىگە ئايلاندى. ھازىرقى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ كېلەچىكىنى بۇ كىشىلەردىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ قورالى «بىلىم»نى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى. قىسقىسى، بۈگۈنكى دۇنيا شۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا. ئۇلار ئىنسانلارنى ھەقىقىي بەخت مەنزىلىگە باشلىيالامدۇ؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ «ھەئە» دېگىلى بولماس. ئىشلارنىڭ پانىيدىكى نەتىجىسىگە ئاساسلىنىپلا توغرا ياكى خاتا دېگىلى بولمايدۇ.

مانا بۇ كىشىلەر ئادەتتە بىز ئاتايدىغان زىيالىيلاردۇر. «زىيالىي» دېگەن ئاتالغۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «تەربىيچى»، «يېتەكچى» دېگەن مەنىدە؛ ئىنگلىزچىدە«Intellectual» دەپ

قىلىشقا جۈرئەت قىلدى. مانا بۇ ئەڭ قىممەتلىك روھ! سىياسىي سەزگۈرلۈكنىڭ تۆۋەن بولۇشى بۇ كىشىلەردىكى ئورتاق ئاجىزلىق بوپقالدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىزدىمۇ رۇسلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان يېڭىچە زىيالىيلار كۆپىيىشكە باشلىدى. كېيىنچە مۇستەبىت كۈچلەر زىيالىيلارنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالغان، ئۇلارنىڭ ئەركىن پائالىيەت قىلىشى ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلاردا زىيالىيلار پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالمىدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك پەننىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن زىيالىيلار مەيدانغا كېلىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەت، مائارىپ، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەت ئۆتەشكە باشلىدى. «ئېچىلىپ سايراش»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە زىيالىيلار قوشۇنى يەنە بىر قېتىم ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن مائارىپنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلاردىن ھازىرقى زامان زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەپسۇس، ئۇلار ھەرگىزمۇ تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلارغا يېتەلمىدى. ئۇلار ھېس قىلغاننى بۈگۈنكىلەر ھېس قىلالمىدى. ئۇلاردىكى پىداكارلىق بۇ ئەۋلاد زىيالىيلاردا تېپىلمىدى. ئۇيغۇر يېڭى زامان زىيالىيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ھازىرغىچە بولغان جەريانى ئوچۇقىنى دېگەندە، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن بارغانچە ياتلىشىش جەريانى بولدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇلار شۇنچە ئاسىيلىشىشقا يۈزلەندى. بۇ پۈتكۈل جەريانغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلاردا ئويغاق زىيالىيلاردىن گۇمراھ زىيالىيلار كۆپ بولدى. ئۇلار تا بۈگۈنكىچە ئۆزىگە خاس قىممەت سىستېمىسى يارىتالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىدىيىسى بولمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار نېمىنى تەتقىق قىلسا، شۇنىڭ

كەچۈرمىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىدېئولوگىيە ـ قىممەت سىستېمىسى، روشەن مەۋقە ـ مەيدانى، ئۆزى تەشەببۇس قىلىدىغان بەلگىلىك دۇنيا قاراش، ئېتىقادى بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆز خەلقى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قاراۋۇللىرىغا، مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا باشقا ئەل، مەدەنىيەت زىيالىيلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## 5 . ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر سودا ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەللەرگە چىقتى، شۇ يەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلدى، ئوقۇدى. ئۆزگە ئەل بىلەن ئۆز يۇرتى ئارىسىدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقتىن، ئۆزخەلقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئازابلىق ئويلارغا پاتتى، چوڭقۇر سوكۇناتقا چۆكتى. ئۇلار شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن جەدىتلىك (ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «يېڭىلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئۆز خەلقىگە مەرىپەت ـ مائارىپنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بۇ كىشىلەر ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ھەرخىل يوللار بىلەن ئاقارتىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇلار سىستېمىلىق بىرەر نەزەرىيە، مەلۇم بىر پەلسەپىۋى ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار نادانلىق، جاھالەتنىڭ نېمىلىكى (بۇنى چۈشەنمەيدىغانلار ھېلىھەم مەۋجۇت)نى، خەلقىمىزگە ئەكەلگەن زىيىنىنى، خەلقنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى بىلدى. ئۆزى بىلگىنىچە چىقىش يولى ئىزدىدى. ئۇلار ئۆزىدىكى ھەممىنى بۇ خەلققە ئاتىدى. گەرچە ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىغان بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى

مۇشۇنىڭ ئۆزىلا زىيالىيلىقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يېتەرلىك ھاقارەت ئەمەسمۇ؟!

## 6. زىيالىيلاردا بىلىم ۋە ئىقتىدار كرىزىسى

بىلىمسىزلىك بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئورتاق كرىزىس. بىلىملىك، بىلىمسىز دېگەن ئۇقۇملار، شۇ بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي بىلىم - مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، شۇ جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ئېھتىياجىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدىغان نىسپىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ، زامان، ماكان چەكلىمىسىگە ئىگە. ئارخىمېد بىلىملىك ئالىم، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ بىلىدىغىنىنى ئالىي مەكتەپ فىزىكا ئوقۇغۇچىسىمۇ بىلىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنىڭغا ئاساسەنلا ئارخىمېدنى بىلىمسىز، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى بىلىملىك دېگىلى بولمايدۇ. مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى بەلگىلىك ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىلىمگە ئىگە بولۇش بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزدا ئۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىغۇدەك بىلىم ئەمەس، شۇ ئېھتىياج، مەسىلىلەرگە نىسبەتەن مۇكەممەل چۈشەنچىمۇ تېخىچە شەكىللىنىپ بولالمىدى. «بىلىم» دېگەن ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچىسىمۇ يېتەرلىك، مۇپەسسەل ئەمەس. شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىدىن (سىرتتىن بىرمۇ سوئال چىقارماي)، ھازىرقى خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئىمتىھان ئالسا، گەپ يوق يېرىمى ئۆتەلمەيدۇ (ئاز دېگەندە). ئىشەنمىسىڭىز، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىڭىزدىن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار بولسا سوراپ باقسىڭىز بولىدۇ. بىزدە تۆت - بەش يىل خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن بولسىمۇ قاملاشتۇرۇپ بىر پارچە خەنزۇچە

قولىغا، قايسى ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، شۇنىڭ گوماشتىسىغا ئايلىنىپ، ئۆزىگە خاس مەۋقە شەكىللەندۈرەلمىدى. ئۇيغۇرلاردا زىيالىي بار دېيىلسە، مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇ بولدىكى، ئۇلار ھەمىشە ئىجاتلىقىنى تاشقى مۇھىتتىن،نامەلۇم نەرسىلەردىن ئىزدىدى، قانچە ئىزدىگەنسېرى ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلاشتى. ئۇلاردىكى ئىزچىل روھىي مەھكۇملۇق ئۇلارنىڭ ھەمىشە ئۆزلىرىگە باشپاناھ، يۆلەنچۈك ئىزدىشىگە سەۋەب بولدى. بۇلار ھېس قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى ھېس قىلالمىدى، شۇ سەۋەبتىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپالمىدى. ئۇلار توختىماي تىرىشقاندەك كۆرۈنىدۇ - يۇ، ۋەھالەنكى بۇ خەلقكە ئۇلاردىن ھەقىقىي ئەمەلىي نەپ يەتمىدى. خەلق مۇتەپەككۇرغا تازا موھتاج چاغدا، ئۇلار خەلقكە نۇرغۇن ھازىرقى زامان مەدداھلىرىنى تەقدىم قىلدى. زىيالىيلارنىڭ جاسارەت بولغانلىرىدا ئىقتىدار، ئىقتىدار بولغانلىرىدا جاسارەت بولمىدى. تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ زىيالىيلىقى خەلقكە نەپ يەتكۈزۈش بولسا، بۈگۈنكى كەلگەندە بۇ نەپ ئېلىشقا ئالماشتى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يات ئىدىيىلەرنى تومتاقلا دوگمىلارچە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئويلاشمىدى. باشقىلارنىڭ يېنىدا ئۇقۇم، ساۋات خاراكتېرلىك نەرسىلەر بۇ يەردە ۋەھىيدەك بىلىپ چوقۇنۇلدى. ئۇلارغا بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار ئامال يوق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يىللار ئۆتكەنسېرى ھەقىقىي ئەسلىي مەنىسىدىن ياتلىشىپ، ئادەمنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، دىپلوم ئالغان ھەرقانداق بىر ئادەم زىيالىي ھېسابلىنىدىغان بوپقالدى.

ئىگىلەشتىكى مەقسىتىگە باغلىق. قىزىق يېرى، بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلارنىڭ بايقىمىغانلىقىغا، ئۆزىنى ئىشلەتمىگەنلىكىگە، بىلىمىنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماي، ئىسراپ بوپكېتىۋاتقانلىقىغا كىملەردىندۇر ئاغرىنىپ، باتناپ يۈرىدۇ. ئۇلار ھەممىنى جەمئىيەتتىن، باشقىلاردىن كۆرىدۇ.

ھەممەيلەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ باي بىل گايتېسنى بىلىشى مۇمكىن. ئۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىللا ئوقۇپ، 17 يېشىدا ھازىرقى « Microsoft » شىركىتىنى قۇرغان. ئەگەر ئۇنىڭ كومپيۇتېردا پروگراما تۈزۈش تالانتىلا بولۇپ، ئۆز تالانتى بىلەن قانداق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنى تونۇپ يەتمىگەن بولسا،ئۇنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتى بولمايتتى. بولمىسا ئامېرىكىدا ئۇنىڭدەك ياكى ئۇنىڭدىن ئىقتىدارلىق پروگراممىچىلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كاللىسى بىلەن كومپيۇتېر تالانتى بىرلىشىپ، بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

### 7. يوقىرىقى كرىزىسنىڭ سەۋەبلىرى

بۇلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: مائارىپ، زەئىپ مەنىۋىيەت، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى.

#### مائارىپ

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ھازىرقى مائارىپىمىزدا ئۆگەنگەن بىلىملەر بىلەن مەكتەپ، ئىدارىلەردە خىزمەت قىلغىلى، كىتاب ئوقۇغىلى، ئانكىتلارنى توشتۇرغىلى، سودا - سېتىق قىلىپ قالساق پۇل سانىغىلى... بولىدۇ. ئەمما، بىز ئىدارىدىن ئايرىلىپ، شۇ ئۆگەنگەنلىرىمىز بىلەن جان باقايلى دېسەك، بىز چوقۇم كوچىدىكى

دوكلات يازالمايدىغان، يە تەرجىمە قىلالمايدىغان، ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس ماتېماتىكا ئۆگەنگەن بولسىمۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىكىدىن ئىمتىھان ئالسا، ئۆتەلمەيدىغان «زىيالىيلار» كۆرىمىز.

زىيالىيلىرىمىزدىكى بىلىم كىرىزىسى مۇنۇ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك بىلمەسلىك(بىلىمسىزلىك) كىرىزىسى. بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. يەنە بىرى، بىلگىنىنى ئىشلىتەلمەسلىك كىرىزىسى. بۇ بىزدىكى ئازساندىكى بىلىملىك كىشىلەردە ساقلىنىۋاتقان ئاجىزلىق. روشەنكى، بىلىم ئىگىلەش ئايرىم مەسىلە. ئۇنى تەتبىقلاش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي ئۇنۇم يارىتىش ھەم ئايرىم مەسىلە. بىلىمنى ئىشلىتىش ئۆز ئىگىسىدىن بەلگىلىك ئىقتىدار، دىت، جۈرئەت تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، شۇ كىشىدە ئۆز بىلىمى بىلەن ئەتراپىدىكى قايسى ئەمەلىي ئىشلارنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ناۋادا بىلىم ئىگىسىدە بۇ ھەقتە ئېنىق تونۇش بولمىسا، ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلىگىنىنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەكلەرگە، ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىپ مارالنىڭ ئۆز ئالدىغا كەلمىگىنىگە رەنجىپ يۈرۈيدىغان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. بۇلار مارال ئىزدەپ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئۇلار ئوۋچىلىقنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرەلىگەن بىلەن، ئۆزلىرى پەقەت باغلاپ بېرىلگەن ھايۋانلارنىلا قارىغا ئالالايدۇ. بىلىم ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىشلىتىش پۈتۈنلەي ئىگىلىگۈچىگە تەئەللۇق مەسىلە. ئۇنى ئۇنىڭغا بىرەرسىنىڭ كېلىپ ئۆگىتىشى ئارتۇقچە، بۇ ئۇنىڭ ئۆز بىلىمىگە، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر-تېيىزلىقىغا، شۇنداقلا بىلىم

ئۇلارغا شۇنداق ئۆگەتكەن.

## زەئىپ مەنىۋىيەت

ئادەم تەپەككۇر قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى مەلۇم نىشانغا ئاساسەن ئۆتكۈزىدىغانلىقى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. روشەنكى، ھايۋاننىڭ ياشىشى ئۆزگە بەلگىلەنگەن قانۇنىيەتنى ئىجرا قىلىش جەريانى. ئۇنىڭ ھاياتىدا روشەن مەقسەت بولمايدۇ. بار دېيىلسە، جان ساقلاش ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى. ئۇنىڭ قورسىقى تويسا، توكلاپ قالمىسىلا ئۇنىڭ تەلىپى قاندۇ. ئادەملەر بولسا، ئۆز ھاياتىنى مەلۇم بىر غايە ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى شۇنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەڭشەيدۇ. بۇ، ئىنسانغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ. ئىنسانلارنىڭ جان ساقلىشى مەقسەت ھېسابلانماستىن،مەلۇم غايىنىڭ تەييارلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ھاياتىغا نىسبەتەن مۇشۇنچىلىك چۈشەنچىسى يوق ئىنساننىڭ ئىنسانلىق سالاھىيىتىدىن گۇمانلىنىش كېرەك. ھايۋان جان ساقلاش ئۈچۈنلا ياشىغاچقا، ئۇنىڭ پائالىيىتى قەيەردە يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسە بار؟ دېگەننى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىنسانلاردا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلۇغۋار غايە بولۇشى كېرەك. ئىنسانلاردىكى نىشان ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ماتور ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار شۇ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچىنىڭ كۈچىدە ھەرىكەتلىنىدۇ، ھاياتىنى ئۇلۇغۋار غايىلەرگە يېتىشتىكى ئۇلۇغۋار جەريانغا ئايلاندۇرالايدۇ. نەپسىنىڭ قۇلى ئەمەس،خوجايىنىغا ئايلىنالىغانلار، تاشقى بېسىم، سىرتقى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئىچكى ئېھتىياج، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ تەرىپىدىن ئۆز نىشانىغا ئىلگىرىلىيەلىگەنلەر ھەقىقىي ئازاد ـ ئەركىن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا

گازىرچى، باققاللاردىنمۇ ئىقتىدارسىز.

يەنە بىرجەھەتتە، يۇمشاق قۇلاقلارنى تەربىيلەيدىغان مائارىپتا زىيالىيلار كىچىككىدىن باشلاپ باشقىلارغا تايىنىپ چوڭ بولىدۇ. ئۇلار ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىغا، مەكتەپتە سىنىپ مۇدىرى، سىنىپ ھەيئەتلىرىگە، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا... تايىنىدۇ. خىزمەتكە چىققاندا بولسا تەشكىلگە، باشلىققا تايىنىدۇ. بۇنداق بىر ئۆمۈر تايىنىپ چوڭ بولغان كىشىلەردە ئۆزى مۇستەقىل ئىش قىلىدىغان ئىدىيە، جۈرئەت بولمايدۇ. ئۆز تايانغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ ياشاشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئۇلار گەرچە ئىككى پۇتلۇق تۇغۇلغان بولسىمۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تايىنىپ ياشاش جەريانىدا ئۇلاردا كۆرۈنمەس ئۈچىنچى پۇت ئۆسۈپ قالغان. بۇ پۇت ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ،بۇ پۇت بولمىسا، ئۇلار تىك تۇرالماي يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇلار بۇ جەريانىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان، ئەگەر مائارىپ بىر ئادەمگە مۇستەقىل، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاشنى ئۆگەتەلمىسە، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ.بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشقىلارغا ئىشلەشنى مەقسەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇلاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ياشاش پىلانى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى باشقىلارغا ئىشلەش بولغانىكەن،ئۇنىڭ روھىيەت، تەپەككۇر قۇرۇلمىسى مۇشۇ مەقسەتكە ئاساسەن شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيىتى بولمايدۇ. شەرەپ گۇۋاھنامىسى، تەقدىرنامە، ئۇنۋان، دەرىجىلەرگە ئېرىشكىنىدىن مەست بولۇپ ياشايدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟ دەپ سورىسىڭىز، دوختۇر، مۇئەللىم، جەڭچى، ئۇچقۇچى، سەنئەتچى... بولىمەن،دەيدۇ، ھەرگىزمۇ بىرەرسى ئۆزۈم ئىگىلىك تىكلەيمەن،تىجارەتچى بولىمەن، دېمەيدۇ. چۈنكى بىز

ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئاجىزلار قىيىنچىلىقنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆرىدۇ.

## جەمئىيەت قۇرۇلمىسى

ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، موللا قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ھېچبولمىغاندا «قۇرئان» ساۋاتىنى بولسىمۇ چىقىرىۋالاتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ، ئۆز دىنىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىنمۇ؟ مەن شۇنداقلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى بالىلىرىنى مۇنداق ئىككى مەقسەتتە ئوقۇتىدۇ: بىرى، ئوقۇپ موللا بولسا بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ (چۈنكى ئۇلارغا نەزىر، مېيىت نامىزى... دېگەندەك ئىشلاردا كېلىپ تۇرىدۇ)، جەمئىيەتتە ئابرۇيى، ئورنى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىرى، ناۋادا قازا ـ قەدىر يېتىپ قالسا، تۇپراق بېشىمىزدا «قۇرئان» ئوقۇپ قويار، دېگەننى مەقسەت قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ دىنىي بىلىمنى ئارزۇلىشى شۇ بىلىمنىڭ ئۇلارغا ئەمەلىي نەپ ئەكېلەلىگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

بەلگىلىك شەيئى جەمئىيەتتە كىشىلەرگە ئەمەلىي نەپ ئەكېلەلىسە، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرەلىسە، شۇ شەيئى مەركەز جەمئىيەت كىشىلىرى قوغلىشىدىغان،ئارزۇلايدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ شەيئىنىڭ قىممىتى، ئۇلۇغلۇقى قەغەز ۋەئېغىزدىلا كۆچەپ ئېيتىلىپ، قايتا ـ قايتا شەرھلىنىپ،لېكىن ئەمەلدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئەمەلىي مەنپەئەت ئەكېلەلمىسە،كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا قىزىقىشتىن سوۋۇيدۇ.

پۇل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قوغلىشىدىغان نەرسە، چۈنكى

پۈتمەس ـ تۈگىمەس قۇۋۋەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى باشقىلار باشلاپ قويغان سۇنى ئېقىتىدىغان نو ئەمەس، ئۆزىدىن سۇ ئۇرغۇتالايدىغان بۇلاقتۇر. ۋەھالەنكى، بۇنداق بۇلاقتىن مەھرۇم كىشىلەرنىڭ روھىيىتى ياشناپ تۇرغان باراقسان گۈلىستانلارغا ئەمەس، قاغجىراپ كەتكەن جەزىرىگە ئوخشايدۇ. يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈن ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ياشاش ئۈچۈن يەپ ـ ئىچىۋاتقان كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، زىيالىيلىرىمىزدىكى بىلىم كىرىزىسى ئاۋۋال ئۇلارنىڭ مەنىۋىيەت كىرىزىسىدىن، كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئۇلاردىكى غايە بوھرانىدىن كەلگەن. غايىدىن مەھرۇم كىشىلەر ھاياتلىق كۈچىنىڭ يېرىمىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر. ناۋادا زىيالىيلىرىمىزدا غايە بولغان بولسا، ئۆز غايىسىگە يېتىش داۋامىدا بىلىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان، تەبىئىي ھالدا ھېچقانداق ھەيدەكچىسىز، ئۆزلۈكىدىن تىرىشقان بولاتتى. ھازىر زىيالىيلىرىمىز ئىتتىرمىسە ئوت ئالمايدىغان ئەبجەق ماشىنىلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ياشاش دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىنسانغا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك ۋەزنى بارلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمىگەچكە، قورساقتىن سىرت ئىشلار ئۇلارنىڭ پائالىيەت كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالالمىغان.

غايە ئۈچۈن تىرىشىش جەريانى ماھىيەتتە ئادەمنىڭ بەدەل تۆلەش جەريانىدۇر. بەدەل غايىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلىپى. زىيالىيلىرىمىزنىڭ بەدەل تۆلەشتىن قورقۇشى تۆلىمەكچى بولغان بەدەلنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەمەس، غايىسىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ سۇسلۇقىدىن بولغان بولىدۇ. ئىرادە كۈچى ئوخشىمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن قىيىنچىلىقنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىرەر پارچە تېكىست يادلاش بەسىي مۇشكۈل ئىش، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىرەر كىچىكرەك لۇغەت يادلاش

ئىنتىلىش نىشانىغا ئايلىنالايدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىلىم تېپخى جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ھەقىقىي چۈشىنىلگىنى، قەدرى چوڭقۇر ھېس قىلىنغىنى يوق. سەۋەب بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەرنىڭ باراۋەر بوپقالغانلىقىدا (بۇ بىلىملىكلەرگە نىسبەتەن بىر خورلۇق). ناۋادا بىلىمسىزلەر ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن قەدەمدە بىر تۈمشۇقىغا يەپ، بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان، بىلىملىكلەر ئۆز بىلىمىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن، بىلىمگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە چۈشلۇق ھوسۇل ئالالىغان، ئۆز لايىقىدا قەدىرلىنەلىگەن بولسا، كىشىلەر بىلىمسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۆچۈپ، تەبىئىي ھالدا تىرىشقان بولاتتى. بىلىم تېخىچە ئېستېمال قىممىتىگە ئىگە بولالمايۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى تازا چوڭقۇر ھېس قىلالمىدى. چۈنكى، ئىدارىدىكى ئىشلار ئۇلاردىن ئالاھىدە يۇقىرى ساپا - سەۋىيە تەلەپ قىلمىغاچقا، ئۇلارغا بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇش كىرىمىدىن خاتىرجەم.

بىزدە بىلىملىكلەر يوق ئەمەس، بىلىم مۇھىتى يوق. گەرچە دۇنيانىڭ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىپ بولغانلىقى ئاللىقاچان ئومۇم ئېتىراپ قىلغان پاكىت بولسىمۇ، بىزنىڭ بۇ يەر تېخىچە دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرالماي ئاۋارە. ئىجتىمائىي ئىگىلىك فورمىسىنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا بولغان ساپا - ئىقتىدار تەلىپى كۆچەيسە، كىشىلەرئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىدۇ. بۇخىل تەلەپنىڭ كۈچىيىشىنى شۇ خىل ئىگىلىك فورمىسىنىڭ بىلىم - ماھارەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ ياكى ئەمەسلىكى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق كىرىمى كادىرلارنىڭ مائاشىتىن، تىجارەتچىلەرنىڭ پارچە - پۇرات تىجارەتتىن، دېھقانلارنىڭ بولسا تېرىقچىلىقتىن كېلىدۇ. گەرچە بۇخىل ئىگىلىك فورمىلىرىنىڭ

كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ، مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدۇ. دېمەك، ئۇ ھاجەتلەرنى راۋان قىلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قوغلىشىدۇ. ھوقۇق بۇمۇ بىزنىڭ كادىرلىرىمىز چۈشەيدىغان شېرىن ئارزۇ. چۈنكى، ئۇمۇ ھوقۇقدارنى نۇرغۇن قولايلىقلارغا، ئىمتىياز - نوپۇزغا ئىگە قىلالايدۇ، ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ ( بۇ يەردە ھوقۇق ئەكېلىدىغان ئىمتىيازلارنى ساناپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز). شۇ ئىستەكتە نۇرغۇن كىشىلەر مەن مۇناسىپمۇ، دەپ ئويلىشىپ يۈرمەي ھوقۇقدار بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئارتىسلارچە ياسالما ھاياتىنى باشلىۋېتىدۇ (چۈنكى ئۇلار نۇرغۇن مۇناسىپ ئەمەسلەرنىڭمۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ، قاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆپ كۆرگەچكە).

مەلۇم جەمئىيەتتە ئۇلۇغ نەرسىلەرنىڭمۇ كىشىلەر قوغلىشىدىغان، ئىنتىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنالماسلىقى ھەرگىزمۇ شۇ شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ قالغانلىقىدىن، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى، جەمئىيەت كىشىلىرىدە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك چوڭقۇر بولماسلىقى، ئىجتىمائىي مېخانىزمدىكى تەتۈرلۈكلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىدىن بولىدۇ.

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بىلىم ئىگىلىك قۇرۇلمىمىزدىكى تەتۈرلۈكلەرنىڭ قۇربانى بولۇپكېتىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن ساقىت بولۇپ قالغان ئۇلۇغ شەيئىلەرنىڭ بىرى. بىلىم بۈيۈك، بۈيۈكلۈكى ئۇنىڭ يەككە ئوقۇم ھالىتىدىكى مەنىسىدە ئەمەس، تەتبىقلىنىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزەلىگەنلىكىدە. دېمەك، بىلىم كىشىلەرگە ئەسقاتسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزگىرىش ئەكېلەلىسە، شۇ جەمئىيەتتە بىلىمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولغان بولىدۇ. شۇندىلا بىلىم كىشىلەرنىڭ

دېمەك، بىلىمنىڭ قەدرى بولمايدىغان، بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتمايدىغان، بىلىملىكلەرنىڭ تىزگىنىنى بىلىمسىزلەر قولىغا ئېلىۋالغان، بىلىملىكلەر بىلىمسىزلەر بىلەن باراۋەر، ھەتتا بىلىمسىزلەر ئۈستۈن تۇرۇۋالغان بۇ جەمئىيەتتە، زىيالىيلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە بولغان تاشقى بېسىم،زۆرۈرىيەت يېتەرلىك كۈچلۈك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزمۇ بىلىمنى ئانچە مۇھىم بىلىپ كەتمەيدۇ.چۈنكى، ئۇلار يەنىلا خاتىرجەم ياشاۋېرىدۇ.

## 8. زىيالىيلىرىمىزدا مەسئۇلىيەت كرىزىسى

دۇنيادا مۇكەممەل مىللىي مەدەنىيەت بولمايدۇ. مىللىيلىقتا ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئاجىزلىقى، ھەم ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللىي مەدەنىيەتتە بەلگىلىك ئىممۇنىتېت كۈچى، شۇنداقلا يات مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ھەزىم قىلالىغۇدەك ساغلام ئاشقازان بولۇشى كېرەك. بۇ ئاشقازان ماھىيەتتە شۇ مىللەتتىكى دانالار (ئەمدىلىكتە زىيالىيلار) نى كۆرسىتىدۇ. قۇۋۋەت ئاشقازاندا ھەزىم قىلىنىپ، ئاندىن بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىغا تارقىغاندەك، يات مەدەنىيەت، ئىدىيىلەرمۇ ئاۋۋال دانالارنىڭ تاسقىشىدىن، ھەزىمىدىن ئۆتۈپ، باشقا ئەزالارغا تارقايدۇ. ناۋادا دانالارنىڭ سەزگۈرلۈكى يېتەرلىك بولالماي، ئۆزىنىڭ ئاشقازىنىنى كاردىن چىقىرىپ قويسا، ئۇلارنىڭ قوۋمىنىڭ ئۆزلۈك گېنى ئايىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئۆز ئاشقازىنىنى كاردىن چىقىرىپ قوياسلىقى ئۈچۈن «يەيدىغان» نەرسىلىرىگە دىققەت قىلىشى، نېمىنى تاللاش، نېمىنى شاللاش ھەققىدە ئۆزىنىڭ بەلگىلىك قىممەت ئۆلچىمى بولۇشى، ئۆز ئەنئەنىسى بىلەن يات مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدىن مەلۇم بىر پەلسەپىۋى ئىدىيە، مەدەنىيەت قىممەت قارىشى شەكىللەندۇرۇشى كېرەك. ۋەھالەنكى،

بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتتى زىچ بولسىمۇ، شۇ كەسىپتە مەخسۇس تەربىيلىنىشكە بولغان تەلىپى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس، بۇلارنىڭ تەلىپىدىن ساۋات خاراكتېرلىك بىلىم بىلەنمۇ چىققىلى بولىدۇ ھەم بىلىمگە بولغان تەلەپنىڭ كۈچىيىشى مەلۇم دەرىجىدە ئەركىن بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سانائەت ئىگىلىكىدە بىلىم بايلىق خەزىنىسىگە ئايلىنىدۇ، بىلىم ئىگىلىكىدە بولسا خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلىنىدۇ. سانائەت جەمئىيىتىدە بىلىم ياشاشتىكى شوتا بولسا، بىلىم جەمئىيىتىدە ئادەمنىڭ جېنى بوپقالىدۇ.

بىزدىن بېل گايتېستەك تالانتلىق پروگراممىچىلار چىقىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدەك بايغا ئايلىنالىشى ناتايىن. چۈنكى، لەھەڭ ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ياشىيالمايدۇ، لەھەڭ يېتىشتۈرۈشتىن ئاۋۋال لەھەڭگە لايىق كۆل قېزىلىشى كېرەك.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ توختىماي ئىزىشىشى ئۇلاردا ئالاھىدە بىرخىل روھنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، رىقابەتلىك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۇلارنى شۇنداق ئىزىشىشقا مەجبۇرلىغانلىقى تۈپەيلىدىندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالقاۋلىقى، ھورۇنلۇقى ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئېغىر بەدەل تۆلىشى مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە زىيالىيلار ھورۇنلۇقنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇكى، زىيىنىنى تارتمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا دەسلەپتە كومپيۇتېر تىجارىتى باشلانغاندا، ھەممە ئۈمىدلەنگەن، يېڭى تىجارەت يولى تېپىلغاندەك بولغان، لېكىن ئەمدىلىكتە دەسلەپكى قىزغىنلىقتىن ئەسەر يوق. بۇ كومپيۇتېر شىركەتلىرىنىڭ كۆپىيىپ، رىقابەتچىلەرنىڭ ئاۋۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ يۇمشاق دېتال، كومپيۇتېرغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان. ئۇيغۇرلاردا بىلىم ئىگىلىكىگە قەدەم قويغۇدەك ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ شەرتلەر تېخى پىشىپ يېتىلگىنى يوق.

ئەجنەبىي ئىدىيىنىڭ ئۆزىگە بولغان چۈشەنچىسىمۇ يوقىنىڭ ئورنىدا. ئۇلار ئاللىقاچان ئۆزلىرى ئۆگەنگەن، ئوقۇغان نەرسىلەرنىڭ قۇربانى بوپكەتكەن. مەنىۋى ئوزۇق مەنبەسىدىن مەھرۇم مىللەتنىڭ تەقدىرى تارىم ۋادىسىدىكى سۇسىز قالغان توغراقلاردەك بوپقېلىشى تەبىئىي(گەرچە بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى توغراقا ئوخشاتقىلى بولمىسىمۇ؛توغراق ياشىرىپ مىڭ يىل، قۇرۇپ قېلىپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل ياشارمىش، بىزدە جىسمى تىرىك يۈرسىمۇ،روھى ئۆلگەن ئادەملەر كۆرمىڭ).

زىيالىيلىرىمىزدا تېخىچە مۇكەممەل ئىدىيە سالماقلىقى، بەلگىلىك ئاڭ قۇتۇبى شەكىللەنمىدى. مەۋقەسىزلىك ھەربىر زىيالىيدىلا ئەمەس، زىيالىيلار ئىچىدىكى سەركە سۈپەت كىشىلىرىمىزدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە تېخىچە پارچە - پۇرات قاراشلار ھۆكۈمران بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئىدىيە ئېقىمى، زىيالىيلار ئارىسىدا ئورتاق تىل، ھەمكارلىق شەكىللەنگىنى يوق. گەرچە ئادەملەردە مۇستەقىل قاراش بولۇشى ياخشى ئىش ھېسابلانسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن باش - ئاخىرى بار ئىدىيىنىڭ بارلىققا كېلەلمەسلىكى،مەسىلىلەرگە ھەممەيلەننىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە دىئاگنوز قويۇپ، ھۆكۈم چىقىرىپ يۈرۈشى جەمئىيەتتە ئىلمىنىڭ نوپۇزىنى قويمايدۇ، ئاۋام بولسا خىلمۇ خىل ئىدىيە - قاراشلار ئارىسىدا قايمۇقۇپ، گاڭگىراپ يۈرىدۇ. دانالار مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قاراۋۇللىرىدۇر، لېكىن بىزنىڭ بەزى دانالىرىمىز (زىيالىيلار) مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەتكەسچىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

شۈبھىسىزكى، مەۋجۇتلۇق مىللەتكە نىسبەتەن ئېغىر سوئالغا ئايلانغاندا، جاۋاب بېرىش ۋەزىپىسى ئاۋۋال زىيالىيلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.لېكىن، زىيالىيلىرىمىز مەۋجۇتلۇقنى جىسمانىي مەۋجۇتلۇق دەپ چۈشىنىۋاتىدۇ. بىر مىللەت ھەرگىزمۇ بىردەمدىلا

بۇ ئىنتايىن جاپالىق قىيىن ئەمگەك. ئەجنەبىي ئىدىيىلەر توختىماي تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان بۈگۈنكىدەك بىر شارائىتتا، مۇداپىئە بىلەن قوبۇللاشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرگەن، ئۆز ـ يات مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان بىر ئىدىيىگە پۈتكۈل مىللەت تەقەززا. مانا بۇ ئۇلۇغ بۇرچ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ زىممىسىدە.

ئەپسۇس، دەۋرنىڭ مەسخىرىسى شۇكى، بۇخىل ئۇزلۇك كېيىننىڭ ياتلىششى ئاۋۋال بىزنىڭ زىيالىيلاردىن باشلىنىۋاتىدۇ، ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ ئاۋۋالقى تەجرىبە بۇيۇملىرى شۇلار بوپقېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ قانچىلىك ئېغىر دەرىجىدە ئىدىيىۋلوگىيە، ئېتىقاد كىرىزىسىغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. ئۆزىنىڭمۇ ئېنىق مەۋقەسى،ئىدىيىسى يوق، ئۆزلىرىنىمۇ قۇتقۇزالمايۋاتقان زىيالىيلاردىن بۇ بۇرچنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىش بۈگۈنكى كۈندە ئۇلۇكتىن ئىمان تەلەپ قىلغاندەك بىر ئىش بوپقالدى. ئۇلار ئاللىقاچان ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ سادىق گۇماشتىلىرىغا ئايلىنىپ، روھىي جەھەتتىن گۇمراھلىققا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇخىل يۈزلىنىش جەمئىيىتىمىزدە زىيالىيلار بىلەن دېھقانلارنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىپ قېلىشىدەك پاجىئەگە سەۋەب بولۇپ، مىللەت بىرلىكىدىكى مەنىۋى ئاساس ئاستا ـ ئاستا يىمىرىلىشكە باشلىدى. بىر مىللەت ئۈچۈن ئىدىيىۋلوگىيە، مەنىۋىيەتتىكى بۆلۈنۈش ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا تەھدىت ئەكېلىدىغان ئەڭ ماھىيەتلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ۋەھالەنكى، بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىدىيىگە بولغان چۈشەنچىسىمۇ چوڭقۇر ئەمەس. دېھقانلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز دىنى ھەققىدىكى ئەڭ ئەقەللىي چۈشەنچىلەردىنمۇ خەۋەرسىز، ئۇلار ئۈچۈن دىن دوزاخ ۋە جەننەتتىنلا دېرەك بېرىدىغان باقىيغا تەئەللۇق ئۇقۇم. زىيالىيلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرى چاپلىشىۋالغان

بىزدە مائارىپىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزگە خاس مائارىپ ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان، مائارىپىمىزغا يېڭى يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان پېداگوگلار، مائارىپ پسىخولوگىيىسىدىن ھالقىپ، مىللەتتىكى ئومۇمىي پسىخىك ئاجىزلىقلارنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، رېتسېپ يازالايدىغان پسىخولوگلار، خەلققە بىلىش زۆرۈر نەرسىلەرنى بىلدۈرەلەيدىغان يازغۇچىلار، خەلققە يېڭى ئىدىيە، روھىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، مۇئەييەن دەرىجىدە تۇراقلاشقان ئىدىيە قۇتۇپى، قىممەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرەلەيدىغان پەيلاسوپ مۇتەپەككۇرلار، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمە، سىياسەتلىرىدىكى بىرتەرەپلىمە جايلارنى كۆرسىتىپ، يېڭى چارە تەمىن ئېتەلەيدىغان سىياسىئون، مىللىي ئىگىلىكنى ئىلمىي تەھلىللەپ، تىجارەتچىلىرىمىزگە يېڭى يول كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ھازىرقى زاماندا سودىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيدىغان ئىقتىسادشۇناسلار، ئىجتىمائىي قاتلاملىرىمىزدىكى ھەرخىل مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى، زىيىنىنى، ھەل قىلىش چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان جەمئىيەتشۇناسلار، خەلقئارالىق سەۋىيىگە ئىگە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى يارىتالايدىغان ئالىملار، مىللىي سودىنى خەلقئارا بازارغا ئەكىرەلەيدىغان كارخانىچى تىجارەتچىلەر بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئۇيۇشۇپ، ئۆز قوۋمىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن يېڭى لايىھە - خەرىتىلەرنى سۇنۇشى، ئۆز ساھەلىرىدە يېڭى - يېڭى ئىلىم سەمەرىلىرىنى يارىتىشى زۆرۈر. ئۇلار ھەمكارلىشىپ، خەلق ئىچىدىكى ئاقىللار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

## 9. زىيالىيلىرىمىز نېمىنى بەھس قىلىۋاتىدۇ؟

شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ ئىزچىل سادىر قىلىپ كەلگەن بىر

يوقىلىپ كەتمەيدۇ، بۇ يەردىكى مەۋجۇتلۇق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ماھىيەتلىك يادرو قىلغان مەنىۋى ئۇيۇللۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ئاستا ـ ئاستا يالىلىشىشى شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مۇستەقىللىقىنى چىرىتىپ، ئۆزلۈك كېيىنى يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا مىللەت ئۆزىگە ئىگە بولالماي قالىدۇ. ئۆزىگە ئىگە بولالمىغانلىقنىڭ ئۆزى دەل مەۋجۇتلۇقنى يوقاتقانلىقتۇر.

خەلقىمىز گەۋدىسىدە زىيالىيلار «سەزگۈرلەر» قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار خەلقىمىزنىڭ مېڭىسى، نېرۋىسى، سەزگۈ ئەزالىرىدۇر. خەلقىمىز تاشقى ئۇچۇرلارنى شۇلار ئارقىلىق قوبۇل قىلىدۇ، شۇلار ئارقىلىق ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ. زىيالىيلارنىڭ نېمىنى قوبۇل قىلىپ، نېمىنى تەرك ئېتىشى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بوپقالماستىن، ئۇلاردىن ھالقىغان، مىللەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئومۇملۇق مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ناۋادا خەلقتىكى بۇ سەزگۈر نېرۋىلار ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ چاغدا بۇ خەلقنى ناركوز قىلماي ئوپېراتسىيە قىلسىمۇ ۋاي دېمەيدۇ. زىيالىيلار ئاۋامنىڭ مېڭىسى ھېسابلانغاچقا، ئۇلار تەبئىيلا ئاۋامغا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئاۋام ئۆز ھالىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئۆز تەقدىرىنىڭ قەيەرگە مېڭىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر، غاپىل كىشىلەردۇر. ئۇلار دائىم غەپلەتتە، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئالدىنىشتۇر.

زىيالىيلار بولسا ئاقارتقۇچىلار، ئاۋامنىڭ يولباشچىلىرىدۇر. زىيالىيلار ئۆز قوۋمىنى زىيانلىق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، پايدىلىق ئىشلارغا يېتەكلەپ، يول كۆرسىتىشى، ئۇلارنىڭ بەختەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشى زۆرۈر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، زىيالىيلار ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۇرمۇشىدىن ھالقىشقا تېگىشلىك كىشىلەردۇر. ئەپسۇس، بىزدە بۇلار يەنە خەلقكە قالدۇرۇلغان، زىيالىيلىرىمىز ئائىلە مەسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي ئاۋارە.

ئىلمىي پوزىتسىيىدە نىيەت چوقۇم دۇرۇس بولۇشى كېرەك. نىيىتى ئەگرى كىشىلەرنىڭ ئىلىملىك بوپقېلىشى بىر ئاپەتتۇر. ئۇلارنى شەيتان دېسە بولىدۇ. ئېيتىلىشىچە، شەيتانمۇ پەرىشتىلەرنىڭ سەردارى، ئەڭ ئالىمى ئىكەنمىش، ئەمما ئۇنىڭ بىلىمى ئاسىيلىقنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى.

شەرق ئىدىيە تارىخىدا ئابستراكت تېمىلاردىكى بەھس - مۇنازىرىلەر هامان كونكرېت ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى بەھس- مۇنازىرىلەردىن كۆپ بوپكەلدى. «قۇرئان» يارىتىلغۇچىمۇ ياكى ئاللانىڭ سۆزىمۇ؟ دېگەننى ئىسلام ئالىملىرى 800 يىل تالاشقانىكەن. ئاللانىڭ زاتى قانداق؟ ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان جەننەتتىكى ئۆستەڭ قانداق ئۆستەڭ؟ مەسچىتتە پەيدا بوپقالغان تەرەت قايسى پەرىشتىنىڭ؟ دوزاخ نېمىشقا يەتتە، جەننەت سەككىز؟... دېگەندەك، جاۋاب بېرىلسىمۇ، ھېچقانداق مەسىلە ھەل بولمايدىغان تېمىلارنى شەرق ئالىملىرى زېرىكمەستىن مۇلاھىزە قىلدى. جالالىددىن رۇمىي، مۇھەممەد غەززالىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەپەككۇرنىڭ ئۈتكۈرلۈكىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما، تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي، ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى موگۇللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالمىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ ئۇنچىۋالا زۆرۈر بولمىغان تېمىلار ھەققىدە بەھس - مۇنازىرە قىلىشىپ، كانايلىرى يىرتىلغۇدەك توۋلىشىپ، بىر - بىرىگە ھۆرپىيىشىپ يۈرۈشمەكتە.

بىزدە بىرەر چېكىت - پەشنىڭ خاتا كەتكەنلىكى، مەلۇم يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسىنىڭ غەلىتە بوپقالغانلىقى، كۆڭگا شېئىرچىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، مەلۇم شېئىردىكى قاپىيىنىڭ ئاچ ياكى توق بوپقالغانلىقى، كىشىلەرنىڭ شېئىر ئوقۇماس بوپقالغانلىقى... دېگەندەك توخۇ تۈكى تېمىلار ئۈستىدە

خاتالىقى شۇ بولدىكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى شۇ خەلقىنىڭ ئانا تېمىسىنىڭ،ئەڭ زورۇر مەسىلىسىنىڭ ئەتراپىغا قول تۇتۇشۇپ ئۇيۇشالمىدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆزى خالىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ يۈرگەچكە، خەلقى مەھكۇملۇق تەقدىرىگە مۇپتىلا بولدى. ئۇلار دەۋر سوراۋاتقان سوئاللارغا كەينىنى قىلىۋالدى. بىرلىككە كەلمىگەن سىستېمىسىز پائالىيەتلەرنىڭ خەلققە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈزۈل-كېسىل بولمايدۇ.

مانا ئەمدىلىكتە بۇ ئۇدۇم بىزنىڭ زىيالىيلارغا مىراس قالدى. ئىلمىي ئىشلاردا ئۇلاردا ھەمكارلىق بولمىدى. مەلۇم بىر ئىلمىي تەشكىلات، ئىلمىي جەمئىيەت ئۇلارنى تەشكىللىمىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئاڭلىقلىق بولمىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەمەننالىق ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا يول قويمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يېڭەلمىدى. سەركە بولۇشقا تېگىشلىك زىيالىيلىرىمىز تولىمۇ ئەركە بوپكەتتى.

بىزدە ئىككى ئاپتورنىڭ نامىدا چىققان كىتاب، ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىش بەك تەس. ھەمكارلىق دېگەن ئۆز نەپسىدىن مەلۇم دەرىجىدە ۋاز كېچىش دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئىلمىي ئىشلاردا ھەمكارلىق بولمىسا نەتىجىنىڭ مۇكەممەللىكىگە تەسىر يېتىدۇ، بۇ زىيالىيلاردىكى ئىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيىگە شەخسىي خاھىشنىڭ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى. سىز مەلۇم بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىسىز، نەتىجىسىنىڭ ئىلگىرى سىز پەرەز قىلغاندەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىسىز،ئەمما نەتىجە رەقىبىڭىز پەرەز قىلغاندەك چىقىپ قالدى. ئۇ ھالدا سىز قانداق قىلىسىز؟ ئۇنى قوبۇل قىلامسىز ياكى رەت قىلامسىز؟

بىزنىڭ نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىز ئېتىراپ قىلسىمۇ، يەنە كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە تەن ئالمايدۇ. بىزدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۈرۈمچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان ماگىستىرلارمۇ بوپتىكەنغۇ؟

دورا سۈركەپ يۈرۈش ئەخمىقانىلىق ئەمەسمۇ؟ ئوت كەتكەندە ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىش ئوت ئۆچۈرۈش. ھازىر ھەممە ئادەم «119» غا تېلېفون بەرگىلى يۈگۈرەيدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ئادەم بولسىلا كۇپايە.

بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز بىر ئۆمۈر تەشكىل ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتنى قىلىپ بولالماي ئۆلۈپ كېتىشمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرغان خىزمىتى، پىلانى يوق. ئۆزىنىڭ پىلانى يوق ئادەم باشقىلارنىڭ پىلانىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش تېمىسى، نىشانى بولمىسا ئۇنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوردا ئۆلىمالىرىدىن نېمە پەرقى؟ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قىممىتى ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ مىقدارى بىلەن ئەمەس، ياراتقان تۆھپىسىنىڭ مىقدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

قىسقىسى، زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنى خەلقپەرۋەرلەردىن ھېسابلىسا، چوقۇم بىھۇدە ئۇقۇم ـ نەزەرىيىلەر دۆۋىسىدىن چىقىپ دىققىتىنى كونكرېت ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتىشى، ھەل قىلىشقا تىرىششى لازىم. خەلق دەل مۇشۇنداق زىيالىيلارغا موھتاج.

## 10. بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى زىيالىيلىق ئوبرازى

شەرقلىكلەر ئۈچۈن ئاقىللار ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر. ئاۋام ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ، ئىش ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدا ئۇلاردىن ئۈلگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، شەرق زىيالىيلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ تولىمۇ ئىنچىكە، تولىمۇ قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى، خەلق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان، تەرغىب قىلغانلىرىدىن ئۇلارنى بىلىم ۋە ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن زاتلار دەپ قاراپ، ئۆز قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئۇلارغا ئورۇن بېرىدۇ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. ناۋادا ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ دېگىنىگە خىلاپ ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى كۆرسە،مەيلى ئۇلارنىڭ

ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلغان قىزغىن بەھس - مۇنازىرىلەر بوپكېتىدۇ.
شائىر - يازغۇچىلىرىمىز مەلۇم بىر شېئىر، نەسىر ياكى ھېكايىنى
مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن شەھەر، ۋىلايەت ئاتلاپ كېلىپ، ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىشىدۇ، تەرلەپ - پىشىپ قايىنىشىدۇ.
ئۇلار رېستورانلاردا شۇلارنىڭ ھۆرمىتى شەرىپىگە بېرىلگەن
زىياپەتلەردە گۆشلەرنى چالا غاجىشىپ، رومكىلارنى سوقۇشتۇرۇپ
يۈرگەن چاغدا، يىگىرمە يۈەن كىتاب پۇلى بولمىغاچقا، ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالغان كېرىيىلىك بالىدەك(نۇرمۇھەممەت توختى : «شائىرغا
كېسەل تەگكەن كۈنلەردە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-
يىللىق 5- سان)مىڭلىغان بالىلار، كۈنلۈك كىرىمى ئىككى يۈەنگە
يەتمەيدىغان دېھقانلار، كوچا - كويلاردا تېنەپ تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقان
بىچارىلەرنى ئۇلار ئويلاپمۇ قويامدۇ؟ ئۇلار شېئىر، نەسىرنىڭ، يەنە
بىرنېمىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قايغۇرۇۋاتقاندا، چۈشكۈنلىشىۋاتقان
مىللىي ئەخلاق، يوقىلىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت ئۇلارنىڭ ئېسىگە
كېلەمدۇ؟ مەلۇم بىر كىنودىكى ئارتىسنىڭ چاچ پاسونىنىڭ
ئوخشىمىغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ ئىشتىنى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ماس
كەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ، ناخشىچىلارنىڭ ھىندىستان ناخشا
ئاھاڭىغا ناخشا ئېيتىپ سالغىنىدىن رەنجىپ، يەنە مەلۇم نېمىلەر
ھەققىدە ئاھ ئۇرۇشۇپ يۈرگەندە، قۇرۇپ كېتىۋاتقان تارىم دەرياسى،
كارىزلار، يوقىلىۋاتقان توغراقزارلىقلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ
چىقارمۇ؟ يىمىرىلىۋاتقان مىللىي ئىگىلىكنىڭ ئۇلارنىڭ مائاشى،
ئۇنۋانى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟!

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەرتىپى بولىدۇ: بۈگۈن قىلسىمۇ-
قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلار بىلەن بۈگۈن قىلمىسا زادى بولمايدىغان
ئىشلارنى چوقۇم پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بىر ئادەم يۈرەك كېسىلى،
رېماتىزم،قىچىشقاق... دېگەندەك تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار
بوپقالغاندا، ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىنى داۋالىماي، قىچىشقاققا

ھېسابلايدىغان ھەربىر ئادەم ئۇچۇن ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر.

پاۋىل جونسون ئۆزىنىڭ «زىيالىيلار» دېگەن كىتابىدا بىر قىسىم مەشھۇر زىيالىيلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: زىيالىيلار ئېچىدىكى داھىي سۈپەت زاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلارنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى جاكارلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئابستراكت ئادەملەرنى سۆيىدۇ، رېئال تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئادەملەرنى سۆيمەيدۇ. ئۇلار ئىنسانلارغا گۈزەل جەمئىيەتلەرنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ، ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى كۆچەپ تەكىتلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە رېئال تۇرمۇشتا بولسا، ئۇلار ئۆزلىرى تولىمۇ شەخسىيەتچى كىشىلەردۇر.

رۇسسو ئۆزىنى مۇھەببەت ئۈچۈن تۇغۇلغان، دەيدۇ. ئۇ «ئىنسانلارنىڭ دوستى». بىراق ئۇ تولىمۇ ۋاپاسىز، تۇزكور. ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئاپىسى(ھەم ئاشنىسى)ئار دېگەندىمۇ ئۇنى تۆت قېتىم قۇتقۇزۇۋالغان، بىراق ئۇ كېسەل بوپقالغاندا رۇسسو ئۇنىڭ يېنىشلىرىغا پەسەنت قىلمىغان، ئۆلۈپ كېتىشكىچە قاراپ تۇرغان. ئۇ ئۆزىنى «مەندىنمۇ مېھرىبان دادا يوق» دېگەن، لېكىن ئۆزىنىڭ بەش بالىسىنى بېقىۋېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىپ كارى بولمىغان. تولستوي «مۇھەببەت»كە ئېتىقاد قىلىدۇ، بىراق ئۇ كەم تېپىلىدىغان «شەخسىيەتچى». ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىلا بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ باشقىلارنى مەن ئۈچۈن ياشايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ بىر كونكرېت ئادەمنى سۆيۈپ باقمىغان(ھەتتا تۇغقانلىرىنىمۇ)، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئېتىراپ قىلمىغان، كۆيۈنۈپمۇ باقمىغان. سەكراتتىكى ئىنىسىنى يوقلاپمۇ قويمىغان... بۇ زىيالىيلار ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ئاياللارنى جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان سايمان، دەپ قارىغان. سارترى:«ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزلارنىڭ

دېگىنى قانچىلىك ئۇلۇغ ھېكمەت، ھەقىقەت بولسۇن، ئۇنى ئۆز قەلبىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ تەرغىباتى دەرھال ئۇنۇمىنى يوقىتىدۇ.

بۇنىڭدىن زىيالىيلىرىمىزغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ بىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ زىيالىيلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، خۇلقى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. روشەن بولۇپ تۇرۇپتۇكى، زىيالىيلار قوش ئۆلچەم(يەنى بىلىملىك بولۇش ۋە ئادەم بولۇش پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت)گە لايىقلىششى كېرەك.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ھەممە ئىنسانغا ئورتاق مەسىلىلەرمۇ، كەسىپ، سالاھىيەت، ئورۇننىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئىبارەت پەرقلەر ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئايرىم شەخسلەرگىلا تەۋە مەسىلىلەرمۇ بار. مەن پۇتبولغا قىزىقسام، باشقىلارنىڭ قىزىقمىغىنىدىن ئاغرىنىپ يۈرۈشۈم ئارتۇقچە. ھۆسن خەت يېزىشقا قىزىقسام، باشقىلارنىڭ ھۆسن خەت ھەققىدە ئېيتقان تاقفا - تۇققا گەپلىرىگە چىدىشىمغا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشىنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭالمايمەن. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولمىغان ئادەتتىكى بىر دەرس ئوقۇتقۇچىسىغا100 مېتىرغا يۈگۈرۈش سۈرئىتىڭنى 12 سېكۇنتقا يەتكۈز، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ تەلەپنى قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرەيدىغان تەنھەرىكەتچىلەرگە قويۇش كېرەك. لېكىن ئادەم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق يارالغان؟ ئادەمنىڭ ياشاش مەقسىتى نېمە؟ دۇنيا قانداق پەيدا بولغان؟ باش- ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەندەك پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ھەربىر ئادەم چوقۇم جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئاللاردۇر. پرېزىدېنتتىن قەلەندەرگىچە، پەيلاسوپتىن باققالغىچە، زىيالىيدىن موللامغىچە... ھەربىر ئادەم بۇ سوئاللاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئادەم بولۇش يولىدىكى ئەڭ ئەقەللىي بولغان ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ئۆزىنى ئادەم

بەلكى كەمچىلىكىنى تۇگىتىشكە تىرىشقانلىقىدا.

دېمەك، زىيالىيلار ئەڭ ئاۋۋال ئادەم، ئاندىن زىيالىي. زىيالىيلىق ئادىمىيلىكىنى ئىنكار قىلماستىن، بەلكى ئۇنى يېڭى مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىپ، گۈل ئۇستىگە گۈل قوشىدۇ. خەلقىمىز زىيالىيلارنىڭ «كۆلگە سىيىدىغان» لاردىن ئەمەس، بەلكى ھەقىنىڭ ئىجراچىلىرىدىن بولۇشىنى، ھەقىقەتنى تىلى ۋە قەلىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىدە چۈشەندۈرىدىغان ھازىرقى زامان ئەللامىلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

### خاتىمە

بەلكىم تۆھپىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇلمىگىنىگە بەزى زىيالىيلىرىمىز ئۇۋالچىلىق ھېس قىلغاندۇ، ئەمما مەن ئۇيلايمەن، مېنىڭ ئۇلارنى ماختىشىم ئارتۇقچە. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئاللىكىملەرگە ئۇقۇلغان مەدھىيىلەر بىلەن تولغان جەمئىيەت. بىزنىڭ يەنە بىر - بىرىمىزنى ماختاپ، پەپلەپ يۇرۇۋېرىشىمىز بىر - بىرىمىزگە قىلىنغان زىيانكەشلىكتۇر. ھەقىقىي پەزىلەتلىك زىيالىي ماختىلىشقا موھتاج ئەمەس.

زىيالىيلار، ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! قاغجىراپ كەتكەن قەلبىڭلەرگە سۇ باشلاڭلار، قۇم باسقان روھىيىتىڭلار كۆكلىسۇن، ئۆلگەن مەردانىلىك تىرىلسۇن. شۇنى بىلىڭلاركى، ۋۇجۇدۇڭلارغا ساپ ھاۋا كىرمىگۇچە سېسىق بۇسلار چىقىپ كەتمەيدۇ.

سىلەر بىزنىڭ يۇلتۇزلىرىمىز، يۇلتۇزلار نۇر چاچالايدۇ، بۇ نۇر قۇياشتىن كەلگەن. نۇرلىناي دېسەڭلار، قۇياشىڭلارنى ئىزدەڭلار!

پۇراقلىق ھۇجرىلىرىدىكى مەركىزىي شەخس بولۇشنى ناھايىتى ئۈمىد قىلغان»، ھەمراھى پۇفۇانىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن 16، 17 ياشلىق قىز ئوقۇغۇچىلارنى كەلتۈرگەن. سەممىي دېيىلىدىغان رۇسسېلمۇ«قىرىغىنىغا باقماي، ئۆزى ئۇچراتقان ھەرقانداق بىر يوپكىلىقنى قوغلىشىپ يۈرگەن». ھېمىنگۋايمۇ ئۆزىنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىق نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ئاياللارنى كەلتۈرۈۋالغان...

بۇنىڭدىن ئادەم بولۇشنىڭ بىلىملىك بولۇشتىن قىيىن ھەم مۇھىملىقىنى بىلەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ ئەخلاقسىز، چاكىنا، نامەرد، دېگىنىگە ئەمەل قىلمايدىغان يۈزسىز بىلىملىك زاتلاردىن بوپقېلىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. روشەنكى، پىكىرگە ئەمەل قوشۇلمىسا، نەتىجىسى نۆل بولىدۇ. گەرچە بىر زىيالىي تولىمۇ بىلىملىك بولسىمۇ، لېكىن ئادەمگەرچىلىكنىڭ تايىنى يوق، پەسكەش، ماز ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرچىلىكمۇ ئابرۇيى بولمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى لەنەت تۇۋرۇكىگە(قەلبىدە بولسىمۇ)مىخلايدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن بىرەيلەن: «قانداق كىشىلەرنى بىلىملىك دەيمىز؟» دېگەندە، ئۇ زات: «قانچىلىك بىلسە، شۇنچىلىكىگە ئەمەل قىلغان ئادەمنى» دەپ جاۋاب بەرگەنمىش.

ئەلۋەتتە، ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ، ئۇ پەرىشتە ياكى پەيغەمبەر ئەمەس، ئۇنىڭدا نۇرغۇن كەمچىلىك ـ خاتالىقلار، ئاجىزلىقلارساقلانغان بولىدۇ. ئادەمگە قارايدىغان كۆزدە قاراش، مۇئامىلە قىلىش كېرەك. لېكىن، ئادەملەردىكى خاتالىق بىلمەسلىك، ئۇنتۇش دېگەندەك سەۋەبلەردىن بولماي، مەقسەتلىك سادىر بولسا ھەم ئىزچىل تەكرارلانسا، ئۇ ئاللىقاچان ئەپۇ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ،ئۇنى يەنە كەچۈرۈشكە، توغرا چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكى ئۇنىڭ كەمچىلىكتىن خالىيلىقىدا ئەمەس،

قىلاتتى. زومىگەر قوشنىمىزغا نەسىھەت قىلغاندا بولسا، يەنە بىر تەرەپكە سۆزلىگەندەك بۇيرۇق ـ تەنبىھ تەلەپپۇزىدا ئەمەس، مەسلىھەت، ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلاتتى. مەن بۇنىڭغىمۇ ھەيران قالاتتىم ھەم ھېچ چۈشىنەلمەيتتىم. سېكرىتارلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن قوشنىمىز زومىگەرلىكنى يەنە قىلىۋېرەتتى، مەھەللىنىڭ ۋەزىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايتتى.

مانا ئەمدى مەنمۇ چوڭ بولدۇم. ئەلۋەتتە، تېخى چوڭ بولدى دېگىلى بولماس. ئەمما مەن شۇ ۋاقىتتا، ھەرگىزمۇ مەن چوڭ بولغاندا ياشايدىغان، كۆرىدىغان دۇنيانىڭ، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ بىزنىڭ شۇ مەھەللىدىكى كىچىك دۇنيا بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. دۇنيا دېگەندە كۆپچىلىك ياقتۇرمىسىمۇ بولىدىغان ئىش بولىۋېرىدىكەن، توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن.

مانا ھازىر دۇنيادا بىزنىڭ ھېلىقى قوشنىمىزدەك زومىگەر دۆلەتلەرمۇ، شۇ دۆلەتلەر بىلەن ئارازلىشىپ قېلىش، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان دۆلەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نىجاتچىسى دەپ بىلىدىغان ھېلىقى نامرات قوشنىلىرىمىزدەك دۆلەتلەرمۇ تۇرۇپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەن ھېلىقى نامرات قوشنىلىرىمىزنىڭ زومىگەر قوشنىمىزنى نېمىشقا غەمگۇزار دەپ بىلىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتىم. مانا ئەمدى بۇنىڭ تېگىگە يەتكەندەك، سېكرىتار ۋە كەنت باشلىقىنىڭ نېمىشقا زومىگەر قوشنىمىزغا مەسلىھەت، ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم.

مەھەللىمىز شۇ چاغدا پات ـ پات بوپقالىدىغان قوشنىلارنىڭ جېدەللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا (ئەلۋەتتە، شۇ جېدەللەردىمۇ ھېلىقى زومىگەر قوشنىمىز ئۆزىچە قازىلىق قىلىپ كېتەتتى) ئاساسەن دېگۈدەك تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى. ئەمدى ئويلاپ باقسام،

# قانىتى بوغۇلغان تىنچلىق كەپتىرى

بالىلىق چاغلىرىمنىڭ بىر قىسمى يېزىدا ئۆتكەن. شۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا بىر زومىگەر قوشنىمىز بولىدىغان. ئۇ باشقا قوشنىلارغا قارىغاندا خېلى قول - ئىلكىدە بار ھاللىق ئىدى. ھازىر ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇلارنىڭ بەشمۇ، ئالتىمۇ ئوغلى بولىدىغان، ئۇلارمۇ خۇددى ئاتا - ئانىسىدەكلا جېدەلخور، بىر - بىرىدىن ئۆتە كۆكەمىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ مەھەللىدە دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ بېغىغا ئېقىۋاتقان سۇنى باغلاپلا ئۆز بېغىغا باشلىۋالالايتتى، ئۇنىڭغا ھېچكىم چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. بىزنىڭ مەھەللىدە ھېچكىم ئۇلارنى ياقتۇرمىسىمۇ، ھېچقايسىسى ئاشكارا ئۆكتە قوپالمايتتى. مەھەللىدىكىلەر قۇلاق تىنچ، خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن چىقىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆكتەملىكلىرىگە سەۋر قىلىپ، ئىچىگە تىنىشىپ ئۆتەتتى. مەھەللىنىڭ جامائەت ئىشىدىمۇ ھەممە ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئۇلار سورۇن بېشى، مەھەللە ئاقساقلى ئىدى. ھەتتا مەھەللىمىزدىكى بەزى تولىمۇ نامرات كىشىلەر ئۇلارنى نىجاتچىمىز، غەمگۇزارىمىز، دەپ بىلىشەتتى. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا ئىكەنلىكىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتىم. مەھەللىدە بىرەر كىم ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالسا، سېكرېتار ياكى كەنت باشلىقى كېلىپ جېدەلنى سورىسىمۇ، يەنىلا ئاۋۋال زومىگەر قوشنىمىزغا ئەمەس، يەنە بىر تەرەپكە نەسىھەت

قوشنىمىزنىڭ دائىملىق ئۆلپەتلىرىمۇ مەھەللىمىزدىكى ھاللىقراق كىشىلەر، سېكرېتار، كەنت باشلىقى، كەنت كادىرلىرى ئىدى. مانا ھازىر دۆلەتلەرمۇ بىر ـ بىرى بىلەن شۇنداق «ئۆلپەتلىشىۋېتىپتۇ». ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز پات ـ پات غىزىلدىشىپ قالسىمۇ، يەنىلا تېزلا يارىشىۋېلىپ، ئاداۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئەپۇ سوراپ چاي قۇيۇشاتتى. قوشنىدارچىلىقتىن مېھىر ـ مۇھەببەتنى، ئىللىقلىقنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. ھازىر دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەمگە «ئاغزىدا كۆلكە ـ چاقچاق، قوينىدا پالتا ـ پىچاق» دېگەن ماقالنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. ھازىر خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىن مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىللىقلىقنى ھېس قىلىش مۇمكىنمۇ؟

توغرا، كۆچلۈك رىقابەتكە تولغان ئىجتىمائىي مېخانىزىمغا ئىگە بۇ زامانىۋى دۇنيا ئۆزىنىڭ ئېنىق بولمىغان نىشانىغا قاراپ شىددەتلىك ئىلگىرىلەش داۋامىدا چىقارغان سوغۇق شاماللىرى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ئاران پىلىلداپ يېنىۋاتقان مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق شامىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدىمۇ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى توڭلاپ تىترەۋاتىدۇ. ئىستېمال ئېگىسى، دۇنيادا بولىدىغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرگە خۇددى سۇ تۇپراققا سىڭگەندەكلا سىڭىپ، سەمىمىيلىك، خالىسلىق، ئىخلاسمەنلىك كۆھىقاپتىن ئورۇن ئالدى.

مانا بۇگۈن مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ جىنايەتلىرىمۇ مەدەنىيەتتىن رەڭ ئېلىۋاتىدۇ. نەتىجە، قوللىنىلغان ھەر قانداق ۋاستىنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇپ، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ جىنايەتلىرىگە پەلسەپىۋى ئاساس يارىتىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بىلىم ـ مەدەنىيەتتىن تون كىيىۋېلىپ، جىنايەتتە تېخىمۇ تەپتارتماس، قاپ يۈرەك بولۇپ كەتتى. بۇ كىشىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن كۆرە دۆلەتلەرنىڭ

مەھەللىمىزنىڭ بۇ تىنچلىقى قوشنىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم مەنپەئەتى، ئىززەت - غۇرۇرىنى قۇربان قىلىشى بەدىلىگە كەلگەنىكەن. ھاقارەتلىك تۇرمۇشتا ياشاشقا كۆنۈش دەل ئاز - تولا مەنپەئەت - غۇرۇرنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم بۇ خىل ھاقارەتلىك تۇرمۇشنى ئۆزگەرتەلمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغانىكەن، چىداشقا، ھېلىقى بەدەللەرنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ناۋادا قوشنىلىرىمىز بۇ بەدەللەرنى تۆلەشكە كۆنمىگەن بولسا، مەھەللىمىزدىن جېدەل - ماجىرا ئۆكسۈمىگەن، خاتىرجەملىك بولمىغان بولاتتى. مانا بۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ «تىنچلىق» ى.

دېمەك، دۇنيانىڭ ئىشلىرى خۇددى بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئىشلىرىدەكلا ئاددىي. پەقەت ئۇنى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، چۈشىنىكسىز قىلىپ قويغىنى كۆلەم ۋە مىقدارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېلەڭسىز بوپكەتكىنى. پەقەت ئائىلىلەرنىڭ ئورنىغا مىللەت، دۆلەتلەر ئالماشتى، خالاس. يەنە ئۇنىڭغا قوشۇلغان خەلقئارالىق تەشكىلات، دۇنيا تەرتىپى، قانۇن - تۈزۈم، ئارمىيە... دېگەندەكلەر خەلقئارا ئىشلارنى بىزگە سەل مۇرەككەپ بىلدۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. ھازىر دۇنيا تەرتىپ ئورنىتىش، دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش دېگەندەك چوڭ گەپلەر پەقەت ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈكلۈكىدىن ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئىشەنچى بار دۆلەتلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ. خەلقئارالىق قارار - بەلگىلىمىلەرنىڭ ماقۇللىنىشى شۇ دۆلەتلەر ئاۋاز قوشماي ئىشقا ئاشمايدۇ. ئەينى چاغدا بىزنىڭ زومىگەر قوشنىمىز مەھەللىنىڭ ئومۇمىي «مەنپەئىتىنى كۆزلەپ»، جامائەت ئىشلىرىدا مەھەللىنىڭ باشقا بىر نەچچە چوڭى بىلەن باش قوشۇپلا بىر قاتار قائىدە - يوسۇنلارنى بەلگىلەپ قوياتتى. باشقا قوشنىلارنىڭ ئوي - خىياللىرى بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى خالىمىسىمۇ، شۇ قائىدە - يوسۇنلار بىلەن ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر ئىدى. زومىگەر

ئۇلار: بىز خالىغانچە پەرۋاز قىلىۋاتىمىز، دېگەن ساختا تۇيغۇدا. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇچۇش ـ قونۇشىنى ئۆزلىرى ئەمەس، قويۇن بەلگىلەۋاتىدۇ، ئەمما كىشىلەر بولسا بۇنى ھېس قىلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ قويۇننى دەل ئىنسانلار ئۆزلىرى ئەمەس، قويۇن بەلگىلەۋاتىدۇ، ئەمما كىشىلەر بولسا بۇنى ھېس قىلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ قويۇننى دەل ئىنسانلار ئۆزلىرى چىقارغان.

ھازىر يەر شارىنى بىر ھارۋىغا ئوخشاتساق، ئىنسانلار بۇ ھارۋىدىكى يولۇچىلاردۇر. ھارۋىنىڭ بىر چاقى مەنپەئەتپەرەسلىك، يەنە بىر چاقى ئىستېمالىزم. ھازىر بۇ ھارۋىنى غەربتىن ئىبارەت بۇ ئاساۋ ئات ئېپقېچىۋاتىدۇ. يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە مېڭىۋاتقىنىدىن خەۋەرسىز بولۇپلا قالماي، ئاتنى باشقۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالماقتا. بۇ ئات شۇنچىلىك ھاكاۋۇركى، ئۇ: مەن ئۆز ئىگەمدىنمۇ ئەقىللىق، ئۇنىڭ مېنى يېتىلىشى، ماڭا تىزگىن سېلىشى ھاجەت ئەمەس، مەن ھارۋىكەشكە موھتاج ئەمەس، دەپ جاكارلىدى. ھارۋىغا چىقالمىغانلار يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ھارۋىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرمەكتە، ھارۋىدىكى بەزى يولۇچىلار يارىلىنىپ قېلىشتىن قورقماي ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈۋالماقتا. يەنە بەزىلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالماقتا. ئىنسان ئۈچۈن نىشانسىز سەپەرگە چىقىپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خەۋپ بولمىسا كېرەك. مانا بۇ ئەھۋال مۇنداق بىر قاتا سوئاللارنى تاشلىدى:

1. ھارۋىغا چىقىش كېرەكمۇ ـ يوق؟
2. ھارۋا قەيەرگە كېتىۋاتىدۇ؟
3. ئەگەر چىقمىساق نېمە بولىدۇ؟
4. بىزمۇ بىر ھارۋا ياسىيالامدۇق، يوق؟

روشەنكى، بۈگۈنكى دۇنيا خۇددى ئامېرىكىلىق تارىخچى ستاۋۋلاروس ئېيتقاندەك: «ياۋروپانىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك زوراۋانلىقىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا بۇنداق زوراۋانلىق

سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتتى.

بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرى هازىرقى دەۋرنى دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنىڭ ئالتۇن دەۋرى، دەپ قاراپ، ئەركىنلىكنى چەك - چېگرىسى ئېنىق بولمىغان بىر فورمىدا چۈشىنىۋاتىدۇ. كىشىلەر بارغانسېرى خۇسۇسقا تەۋە بارلىق ئىشلاردا ئۆزىمىزنىڭ دېگىنى هېساب، ئىشلىرىمىز ئۆز ئىختىيارىمىزدا، تەقدىرىمىز ئىلكىمىزدە، دەپ هېس قىلىشماقتا. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئۆزلىرى هېس قىلىشقاندەك شۇنداق ئەركىن - ئازادمۇ؟

دەۋرىمىزنىڭ مۇهىم ئالاهىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، شەخس ئۆزىنى ئەركىن سانايدۇ، ئەمما ئۇ ئالدىقاچان تاشقى تەسىرلەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار هازىر ئۆزى پەيدا قىلغان مۇهىتنىڭ تەجرىبە ماتېرىياللىرى. هازىر شەخسنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيا ئىنسانىنى خالىغان بىر رەۋىشتە قايتا «چۇۋۇپ - توقۇۋاتىدۇ»، كىشىلەر ئۆزىگە ئوخشىيالماي ئاۋارە. مۇهىتنىڭ غايەت زور كۈچى ئالدىدا ئۇلار خالاپ - خالىماي، بىلىپ - بىلمەي ئۆزگەرمەكتە. ئۇلار: بىز ئۆزگىرىۋاتىمىز، دۇنيا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، دەيدۇ. ماهىيەتتە بولسا ئۇلار ئۆزگىرىۋاتمايدۇ، بەلكى ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. ئىنسانلار تاشقى ئۇچۇرلار مەركەزلەشكەن فوكۇس نۇقتىغا ئوخشاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىر - ئىقبالى ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن. هازىر ئىنسانلار هەل قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ غايىسى، پىلانى ئىچىدىكى مەسىلىلەر بولماستىن، بەلكى دۇنيا، مۇهىت ئۇلارغا تاڭغان مەسىلىلەردۇر. بۈگۈنكى كىشىلەر ئۆزلىرى خالىغان ئىشنى قىلغاندىكى لەززەتتىن مەهرۇم. شۇڭا بۇ دەۋر گۈزەل غايە - ئارمانلار ئۆلۈۋاتقان دەۋردۇر. ئەقلىنى خورۇچ، بايلىقنى تۆۋرۈك، تېخنىكىنى هەرىكەتلەندۈرگۈچ، بازارنى تەڭشىگۈچ قىلغان بۇ هازىرقى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇش مېخانىزمىدا ئىنسانلار قويۇندا قالغان قەغەز پارچىلىرىدەك ئۇيان - بۇيان ئۇچۇشۇپ يۈرۈشمەكتە.

مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان رېئال مەسىلە، شەيئىلەرنى چۈشەنمىگەن ئادەم ياكى قوۋم ھەر قانداق بىر ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىقتىن مەڭگۈ مەھرۇم. مەن تەكىتلەۋاتقان بۇ چۈشىنىش ئۆز نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ قويۇش ياكى دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ قويۇش ئېھتىياجىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ خىل چۈشىنىشنىڭ بىزنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىمىزدىكى رولى، تەسىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاجايىپ مۇھىم ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇيالماسلىقتىن بولۇشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، مەۋجۇتلۇقىمىزغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ زامان بىزگە تاڭغان بىر زۆرۈرىيەت.

دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان زامان ھادىسىلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، سەۋەبلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۇ تەسىر كۆرسىتىدىغان ساھەلەرنىڭ كۆپلۈكى بىزدىن ئۇ ھەقتە ناھايىتى ئەتراپلىق، كەڭ دائىرىلىك، ھەر خىل ساھە، پەنلەر نۇقتىسىدىن چىقىپ پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىز تىنچلىق دېگەن مەسىلە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەكچى بولساق، نوقۇل سىياسىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشلا يېتەرلىك ئەمەس، يەنە ئۇنى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە، دىن نۇقتىسىدىنمۇ تەھلىل قىلىش زۆرۈر. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ زىچ بىرىكىپ كېتىشى دەۋرىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. بىز تىنچلىق ھەققىدىكى بۇ مۇلاھىزىمىزدە بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئىزچىل نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋرىمىزدىكى مۇھىم تارىخىي، ئىجتىمائىي ھادىسە، «يەر شارىلىشىش» ئۇقۇمىنى ۋە ئۇنىڭ بىز ياشاۋاتقان دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتۈش، بىزنىڭ بەھس تېمىمىز بولغان «دۇنيا تىنچلىقى» نى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردىمى زور، دەپ ئويلايمەن.

ۋە كېڭەيمىچىلىك قوزغىغان ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى». ھازىرقى دۇنيانىڭ تەرەققىياتى 17-، 18- ئەسىرلەردە ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ئەقلىي تەپەككۇرنى مەنبە قىلغان. ئۇلارنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى دۇنيانى ئەقلىي چۈشىنىشنى، رېئاللىقتا تېخىمۇ كۈچلۈك ئەقلىي روھ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى تېخىمۇ تىنچ - مۇقىم، تەرتىپلىك بولىدۇ، بۇ، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، دەپ قارىغان. جورج ئورۋېل، ماكس ۋېبىرلارمۇ شۇنداق قارىغان. ئەمما، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ رېئاللىقى بۇ خىل ئۈمىدۋار پەرەزلەرنى پولاتتەك پاكىتلىرى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ھازىر ئىنسانلار بارغانسېرى ئەنسىزلىك، خەۋپ ھېس قىلماقتا. بۈگۈنكى دۇنيانى غەرب جەمئىيەتشۇناسى ئانتونىي گىددېنس «چۇلۇۋۇرسىز دۇنيا» دەپ ئاتايدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى «قالايمىقان دۇنيا»، يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس «كونترولسىز دۇنيا» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ شۇنداق ئاتىشىمۇ ئاساسسىز بولمىسا كېرەك. ئانتونىي گىددېنس مۇنداق دەيدۇ: «ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كونترول قىلغىلى بولمايدىغان كۈچىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا».

مانا مۇشۇنداق بىر دۇنيانى بىز چۈشىنىشكە موھتاج. بەلكى ئىنسانلار تارىختىكى ھەر قانداق بىر دەۋردىكىگە قارىغاندا، بۇ دەۋرنى چۈشىنىشكە بەكرەك موھتاجدۇر. چۈنكى، ئىنسانلار تارىخىدا شەخسكە تەسىر كۆرسىتىشتە، ئۇنى كونترول قىلىشتا ھازىرقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر دەۋر بولمىغان بولسا كېرەك. ئۆز دەۋرىنى چۈشەنمەسلىك، زامان ئۆزگىرىشلىرىگە ئىنكاسچان، سەزگۈر مۇئامىلىدە بولالماسلىق بىزنىڭ نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلىرىمىزنىڭ

ئىنسانلارنى تېرىم مەدەنىيىتى دەۋرىگە باشلاپ كىرىپ، فېئودال ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەمەلىي ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان ئات ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى دۇنياۋى مۇتلەق نوپۇزىنى تىكلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئۆزگىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇش فورمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، پاراخوت، پويىز، مىلتىقلارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى يېقىنقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ دەۋردە تېلېفون، كومپيۇتېر، سۈنئىي ھەمراھ، ئىنتېرنېت ... قاتارلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىز ھازىر باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئۇچۇر ئىنقىلابىنى مەيدانغا كەلتۈردى ھەم بۇ ئۇچۇر ئىنقىلابى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغىلا، دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى، ئىدېئولوگىيە، خۇسۇسىي ئىشلارغا قەدەر تەسىر كۆرسەتمەكتە. يەنى ئىنسانلارنى يېڭى بىر دەۋرگە باشلاپ كىرمەكتە. مانا بۇ يېڭى دەۋردە قانداق مەۋجۇت بولۇش، قانداق ياشاش ھەر بىر دۆلەت، قوۋملا ئەمەس، ھەر بىر ئادەم، شەخسلەرمۇ ئويلىنىشى جىددىي بولغان مەسىلىلەردۇر. ستاۋۋلاروس ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى قوزغىغان تېخنىكا ئىنقىلابى پەيدا قىلغان بوشلۇقلارنى ۋاقتىدا تولدۇرالماسلىقى ئىنسانىيەت بەختسىزلىكىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ ئارىسىدا شەكىللىنىپ قالغان تۇرغۇن مەزگىل نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى دۇنيا تارىخىدىكى نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان». شۇنىسى روشەنكى، تېخنىكىنىڭ ئىجابىي تەرىپى

تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «يەر شارىلىشىش» تارىختىكى ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب، ئۆزگىرىشلەر (يېڭىلىققا كۆچۈش، سانائەتلىشىش، ئاقارتىش ھەرىكىتى دېگەندەك)گە ئوخشاش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇ خىل مۇقەررەرلىكنى ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئورتاق مەنپەئەتى ئوبيېكتىپ شەرتلەر بىلەن بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش، چۈشىنىشتىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ شەرتلەر بىلەن، تۆمۈر يول، پاراخوت، پوچتا، تېلېفون، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت قاتارلىقلار رېئال تېخنىكىلىق مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. مانا مۇشۇ بىرلەشمە ئامىللارنىڭ ئورتاق نەتىجىسى بولغان «يەر شارىلىشىش» ھازىر ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ساھەلىرى (دىپلوماتىيە، سىياسىي، تىنچلىق، ئائىلە، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەممە ساھەلەر)گە ئىنتايىن چوڭقۇر، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا ياكى ئانتونىي گىددېنسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «يەر شارىلىشىش ئىنتايىن چوڭقۇر رەۋىشتە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقتا».

تېخنىكا ئىنقىلابى، بازارنىڭ كۈچى، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، سىياسەت- ئىستراتېگىيىلەر «يەر شارىلىشىش»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تېزلىشىشىگە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللاردۇر. دۇنيا تارىخىغا قارىساق شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەر بىر قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيىسىگە غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ماس ئىجتىمائىي ئىنقىلابلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. نەيزە، ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانلارنى ئىپتىدائىي دەۋردىن ئوۋچىلىق دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن بولسا، جوتۇ، گۇرجەك دېگەندەك دېھقانچىلىق قوراللىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى

بوپقالدى. دۆلەتنىڭ نوپۇزى، ھوقۇقى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئۇنىڭ ھوقۇقى ھەر خىل تۈزۈم، ئىجتىمائىي تەشكىلات، خەلقئارالىق ئورگانلارغا تارقىلىپ كەتتى. «يەر شارىلىشىش» يېپىيېڭى ئىجتىمائىي ئورگان، تەشكىلاتلارنى قۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئورگانلار پەيدىنپەي دۇنيا جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي بىرلىكى بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

رادىكاللارنىڭ نەزىرىدە دۆلەت ئىقتىسادى بارغانسېرى دۆلەتتىن ھالقىۋاتقان، پۇتكۈل يەر شارىنى ئالمىشىش سورۇنى قىلىۋاتقانىكەن، تەبىئىي ھالدا دۆلەتنىڭ نوپۇزى، قانۇنىي ئورنى خىرىسقا ئۇچرايدۇ. دۆلەت، ھۆكۈمەتلەر يا ئۆز چېگرىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ ياكى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرالمايدۇ... ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە سىياسىي ھوقۇق بارغانسېرى دۆلەتسىزلىشىۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا ھەر قايسى ئەل سىياسىئونلىرى نېمىدەپ داۋراڭ سېلىشسۇن، دۆلەت بارغانسېرى «ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ۋاقىتلىق بىر تەشكىلىي شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ.» (ئوخمائىي)

2. گۇمانخورلار: «يەر شارىلىشىش»نى پەقەت يۇقىرى دەرىجىدىكى خەلقئارالىشىش، رادىكاللارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى پەقەتلا بىر ئەپسانە، مۇبالىغە، دەپ قارايدۇ. دۆلەت يەنىلا ئىقتىسادىنىكى ئاساسلىق بىرلىك ۋە باشقۇرغۇچى. بۇ قاراشنىڭ ۋەكىللىرى تومپسون، خىرست قاتارلىق كىشىلەر «يەر شارىلىشىش» بىلەن خەلقئارالىشىشنى ئايرىش (پەرقلەندۈرۈش) كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار دۆلەت بارغانسېرى خەلقئارا قائىدىلەرنىڭ چەكلىشىگە ئۇچراۋاتىدۇ، دەپ قارىمايدۇ، بەلكى دۆلەتنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىكى مەركىزىي فۇنكسىيىلىك رولى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، دۆلەتلەر خەلقئارالىشىشنىڭ پاسسىپ زىيان تارتقۇچىلىرى بولماي، بەلكى يېڭى قايتا قۇرغۇچىلىرى بولىدۇ، دەپ

ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپىنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئىنسانلار تا ھازىرغا قەدەر ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلار بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلالماي كەلدى.

ھازىر دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە «يەر شارىلىشىش» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچە ـ ئىزاھلار خىلمۇ خىل. ئەنگلىيىلىك داۋىدخېرد قاتارلىقلار «يەر شارىلىشىش» ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ:1.رادىكاللار؛ 2.گۇمانخورلار؛ 3.ئىسلاھاتچىلار. تۆۋەندە بۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ئىخچام بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1. رادىكاللار: «يەر شارىلىشىش» ئىنسانلارنى ئىلگىرىكىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان بىر يېڭى دەۋرگە ئەكىردى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى دولقۇنىدا ئىلگىرىكى مەۋجۇت تۈزۈملەر، دۆلەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىنى يوقىتىشقا باشلىدى، دۆلەت دەۋرى ئاياغلاشتى. بازار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ۋە بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر كۈچ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ ۋەكىلى ياپونىيىلىك كېنىچى ئوخمائىي مۇنداق دەيدۇ:«ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئۆز ئارا ئېقىشىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ بوگۇنكى چېگرىسىز يەر شارى ئىقتىسادىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋە قاتناشقۇچىلىق رولىنى يوقاتتى... ئەنئەنىۋى دۆلەتلەرنىڭ يەر شارى ئىقتىسادىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋە قاتناشقۇچىلىق رولىنى تۇراقسىز، ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان پائالىيەت بىرلىكىگە ئايلىنىپ قالدى». ئۇلار:«يەر شارىلىشىش» دۆلەت ھالقىغان ئىشلەپچىقىرىش، سودا، پۇل مۇئامىلە تورىنى قۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ دۆلەتسىزلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ خىل چېگرىسىز ئىقتىسادتا دۆلەت، ھۆكۈمەتلەر يەر شارى كاپىتالىنىڭ توشۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ، دۆلەت، رايون ھالقىغان كۈچلۈك ئىجتىمائىي باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىچىدىكى ۋاستىچى

تەۋە دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇ رادىكاللارنىڭ «يەر شارىلىشىش» نى پەقەت ئىقتىسادىي نۇقتىدىنلا چۈشەندۈرۈشكە قوشۇلمايدۇ، ئۇلار «يەر شارىلىشىش» بېشارەتلەۋاتقان دۇنيانى ئۆزگىرىشچان، ئۇچۇق نەزەردە چۈشىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئىسلاھچىلار«يەر شارىلىشىش» دۇنيانى يېڭى بىر دەۋرگە ئەكىردى، دۆلەتلەر، جەمئىيەتلەر ئۆزلىرىنى تەڭشىشى، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە دىپلوماتىيىسى روشەن پەرق، چېگرىسى بولمىغان دۇنياغا ماسلىشىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار رادىكاللارنىڭ دۆلەت يوقىلىدۇ دېگىنىگىمۇ ياكى گۇمانخورلارنىڭ ھېچنېمە ئۆزگەرمەيدۇ دېگىنىگىمۇ قوشۇلمايدۇ. ئۇلار ھوقۇقنىڭ بارغانسېرى خەلقئارالىق ئاپپاراتلار، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر، شەخسلەرنىڭ قولىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىلگىرىكىدەك خەلقئارا ئىشلاردىكى بىردىنبىر مەركىزىي بىرلىك بولماي قالىدۇ... 21- ئەسىردە ھەربىر دۆلەت پۇقراسى چوقۇم «دۇنيا پۇقراسى» بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى، يەنى مىللىي ئەنئەنە، ئورتاق گەۋدە ۋە باشقا تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

گەرچە يۇقىرىقى ئۈچ خىل قاراشنىڭ تەشەببۇس - نۇقتىئىنەزەرلىرى پەرقلەنسىمۇ، شۇ مەسىلە ئورتاقكى، بىز ياشاۋاتقان يەر شارى زور بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش يەر شارىنىڭ ھەر قانداق بىر بۇرجىكىگە قەدەر ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. يەر شارىدا ھايات ياشاۋاتقان بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن زامان ھادىسىسى بولمىش «يەر شارىلىشىش» نى ئاز - تولا چۈشىنىشىمىز، شۇنداقلا ئۇنى باشقا مەسىلىلەرنى چۈشىنىشتىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ مۇھاكىمەدە «يەر شارىلىشىش» نى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈشۈم دەل يۇقىرىقى ئەمەلىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىندۇر.

قارايدۇ. گۇمانخورلار: خەلقئاراللىشىش ئومۇمىي دۇنيا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىگە ماھىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش ئەكېلەلمەيدۇ، تەڭسىزلىك ئومۇمىي دۇنيا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىكى ئومۇمىي ھادىسە، بۇ قۇرۇلمىدا ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى، دەل بۇ خىل تەڭسىزلىك دىنىي ئەسلىيەتچىلىك، مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ، دۇنيانىڭ بىر قانچە مەدەنىيەت گۇرۇھلىرىغا بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، گۇمانخورلار رادىكاللارنىڭ دېگۈدەك بارلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار: «يەر شارىلىشىش» ھەققىدىكى تالاش - تارتىشنى پەقەتلا بىر مۇلاھىزىدىنلا ئىبارەت، مەيلى قانداق مۇنازىرە، سىناق ئېلىپ بارمىسۇن، يەر شارى ئىقتىسادى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك تۇرىدۇ، دۇنيا يەنىلا ئاۋۋالقى لىنىيىدە ئايلىنىۋېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئانتونىي گىددېنس بۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:«گۇمانخورلارنىڭ قارىشىچە، كۆپىنچە دۆلەتلەر تاشقى سودىدىن ناھايىتى ئاز پايدىغا ئېرىشىدۇ، زور كۆلەملىك سودىلار يەنىلا رايونلار ئارا ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شىمالىي ئامېرىكا سودا رايونى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان سودا رايونى... قاتارلىقلار». قانداقلا بولمىسۇن، گۇمانخورلار خەلقئاراللىشىشنى، رايونلىشىشنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

3. ئىسلاھچىلار: يېڭى ئېرا ھارپىسىدا «يەر شارىلىشىش» سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەركىزىي كۈچ، بۇ ئۆزگىرىشلەر ھازىرقى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ تەرتىپىنى قايتا قۇرماقتا، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۆتىدىللەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلار رادىكاللاردەك دۆلەت يوقىلىدۇ دەپ قارىماستىن، بەلكى دۆلەت يېڭى مەنىلەرگە، فۇنكسىيىلەرگە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ نوپۇزلۇق ۋەكىلى ئانتونىي گىددېنس ئۆزىنى رادىكاللارغا

قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزلىرى، 11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيادا تېزلا تېررورلۇققا قارشى خەلقئارالىق ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى سوبودان ملوشېۋىچنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى ئۈچۈن گائاگا خەلقئارا سوتىدا سوتلىنىش، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش داۋراڭلىرى... يەنە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خەنزۇلارنىڭ روژدېستۋا(مىلاد) بايرىمى ئۆتكۈزۈشى، بىزنىڭ بولسا تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈپ تورت يەپ، شام پۈۋلەشلىرىمىز، happy birthday to you دەپ ناخشا ئېيتىشلىرىمىز... «يەر شارلىشىش» نىڭ ھەقىقەتەن ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، بىز ياشاۋاتقان دۇنيا، تۇرمۇش مۇھىتىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز، مەدەنىيەت، ئەنئەنىلىرىمىزنى ئاستا- ئاستا ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى رېئال پاكىتلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

روشەنكى،«يەر شارلىشىش» غەربتىن باشلانغان بىر ھادىسە، بۇ ھادىسىگە نىسبەتەن غەيرىي غەرب ئەللىرى پۈتۈنلەي پاسسىپ ئورۇندا. «يەر شارلىشىش» نى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، غەربلىشىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ھادىسىدىن قانداق پايدىلىنىش، ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش بىلەن ئۆزلۈكىنى ساقلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش غەيرىي غەرب ئەللىرى ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم بىر مەسىلە. بولۇپمۇ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن قەتئىي تۈپتىن سىغىشالمايدىغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەقدىرى مەركۇر مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار تەشەببۇس - تەلىماتلىرى ياكى ئەزالىرىنىڭ شۇنىڭغا بولغان ساداقىتى، ئىخلاسى تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەمەلىي ئىقتىسادىي، سىياسىي گەۋدە ھاسىل قىلىش- قىلالماسلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى مۇمكىن. دەۋر ھادىسىلىرى

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «يەر شارىلىشىش» يەككە لىنىيىلىك جەريان ئەمەس، دۇنيانىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلىرىگە قەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىر تارىخىي ھادىسە، ئۇنى قانداقتۇر مەلۇم بىر ساھە بىلەنلا چەكلەپ چۈشىنىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئۇ ئاۋۋال ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى، ئاندىن كېيىن شۇنىڭ ئېھتىياجى زۆرۈرىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن سىياسىينىڭ يەر شارىلىشىشى ئاندىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى بولغان مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىدۇر. دېمەك، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىنى زۆرۈر ئىمكانىيەت، شەرتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ۋە شۇ خىل تەقەززانى پەيدا قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «يەر شارىلىشىش» ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر دۇنيانىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى بولماستىن، «يەر شارىلىشىش» كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى ئىلمىي پەرەز ۋە بېشارەتلەردىن ئىبارەت. بىز يەكگىللىك بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلالمايمىز ياكى رەت قىلالمايمىز. ئەمما، «يەر شارىلىشىش» نىڭ ھازىر مەۋجۇت بىر تارىخىي ھادىسە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ دۇنياغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى پاكىت. 1997- يىلى يۈز بەرگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىشى، ھەتتا رۇسىيە ئىقتىسادىنى داۋالغۇتىۋېتىشى، «ياۋرو» نىڭ يولغا قويۇلۇشى، WTO غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كۆپىيىشى، شۇنىڭغا ماس ھالدا خەلقئارالىق سودا تۈزۈملىرى تۈزۈلۈپ، ئەسلىدىكى يەرلىك دۆلەت تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، خۇددى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقىنىڭ:«دۆلىتىمىز WTO غا كىردى، ئەمدى ئىشلار (ئەمەلىيەتتە سودا ئىشلىرى) خەلقئارالىق قائىدىلەر بويىچە بىر تەرەپ

خىراجىتى 20يىلدىن بېرى بىر قاتلانىدى. 1985- يىلى 940مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتنىڭ ھەربىي خىراجىتى 80% تىن ئېشىپ كېتىدۇ. 1987- يىلدىن بېرى قورال - ياراغ چىقىمى ئازايغان بولسىمۇ، 1994- يىلى يەنىلا 700مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. 3- دۇنيا ھۆكۈمەتلىرى، بولۇپمۇ ھەربىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوراللىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى بازاردىن سېتىۋېلىنىدۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ قورال - ياراغ سېتىۋېلىش سوممىسى 1990- يىللىرى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قورال سېتىۋېلىش توختامى 1994- يىلى 25مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قورال سېتىۋالىدىغان پۇلى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى كەمچىل ھۆكۈمىتى قەرز بەرگەن پۇللاردىن كەلگەن. ئەگەر ھەربىي خىراجەتنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى خەلقكە، مائارىپقا، ساقلىقنى ساقلاش، ئوزۇقلۇق مەسىلىرىگە ئىشلەتسە، ئەھۋالدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، بىرىيادرو سۇ ئاستى كېمىسى ياساشقا بىر مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ، بۇ پۇل تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىكى 160مىليون بالىنىڭ ئوقۇش راسخوتىغا يېتىدۇ، 3مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ئەڭ نامرات دۆلەتنى يېمەكلىكتە ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش سەۋىيىسىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. يەنە ئازراق مەبلەغ چىقارسا ھەر يىلى 15 مىليون بالىنى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، سۇ كەملىك سەۋەبىدىن ۋە ئاسان داۋالىغىلى بولىدىغان ھەرخىل كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلىغىلى بولىدۇ. مانا بۇ «تىنچلىق» دەۋر شوئارى بولغان پلانېتانىڭ ئەھۋالى.

دۆلەتلەر «دۆلەت مەنپەئىتى»، «دۆلەت بىخەتەرلىكى» دېگەن ئۇقۇملارنى ئىنتايىن تار دائىرىدە ئۆز دۆلىتىنىڭلا مەنپەئەت، بىخەتەرلىكى نۇقتىسىدىن چۈشىنىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، كۆز

بىلەن ئۆز تەشەببۇسى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش ئۇلارنى قىيناۋاتقان بىر مۇھىم مەسىلە بولسا كېرەك.

نۆۋەتتە، دۇنيا سىياسىي سىستېمىسىدىكى ئاساسىي مەركىزنى پائالىيەتلەر بىرلىكى، سىستېمىسىدىكى باش رولچى يەنىلا دۆلەت. گەرچە بىز ھازىر دۆلەتلەرنىڭ فۇنكسىيىسى، رولى، ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيا ھەرگىزمۇ رادىكاللار تەسۋىرلىگەندەك دۆلەت يوقالغان، «ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ۋاقىتلىق بىر تەشكىلىي شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان»، ئىقتىسادتا دۆلەتسىزلىشىش تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ بولغان دۇنيا ئەمەس. نۆۋەتتىكى دۇنيا تىنچلىقىغا ھەقىقىي، ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچ يەنىلا دۆلەتلەردۇر. شۇڭلاشقا، بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىشتا يەنىلا دۆلەتنى مەركىزىي بىرلىك قىلىپ، شۇ نۇقتىدىن كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن، دەپ قارايمەن. روشەنكى، نۆۋەتتىكى دۇنيا تىنچلىقى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە باغلىق.

ئامېرىكا سىياسىيشۇناسى مېل گورتوف نۆۋەتتە دۆلەتلەر ئارا يەر شارى خاراكتېرلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئىنتايىن جىددىي، تەخىرسىز مەسىلە، دەپ قارايدۇ ھەم مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قايسى دۆلەتلەر رەھبەرلىرى سىياسىي، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى جەھەتلەردە قورال - ياراغ، ھەرخىل ياردەم تۈرلىرى ۋە خەلقئارالىق ئىتتىپاقلارغا، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشقا مەبلەغنى قانچە كۆپ سالغانسېرى شەخس، جەمئىيەت ۋە بىزنىڭ بۇ پلانېتىمىزنىڭ بەختەرلىكى شۇنچە تەھدىتكە ئۇچراۋاتىدۇ». ھازىر پۈتكۈل يەر شارىدا قورال - ياراغقا سېلىنغان مەبلەغ يىلىغا ئىككى تىرىليون 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھەربىي

تەمىناتى، دىپلوماتىيە سىياسىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىگە قەدەر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھازىر مەلۇم بىر دۆلەتتىن ئېتىلغان بىر پاي زەمبىرەك ئوقى نيۇيورك ۋول - ھستىرىت كوچىسىدىكى ناسداك، داۋجونس كۆرسەتكۈچلىرىنى پۇلاڭلىتىۋېتىشى، دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى سىياسىي داۋالغۇش ياكى سايلام نەتىجىسى دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدىكى بەزى پايچىكلارنى بىر كېچىدىلا مىليونېر ياكى قاقسەنەم قىلىۋېتىشى، بىر دۆلەتنىڭ قورال - ياراغ زاۋۇتىنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى يەنە بىر دۆلەت باشلىقلىرىنى خاتىرجەم ئۇخلاتماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يەر شارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا تىنچلىق ھەم مۇمكىن نەرسىگە، ھەم مۇمكىن ئەمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەر شارىلىشىش دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بارغانسېرى بىر - بىرىگە باغلاپ، ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئاساس سالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئەھۋالى بىر - بىرىگە بەكلا ئايدىڭ بوپقېلىپ، بىر - بىرىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئوڭايلا چۈشىنىپ قالىدۇ - دە، مۇناسىۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەت يەنىلا ئوڭايلىقچە پەسەيمەيدۇ، ھەتتا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىر تىنچ ئوكيانىنىڭ بىر قىرغىقىدىكى دۆلەت ياساۋاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇساپە ئۇزۇنلۇقى يەنە بىر قىرغىقىدىكى دۆلەتنىڭ قورال - ياراغ ئالىملىرىغا يېڭى تەلەپ ئەكېلىۋاتىدۇ. ھازىر دۇنيادا «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى «بىغەملەر شەھىرى» دەك بىغەم دۆلەتلەر يوق.

يەنە شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق مەيلى قانچىلىك كۈچەيسۇن، يەنىلا ئۇنىڭدا شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولغاچقا، بۇ خىل ھەمكارلىق مۇتلەق ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە

ئالدىمىزدا بولسا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى دېگەندەك دۆلەت، رايون ھالقىغان، بىر دۆلەتنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەت، بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەر دۆلەتلەردىن ئىلگىرىكى ئىختىلاپ، مەسىلىلەرنى قايرىپ قويۇپ، يەر شارى خاراكتېرلىك ھەمراھلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىپى ۋۇدەن 1969- يىلىلا مۇنداق دېگەنىدى:«مەن ئارتۇقچە كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلماقچى ئەمەسمەن، بىراق مەن ب د ت نىڭ باش كاتىپى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىمغا ئاساسەن مۇنداق يەكۈن چىقىرالايمەن: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بىر يەر شارى خاراكتېرلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى چەكلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنى ياخشىلاپ، نوپۇس پارتلىشىنى تىزگىنلەپ، تەرەققىيات ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ خىل ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا ئورنىتىلمىسا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەسىلىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ كونترول قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن».

گەرچە بۇ 1969- يىلى ئېيتىلغان ئاگاھلاندۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما بىز ھازىرغا قەدەر بۇنىڭ ئەمەلىي ئالامەتلىرىنى كۆرەلمىدۇق. ھازىرقى دۇنيادا سىياسىي توقۇنۇشلار توقۇنۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگىلا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، باشقا دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە، ھەتتا ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىستېمال بۇيۇملىرى، يېمەكلىك

رېئاللىقىدىن قارىغاندا، پەيلاسوپلار دەۋرى ئاياغلىشىپ چولپانلار دەۋرى يېتىپ كەلگەندەك، پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنى گۈزەل غايىگە باشلاشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندەك قىلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ كرىزىسى. بىز تېخى بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور بەدەللەرنى تۆلەيمىز. دېمەك، ھاكىمىيەتنىڭ ئىدىيىسى دۇنيا تىنچلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ھالقىلىق ئامىل.

بۈگۈنكى دۇنيا ھەر قايسى دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىدىن ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگىلا ئەمەس، مۇھىمى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. تار مىللەتچىلىك ۋە دۆلەتچىلىك روشەنكى، دۇنيا تىنچلىقىنى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ. گەرچە مىللەتچىلىك مەلۇم بىر مىللەتنى بىرلەشتۈرەلىگەن، ئىتتىپاقلاشتۇرالىغان بىلەن يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ. مىللەتچىلەر بىز ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۆزگە مىللەتلەر بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يارالغان دېگەن قاراشقا مايىل. شۇڭلاشقا، ئىنسانىيەت تىنچلىقى ئۈچۈن مىللەت، ئىرق، دۆلەت ھالقىغان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى باراۋەر كۆزدە تۇتۇلغان، ئورتاق ئۆلچەم، ئورتاق قىممەت قاراشقا ئىگە بولغان بىر ئورتاق ئىدىيىگە موھتاج، ۋەھالەنكى، بۇ موھتاجلىقنى قاندۇرۇش بىر مۇشەققەتلىك ئەمگەكتۇر.

ماركسنىڭ دۆلەتكە بەرگەن «دۆلەت ـ بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قورال» دېگەن تەبىرىدىن بۇنىڭ پەقەت مۇستەبىت ئەللەرگىلا ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. چۈنكى، مۇستەبىتلەرلا دۆلەتنى شۇنداق قورالغا ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇنداق ئەللەردە دۆلەتنىڭ ھەممە قاتلام پۇقرانىڭ مەنپەئىتىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلالىشى ناتايىن. بۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنىڭ بىر يىلتىزى. جاھاندا ئۆز دۆلىتى

ئەمەس، بۇزۇلۇش ئېھتىمالى ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. چۈنكى، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەت ھەم تىنچلىقنىڭ، ھەم توقۇنۇشنىڭ تۈپ مەنبەسى.

ھازىر دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۈچ خىل تاللاش ئېھتىماللىقى قويۇلغان :بىرىنچىسى، ئەگىشىش. يەنى بىر كىچىك دۆلەت يادرولۇقىدا مەلۇم بىر ئىتتىپاق ھاسىل قىلىپ، شۇ يادرولۇق دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، رايى بويىچە ئىش كۆرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆز مەنپەئىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش. ئەمما بۇنىڭدا بىرى، شۇ يادرولۇق دۆلەت ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك، يەنە بىرى، ئەگەشكۈچى دۆلەتلەر غۇرۇر جەھەتتە بەدەل تۆلىشى كېرەك. ئىككىنچىسى، قارشىلىشىش. بۇنىڭدا ئامال قىلىپ قارشى تەرەپ بىلەن تەڭلىشەلىگۈدەك ماغدۇر توپلاپ، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈپ، تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئەمما بۇ ناھايىتى مۈشكۈل بىر جەريان. ئۈچىنچىسى، بىتەرەپ تۇرۇش. بۇنى شەرھلەش ھاجەتسىز. ئەمما، بۇ خىل تاللاش مەزكۇر دۆلەتنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تۇرغۇن ھالدا قويۇشى ھەم دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈنسايىن بىردەكلىشىشى ئۇنىڭ بۇ خىل تاللاش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن.

دۆلەتلەر دۇنياۋى تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ؟ بۇ دۆلەتلەرنىڭ قۇدرەت - ئىقتىدارنى قەيەرگە ئىشلىتىشىنى بىلەلەيدىغان ئەقىل - پاراسىتىگە باغلىق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى ئالىملار ئىدارە قىلسۇن، دەيدۇ، پلاتون پەيلاسوپلار ئىدارە قىلسۇن، دەيدۇ. لۇئىس پرووۋل «سىياسىينىڭ جىنايىتى» دېگەن كىتابىدا:«پەقەت مەلۇم پەلسەپىۋى ئەقىل ۋە دىنىي ئېتىقاد پرىنسىپىغا ئىگە ئادەملەرنىڭلا مەمۇرىي، سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش لاياقىتى بولىدۇ، چۈنكى ساپ مەنىۋى كۈچلا جەمئىيەتنى چىرىكلىشىشتىن ساقلايدىغان(تۇز)دۇر» دەيدۇ. ئەمما، دۇنيانىڭ

دولقۇندا بىلىپ ـ بىلمەي ئېقىپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ دۈشمىنى بولمىسا، بۇ دۆلەتنىڭ خەلقى ھاكىمىيەتنىڭ قۇدرىتى، ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىدۇ، ھاكىمىيەتكە بولغان ئىشەنچى تەبىئىي سۇسلىشىپ قالىدۇ. بۇ نۇقتا ھۆكۈمدارلارغا تولىمۇ ئايدىڭ. شۇڭلاشقا، ئۇلار خەلققە مەلۇم بىر دۆلەتنى بىزنىڭ مەنپەئەت، بىخەتەرلىكىمىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ، خەلق ئارىسىدا شۇ دۆلەتكە قارشى بىر پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلىدۇ. روشەنكى، بۇ پىكىر ئېقىمىنىڭ پەيدابولۇشى خەلقنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىش روھىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ دۆلەتلەر دەرھال بىر-بىرىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىشمىسىمۇ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، پۇقرالىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى خېلىلا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ساقلايدۇ. مەسىلەن، تۆۋەن ئاۋازدا ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغان جورج ۋالكېر بۇشنى «11-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن بىر يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا دۆلەت ئىچىدە قوللاش نىسبىتىنىڭ ئىزچىل ئېشىشى، ھەتتا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن قوللاش نىسبىتى90% كە يېقىنلىشىپ، 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى روزۋېلتتىن ئېشىپ كېتىپ، رېكورد ياراتقانلىقى يۇقىرىقى پىكىرنى دەلىللەيدۇ. بەزىدە ئاتالمىش دۆلەت مەنپەئەتى دۆلەتلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ، خەلقنى ئالدىشىنىڭ باھانىسى بولالايدۇ. لۇئىس پروۋل مۇنداق دەيدۇ:«دۆلەتنى باھانە قىلىپ ھەققانىيلىقنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنمىغان سىياسىي جىنايەتلىرى يوق دېيەرلىك ھۆكۈمدارلار دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان، بىگۇناھلارنى جازالايدىغان، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان، ئادالەتنى دەپسەندە قىلىپ ھوقۇقىنى كېڭەيتىدىغان باھانە قىلىۋالىدۇ. سىياسىي تۇرمۇشتا ئادالەتسىزلىك، يالغانچىلىق

قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدىغان خەلق ناھايىتى ئاز. دۆلەت ئۆزى ئىگە بولغان ماتارىيال، تەشۋىقات، گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە دېگەندەك ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە شۇلار ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئاتموسفېرادىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان بىر خەلق يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. خەلقنىڭ ئىدىيىسى، خاراكتېرى دۆلەتنىڭ تەربىيىسىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى شۇكى، خەلق ئۆزى خالىغانىنى قىلغاندەك قىلىدۇيۇ، ئەمما ئەمەلدە يەنىلا دۆلەتنىڭ كۆڭلىدىكى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دۆلەت خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خەلققە ئۆزىنى قۇدرەتلىك، ئىشەنچلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن دۆلەت(گەرچە خەلقى ئۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تىنچلىقىغا ھەسسە قوشۇۋاتقان كۈچ دەپ قارىسىمۇ) دۇنيادىن ئۆزىگە رەقىب ئىزدەشكە باشلايدۇ. دۆلەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن خەلقنىڭ قوللىشىغا موھتاج. دۆلەت بۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە پاراۋان تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئىشەنچلىك، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا موھتاج. دۆلەتنىڭ قۇدرەت - قابىلىيىتى باشقا رەقىب دۆلەتلەر بىلەن بولغان رىقابەت - كۈرەشتە نامايان بولىدۇ. دېمەك، شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھەر قانداق بىر دۆلەت دۈشمەنسىز قېلىشنى خالىمايدۇ. دۈشمىنى يوق دۆلەتلەردە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى زەئىپ، ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئېنىقسىز بولىدۇ. ھاكىمىيەت بۇنداق بوپقېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ بىر ئىشەنچدارى شۇكى، ئۇ مەلۇم بىر كەيپىيات دولقۇنى پەيدا قىلىپ، خەلقنى مۇشۇ دولقۇن ئارقىلىق ئۆزى خالىغان ياققا ئاقتۇرالايدۇ. ھەتتا نۇرغۇن سەگەكلەرمۇ مۇشۇ

بۇ مەدەنىيەتنى پوتكۇل دۇنياغا كېڭەيتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس مەجبۇرىيەت بار، دەپ تەرغىب قىلىدۇ. مانا بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا توقۇنۇشۇپ قېلىشىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ سەۋەب.

ئىككىنچى، تارىخىي سەۋەب. مەلۇمكى، ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۈچ قىتئەنى تۇتاشتۇرغان بىر زور ئىمپېرىيىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، فىلىپ ھىتتى ئېيتقاندەك، ياۋروپاغا ئىزچىل تەھدىت سېلىپ كەلدى ھەم ئەھلىسەلىپنىڭ سەككىز قېتىم شەرقكە يۈرۈش قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، نۇرغۇن قانلار تۆكۈلۈپ، باشلار كېسىلدى. يېقىنقى دەۋرلەردە بولسا، شەرق ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەرب خرىستىئان دۇنياسى ماس قەدەمدە باش كۆتۈردى ھەم دېگۈدەك بارلىق مۇسۇلمانلار رايونلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى نۇرغۇنلىغان پارچە - پارچە ئەرەب دۆلەتلىرى غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ تارىخىي ھادىسىلەر تەبىئىي ھالدا بۇ ئىككى مەدەنىيەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تارىخىي ئۆچمەنلىك شەكىللەندۈرۈپ قويىدى ھەم خرىستىئانلارمۇ ئەزەلدىن ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلىپ باقمىدى. فىلىپ ھىتتى: « بۇ يەردە (غەربتە - ت) بۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەد) بىر يالغانچى، ساختا پەيغەمبەر، (قۇرئان) بولسا مۇھەممەدنىڭ ئويدۇرمىسى، ئىسلام بولسا بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى مەغلۇبىيەتلىك تورمۇش يولى، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئۈچىنچى، رېئال سەۋەبلەر. غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ باش كۆتۈرگىنىدىن تا ھازىرغىچە بولغان ئىزچىل تارىخىي جەرياندىكى غەرب بىلەن ئىسلامىيەت كۈرىشىدە مۇسۇلمانلار باشتىن ئاخىر پاسسىپ، ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. بۇ خىل رېئاللىق تا بۈگۈنگىچە ئۆزگەرمىدى. مۇسۇلمانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان

ۋە باھانە بىلەن پەردازلىنىپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرەلمەيدۇ».

نۆۋەتتە، دۇنيا سىياسىيسىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، مەدەنىيەتنىڭ سىياسىيغا، دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان تەسىرى كۈنسايىن روشەن، كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارالىق ھەمكارلىقلارمۇ ئاۋۋال ئوخشاش مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ئىگە دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى دېگەندەك. بوسنىيە - گېرتسگوۋىنا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گەرچە نۇرغۇن غەرب ئەللىرى بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىغا ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا بولغان ئەمەلىي ياردەم يەنىلا ئىران، سەئۇدىي ئەرەبىستانى دېگەندەك مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن كەلدى. ھازىر غەرب دۆلەتلىرى بىخەتەرلىك جەھەتتە ئۆزى بىلەن مەدەنىيەتتە قېرىنداش دۆلەتلەردىن ئەنسىرىمەيدۇ. ئامېرىكا ھەربىي جەھەتتە ياۋروپا ئەللىرىدىن غەم يېيىشى ھاجەتسىز، ھەقىقىي تەھدىت غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە دۆلەتلەردىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مانا مۇشۇلار ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىكى توقۇنۇش نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسى دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا ئەڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر، بۇنداق بولۇشىدا مۇندان ئۈچ خىل سەۋەب بار:

بىرىنچى، ئىككى مەدەنىيەتنىڭ تەشەببۇسلىرىدىكى پەرق. غەرب مەدەنىيىتى خىرىستىئان دىنى ۋە يۇنان - رىم پەلسەپىسىنى يىلتىز قىلغان، ئىسلام مەدەنىيىتى بولسا ئىسلام دىنىنى يىلتىز قىلغان. ھەرئىككىلا مەدەنىيەت ئۆزىنى ئىنسانلار قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر مەدەنىيەت، دەپ قارايدۇ ھەم ئۆز ئەزالىرىدا

چوقـۇم ئـەرەب ئەللىرىـنى پەسـكويىغا چۈشۈرۈشـىمىز كېرەك. ئـەمما بۇنىـڭ شـەرتى شۇكى، ئۇلار چوقۇم زامانىۋىلىششىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك». بۇ گەپتىن ئادەم خۇددى ئامېرىكا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇستازىدەك تەسىراتقا كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئۆزلىرى كۆزدە تۇتقـان «زامانىۋىـلىق»نىـڭ مۇسـۇلمانلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشى كېرەك. غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە غـەرب ئەندىزىسـىنى قوبـۇل قـىلىش ـ قىلماسـلىق ئـىلغار ـ قالاقلىقىنىڭ، مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتسىزلىكىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمىدۇر.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرب دۇنياسىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن. خۇددى سامۇئېل خونتىڭتون ئېيـتقاندەك: پـەقەت ئىسـلام مەدەنىيـتىلا غـەرب مەدەنىيىتىنى تەھدىتكە ئۇچرىتالايدىغان بىردىنبىر مەدەنىيەتتۇر. ئىسلام مەدەنىيـتىدىن باشـقا مەدەنىيەتلەرگـە تـەۋە كىشىلەرگـە نىسبەتەن ئۆز مەدەنىيـتىدىن ۋاز كېچىش ياكى ساقلاپ قېلىش پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۇ ھەقتە ئۇلار ھېچنىمىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس. ئەمما، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆز مەدەنىيتىدىن ۋاز كېچىش ئـۆز ۋەتـىنى، زېمىـنىدىن ۋاز كەچكەندىنمۇ ئېغىرراق جىنايەتتۇر، ئـۇلار بۇنـى ئاللاغـا ئاسـىيلىق قىلغانلىق، دىندىن چىققانلىق، بۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەتتە ئاللاغا جاۋاب بېرىمىز، دەپ قارايدۇ. باشقا مەدەنىيەتتىكىلەر ئۈچۈن مەدەنىيتىدىن ياتلىشىش بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مۇسۇلمانلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەشەببۇسى، خاراكتېرىگە زىت مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى قەتئىي چەكلەيدۇ ۋە ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلىدۇ، ئۆز مەدەنىيتىنى قوغداشنى ئاللا يۈكلىگەن بۈيۈك مەجبۇرىيەت، دەپ قارايدۇ. دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىگە بارغانسېرى ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتقان

ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى مول نېفىت زاپىسى بۇ رايوننىڭ سىياسىي جەھەتتىمۇ دىققەت مەركىزى بولۇپ قېلىشىنى بەلگىلىدى. نېفىت مەنپەئىتى بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بۇ رايوننىڭ سىياسىي سىستېمىسىدا بەلگىلىك تەسىر كۈچ ساقلاش غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇھىم تاشقى سىياسىتى بولدى ھەم ئەمەلدىمۇ شۇنداق بولدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى سىياسىي، ھەربىي مەۋجۇتلۇقى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي غۇرۇرىغا تەگدى ھەم بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە قارشى تۇرۇشىنىڭ رېئال سەۋەبى بوپقالدى. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتساق، ئامېرىكىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە توختىماي سالاچىلىق قىلىشى، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسرائىلىيىگە ئىزچىل ھەربىي، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى توقۇنۇشنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى، مۇنۇ سانلىق مەلۇمات پىكرىمىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ: يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئامېرىكىنىڭ ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ھەر يىلى ئىسرائىلىيىگە بېرىدىغان ياردىمى 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان، سانى بۇنىڭدىن كۆپ بولغان ھۆكۈمەت ئىناۋەتلىك قەرزى بۇنىڭ سىرتىدا. ئامېرىكا يەنە ھەمىشە ئىسرائىلىيىنى ئەڭ يېڭى قوراللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. سۇۋەيش قانىلى ئۇرۇشىدا1982- يىلى ئىسرائىلىيە لىۋانغا تاجاۋۇز قىلغاندا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 18 يىللىق ئىشغالىيەت مەزگىلىدە ئىسرائىلىيە ھەمىشە ئامېرىكا تەمىنلىگەن ئەڭ يېڭى قوراللارنى ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ ئىسرائىلىيە گازا رايونى ۋە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قوزغىغان ھۇجۇملاردىمۇ ئامېرىكا تەمىنلىگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە F-16 بەلگىلىك ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە غەرب ئىسلامىيەت دۇنياسىنى مەدەنىيەتسىز، قالاق دەپ قارايدۇ. بىر ئامېرىكىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا چوقۇم ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ زامانىۋى دۇنياغا كىرىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك... ئاۋۋال بىز

كېيىنكى يېرىمى بۇ ئۈمىد - پەرەزلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي زامانىۋىلىشىشنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا قانات يېيىشى بىلەن بىرگە يەر شارى خاراكتېرلىك دىنىي گۈللىنىش ھەرىكىتى تەڭ يۈز بەردى. ئۇ بارلىق قۇرۇقلۇق، بارلىق مەدەنىيەت، ھەممە دۆلەتكە قەدەر كېڭەيدى... ئۇ مەغلۇبىيەتلىك مودېرنىزمدىن ئايرىلىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇكۇشسىز ۋە تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشنى خۇدادىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بولغان، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەقىدە، ئەھكاملارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ‹ياۋروپاغا ئىككىنچى قېتىم ئىنجىلنى تەشۋىق قىلىش›، ئىسلامنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ‹ زامانىۋىلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇش› ئىدى » . بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىپادىسى ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئىسلام ئەقىدىچىلىكى دېگۈدەك بارلىق ئىسلام رايونلىرىدا تېزلا باش كۆتۈردى ھەم ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيە، تەشەببۇس سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. سۇدان ئىسلام رەھبىرى ھەسەن تۇرابى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئويغىنىش ئومۇميۈزلۈك يۈزلۈك بولىدۇ، ئۇ پەقەت شەخسىي تەقۋادارلىقلا ئەمەس، ياكى بىلىم ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىسلاھاتلا ئەمەس، ۋە ياكى سىياسىيغىلا قارىتىلمىغان، بەلكى بۇ شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يىغىندىسى، بۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى قايتا قۇرۇشتۇر».

دېمەك، شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىككى دۇنيا (ئىسلام دۇنياسى ۋە غەرب دۇنياسى) ئارىسىدىكى توقۇنۇش ۋە زىددىيەت كەلگۈسى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پاسسىپ - ئاجىز ئەھۋالدا ئىكەنلىكى ئۇلارنى غەربكە قارشى تۇرۇشتىن توسالمايدۇ. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، غەرب يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە كۈچلۈك، غالىب ئورۇندا تۇرۇشى

غەرب مەدەنىيىتى، غەرب دۆلەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئامېرىكىنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلىشى تەبىئىيلا مۇقەررەرلىشىپ قالغان، شۇڭلاشقا، بۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيانىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرىشىگە سەۋەبچى بولغان«11- سېنتەبىر» ۋەقەسى ئىچكى مۇقەررەرلىككە ئىگە تاسادىپىيلىقتۇر. ئامېرىكىدىكى مەلۇم گېزىتنىڭ مۇھەررىرى داۋىد پلوتىز بىن لادېن ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«لادېنلارنى توسۇشقا ئامال بارمۇ - يوق؟ ئامېرىكىلىقلار بىلىدىغان پەلەستىن ئادەم بومبا تېررورچىلىرى ۋە ئىرلاندىيە تېررورچىلىرىنىڭ بىز چۈشىنەلەيدىغان ئارزۇسى بار، ئۇلارنىڭ تېررورلۇق قىلىشى ھېسداشلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئۈچۈن. ئۇلار مۇشۇ يوللار ئارقىلىق سىياسىي ئىپتىراپقا ئېرىشىشنى، ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما، لادېن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئادەمنى ناھايىتى ئەنسىرىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىزدىن بىر نەرسىگە ئېرىشمەكچى ئەمەس، ئۇلارغا بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىزمۇ كېرەك ئەمەس ياكى بىز ئۇلارغا بېرەلەيدىغان ماددىي بايلىقىمىزغىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇلار خەلقئارا جەمئىيەتكە قاتنىشىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار سىياسىي تەرىپىدىن ئەمەس، دىن تەرىپىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ خۇداسىدىن ئۆزگە ھېچقانداق ئادەمگە، ئەلۋەتتە، بىزگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ».

دىنىنىڭ سىياسىيغا، دۇنيا تىنچلىقىغا تەسىر كۆرسىتىشى بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىيسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر. 20- ئەسىردە نۇرغۇن زىيالىيلار پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتى، ئەقلىيلىكىنىڭ كۈچىيىشى دىنىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ يوقىلىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما، كېيىنكى تەرەققىيات ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولغان بىر رېئاللىق بىلەن بۇ پەرەزنى رەت قىلدى. سامائېل خونىڭتون بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:« 20- ئەسىرنىڭ

ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ھەققىدىكى بايقاشلارنىڭ ئۈستىگە قويۇشتا تولۇق ئاساسقا ئىگە، ئىنسانىيەتنىڭ ساكيامونى، مۇسا، ئىيسا قاتارلىق زاتلاردىن ئېرىشكەن تەلىماتلىرى ماڭا نىسبەتەن بارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىم ۋە ئىجابىي قاراشلىرىمدىنمۇ بەكرەك مۇھىم».

مەلۇمكى، ئىنسانلار تارىخى ئەمەلىيەتتە بىر ئۇرۇش تارىخىدۇر. بىز دۇنيا تارىخىدىن ئۇرۇش بولمىغان بىرەر دەۋرنى تاپالمايمىز. «تىنچلىق» ھەرگىزمۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭلا باش تېمىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل تارىخىي دەۋرلەرنىڭ باش تېمىسىدۇر. مەيلى ئىنسانىيەت قانداق بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويمىسۇن، مەنپەئەت ۋە غۇرۇر ھەم تىنچلىقنىڭ، ھەم ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلدى. ئەلۋەتتە بىز سىياسىي ئىزاھلاردا بۇ ئىبارىلەرنى تومتاقلا ئىشلەتمەيمىز، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئابستراكتلاشتۇرۇلغان، چوڭايتىلغان ئىبارىلەر، يەنى «مەنپەئەت»نىڭ ئورنىغا ئىستراتېگىيە، ھوقۇق، ئىقتىساد دېگەنلەرنى، «غۇرۇر»نىڭ ئورنىغا دىن، مەدەنىيەت، قىممەت قاراش دېگەنلەرنى ئىشلىتىمىز. ئىنسانلار ئەزەلدىن ئۆز جىنايەتلىرىنىڭ قانۇنلۇقى ئۈچۈن تالاي - تالاي نەزەرىيە، پەلسەپىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكەن.

مەيلى تارىختا بولسۇن، مەيلى كۆز ئالدىمىزدا بولسۇن، توقۇنۇشۇۋاتقان، ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت بىز تەرەپتە، دەيدۇ. ھەقىقەتنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى ئادەملەر ئايرىپ بولالمايدۇ. مۇھىمى كىمنىڭ ئۆز ھەقىقىتىنى قوغدايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە. تارىخ بىزگە ھەقىقەتنىڭ كۈچ ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ كۈچكە موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئاجىزلار قولىدىكى ھەقىقەتنىڭ ھەمىشە كۈچلۈكلەر قولىدىكى سەپسەتىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تارىختا كىم كۈچلۈك بولسا شۇ غەلىبە قىلدى. كىمدە ھەقىقەت بولسا شۇلار غەلىبە قىلغىنى يوق. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز نەشىبۇس -

مۇمكىن . مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن مۇھىم مەسىلە ئۇلارنىڭ تارىخىي تەقدىرداشلىق تۇيغۇسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇقەددەس پرىنسىپ بىلەن ئۆزگىرىشچان رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەردە بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىگە تايىنىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى قامداشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولۇشى مۇمكىن . جامالىدىن ئافغانىي بىر ئەسىر ئىلگىرى:« ئاللا ئىككى كىتاب نازىل قىلدى، بىرى <قۇرئان>، يەنە بىرى <تەبىئەت> » دېگەنىدى. قارىغاندا، تېخى مۇسۇلمانلار «قۇرئان» ئوقۇش بىلەن تەبىئەتنى ئوقۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ.

يۇقىرىدا دىننىڭ دۇنيا سىياسىيسىغا تەسىر كۆرسىتىشىنى نۆۋەتتىكى دۇنيا سىياسىيسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا بىزنىڭ دۇنيا ئىنچلىقى ئۈچۈن دىننىڭ يوقىلىشىنى ئۈمىد قىلىشىمىز ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ - يوق؟ تارىخ ۋە رېئاللىق دىننىڭ يوقىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئانتونىي گىددېنىس مۇنداق دەيدۇ : « بىز دىن بولمىغان دۇنيادا ياشىيالامدۇق؟ مەن بۇنىڭغا ياشىيالمايمىز، دەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرمەن » . بۇ گەپ يەنە ئادەمگە ئارنولد تويىنبىنىڭ « ئانا زېمىن ۋە ئىنسانىيەت » دېگەن ئەسىرىدىكى « خۇددى ئىلگىرىكى نۇرغۇن تارىخىي دەۋرلەر ۋە جايلاردا بولۇپ ئۆتكىنىدەك، شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىكى، دىن ياكى سەنئەت ئەڭ دانا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يەنە بىر قېتىم تەگداشسىز نەرسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىدۇ. دەل مۇشۇ جايدا ئېينىشتېيىننىڭ مۇنۇ سۆزىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ناھايىتى زۆرۈر : « پەقەت بىلىم، تېخنىكا بىلەنلا ئىنسانلارنى بەختلىك، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەت ئالىيجاناب ئەخلاقىي مىزان ۋە قىممەت قاراشنى

ئۆزىنى چۈشەندۈرەلەيدۇ، پاھىشىمۇ ھەم شۇنداق. بىر قېتىم مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 8- يۇرۇش قانىلىدا ئىتالىيىلىكلەرنىڭ بىر مۇسۇلمانلار رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن «قۇملۇق شىرى» دەيدىغان بىر كىنونى كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭدا ئىتالىيىلىك بىر قوماندانىنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە دېگەن مۇنۇ گېپى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ:«سىلەر بىزنى بىزگە تاجاۋۇز قىلدىڭلار دەپ ئەيىبلەمسىلەر؟ ئەجەبا گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيىلەر باشقا يەرلەرگە تاجاۋۇز قىلسا بولىدىكەن، بىز سىلەرگە تاجاۋۇز قىلساق بولمامدىكەن؟» ياپونىيىمۇ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزىنى «شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى» ئۈچۈن، ئاسىيانىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن، دەپ چۈشەندۈرگەنىدى.

توغرا، مۇستەملىكىچىلەر ئەزەلدىن ئۆزىنى ئاقلاپ كەلدى. مۇستەملىكىچىلىك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ئۇلار يەرلىك خەلقكە بىزنىڭ كېلىشىمىز سىلەرنىڭ بەختىڭلار، تەرەققىياتىڭلار ئۈچۈن، بىز سىلەرنىڭ قالاق ھالىتىڭلارنى ئۆزگەرتىشىڭلارغا ياردەم بېرىمىز، دەيدۇ. مۇستەملىكىنىڭ ئەڭ ئېغىر زىيىنى شۇكى، يەرلىك خەلق بارغانسېرى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت، ئەنئەنە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قاراشلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شياڭگاڭنىڭ بەزى كىنولىرىدىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خەنزۇلارنىڭ چېركاۋلاردا توي قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنى پەقەت ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭنى مۇستەملىكە قىلىۋالغانلىقىدىن كۆرىمىز. جاھانگىرلار مۇستەملىكە قىلىۋالغان جايلارغا ئارمىيىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ دىنى، مەدەنىيىتىنىمۇ ئەكىرگەن. غەرب جاھانگىرلىرى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى بەزى يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندا مىسسىئونېرلار شۇ جايلاردا دىن تارقاتقان، چېركاۋ سالغانىدى.

قايسى بىر سان «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىغا مۇنداق بىر

تەلىماتلىرىنى گېزىت - ژۇرنال يۈزىدىلا تەشۋىق قىلىش، مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىش، نۇتۇق سۆزلەش بىلەنلا چەكلەنگەن، ئەمەلىي كۈرەشتە دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش، كوممۇنا قۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، «مىللىتىمىزنى ھاكىمىيەت چىقىرىۋەتكەن ياكى ئىگىلىك» نى تونۇپ يەتمىگەن، ئۆزىنى ھەربىي جەھەتتىن كۈچەيتمىگەن بولسا، جۇڭگونىڭ بۈگۈنى بولامتى؟

تارىخ ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى ئېيزىنخاۋېر :«تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» دېگەنىدى. ۋەھالەنكى، ئاجىزلار بىلگەن تارىخمۇ دەل كۈچلۈكلەر شۇلارغا ئوقۇپ بەرگەن تارىختۇر، چۈنكى ئۇلار ئۆز دۈمبىسىگە يېزىلغان تارىخنى قانداق كۆرەلىسۇن؟ كىشىلەر نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلى قانداق بولسا شۇنداق چۈشەنمەستىن، قانداق چۈشەندۈرۈلگەن بولسا شۇنداق چۈشىنىدۇ.

مۇشۇ يەردە بىر گەپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى. كىچىك ۋاقتىمدا، ئېھتىمال باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىم بولسا كېرەك، مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، تىلچى، ئەدىب داموللا ئابدۇلھەمىد يۈسۈفى ھەزرىتىم بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانغا كەلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ زات ئاكامغا مۇنداق دەپ بەرگەنىكەن: «بىر ئالىم بىلەن بىر گېنېرال ھەمسەپەر بوپتۇ. ئالىم : — بىر ئۆمۈر ھەقىقەت ئىزدىدىم، لېكىن نېمىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم،— دەپتۇ، ھېلىقى گېنېرال بولسا يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ:— كۆردۈڭمۇ؟ ھەقىقەت دېگەن مانا مۇشۇ، — دەپتۇ».

ئىنسانلار ئەزەلدىن سادىر قىلغان جىنايەتلىرىگە باھانە كۆرسىتىپ كەلدى. باھانە دېگەن ھەر قانداق جىنايەتكە تېپىلىۋېرىدۇ. شەيتانمۇ ئادەمنى مەندىن ئۈستۈن ياراتتىڭ، دەپ خۇداغا ئاسىيلىق قىلغانىكەن. خۇداغا ئاسىيلىق قىلىشقا باھانە تېپىلغان يەردە باشقا جىنايەتلەرگە باھانە تېپىلمايتتىمۇ؟ قاتىلمۇ

كۆرسىتەلىسىمۇ، ئەمما بەلگىلىيەلمەيدۇ.
بۈگۈنكى دۇنيادا پەقەت ھەممىنىڭ كۆچى باراۋەر بولغاندا، ئاندىن نىسپىي تىنچلىق ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا ھەممەيلەن بىر - بىرىدىن تەپتارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا ھەمراھ - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىشى مۇمكىن. ئەمما، مۇنداق كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقى قاچان شەكىللىنىدۇ؟ دېمەك، بۇمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. يا بولمىسا بىر دۆلەتنىڭ كېپىنى ئاڭلاپ، مەنپەئەت، غورۇردىن ۋاز كېچىپ، ھاقارەتتە ياشاشقا چىداش كېرەك، ئەمما بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. تىنچلىق مەلۇم جاي، مەلۇم ۋاقىتتا ئورنىتىلىشى مۇمكىن، ئەمما ھەر ۋاقىت بۇزۇلۇشى مۇمكىن. بەر شارى خاراكتېرلىك تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس.
سوروشتۇرۇپ كەلگەندە ئىختىلاپ، زىددىيەت مىللەت بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن دۆلەت، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدىلا ئەمەس، ئىككى شەخس ئارىسىدا، ھەتتا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىمۇ مەۋجۇت. ئىككى دوستنىڭ ئىناق، چىقىشىپ ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشتا ئورتاق، پەرقسىز ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پەرقلەرگە يول قويغانلىقى، ئىختىلاپلىق جايلارنى تىلغا ئېلىش، مۇنازىرە قىلىشتىن ساقلانغانلىقىدىن. دوستلۇقنىڭ ئاساسى باراۋەرلىكتۇر. قاچانكى بىر دوست مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەيدىكەن، شۇ چاغدا دوستلۇق بۇزۇلىدۇ.
ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ زۇۋۇلىسىدا گۈزەللىككە مايىل خۇرۇچمۇ، رەزىللىككە مايىل خۇرۇچمۇ بولىدۇ. ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەم بولۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ، ئەڭ يامان ئادەم بولۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقى شۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىدە قايسى خىل خۇرۇچنىڭ غالىب ئورۇنغا ئۆتتۈۋالغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەم مەلۇم

شۇنداق كېتىۋاتىدۇ، ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ باقمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى تولىمۇ نىسپىي ئۆزگىرىشچان بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ كەسكىن، يۈز - خاتىرىسىز بولمايدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەر تارىختا قۇرغان ئىمپېرىيىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، شۇنى مىللىي غۇرۇرىنىڭ دەستىكى قىلىشىدۇ، ئەمما ھېچكىم شۇ ئىمپېرىيىنى قۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك بىگۇناھ باشلارنىڭ كېسىلگىنىنى، قانچىلىك قانلارنىڭ بىھۇدە ئاققانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. مەردانىلىك بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جىنايىتىنى ئەيىبلىمەيدۇ، ئەمما باشقا مىللەتلەرنىڭ قېنىغا نان چىلاپ يېيىش ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس.زۇلۇمغا چىدىمىغان كىشىلەر قورال كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنى ئازادمۇ قىلالايدۇ، يەنە ئۆز قوشنىلىرىغا تاجاۋۇزمۇ قىلالايدۇ، ئادەم دېگەن مانا شۇنداق مەخلۇق.

تارىختا سەلتەنەت خۇددى ھۇما قۇشىدەك چۆرگىلەپ كەلگەن. بىزمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ دۇنيادا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. تارىختا مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىدىغان ئىشلار مۇمكىن بوپقالغان چاغلارمۇ بولغان. چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇللار ئىمپېرىيىسىنى ھېچكىم ھالاك بولىدۇ، دەپ ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى، موسكۋاغا قەدەر بېسىپ كىرگەن تاتارلارنىڭ كېيىن دەل رۇسلار تەرىپىدىن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، ئېچىنىشلىق خانىۋەيران بولۇشىنى كىم ئويلىغان؟ ياۋروپاغا تەھدىت سېلىپ كەلگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسىمۇ يوقالدى. نەچچە ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمان تۈركلىرىمۇ تارىخ سەھنىسىدىن غۇلىدى. ناپالېئون، گىتلېرلارمۇ يوقالدى. قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بىر كېچىدىلا پارچىلىنىپ كەتتى. جاھان شۇنداق داۋاملىشىدۇ. بىزدە«غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگەن ماقال بار.

دېمەك، گەرچە ئىنسانلار تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر

بوپكەلدى.

— ھۆ خۇمپەرلەر! — مېھمان بىردىنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ، ھەر قايسىڭنى دەسسەپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋەتمىسەم!

— بۇنداق كۈچ سەرپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ پەيلاسوپ، — ھازىر ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۆزىنى ھالاك قىلىشقا يېتەرلىك. يەنە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ يۈزدىن بىرى قالمايدۇ... ئەمما، جازالىنىشقا تېگىشلىكى ئۇلار ئەمەس، بەلكى كۈنىنى راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزىدىغان، بىكار تەلەت زالىم پادىشاھلار. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈشۈپ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، ئاندىن خۇدانىڭ غەلىبە - نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقىغا شۈكۈر - سانالار ئوقۇشىدۇ.

ئېتىقادىنىڭ يارىدىمىدە رەزىللىك خۇرۇچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا، ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەسلىككە، گۈزەللىك خۇرۇچىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى نامايان قىلىشقا موھتاج. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق زىددىيەت ماھىيەتتىن ئىبارەت.

ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا ۋېل دولانتىنىڭ «پەلسەپىنىڭ قىسسىسى» دېگەن كىتابىدىن مۇنۇ ئابزاسنى تەقدىم قىلىمەن:

بۆرە يۇلتۇزلار تۇركۇمىدىن كەلگەن بىر مېھمان يەر شارىنى زىيارەت قىلغىلى كەپتۇ. ئۇنىڭ بويى 50 مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن. بۇ ئوتتۇرا دېڭىزغا كەلگەندە دېڭىزدا توختاپ بىر كېمىنى قولىغا ئاپتۇ. كېمىدىكىلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىپتۇ. پەيلاسوپلار بولسا، بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ. مېھمان مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئەقىللىق زەررىچىلەر، خۇدا سىلەردە ئۆزىنىڭ قۇدرەت-كارامىتىنى نامايان قىلىپتۇ. شۈبھىسىزكى، سىلەر بۇ يەر شارىدا ئاجايىپ كۆڭۈللۈك، خۇشال-خۇرام ياشاۋېتىپسىلەر. چۈنكى سىلەر كىچىكلىكىڭلاردىن ماددىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قۇتۇلغان. تاشقى قىياپىتىڭلاردىن قارىماققا، سىلەرنىڭ روھىڭلاردىن باشقا ھېچنېمەڭلەر يوقكەن، شۇڭا سىلەر مۇقەررەر ھالدا خۇشاللىق ۋە تەپەككۇر ئىچىدە ياشايسىلەر. مانا بۇ مۇكەممەل روھنىڭ ھەقىقىي راھىتى. مەن باشقا جايدا ھەقىقىي بەختنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بەخت راستتىنلا بۇ يەردە ئىكەن. بىر پەيلاسوپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ ھەر قانداق يامان ئىشنى قىلىشقا يەتكۈدەك بايلىقىمىز بار، بۇنى سىز چوقۇم بىلىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، مەن ھازىر سىزگە سۆزلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئۆزىمىزدىن بولغان قالپاقلىق 100 مىڭ مەخلۇق 100 مىڭ سەللىلىك مۇسۇلماننى قىرغىن قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ زېمىندا قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە شۇنداق

دېھقانلارنىڭ ئۆيى، ئېتىز - ئۆي، بازار - ئۆي، تەشكىلدىن ئىبارەت دېھقانچە تۇرمۇش ئوربىتىسىنى بەلگىلىگەن. تىجارەتچى بىلەن مالنىڭ مۇناسىۋىتى تىجارەتچىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ دولقۇنسىمان، ئۆزگىرىشچان، سەپەرلىك خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. دېمەك، مائاشلىقلار بىلەن مائاشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆي، ئىدارە، بازاردىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس مۇقىم بىر تۇرمۇش قېلىپىنى بەلگىلىگەن. ئۇلارنىڭ بارلىق تۇرمۇش پائالىيەتلىرى دەل مۇشۇ ئۈچ بېكەت ئارىسىدا كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ قاتنىشىدەك داۋاملىشىدۇ.

راست، مائاشلىقلار قانداق كىشىلەر؟ بۇنىڭغا جاۋاب ھاجەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، تىرىشچان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملەر، ئىنتىزامچان، يۇمشاق قولاق، مەدەنىيەتلىك، ئۆلگىلىك ئادەملەر، باشقىلار شۇلاردەك بولۇشنى ئارزۇلايدىغان ئادەملەر. ئۇلار ئوقۇغاندا تىرىشىپ، ئاكتىپ ئوقۇغاچقا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىگەن. ھازىرقىدەك ھەممە كۆز قىزارتىدىغان خىزمەتكە ئېرىشەلىگەن. دېمەك، مائاشلىقلار باشقىلارغا قارىغاندا، باياشاد، پاراۋان، بەختلىك كىشىلەر، ئۇلار جەمئىيىتىمىزنىڭ يۇقىرى قاتلىمى. ئۇلار ئۆزىدىن تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە ئۇستازلىق قىلىپ، مەدەنىيەت، يېڭىلىق يارىتىپ ۋە تارقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاكتىپلىق فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ يۈرىدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز دەل مۇشۇ ئاكىلارنىڭ قولىدا، ئاكىمىز بار يەردە بىز يەنە نېمىدىن غەم قىلاتتۇق؟

پاجىئە دەل مۇشۇ يەردە! ھەممىگە ئايانكى، مائاشلىقلار كادىرلاردۇر. كادىرلارنىڭ تۇرمۇشى قېلىپلاشقان تۇرمۇش، ئۇلار ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە مىخلانغان. ئۇلار خۇددى كۆزىنى تېڭىۋەتكەن كالا خامان يۇمشاتقاندەك بۇ ئۆزگەرمەس لىنىيىدە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەت مۇھىتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش

# مائائىلىقلار قانداق ياشاۋاتىدۇ

ئادەم ياشاشتا ۋاستىگە موھتاج. ئادەمنىڭ ياشاش جەريانى ئادەم بىلەن بۇيۇمنىڭ ئۆز - ئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش، رول ئۆيناش جەريانى (ئەلۋەتتە، بولا ئەمەس، ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىمۇ بار). بۇ يەردىكى ۋاستە ماددىي ۋاستىمۇ، مەنىۋى ۋاستىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئۆلۈپلا قالماي، تىرىك تۇرۇش ھەقىقەت قىلىنسا (مەيلى بۇ خىل تىرىكلىك نېمىدىن دېرەك بەرسۇن)، ئۇ ھالدا ماددىي ۋاستە ئەڭ مۇھىم، شۇنداقلا بىردىنبىر ۋاستىگە ئايلىنىپ، مەنىۋى ۋاستىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمايدۇ. ئەمما ئادەم ماددىي ۋاستىنى بىردىنبىر تىرىكچىلىك ئاساسى قىلىۋالسا، ئادەمنىڭ باشقا نەرسىلەردىن پەرقى نېمە؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىشتا كىشى قىينىلىپ قالىدۇ.

ھازىر مائائىلىقلارنىڭ تىرىك يۇرۇشى ئۇلارنىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇقىدىن ۋە قورال خاراكتېرىدىن باشقا ھېچنېمىدىن دېرەك بەرمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

كىشىلەر دىققەت قىلدىمۇ، يوق، ئادەم بىلەن ۋاستىنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەمنىڭ ياشاش خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. دېھقانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتى (تولۇقراق ئېيتساق، دېھقانلار بىلەن ئېشەك، كالىنىڭ، كەتمەن - پالتىنىڭ مۇناسىۋىتى)

بەرگەن سۇنى ئىچىپ كۆنۈپ قالسا، ئۆزى ئىزدىنىپ سۇ بولسىمۇ باشلىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. سۇ بولماي قالسا، سۇ باشلاپ ئەكىلەلمەيدۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە سۇ باشلاپ بېرىدىغان ئادەم يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭ بېغىنى دەرھال ياۋا ئوت-چۆپ باسىدۇ. بىزنىڭ مائاشلىقلىرىمىزنىڭ هازىرقى ئەھۋالى يۇقىرىقىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ هايات پىلانى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزى باشقىلارنىڭ پىلانىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ماهىيەتتىن ئېيتقاندا، سايمانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ سايمانلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى ئەمەس، ئىشلەتكۈچى بەلگىلەيدۇ. ئۇلار ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلغاندىكى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، بۇ خىل لەززەتنى تېتىيالمايدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى مائاشى بولغاچقا، كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى باياشاد، دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەھۋال دەل ئەكسىچە، ئۇلار دەل مائاشى بولغاچقىلا، كۆڭلىنى ۋەھىمە قاپلىغان. نېمىلەردىندۇر مەھرۇم قېلىش قورقۇنچى ئۇلارنى خۇددى تۈگمەن تېشىدەك بىر ئۆمۈر يانچىپلا تۇرىدۇ. خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇلارغا نىسبەتەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىن قوغلىغاندىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق. ناۋادا ھەقىقەتەن بىر كۇنلەردە ئىشتىن بوشىتىلىپ مائاشتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا ھەتتاكى ئەڭ بۈيۈك نىشان، گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرسەتسىڭىزمۇ، ئۇلار باشلىرىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئېچىنىشلىق چايقايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، رايونىمىزدىكى نەچچە مىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىر يۈز مائاش ئالماي، نەچچە يىل ئىشلىشى ئۇلارنىڭ مائارىپنى سۆيگىنى، ئەۋلادلارغا كۆيۈنگىنىمۇ؟ گەرچە ئۇلار بىر ئۆمۈر مائاش ئۈچۈن كۈرەش قىلسىمۇ، مائاش ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ۋەھىمىسىنى يوقىتالمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. مائاش ھەر قانچە ئاشسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى تەڭلا ئېشىپ، ئىلگىرىكىدىن ھېچقانداق پەرق قالمايدۇ.

مۇھىتىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلار بىر خىل ئۆلۈك، ئۇچۇرسىز، تۇرغۇن مۇھىتتا ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئەركىن سانايدۇ، ئەمما روھىغا سىڭىپ كەتكەن ئارغامچىنى ھېس قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئارغامچا سوزۇلىدىغان رېزىنكىدىن ياسالغان. زېدانىنىڭ تۇرغۇن زەي سۇلىرى بىلەن دەريانىڭ دولقۇنلۇق، ئېقىن سۇلىرىنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ زەي سۇ نېمىشقا سېسىق؟ دەريا سۈيى نېمىشقا سۈزۈك؟ مېنىڭچە بۇلارغا جاۋاب كەتمەيدۇ.

مائاشسىزلار مائاشلىقلاردىن زوقلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەسەت قىلىدۇ، شۇلاردەك بولۇشنى ئۆزىنىڭ ئارمىنى قىلىدۇ. شۇنداق بولالمىسا، ئۆزىنى بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز سانايدۇ. مەكتەپتە ياخشى ئوقۇمىغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ پۇشايمان كۆپرەك بىلىم ئىگىلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن. بىزدە كادىرلار ئىقتىدارلىق دەپ قارىلىدۇ. بەلكىم شۇنداقتۇ. ئەمما، بۇ يولۋاس يوق يەردە مايمۇن پادىشاھ بولۇپ قالغاندەك بىر ئىش.

ئۇلارنىڭ خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگىنىدىن ئادەم ئۇلار خىزمەتنى بەك سۆيىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار سۆيۈشكە مەجبۇر. ئۇلار ئۆز خىزمىتىنى بەختەرلىك ساندۇقى، جەننەت دەپ بىلىدۇ. ئۇلار بۇ چاغدا ئادەم بەدىنىدە ئۇۋۇا تۇتقان پارازىت لېچىنكىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مائاش ئۈچۈن ئىشلىشى ئەيىب ئەمەس، نورمال ئەھۋال. بىراق، ئېچىنىشلىقى ئۇلارنىڭ مائاشنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز روھىيىتىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس يەرلىرىنى، نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قۇربان قىلغىنى، شۇنداقلا ئۆز كۈچىگە تايىنىشقا ئىنتىلمىگىنى.

ئادەم ئۆز بېغىغا سۇنى ئۆزى باشلاپ ئەكىرەلىسە، ئۇ بۇ سۇنىڭ تەشەببۇسكار ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنداق بولماي باشقىلار باشلاپ

كەلسە شۇنداق قىلىدۇ.

ماتاشلىقلارنىڭ ھاياتىنى بىر سەپەرگە ئوخشاتساق، ئۇلار بۇ سەپەردە تۆۋەندىكىدەك بېكەتلەرگە چۈشۈپ ئۆتىدۇ. بۇ بېكەتلەر ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدىكى نىشانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1. ئالىي مەكتەپ، بۇ بىرىنچى بېكەت. بۇنى بۇلارنىڭ 15 ـ 18 يىللىق ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشى بەلگىلەيدۇ. ئۇ تۇغۇلغاندىن تا شۇ چاغقىچە ئالىي مەكتەپ ئۈچۈن ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ بېكەتنى ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ ھەم ئۇنى ئۆزىنىڭ 18 يىللىق ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەن ـ ئۆتكۈزمىگەنلىكىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىدۇ.

2. بۇ باسقۇچتا ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشتىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئەمەلىي يولغا كىرگەن بولىدۇ. بۇ بېكەت خىزمەتتۇر. بۇ مەقسىتىگە يەتسە ھاياتىمنى بىكار ئۆتكۈزمەپتىمەن، ئەھمىيەتلىك ياشاپتىمەن، دەپ ئۆزىدىن رازى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاللىقاچان 20 ـ 25 لەرگە كىرگەن بولىدۇ. پاجىئە شۇكى، بۇ بېكەت ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىنىڭ چېكىتى بولۇپ قالىدۇ، شۇ چاغقىچە ئېرىشكەنلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆشەيدۇ.

3. جورا. ئارزۇلىغان خىزمەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا ئائىلە قۇرۇش ئېستىكى تۇغۇلىدۇ. ئۇ جورىسىنى ماتاشلىقتىن تاللايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆرپ ـ ئادەت، فىزىئولوگىيىلىك غىدىقلاشلار تۈپەيلىدىن توي قىلغاچقا، ئۇنىڭغا ئائىلىنىڭ بۇيۈكلۈكىنى ھېس قىلىش نېسىپ بولمايدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ زاۋۇتتىن كۆپ پەرقى يوق. بۇ ئائىلىمۇ نەچچە كۈرۈشۈپ يۈرۈپ نەچچە كېچىكلەرگە كىرىپ بېقىپ ئاندىن قۇرۇلىدۇ. بۇ ئائىلىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش پەقەت فىزىئولوگىيىلىك ئاچارچىلىقنى قاندۇرۇش.

ئېھتىياج ئاشقاندىكىن، ۋەھىمىمۇ تەگلا ئېشىپ تۇرىدۇ. ماناشنىڭ كۆپىيىشى ئۇلارنى يېڭى - يېڭى ئېھتىياجلارغا مۇپتىلا قىلىپ تۇرىدۇ. ماناشنى تولۇق ئېلىش، ئىشقا كېچىكمەسلىك، ھەرخىل مۇكاپات، ئۇنۋان، دەرىجە ۋەسۋەسىلىرى ... ئۇلارنى بەك قىينىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىكى قورقۇنچاقلىقنى پاراسەت، پىشىپ يېتىلگەنلىك دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئىچىملىك ئۈزۈلمەيدۇ، ئەمما بىر ئۆمۈر تەشنالىقى بېسىقماي ئۆتىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمىگە تەشنالىقىنى، ئۇنى قانداق قاندۇرۇشنى بىلمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەزىبىر تەرەپلىرىدىن باشقا ھەممىسى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەتتا ئۇلار بەزىدە توي - تۆكۈنگە بېرىش، كىيىم - كېچەك ئېلىش، ساقال - بۇرۇت ئېلىش، چاچ ياستىتىشقىمۇ ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرالمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن تۇرمۇش بىر تۈگمەن، ئۆزلىرى ئۇگۇت.

ئۆز تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئۆزىگە تايىنىپ ئېرىشكەن ئادەملەرنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن باشقىلار بەرگەن ۋاستىلەرگە تايىنىپ ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكى لاچىن بىلەن كەپتەرنىڭ ئەركىنلىكىگە ئوخشايدۇ. كەپتەرنىڭ ئىگىسىگە تۇخۇم تۇغۇپ بېرىش، باچكىلاپ بېرىش ۋەزىپىسى بار. ئۇ ئەركىنلىكنى قوناققا تېگىشكەن لاچىنچۇ؟ لاچىندىكى مەغرۇرلۇقنى كىشلەر تېخى ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار لاچىن كۆرۈپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولۇپ كەتتى.

بەزىدە ئۇلار ئۆي جاھازلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ،ناۋادا بۇ ئۆي جاھازلىرى مودىدىن قالسا ياكى كونىرىسا، ئىگىسى بۇ ئۆي جاھازلىرىنى خالىغانچە يۆتكەيدۇ ياكى تاشلىۋېتىدۇ. ئۆي جاھازلىرى ئۆزىنىڭ قايسى ئۆيدە تۇرۇشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئىگىسى ئۇنى قەيەرگە قويۇشنى خالىسا، شۇ يەردە قويىدۇ، نېمە قىلغۇسى

بالىلىرىغا خىزمەت تاپمىسا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاش كادىر بولمىسا، باشقا ئىش قىلىپ جېنىنى باقالمايدۇ. بالىلىرىغا خىزمەت تېپىش ئۈچۈن، نۇرغۇن كۆڭۈلسىز كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بالا ئۈچۈن چىداش، ھەممىگە چىداش كېرەك. خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا ئىش تۈگىمەيدۇ. يەنە ئۇلارغا جۇپ ئىزدەش، بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش كېرەك. ئۇنىڭغا پۇل، يەنە پۇل كېتىدۇ... بۇ چاغلاردا چاچلار ئاقىرىپ، چىرايلارنى قورۇق باسىدۇ. ئۇ چاغدىمۇ بىكار تۇرماي نەۋرە باقىدىغان گەپ... بۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بالىلىرى تەكرارلايدۇ. چۈنكى، بالىلىرىمۇ شۇلاردەك يېتىشىپ چىققان.

دېمەك، يۇقىرىقىلار مائاشلىقلار تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسى. يۇقىرىقى بەش بېكەت ئۇلارنىڭ ھايات باسقۇچلىرىدىكى پەلەمپەي ئەمەس، ئالىقاچان مۇقەددەس مەقسەتكە ئايلىنىپ قالغان. پەلەمپەي بىلەن مەقسەتنىڭ پەرقىنى بىلەمسىز؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ شۇنداق ياشىماقتىن باشقا چارىسى تېپىلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بىز ھەمىشە ئۆزىمىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، بىزنى ھازىرقىدەك ھالغا قويغان تاشقى تەسىرلەرنىڭ ئالىقىنىمىزدا ئىكەنلىكىنى، روھىمىزنىڭ بۇ تەسىرلەرگە يول قويغان جايلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز ھەم بۇ تاشقى ئامىللاردىن تېزلىكتە تەسەللى شەربىتى ياساپ ئىچىۋېتىمىز ـ دە، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆزىمىزنى ئەپۇ قىلىۋېتىمىز. ئۆز نەزىرىمىزدە ئۆزىمىز يەنىلا توغرا، ئەسلىدە ھەم توغرا، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇنداق بولغان ياكى شۇنداق بولۇشقا مەجبۇر بولغان. مانا بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە باھا بەرگەندە قوللىنىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز. بىزدە ھەمىشە غەلىبىگە تۆھپىكار كۆپ، مەغلۇبىيەتكە سەۋەبكار يوق.

توغرا، بىر ئادەمنىڭ خىزمەت قىلىپ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، مۇقىم بىر كىرىمگە ئېرىشىپ ياشىشى تەبىئىي تەلەپ،

بەزىدە بۇ ئوخشىمىغان ئىككى يەرگە ماڭغان ئىككى ئادەم بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالغاندەك ئىشقا ئوخشاپ قېلىپ، ئاخىرىدا ئىككىسىنىڭ بىرى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار توي قىلىشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىنىڭ مۇھەببەتلەشكەن چاغدىكىدەك ئەمەسلىكىنى، ئائىلىنىڭمۇ ئۇنچىۋالا ئارزۇلىغۇدەك نەرسە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، تۇرمۇشتىن، بىر - بىرىدىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ. ئەلۋەتتە، كۆڭۈل سوۋۇدى دەپلا ئاجرىشىپ كەتكىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئىچكى - تاشقى بېسىملار تېشى ساق، ئىچى چۈۋۇق بۇ ئائىلىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئۆمۈر مايسىراپ كەتكەن زەنجىر بىلەن چاقتەك بىر - بىرىنىڭ جېنىنى قىيناپ، غىچىرلىشىپ ياشايدۇ.

4. ئۆي. بۇ تۇرمۇشتا بولمىسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ۋاستە. بۇنى ئادەملەرنىڭ ئادەملىكى بەلگىلىگەن. ئۆي ئۇلارنىڭ پۇل ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، نەچچە يىللىق تاپقان - تەرگىنىنى ئۆيگە دەسمايە سالىدۇ. بولۇپمۇ شەھەرلەردە بۇ ئادەمنى ئەڭ قىينايدىغان بىر ئىش. ئۇلار ئۆي ئۈچۈن نەچچە يىل قەرز زەنجىرىگە بوغۇلۇپ ياشايدۇ. بۇ چاغلاردا بەلكىم 35 - 40 لەرگە، 50 لەرگە كىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

5. پەرزەنت. ئۇلار 40 لارغا كىرىپ بولغۇچە، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ 15 - 20 ياشلارغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆينىڭ قەرزىدىن قۇتۇلۇپ ئەمدى بېلىنى رۇسلىشىغا بالىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشتەك بۈيۈك ۋەزىپىگە دۇچ كېلىدۇ- دە، يەنە چىمداپ تۇرۇپ پۇل يىغىش سەپىرىنى باشلايدۇ. پەرزەنت ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى ئەڭ زور مەقسەتكە، بەزىدە باھانىگە (بەزىدە ئاجراشماسلىقنىڭ، بەزىدە يۈكسەك ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ، بەزىدە نۇرغۇن پەسكەشلىكلەرنىڭ) ئايلىنىدۇ. بارلىقىنى شۇلارغا ئاتايدۇ (گەرچە بالىلىرى ئۇنداق قىلمىسىمۇ). ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن

تەۋەككۈلچىلىككە تولغان هاياتنى ئەخمىقانىلىق، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا تەۋەككۈلچىلىك، قاراملىق دېگەندەك ئەركەكلەرگە خاس ئالامەتلەر ئۆچكەن، ئۇلار تۇرمۇش بىلەن قارشىلىشالمايدۇ.

4 . ئۇلار بىر ئۆمۈر بېرىلگەن ناننى يەپ چوڭ بولغان بولغاچقا، ئۇلاردىن غالىبلارچە خوجايىنلىق تۇيغۇسى تېپىلمايدۇ، ئەكسىچە بېقىندىلىق تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ تومۇر، هۈجەيرىلىرىگە قەدەر سىڭىپ كەتكەن. ئۇلاردا ئەركەكلەرچە مەغرۇرلۇق يوق، ئەمما هاكاۋۇرلۇق يېتەرلىك بار. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئاپتورى بولالماي قالغان. هايات ئەسىرىدىكى مەجبۇرىي جۈمىلەرگە ئايلىنىپ قالغان.

5. ئۇلار مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ خىزمەتكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت زەنجىرسىمان جەرياننى مۇقەددەس هايات لوگىكىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان هەم بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هاياتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىپ، هاياتنىڭ ئەهمىيەتلىك ياكى بىكار ئۆتكەنلىكىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەيدىغان بولغان هەم ئۇنى قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە پەرزەنتلىرىگە مىراس قالدۇرۇشقان .

6. ئۇلار ئۆزىگە ئالاقىدار ئىشلارغىلا چۆكۈپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۆلگەن. ئۇ ئائىلە، ئىدارىنىڭلا پۇقراسى بولۇپ قېلىپ، ئۆز قوۋمىنىڭ پۇقراسى بولالمىغان.

ئەمدى يەنە سۆزلەۋېرىش ماناشلىقلارنى سەل خاپا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما هەممىمىز، بارلىق ماناشلىقلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنىڭ، ئۆزىگە ئىگە بولالمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە هېچنېمىسى بولمايدۇ .

ئەقەللىي مەسىلە. بۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئەمما، جاھاندا ئۇنىڭدىن باشقا ئىش يوقمۇ؟ نۇرغۇن ئۇلۇغ مەسىلىلەر ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ھەممەيلەننىڭ ئائىلىسىگە، خىزمىتىگە بېشىنى تىقىۋېلىشى ھەقىقىي ۋىجدانسىزلىق ئەمەسمۇ؟ ھاياتىدا ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك نىشانى يوق ئادەم ئادەم ئەمەس.

يۇقىرىقى بايانلاردىن مائاشلىقلارنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىلگەنسىز، ئەمدى ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدىڭىزمۇ؟ بەلكىم بىلگەنسىز. چۈنكى بەزىدە قانداق نېمە ئۈچۈنلىكىنى يېپ ئۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

مۇقەررەركى، تۇرمۇش قېلىپى شۇ قېلىپ ئىچىدىكىلەرنىڭ ئىدىيە قېلىپىنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات قارىشى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، غايىسى دېھقانلارغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېھقان، كادىر، سودىگەرنىڭ تۇرمۇش قېلىپى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ تەپەككۇرلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، يۇقىرىقىلار تۆۋەندىكىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان:

1. ئۇلار تۇرمۇشنى مەلۇم بىر نىشانغا يېتىشتىكى جەريان دەپ قارىماستىن، نىشاننىڭ ئۆزى، دەپ قارايدىغان بولغان.

2. يۇقىرىقى بەش ئامىل ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك پائالىيىتىنى بەلگىلەپ، ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاشقا مەجبۇر قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قارىشى تەرەپنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن. چىن ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەتنى تېپىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىقىدەك كىشىلەردىن تۈزۈلگەن بۇ جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي مۇھەببەت يوقالغان.

3. ئۇلار مۇقىم، مىخلانغان تۇرمۇشنى بىردىنبىر تۇرمۇش ھەم بەختنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. دولقۇنلۇق، ئۆزگىرىشچان،

شارائىت، ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈش كونتېكىستتا يەنە كۆرۈنمەس روھىي مەنىلەرگە ئىگە. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نەرسىلەر(شەيئىلەر)نوقۇل ماددىي جىسىملا بولماستىن، يەنە ھەم مەنىۋى جىسىمدۇر. گۈل تەشتەكتە تۇرغاندا پەقەتلا بىر ئۆسۈملۈك، ئوبيېكتىپ شەيئى، ئەمما مەن ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ ئايالىمغا سوۋغا قىلسام، بۇيەردىكى گۈل ئېنىقكى، تەشتەكتىكى ھېلىقى ئۆسۈملۈك مەنىسىدىكى گۈل ئەمەس، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بەرمەك قىيىن بولغان نۇرغۇن مەنىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ماددىلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى شۇ ماددىلارنىڭ يوشۇرۇن مەنىۋى مەنىسىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ماددا يەككە-يالىڭاچ ھالەتتە ماددا بولغان بىلەن،ئۇ، ئىنسانىنىڭ ئاڭ چۈشەنچىسى ئىچىگە ئۆتكەندە، ئاددىي مەنىدىكى ماددا بولماي قالىدۇ ھەمدە ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ ماددىي ئالەمگىلا ئەمەس، مەنىۋى سۇبيېكتىپ ئالەمگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

بىز ماتېرىياللاردىن مىلتىقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئەرلەرنى نامەردلەشتۈرۈۋەتتى، دۈشمەننى كەينىدىن ئېتىۋېتىدىغان بوپقالدى، تۇغۇت چەكلەش تېخنىكىسى، دورىلىرى كىشىلەرنى بۇزۇقچىلىقتا تېخىمۇ ئەركىن قىلىپ قويدى،دېگەن گەپلەرنى ئۇقۇغىنىمىز ئېسىمىزدە بولسا كېرەك. بۇيەردە شۇنى يەكۈنلىمەك تەس ئەمەسكى، مىلتىقنىڭ يىراق ئارىلىقتىنلا دۈشمەنگە يېقىنلاشماي ئېتىۋېتەلەيدىغان خۇسۇسىيىتى، كىشىلەرگە ھېلىقىدەك نامەردلىكنى سادىر قىلىشقا تېخنىكىلىق ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتكەن. دېمەك، بۇ يەردە مىلتىقتىن ئىبارەت بىر تېخنىكىۋى بۇيۇم مەردلىكتىن ئىبارەت ئەخلاقىي ئۇقۇمغا يېڭى بىر سوئال قويغان. يەنە تەھلىل قىلساق، ئىلگىرى كىشىلەر بۇزۇقچىلىق قىلىشنى نىيەت قىلسىمۇ، «ھامىلدار» بوپقېلىش غېمى ئۇلارنى بۇنىڭدىن خېلىلا توسالايتتى، مانا ئەمدىلىكتە ھېلىقى دورا، تېخنىكىلار بۇ خىل غەمنى پۈتۈنلەي

# تېلېۋىزورمۇ ياكى دىل بۇزۇر

تېلېۋىزور بىر تېخنىكىلىق مەھسۇلات، بىر بۇيۇم، دىلنىڭ بۇزۇلۇشى بىر مەنىۋى ھادىسە، ئەخلاقىي ئۇقۇم. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ ماددا (ياكى باشقىچە كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا تېخنىكا) ئەخلاققا تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ؟ بۈگۈنكىدەك روھ ماددىغا، ئەخلاق مەنپەئەتكە سەجدە قىلىنىۋاتقان بىر دەۋردە يۇقىرىقى سوئاللار مېنىڭچە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى بىز ئەتراپىمىز پۈتۈنلەي ماشىنىلاشقان، تېخنىكىلاشقان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. يېقىنقى ئىختىرا، كەشپىيات، تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار تۇرمۇش شەكلىمىز،ھاياتلىق مۇھىتىمىزنىلا ئەمەس، تۇرمۇش قارىشىمىز،قىممەت قارىشىمىز، بەزى ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىمىزنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. بىز ئېرىشىۋاتقاچ يوقىتىۋاتىمىز. ئەمدى بىزنىڭ ئېرىشكەنلىرىمىز يوقاتقانلىرىمىز بىلەن ئىزلىشالامدۇ؟ شۇنى ئوبدانراق دەڭسەپ بېقىشىمىز كېرەك. ئېرىشكەنىكەنمىز يوقىتىشىمىز مۇقەررەر.ئەمما مۇھىمى شۇكى، ئېرىشكەنلىرىمىز بىزنى يوقاتقانلىرىمىز تۈپەيلىدىن بولىدىغان پۇشايمان ـ نادامەتتىن ساقلاپ قالالىشى كېرەك. بولمىسا ئېرىشكىنىمىزنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ. كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى...بولىدىغان ماددىي نەرسىلەرنىڭ ماددىي مەنىسىلا بوپقالماي، يەنە ئوخشىمىغان

ئەمدى بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۆز مېڭىمىزدە شەكىللەندۇرۇۋالغان خۇلاسىلىرىمىز بىلەن دىققىتىمىزنى ئۆيىمىزدىكى يەنە بىر بۇيۇم تېلېۋىزور ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرەيلى.
تېلېۋىزور ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم كەشپىياتلارنىڭ بىرى، بەلكىم ئۇنىڭ رولى،ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى مەتبەئە،قەغەزنىڭ تەسىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن. ئالدىنقىسى ئىنسانلارنى يېزىق مەدەنىيىتى دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن بولسا، تېلېۋىزور ئىنسانلارنى بەلگە-سۈرەت مەدەنىيىتى دەۋرىگە باشلاپ كىردى. ئىنسانلارنىڭ ئۈچۈر ئىگىلىشى تېخىمۇ بىۋاستىلەشتى.ئۇ مەيدانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئادەملەر بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ياكى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئېيتقاندەك: «ئىنسانلارنىڭ يەتتىنچى سەزگۈسىگە ئايلىنىپ قالدى».
تېلېۋىزور ئادەتتىكى باشقا بۇيۇملارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ھەم ماددىي بۇيۇم ھەم مەنىۋى بۇيۇم. تېلېۋىزورنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ شۇنداق قوش بىسلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. ئىنسانلار كۆز -قۇلاق ئارقىلىق بىۋاستە،يېقىن ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلىگەن بولسا، تېلېۋىزور ئارقىلىق يىراق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ، ئىنسانلار سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ۋاقىت، مۇساپە، ماكان جەھەتتىكى تەبىئىي كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلىدى. گەرچە بۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلار پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئىشلىگۈچىنىڭ غەرىزى سىڭگەن، چىنلىقتىن سەل يىراق بولسىمۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاڭلىق - ئاڭسىز قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ قۇرۇلمىسىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. كىشىلەر ئائىلىسىدىن، جەمئىيەتتىن، دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئالالمىغان تەسەللى - پەيلەشلەرنى تېلېۋىزوردىكى ساختا كۆرۈنۈشلەردىن ئالدى. تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ كېتىدىغان، گاھىدا كۈلۈپ كېتىدىغان، گاھىدا چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كېتىدىغان

يوقاتتى-دە، بۇزۇقچىلىقنىڭ قوزۇقمۇ چوڭ ئېچىلىپ، كىرىپ-چىققۇچىلار خۇددى ئۆز ئۆيىگە كىرىپ-چىققاندەك ئەركىن-ئازادە بوپكەتتى. بىزنىڭ بۇنىڭدىن ماددىمۇ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلمىكىمىز تەس ئەمەس.

گاز ئوچاق، تورۇبىلار بىلەن ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ قارىماققا بۇ بىر قاملاشمىغان غەلىتە سوئال، ئەمما بۇ مەسىلىمۇ ماھىيەتتە يۇقىرىقى مەسىلىلەر بىلەن بىردەك ئىككە ئىكە. گاز ئوچاق، تورۇبىلار ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر بۇيۇم، ئۇنىڭ مۇھەببەت بىلەن بىۋاستە،كونكرېت باغلىنىشى يوق. ئەمما بۇ بۇيۇملار ئەر-ئايال مۇھەببىتىنىڭ ئالمىشىشى، ئىپادىلىنىشىدە بەلگىلىك دەرىجىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. ئىلگىرى گاز ئوچاق، تورۇبىلار يوق ۋاقىتتا ئەرلەر ئوچاقلارنى ئۆزلىرى سېلىپ، ئوتۇنلارنى يېرىپ، خوتۇنىنىڭ تاماق ئېتىشىنىڭ ماددىي شەرتىنى ھازىرلاپ بېرەتتى، ھازىر گاز ئەكېلىپ بەرسىلا بولىدىغان بولدى. قارىماققا بۇ ئىشلار نەتىجە نۇقتىسىدىن ئوخشاش، ئەمما جەريان نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئائىلىنىڭ بۇ ئىككى خىل جەرياندا ئېرىدىن ھېس قىلىدىغان ئىللىقلىقى، يېقىنلىق تۇيغۇسى چوقۇم پەرقلىق بولىدۇ. سۇ ئەكېلىشمۇ ئوخشاش. ئۆيىگىزنىڭ ئىچىدىكى تورۇبىدىن «شارىدە» بىر چېلەك سۇ ئۇسماق بەك قۇلاي، ئەمما ئەپكەشتە يىراقتىن سۇ ئەكېلىپ بېرىش يەنىلا باشقىچە. بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلىمەك سەل قىيىن. نىكاھ بىر گۈلدۈركى، ئۇ ھەر ئىككىيلەننىڭ سۇ قۇيۇشىغا موھتاج، بىرلا ئادەمنىڭ سۇ قۇيۇشىغا قاراپ قالغان گۈل ئەڭ بىچارە گۈل، ئۇ ئۇزاققا بارماي قۇرۇپ قالىدۇ. دېمەك، گاز ئوچاق، تورۇبىلار ئەرلەرنى يۇقىرىقىدەك ئەمگەكلەردىن ئازاد قىلىش بىلەن بىرگە، تاماق ئېتىشتىن ئىبارەت بىر جەرياننىڭ ئەر-ئاياللىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان كارمونىك سورۇنى بولۇش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقاردى.

بەلگىلەپ قويغان بولسا، ملىتىق ـ زەمبىرەكلەرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى دۇنيادىكى بارلىق قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلىدى. زامانىۋى قاتناش، ئۇچۇر،ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھايات فورمىسىغا شۇنچىلىك بىۋاستە، ماھىيەتلىك ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىشىدىكى سەۋەب ئىنسانلار بۇلارنىڭ ياردىمىدە كۆز-قۇلىقى ھەل قىلالمىغان ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ-دە، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي سالاھىيىتىگە بولغان قارىشى، كۈچلۈك-ئاجىزلىق چۈشەنچىسى، ئەتراپىدىكى دۇنياغا بولغان پوزىتسىيىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.ئۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرىنى بىلىملىك چاغلىغان بولسا، ئەمدى ئۇلار قوشنىسى ۋە دۈشمىنىگە قاراپ ئاندىن ئۆزىگە قانداق قاراشنى ئويلىشىدۇ. ئىلگىرى ئۆزىنى كۈچلۈك چاغلىغان بولسا، ئەمدى رەقىبى ئۇنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەمنىڭ بىلىمى ئۇنىڭ كۆز- قۇلاق، مېڭىسىنى جايىدا ئىشلىتىشىدىن كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ شۇلارنى جايىدا ئىشلىتىش ـ ئىشلىتەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ بىلىملىك ياكى نادانلىقىنى، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇچۇر ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقى ياكى ئىگە بولغان ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ـ پايدىلىنالماسلىقى بىر قوۋمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويىدۇ. ئادەم قوشنىسىغا قاراپ ئۆز ھالىنىڭ نىچۇكلىكى ھەققىدە توغرا خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىن، بىر قوۋم، بىر دۆلەتمۇ شۇنداق. مۇۋاپىق-توغرا سېلىشتۇرما خۇلاسىلەرنى يەكۈنلىيەلمىگەن مىللەت ئۆزى ھەققىدە مەگگۇ توغرا باھا-يەكۈنگە كېلەلمەيدۇ، ئۇنداقلار يا يۈزىگە شاپىلاقلاپ ئۆزىنى مەن سېمىز، دەپ يۈرۈشىدۇ ياكى ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئەتراپىدىكىلەر بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بولغان تەسىرى شۇنچە زور ۋە چوڭقۇر. تېلېۋىزورمۇ بىر ئۇچۇر ۋاستىسى.

بولدى. تېلېۋىزور ئاستا-ئاستا ئائىلىلەردىكى ھۆكۈمرانغا، نىسپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئائىلىدىكى كەيپىياتنىڭ تەڭشىگۈچىگە ئايلاندى. كىشىلەر ئىلگىرى دۇنيانى مەكتەپتىن، كىتابتىن، مۇئەللىمدىن چۈشەنگەن بولسا، ھازىر تېلېۋىزوردىن چۈشىنىدىغان بولدى. ھازىر ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدى، مېڭىسى، نېرۋىسى، قەلبى تېلېۋىزور توختىماي تارقىتىپ تۇرغان ئۇچۇر-سىگناللار بىلەن تىنىمسىز غىدىقلىنىپ، تېلېۋىزوردىن قەتئىي ئايرىلالمايدىغان ھالغا كەلدى. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تېلېۋىزورسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. تېلېۋىزور ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئىگىلەش دائىرىسى، مىقدارى، سۈرئىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىلغارلاشتۇردى. كىشىلەر ئىلگىرى ئۇچۇرلارنى ئاۋازلىق، يېزىقلىق كۆرگەن بولسا، ئەمدى ئاۋاز، يېزىق، سۈرەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەتتە كۆرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئىگىلەش ئۇسۇلىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى.

ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەربىر ئىنقىلاب خاراكتېرلىك كەشپىيات ھەمىشە شۇنىڭغا ماس بىر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ھور ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى يېقىنقى زامان غەرب دۇنياسىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوشۇرۇن بەلگىلىگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پويىز، پاراخوتقا تەتبىقلىنىشى بۇخىل ئالامەتنى تېزلا رېئاللىققا ئايلاندۇردى. 19- ئەسىردە پويىز گۈدۈكى ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى بوپقالدى. بۇخىل كەشپىياتلار ئىچىدە، بولۇپمۇ زامانىۋى قاتناش، ئۇچۇر، ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ياكى ئەسلىدىكى قالاق ۋاسىتىلەرنىڭ ئىلغارلىشىشى بۇخىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېز تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، پاراخوتنىڭ ياسىلىشى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، يىپەك يولىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ھەتتا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىستىقبالىنىمۇ

نەپ، تەربىيە ئالدى؟ تېلېۋىزور ئارقىلىق قانچىلىك بىلىمگە ئىگە بولدى؟

قىسقىسى، تېلېۋىزور ئۇيغۇرلارغا قانداق ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى؟ مانا بۇلار بىز ھازىر قىسقىچە ئورتاقلىشىپ ئۆتمەكچى بولغان مەسىلىلەردۇر.

ئېھتىمال ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە تېلېۋىزور ئەڭ بۇرۇن بولغاندا 1980- يىللاردىن كېيىن كىرىشكە باشلىغان بولسا كېرەك. ئەمما، قىسقىغىنا 20 يىل ئىچىدە تېلېۋىزور شۇنچىلىك تېز ئومۇملاشتىكى، بەلكىم ئۇيغۇرلار تارىخىدا ھېچقانداق بىر يېڭىلىق بۇنچىلىك تېز ئومۇملاشمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىرغا كەلگەندە ئائىلىلەردە تېلېۋىزور بولۇش ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان ئەڭ ئەقەللىي ئىشلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر تېلېۋىزور بىلەن شۇنداق ئىجىل بولۇشۇپ كەتتىكى، كەچلەردە ناۋادا توك بولماي قالسا، كىشىلەر شام يورۇقىدا قالغىنىدىن ئەمەس، تېلېۋىزور كۆرەلمىگىنىدىن قاقشىشىدىغان بولدى. ھازىر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ كەچلىك تۇرمۇشىنى تېلېۋىزورسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر مىليون ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تېلېۋىزور بولۇشى مۇمكىن. بىر ئائىلىدە ئاز دېگەندە تۆت ئادەم بار دېسەك، ھەر كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ ئىككىسى كۆرمەيدۇ دېگەندىمۇ، يەنە ئىككى مىليون ئۇيغۇرنىڭ كەچتە ئاز دېگەندە ئۈچ سائەت ۋاقتى تېلېۋىزورغا سەرپ بولىدۇ. ئۇنداقتا ھەر كۈنى (كۈندۈزنى ھېسابلىمىغاندا) ئۇيغۇرلار ئالتە مىليون سائەتنى تېلېۋىزور كۆرۈشكە سەرپ قىلغان بولىدۇ. دېمەك، ھازىرقىدەك ۋاقىت پۇل بولۇۋاتقان بىر دەۋردە شۇنچىلىك ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ تېلېۋىزور كۆرگەنگە چۇشلۇق ئۇيغۇرلار تېلېۋىزوردىن لايىقىدا نەپ ئېلىۋاتامدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ھوش - كاللىسى جايىدا ھەربىر ئادەم ئويلىشى زۆرۈر مەسىلە.

تېلېۋىزور پەقەتلا بىر ۋاستە، سىز ئۇنى قايسى مەقسەتتە

ئوخشاشلا بۇمۇ ئۆزىگە خاس شەكىللەر بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان مەسىلىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە، تۇرمۇش مەزمۇنىمۇ خىللىشىشقا، رەڭدارلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. مانا ھازىر پەلەستىندىكى مەسىلىلەر ئۇچۇن نيۇ يورك، بېرلىن، پارىژلاردا نامايىش ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. ئىلگىرى ھېچكىم تونۇمايدىغان كىشىلەر ھازىر بىر كېچىدىلا دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان مەشھۇر شەخسلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. شاھرۇھخان، ليۇدېخۇا، جېكسونلارمۇ تېلېۋىزور ئارقىلىق نۇرغۇن قىزلارنىڭ مەبۇدىغا ئايلىنالىدى. ئىلگىرى كىشىلەر ئەتراپىدىكى، ئائىلىسىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىدىغان بولسا، ھازىر باشقا ئەل - دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىلىرى كىشىلەر پاراڭ تېمىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بولدى. ياشلار ئۆزىنىڭ بوۋا، مومىلىرىنىڭ ئىسمى، ھاياتىنى تولۇق بىلمىگەن بىلەن، ئۆزى چوقۇنغان چولپانلارنىڭ يېشى، نەچچە بالىسى بارلىقى، نېمىگە قىزىقىدىغانلىقى، يېقىندا نېمە قىلماقچى بولغانلىقىغا... قەدەر تەپسىلىي بىلىدىغان بولدى.

كىشىلەر دېھقانلار كىرىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بىلەن، بىل گايتىسنىڭ سېكۇنتىغا قانچىلىك پۇل تاپالايدىغانلىقىنى، پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ قوشنىسىنىمۇ تولۇق تونۇمايدىغان كىشىلەر بۇش، پۇتىن، ماندېلالارنى تەپسىلىي بىلىدىغان بولدى. مانا مۇشۇ بىلىش، چۈشىنىشلەر ئادەملىرىمىزنىڭ دۇنيا - قىممەت قارىشى، ئىزدىنىش-ئىستەكلىرىگە مەيلى ئىجابىي بولسۇن ياكى سەلبىي بولسۇن، زور تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ يەردە تېلېۋىزورنىڭ تەربىيىۋى رولىنى، ئادەملەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، چۈنكى بۇ بەكمۇ ئەقەللىي ھادىسە. ئۇيغۇرلار تېلېۋىزور كۆرۈپ قانچىلىك

مېنىڭچە، بۇنىڭ جاۋابىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى بولمىسا كېرەك. هازىر كىنو، سەنئەت نومۇرلىرى، كارتون قاتارلىقلار تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنىڭ ئاز دېگەندە يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ، قالغىنى خەۋەر، ئېلان، بەزىبىر مەخسۇس فىلىم. گەرچە رايونىمىزنىڭ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدا ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئىلگىرىلەش قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېهتىياج ـ تەلەپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇخىل ئىلگىرىلەشلەر پەقەت كۆڭۈلنى خۇش قىلىشقا، ئۆتمۇشكە سېلىشتۇرۇپ ئۆزىمىزنى پەپىلەپ، ئالدىاشقىلا يارايدۇ.

هازىر تېلېۋىزورنىڭ مەدەنىيەت تارقىتىش رولىدىن مەدەنىيەتنى ئاغدۇرۇش رولى بەكرەك كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىهەتچىسى، مەشهۇر ئايال سىياسىئون برژىنىسكىي تېلېۋىزورنى «هەممە قەبىهلىكنىڭ مەنبەسى» دېگەنىدى. ئەمما بىز هازىرچە ئۇنداق دېيەلمىسەكمۇ، شۇ نىشانغا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلالماي ئامالىمىز يوق. تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ ئادەملەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قەتئىي تۈۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. كىچىك ۋاقتىمىزدا شياڭگاڭنىڭ «خۇيۇەنجيا»، «چېن جېن» قاتارلىق مۇشتلاش فىلىملىرى قويۇلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ياشلار ئارىسىدا چامباشچىلىق قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەنىدى. كېيىن شياڭگاڭ سىنئالغۇ فىلىملىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتتە شۇنىڭغا ماس هالدا توپلىشىپ جېدەل چىقىرىدىغان، بىرەر لۈكچەك يادرولۇقىدا ئۇيۇشقان لۈكچەكلەر شايكىلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ هېچقايسىسىدا تېلېۋىزورنىڭ تەسىرى يوق، دېيەلمەيمىز. ئەلۋەتتە، بۇ خىلدىكى مىساللار تېخى بۇلا ئەمەس. بۇيەردە بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز. هازىر تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ساهە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ـ قىممەت سىستېمىسى بولۇۋاتىدۇ. بۇ جەهەتتە تېلېۋىزورنى مەلۇم مەنىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ قاتىلى،

ئىشلەتسىڭىز، ئۇنىڭدىن شۇنىڭغا لايىق نەتىجە ئالالايسىز. تېلېۋىزورنىڭ ئۇنۇمىنى ئۇنىڭدا قويۇلۇۋاتقان فىلىملەر، فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ۋە تارقاتقۇچىلار بەلگىلەيدۇ. كۆرگۈچىلەر بۇنىڭغا نىسبەتەن نىسپىي پاسسىپ ئىستېمالچى ئورنىدا.

ھازىر رايونىمىزدا تارقىتىلىۋاتقان تېلېۋىزىيە مەزمۇنلىرىنىڭ تەربىيىۋى خاراكتېرىدىن ئويۇن، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى كۈچلۈك، كىشىلەرنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىمۇ دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش. تېلېۋىزورنى بىلىم، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە كۆرىدىغانلار ناھايىتى ئاز. مائارىپ دائىرىلىرى تېخى تېلېۋىزوردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايۋاتىدۇ. بىلىش كېرەككى، تېلېۋىزورمۇ بىر مەكتەپ. ھازىرقى ئۇچۇر-ئالاقە ۋاسىتىلىرى مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەنىسىگە كەسكىن ئىنقىلاب ئەكەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىزدە قىلچە ئەكس ئەتمىدى.

ئەلۋەتتە، مەن تېلېۋىزور ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق ياخشى نەتىجە ئەكەلمىدى، دېمەكچى ئەمەس. ئۇزاق مۇددەت بېكىنىك، غاپىل ياشىغان بۇ خەلققە تېلېۋىزور شۈبھىسىزكى، بىر ئاجايىپ ياخشى ئاقارتىش ۋاسىتىسى. خەلقىمىزنىڭ تېلېۋىزور ئارقىلىق جاھاننى ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق چۈشەنگەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئاڭلىغىنىنى... ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ يەردە مەن پەقەت قىلغىلى بولىدىغان ھەم زۆرۈر بولغان، بىراق قىلىنمايۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر بايان قىلماقچىمەن.

بۇ يەردە تېلېۋىزىيە خادىملىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە خەلقنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بايقاش. خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ھەرگىز ۋەكىللىك قىلغىلى بولمىسا كېرەك. ئۇنداقتا ھازىر خەلقىمىز ھازىرقى ئەھۋالى، ئەخلاق ئېڭى،تەرەققىيات سەۋىيىسى، پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن ئويۇن - كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى فىلىملەرگە بەكرەك موھتاجمۇ ياكى تەربىيىۋى فىلىملەرگىمۇ؟

تارتىۋالدى. ئىلگىرىكى ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك باللار ئويۇنلىرى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئىلگىرى باللار ئويۇنلارنى، ئويۇنچۇقلارنى ئۆزلىرى ياسايتتى، ئىجاد قىلاتتى، ھازىر بۇنىڭدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. باللار ئويۇنلىرىنىڭ باللار تەربىيىسىدىكى تەسىرىنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە ئالالمايدۇ. كىچىك چېغىمىزدا ئوينايدىغان «چالما چېلىكى»، «تېپىشمەك»، «ھەربىي - دۈشمەن»... دېگەندەك ئويۇنلارنى ھازىرقى باللار ئاساسەن ئويىنىمايدۇ. شۇ چاغلاردا«تېپىشمەك» ئويناپ تېپىلىپ كەتسەكمۇ چىداپ كۆزىمىزدىن ياش چىقارمايتتۇق، ياش چىقىپ كەتسە«خېنىم»، «يىغلاڭغۇ»دەپ مازاق قىلىناتتۇق ھەم تېپىلگۈچى تەپكۈچىگە ھەرگىز ئاداۋەت تۇتمايتتى. ئوغۇللارنىڭ مەردلىك، ئوغۇلبالىچىلىقىنى يېتىلدۇرۇشتە بەلكىم بۇلاردىنمۇ ياخشى چارە ئاز بولۇشى مۇمكىن. مانا ھازىر كىيىم - كېچەكلىرىگە توپا قوندۇرماي پاك - پاكىز كىيدىغان رەتلىك باللار كۆپەيگەن بىلەن ئاغزى - بۇرنى قاسماق، كىيىملىرى كىر، يىرتىق، ئەمما مەرد، قورقماس، قارام باللار بارغانسېرى قالمىغىلى تۇردى. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوغۇل بالىنى ئۇنچىۋالا رەتلىك، يۇمشاق قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر ئوغۇل بالا دېگەن ئويناپ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتالمىسا، ئاغزى - بۇرنىنى بەزىدە قاسماق، بەزىدە قان قىلالمىسا، ئۇ قانداقمۇ ئوغۇل بالىغا ئوخشىسۇن؟ ئەكسىچە، ئوغۇل بالا پاك-پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ، توپا - چاڭلاردىن قېچىپ، كىيىملىرىنى قېقىپ - پۇۋلەپ يۈرسە، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەش كېرەك، بۇنداقلارنىڭ خېنىم مىجەزلىشىپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن تۇرىدۇ. گېپىمىزگە كەلسەك، تېلېۋىزورنىڭ ھازىرچە باللىرىمىزغا بەرگىنى كارتون فىلىم ۋە بەزى باللار فىلىملىرى.ئۇلارئالغان نەپ بىلەن تارتقان زىيانىنى سېلىشتۇرساقلا نەتىجە مانا مەن دەپلا چىقىدۇ. بۇيەردە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «تەگرىتاغ غۇنچىلىرى» دېگەن باللار مەخسۇس فىلىمىنى تىلغا

دېيىشكە ھەقلىقمىز. ھازىر ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ خاتىرجەم بىرەر كىنو فىلىمى كۆرەلمەيدۇ. ھازىر قويۇلۇۋاتقان كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئاز دېگەندە بىر ـ ئىككى يەردە شەھۋانىي كۆرۈنۈش بار (ئەگەر سۆيۈشۈش شەھۋانىي كۆرۈنۈش ھېسابلانمىسا، بۇ ماقالىنىڭ يېزىلىشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان بولىدۇ). ئەمما، ھازىر نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، چوڭلار بۇخىل كۆرۈنۈشلەردىن بالىلىرى بىلەن بىللە «ھوزۇرلىنىدۇ». مانا ھازىر بەزى فىلىملەرنى كۆرسىڭىز، بولۇپمۇ ئېلىمىز ۋە ئېلىمىزنىڭ شياڭگاڭ،جۇملىدىن سىنگاپورلاردا ئىشلەنگەن كۆپ قىسىملىق تورمۇش فىلىملىرىنى كۆرسەڭ، خۇددى جاھاندا مۇھەببەت، ئەر ـ خوتۇن زىددىيىتىدىن باشقا ئىش يوقتەك تەسىراتقا كېلىمىز. بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ ئاللىقاچان «ئاشنا»... دېگەندەك ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ بولدى. ئۇلارھازىر بىئولوگىيىلىك جەھەتتىن يېتىلىشتىن بالدۇرلا، پسىخىك جەھەتتە «زاكىسىدا جىگدە پۇراپ بولدىغان» بولدى. ئىلگىرى ئاممىۋى سورۇنلاردا دېگىلى بولمايدىغان گەپلەر ھازىر تېلېۋىزوردا دېيىلىۋېرىدىغان بولدى. ھازىر قارا سۆگەكلىك توخۇدىن ياسالغان خۇيرىن كومېدىچىنىڭ رولىنى كىچىك قىزلارلا ئەمەس، ئوغۇلچاقلارمۇ چۈشىنىپ قالدى. كىچىككىنە سەبىي قىزلىرىمىز چىن گۈزەل فىگورا كىيىملىرىدىن ئايالىلار ئۈچۈن بەدىنىنىڭ قەيەرلىرىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قېلىشتى. يېرىم يالىڭاچ كۆرۈنۈشلەر ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىماس بولدى. جەمئىيەتنىڭ يالىڭاچلىققا بولغان قارىشىدىن شۇ جەمئىيەتنىڭ ئېتىكا ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىلىرىمىز تېلېۋىزورنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر بالىلارنىڭ كەچتە ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغاندىن كېيىنكى ۋاقتى پۈتۈنلەي تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ئۆتىدۇ.تېلېۋىزور ئۇلارنىڭ كەچلىك ۋاقتىنى

تېلېۋىزور ناھايىتى ياخشى مائارىپ ۋاستىسىدۇر. ئۇ ئومۇمىي خەلقكە بىۋاسىتە يۈزلىنەلەيدىغان، مەكتەپ، سىنىپتىن ھالقىغان بىر ۋاسىتە. ئەمما، بىزنىڭ رايوندا مائارىپ تېخى بۇ ۋاسىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىنى يوق. ھازىرغىچە بىزدە تېلېۋىزىيە قاناللىرى مەخسۇسلاشمىدى. مېنىڭچە، بىزدە مەخسۇس مائارىپ قانىلى،پەن-تېخنىكا قانىلى، بالىلار قانىلى، تەنتەربىيە قانىلى... دېگەندەك مەخسۇسلاشقان قانااللار بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ھازىرقى زامان ئۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئەقەللىي بىر ئىش. بىزدە دېھقانلار 80% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما، دېھقانلارغا ئاتالغان مەخسۇس فىلىملەر يوقنىڭ ئورنىدا. بۇ يىل ھېيتتا يېزىدىكى تۇغقانلارنى ھېيتلاپ بارسام، تېلېۋىزوردا ھىندىستاننىڭ بىر كىنوسىنى قويۇۋاتقانىكەن، بىردەمدىن كېيىن ئۇ تۈگەپ، شياڭگاڭنىڭ بىر مۇشتلاش كىنوسىنى باشلىدى. ھەيران بولۇپ بۇ بىزنىڭ تېلېۋىزوردا چىقمايدىغۇ، دەپ سورىسام، تاغام: «يېزىلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تارقىتىۋاتقان فىلىمى» دېدى. ھازىر ئۇ يەردىكىلەرگە ئامېرىكا، ھىندىستان، شياڭگاڭلارنىڭ فىلىمىنى كۆرۈش ئادەتتىكىچە ئىش ئىكەن. دېمەك، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» ھەققىدە دۈۋە - دۈۋە ماتېرىيال يېزىۋەتكەن بۇ كىشىلەر جۇڭگودىكى ئەڭ كۆپ سانلىق خەلق بولغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئەنە شۇنداق ۋەكىللىك قىلىۋېتىپتۇ. دېمەك، تېلېۋىزورنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا قويۇلغان فىلىملەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىزدە تېخى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىمىز ھەققىدە تاللىغۇدەك بوشلۇق يوق، نېمە قويۇلسا شۇنى كۆرىمىز، قويۇلمىغانىنى كۆرىمىز دېيەلمەيمىز. قويۇلغانىنى كۆرمەيمىز دەپ ھەم دېيەلمەيمىز. ئەمما، بىر خەلقكە شۇنچىلىك زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆڭۈلگە يېغىلىپ قالغان گەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ئەقەللىي ھوقۇقىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز، دەپ قارايمىز.

ئېلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنى قىلچە رازى قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى مەزمۇن، كۆرۈنۈشلەر ھەرگىزمۇ رايونىمىزدىكى بارلىق بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇ ئۆز مەزمۇنىدىن پەقەت ئۇرۇمچىگىلا تەۋە فىلىم. ئۇ فىلىم ئادەمگە خۇددى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق بالىلار شۇنداق ئەقىللىق، پاكىز، ئوقۇش شارائىتلىرى شۇنداق ياخشىدەك تەسىر بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال شۇنداقمۇ؟ بۇ ھەممىگە ئايدىڭ. تېلېۋىزورغا شەھەر بالىلىرىلا ئەمەس، يېزا بالىلىرىمۇ، قەۋەتلىك مەكتەپلەرلا ئەمەس، قىيسىق، ئۆرۈلۈپ كەتكىلى قوپقان مەكتەپلەرمۇ، رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن بالىلارلا ئەمەس، يىرتىق - جۆندەك كىيىنگەن بالىلارمۇ چىقىشى كېرەك. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىكى ھەربىر كۆرۈنۈش ھەربىيلەردەك ئىنتىزاملاشتۇرۇلغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىمۇ يادلانغان، ھەتتا چالغان چاۋاكلىرى، توۋلايدىغان «يارايسىز!» لىرىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. ئېسىمگە كەلگەندە شۇنى قىستۇرغۇم كەلدى. بۇلتۇر بىز تەتىل مەزگىلىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خاتىرە بولسۇن ئۈچۈن بىر ئائىلە يىغىلىشى ئۆتكۈزدۇق ھەم سىنئالغۇغا ئالدۇق. شۇ چاغدا ھەممىمىز ئاززاقتىن سۆز قىلىدىغان، ئۇنى سىنئالغۇغا ئالىدىغان بولغاندۇق. چوڭلارمۇ، نەۋرىلەرمۇ سۆز قىلماقچى بولغان. باشلانغۇچنىڭ 2- يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىرنەۋرە ئىنىم بار ئىدى. ئۇنىڭدىن تەتىلدە نېمە ئىش قىلماقچى؟ قانداق پىلانىڭ بار؟ دەپ سورىسام، ئۇ سەل جىددىيلىشىپ تۇرۇپ: «جاۋاب،مەن تەتىلدە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاتا-ئانامنىڭ، مەكتەپنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن» دېدى. ئاچچىقىم قالتىس كەپتىكەن: «ماڭە،ئۇ گېپىڭنى مۇئەللىمىڭگە دەپ بەر!» دەپ توۋلىۋەتتىم. قاراڭ، ئۇ شۇنچە ئەركىن - ئازادە مۇھىت ئىچىدە تۇرۇپ يەنىلا ئۆز كۆڭلىدىكىنى دېيىشكە پېتىنالمىدى، يەنىلا مەكتەپتە يادلىۋالغان گەپلىرىنى دەپ بەردى. دېمەك، ئۇنىڭ مېڭىسىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپتۇ.

ئەمما ئۇ ھازىر بىر قوۋمنىڭ مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىغا، ئاڭ-سەۋىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بوپقالدى.

تېلېۋىزور كۆرۈش خۇددى تاماق يېيىشكە ئوخشايدۇ. ئادەملەرمۇ ئالدىغا كەلگەننى تاماق ئىكەن دەپ يەۋەرمەيدۇ، ئۇنى تاللاپ يەيدۇ. تېلېۋىزور ئىستېمالى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئىستېمالىدۇر.

سىز بەلكىم بىر ئاتا-ئانا بولۇشىڭىز مۇمكىن ۋەياكى ئوقۇغۇچى ياكى سودىگەر، ياكى تىجارەتچى بولۇشىڭىز مۇمكىن... شۇڭلاشقا سىز چوقۇم ئىستېمال قىلىۋاتقان ئۇ نەرسىگە ئوبدان پەخەس بولۇڭ. سىز تېلېۋىزورنى ھەزىم قىلىۋاتامسىز ياكى تېلېۋىزور سىزنى ھەزىم قىلىۋاتامدۇ؟ قاراڭ، تېلېۋىزور ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ھازىر ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش ھاجەت ئەمەس، ھازىرقى زامان ئىمپېرىيىلىرى تېلېۋىزور ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مېڭىسى، قەلبىگە قۇرۇلىدىغان بولدى، شۇلارنىڭكىنى يەيسىز، كىيىسىز، شۇلاردەك پىكىر قىلىسىز... پەقەت ئۆزگەرمىگەن كىملىكىڭىزلا قالدى. داروېننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدە ئادەمنى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دېيىلەتتى. قارىغاندا، تېلېۋىزور بىزگە شۇنداق تەسىر كۆرسىتىۋەرسە، ئۇزاققا بارماي ئادەم مايمۇندىن ئەمەس، مايمۇن ئادەمدىن ئۆزگەرگەن دەيدىغان تەتۈرلۈك روياپقا چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

## تۇگەنچە

ئىنسانلار ئىجاد قىلىشى، تەرەققىي قىلىشى كېرەك، ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ۋە ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. نوبېل پارتلاتقۇچ دورىنى كان ئىشچىلىرىنىڭ تاغ تاشلىرىنى پارتلىتىپ،كان قېزىشىغا قۇلايلىق بولسۇن، دەپ كەشىپ قىلغان، ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلىپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىمىغان بولغىيتتى. ئېينشتېيىنمۇ ياپونىيىدە ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن چەكسىز ئازابلانغان.

تېخنىكىنىڭ ئۆزىگە يول كۆرسىتىپ بېرەلمەسلىكى ئۇنىڭ مۇقەررەر تەبىئىي كەمتۈكلۈكى، بۇ خىل كەمتۈكلۈك پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - ئېتىقادى ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ.ناۋادا ئىنسانلارنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيە مەپكۇرىلىرى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمىسە، ئۇنىڭغا ۋاقتى - ۋاقتىدا ساغلام يۆنىلىش كۆرسىتىپ تۇرالمىسا، بۇخىل تېخنىكا ئامەتكە ئەمەس، ئاپەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

تېخنىكا ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەقىلنىڭ ماددىلىشىشىدۇر. ئۇ ئەينەن بىر نەق مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىر تېخنىكىۋى ئىمكانىيەتكە يول ئاچىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى خىلمۇ خىل ئىمكانىيەت، ئىقتىدار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىنسانلار بۇخىل ئىمكانىيەتلەرنى ياخشى ئىشقىمۇ، يامان ئىشقىمۇ تەتبىقلىيالايدۇ. ئىنسانلار ھەمىشە تېخنىكا تەمىنلىگەن ئىمكانىيەتلەر ئالدىدا، ئەقلى ۋە نەپسى ئارىسىدا جان تالىشىدۇ.

مەن تېلېۋىزىيە خادىملىرىنىڭ نەپسىدىن غالىب كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. تېلېۋىزور كۆرۈش قارىماققا ئاددىي ئىش،

دەپ قارايمەن. خەلقىمىز تارىختا ئوقۇغان، بىلىملىك، ساۋاتلىق كىشىلەرنى «موللا» دەپ ئاتىغان.دېمەك «موللا» دېگەن ئىبارە «ئىلىم ئەھلى» دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا بىر توپ ئىلىم ئەھلى بار يەردە قوي سويالايدىغان بىرەرى چىقماي (بۇ نوقۇل قوي سويۇش مەسىلىسىلا ئەمەس)قوينىڭ هارام بوپقېلىشى يەنە نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرى دەل مۇشۇ يەردە. بۇ، تولا ئوقۇغان، ئىلىم بىلەن تولا هەپىلەشكەن ئادەم پەقەت قۇرۇق گەپ سېتىشنى، بىرەر ئىش چىقسا بىلەرمەنلىك،دانىشمەنلىك قىلىشنىلا بىلىدۇ، ئەمەلىي ئىشلارغا كەلگەندە پېيى سىرقىرايدۇ (خۇددى بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزدەك)دېگەننى بىلدۈرىدۇ(بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى،قوي سويالايدىغانلارنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ، بۇنىڭ خاس قاسساپلارغىلا مەركەزلىشىپ قېلىشى بىزدىن بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ).

ئۈچىنچىدىن، نۇرغۇن ئادەمنىڭ بىر ئىش بېشىدا قاراپ تۇرۇشى شۇ كوللېكتىپنىڭ تولىمۇ ساپاسىز، ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ بىردىنبىر هەل قىلغۇچ ئامىلى، ئالدىنقى شەرتى ئەمەسلىكىنى، يەنىلا سۈپەتنىڭ ماهىيەت، ساننىڭ ماغزاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە «موللا» كۆپ يەردە قوي «هارام» دېگەننىڭ مەزمۇنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاجايىپ ماس كېلىدۇ. قاراڭ، 30نەچچە قاۋۇل ئەركەك (يەنە تېخى رەهبەرلەر ئەل باشچىلىرى! مۇهەررىردىن)بار تۇرۇپ، 13ياشلىق بىر نارەسىدە قىز سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. يەنى باشقىچە ئېيتساق، 30 موللا قاراپ تۇرۇقلۇق بىر قوي «هارام» بولدى. جۇڭگودا ئەمەلدار شۇنچە جىق، بۇلار جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئالاهىدە بىر قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن، ئەمما پاكىز ئەمەلدارنى تاپماق شۇنچە تەس. هازىر تېخىمۇ يامان بولۇۋاتقىنى شۇكى،پارىخور ئەمەلدارلارنى قانچە جازالىغانسېرى شۇنچە كۆپىيىدىغان بىر تەتۈر رېئاللىق مەيدانغا

# موللا كۆپ يەردە قوي ھارام

ئۆزىنى ئۇيغۇر ھېسابلايدىغانلار ئۈچۈن يۇقىرىقى تەمسىلنىڭ مەنىسى ناھايىتى چۈشىنىشلىك. ئەمما، مەن ئۇنىڭ مەنىسىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىش زۆرۈر، دەپ قارايمەن. بىرىنچىدىن، بۇ بىۋاستە ئادەمنىڭ تەبىئىيتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇ ئىش ئېنىقكى، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىۋاتقان بولسا، مەسئۇلىيەت ئايرىم-ئايرىم ئەمەس، بەلكى ئۇپچە سۇرۇشتۇرۇلسە، چوقۇمكى ئۇلارنىڭ شۇ ئىشتىكى قىزغىنلىق - تىرىشچانلىقى يېنىدىكى ھەمراھىنىڭ بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئىتى ئۈچۈن بىھۇدە ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك، شەخس كوللېكتىپ ئىچىدە تۇرغاندا، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بەك زەئىپ بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تەمسىلنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئادەم شۇنچە كۆپ تۇرۇپ يەنىلا قوي ئۆلتۈرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. بۇ كۆپ ئادەم بىر ئىشقا تۇتۇنغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي ئىشلەيدىغىنى ئاز، يول كۆرسىتىپ دانىشمەنلىك قىلىدىغانلىرى كۆپ، دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئادەمنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغىنى، بۇنداق كىشلەرنىڭ «موللا» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى. مەن بۇنى نوقۇل دىنىي نۇقتىدىنلا چۈشىنىش مۇۋاپىق ئەمەس،

پۇللىرىغا ئىنتايىن موهتاج. بۇ مەن ئەقلىمگە كەلسەممۇ شۇنداق ئىكەن، هازىرغىچە شۇنداق. بىزنىڭ شۇنچە كۆپ ئەمەلدارلىرىمىز ـ قاياشىمىز تۇرۇقلۇق يەنىلا نۇرغۇن «قوي»لىرىمىز هارام بوپكېتىۋاتىدۇ.

دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتى WTO غا كىردى، بۇ دۇنيانى جۇڭگوغا ئۇخشىتىش ئەمەس، بەلكى جۇڭگونى دۇنياغا ئۇخشىتىش كېرەك، دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھە ـ تارماقلىرىغا، كىشىلەرنىڭ كۆنۈككەن ئاڭ ـ قاراشلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى شۈبھىسىزكى، ناھايىتى زور بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلدارلىق نوپۇزى، ئىمتىياز قارىشى، ئەۋزەللىك ئېڭى مۇقەررەركى ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا ئەمدى ئۇچرايدىغىنى جۇڭگو پۇقرالىرىدەك قانۇن ئېڭى كەمچىل موللىبوزەك، ياۋاش پۇقرالار ئەمەس . مېنىڭچە، ئەمەلدارنىڭ كۆپىلۈكى بىر دۆلەت سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئەھۋالدىن دېرەك بېرىدۇ. سۈپەت ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ئالىي ئۆلچەمدۇر. بىز جۇڭگو پۇتبولچىلىقىغا قاراپ باقساقلا سۈپەت مەسىلىسىنىڭ قانچىلىك يادرولۇق ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. مانا 2002 ـ يىلى يېرىم ئەسىرلىك ئارزۇ ئەمەلگە ئېشىپ، جۇڭگو ئەرلەر پۇتبول كوماندىسى دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. ئەمما 1مىليارد 300 مىليون نوپۇسقا ئىگە بىر دۆلەتنىڭ بۇ كاتتا مۇسابىقىگە ئاران ئەمدى قاتنىشالىشى ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ 1مىليارد 300 مىليون ئادەمدىن خەلقئارا پۇتبول مەيدانىغا چۈشەلەيدىغان ئادەمدىن 11ى هازىرغا قەدەر چىقمىغان دېگەن سۆز. ئەسلىدە قائىدە بويىچە بولغاندا بىز چېمپىيونلۇق ھەققىدە گەپ ئېچىشىمىز كېرەك، ئەمما بىز شۇ مۇسابىقىگە ئەمدى

كەلدى. بىر ئەمەلدارنىڭ پاكلىقى ئەتراپىدىكى باشقا ئەمەلدارلارغا پەقەت ياقمايدۇ، پاك ئەمەلدار ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئۇنى يۇلۇپ تاشلاشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ، نەتىجىدە ھېلىقى پاك ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول قالىدۇ، بىرى، ھوقۇقتىن ئايرىلىش، يەنە بىرى، پارىخورلار توپىغا قوشۇلۇش. بەلكىم جۇڭگودا ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ بولمىقى نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى، زېمىنىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى 1998-يىلى ئاپرېلدا نەشر قىلغان «7- قېتىملىق ئىنقىلاب جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1998- يىلىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش قىممىتىدىكى ئۇچۇر جۇڭگو تارىخىدىكى ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى: خەن دەۋرىدە 5497 پۇقراغا بىر ئەمەلدار، تاڭ دەۋرىدە 3927 پۇقراغا بىر ئەمەلدار، چىڭ دەۋرىدە 911 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن بولسا، ھازىر 30 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن. بۇ ستاتىستىكا بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىز ئۈچۈن بىر مەسخىرە ئەمەسمۇ؟ جۇڭگودا باشلىقنىڭ كۆپلۈكى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ، جۇڭگودا تېخى ھەل بولمىغان، ھەل قىلىنسا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ تولىمۇ كۆپلۈكىنى، كادىرلار تۈزۈلمىسىنىڭ تېخى مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاڭلىسام، بىزنىڭ يۇرتتا بىر يېزىدا (نوپۇسى ئېشىپ كەتسە 20 -، 30 مىڭ چىقار) 20 دىن ئارتۇق يېزا باشلىقى دەرىجىلىك ئەمەلدار بارمىش، ئۇلارنىڭ بىرى پىلە قۇرتىغا، بىرى ئورمانچىلىققا، بىرى سۇغا، بىرى ئاشلىققا، بىرى پاختىغا، بىرى مائارىپقا...دېگەندەك ئىشلارغا مەسئۇل ئىكەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ بىر كارىدوردىكى ئىشخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ھاكىملار ئىشخانىسىكەن. ئۇلارمۇ ناھىيىنىڭ ھەرساھە ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇر، ئەمما شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ بۇ ناھىيە، يېزىلىرىمىز دۆلەتنىڭ نامرات ناھىيىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ ئىئانە، قۇتقۇزۇش

كوماندىلار بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ تارىخىنى قايتا يازدى» دەپ نام بەرگەن. دېمەك، جۇڭگو پۇتبولچىلىقىنىڭ شۇنچە ئاجىز بولۇشى ھەقىقەتەن نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش. بۇ بىر دۆلەت خەلقىنىڭ تەن ساپاسىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.ئەلۋەتتە، بۇيەردىكى مۇلاھىزە پۇتبول ئۈستىدە ئەمەس، ئەمما بۇ رېئاللىق بىزنى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش ئىمكانىيىتى، بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.ئەلۋەتتە، بىز بۇنى پۇتبول باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى يوچۇقلاردىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. «پۇتبول گېزىتى» گە بېسىلغان «ياپونىيە پۇتبولچىلىقىدىن ئۆرنەك» دېگەن ئۇزۇن ماقالىدە، يازغۇچى ياپونىيە، جۇڭگو پۇتبولچىلىقىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تەن ساپاسىدا ئەمەس، بەلكى پۇتبول باشقۇرۇش تۈزۈلمە، پىلانلىرىدا، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. دېمەك، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئەمەلدارلارقاتلىمى جۇڭگودا ئىسلاھ قىلىنمىسا بولمايدىغان،يەنە كېلىپ باشتا ئىسلاھ قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر ساھە. جۇڭگودا نۇرغۇن ۋاقىت،ئېنېرگىيە مۇشۇ ساھەدىكى توسالغۇلار تۈپەيلىدىن ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. قاراڭ، 30نەپەر كوممۇنىستنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نارەسىدە قىز ئۆلۈپ كەتتى،جۇڭگو مۇشۇنداق ناباب ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا قالسا، ئاقىۋەتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئىسلاھاتچىلار شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال قاچان ئۆزگىرەر؟ جۇڭگودا باشلىق باشلىقنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالالايدۇ، باشلىق پۇقرانىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالالايدۇ. تاكى پۇقرامۇ ھەددىدىن ئاشقان باشلىقنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى قانۇنىي قورال قىلىپ تۇرۇپ ئالالىغاندا بەلكىم ئۆزگىرەر؟

قاتنىشالىغىنىمىزدىن هاياجانلىنىپ يۈرىمىز. دۇنيا لوڭقىسى ئاساسەن برازىلىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئارگېنتىنا، گېرمانىيە... قاتارلىق بىر قانچە دۆلەت ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ نوپۇسىنى ھەممىنى قوشقاندىمۇ جۇڭگو نوپۇسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇلاردا پۇتبول كەسپلەشكىلى 100 يىلدىن ئاشتى، بىزدە ئەمدى سەككىز - توققۇز يىل بولدى، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك، دېيىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، بىز مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشلەرگە ھەممىدىن ئۇستا. ئۇنداقتا بىز نەزىرىمىزنى ياۋروپادىن يۆتكەپ ئاسىياغا قاراپ باقايلى. ئىران، سەئۇدىي ئەرەبىستانى، كورىيە،ياپونىيىلەر دۇنيا پۇتبول لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى. ئۇلاردىمۇ پۇتبول تەرەققىي قىلغىلى ئۇنچىلىك ئۇزۇن بولمىدى. ئەمما، ئۇلار سەۋىيە جەھەتتە ئىزچىل جۇڭگودىن ئۇستۇن. مەسىلەن، 20 نەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو كورىيىنى بىر قېتىممۇ يا دوستلۇق مۇسابىقىلىرىدە، يا رەسمىي مۇسابىقىلەردە يېڭىپ باقمىدى.بۇ قېتىم جۇڭگونىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلىشىنى كورىيە، ياپونىيىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشمايلا بىۋاسىتە مۇسابىقىگە قاتنىشىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئۇلار ئاسىيا رايونىدىكى تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ جۇڭگو بىلەن بىر گۇرۇپپىغا كەپقالغان بولسا، ئاقىۋەتنى ھېچنېمە دەپ بولمايتتى. ھازىر جۇڭگونىڭ ياۋروپادىكى كۇلۇبلاردا توپ تېپىۋاتقان پۇتبولچىلىرى ئۈچ - تۆتكە يېتىدۇ، ئەمما ھەممىسىلا دەرىجىلىك كۇلۇبلاردا ئەمەس، A دەرىجىلىك كۇلۇبتا. ياپونىيىنىڭ بىرنەچچە پۇتبولچىسى بولسا دەرىجىلىك كوماندىلاردا توپ تېپىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولتۇر ئىتالىيىنىڭ رىم كوماندىسىنىڭ بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولۇشىغا زور ھەسسە قوشقان ناكاتا ئەڭ مەشھۇر. ئىتالىيە گېزىتلىرى شۇ چاغدا ئۇنىڭغا «ئىتالىيە دەرىجىلىك

ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد-پىغانىنى بىرەر رەھبەرنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلغان ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدىكى بىرەر ئىغىز ياغلىما - رەسمىيەت گېپى چىقىرىۋېتەلەيدۇ. زىيالىيلىرىمىزمۇ دوستلىرىدىن، ھەتتا ئاتا-ئانا، خوتۇن باللىرىدىن ئالالمىغان تەسەللىسىنى باشلىقىنىڭ ساختا تەبەسسۇملىرى، مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ قويۇشلىرىدىن ئالالايدۇ. مانا بۇ ئاجايىپ ئاجىزلىق - زەئىپانىلىق ئەمەسمۇ؟! بۇ، روھىمىزنىڭ ئۆز ئىچىدىن بارغانچە يىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

روھى سۇنغان خەلقنى قۇتقۇزماق قىيىن، ئۇنى يىقىلغان دەرەخنى ئۆرە قىلغاندەك تىكلەپ تۇرغۇزغىلى، كونا بىنانىڭ ئورنىغا يېڭى بىنا سالغاندەك قايتا قۇرغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، جىسمىنىڭ ئۆرە يۈرگىنى روھىنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ھەتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ.

تايىنىش تەدبىر، تايىنىۋېلىش ئاجىزلىقتۇر.

ناۋادا بىر خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىغا ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىيەلمىسە، باشقىلارنىڭ تارازىسىغا موھتاج بولىدۇ. باشقىلارنىڭ تارازىسى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئۆلچەش ئادىتىگە ئاساسەن لايىھىلەنگەن. تاشقى ئۇچۇرلار ئىچكى مەنىۋى مۇستەقىللىق ئاساسىدا ھەزىم قىلىنمىسا، ئۇ، ئىستېمالچىنىڭ گېنىنى ئۆزگەرتىپ غەيرىي مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئاجىزلىق مەنىۋىيەتتە بولىدۇ.

ھەر قايسى ساھەلەردە بىز يەتمەكچى بولغان خەلقئارالىق سەۋىيە، دۇنياۋى ئۆلچەملەردىكى ئاتالمىش خەلقئارالىق - دۇنياۋىلىقلار ماھىيەتتە دەل غەربنى كۆرسىتىدۇ، غەربچە

# يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تېلېۋىزوردا يەلى - يەلى دېگەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل قويۇلغاندا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى چىشلەشكەندى. مانا ئەمدى كىشىلەر لېۋىنى چىشلەيدىغان بولدى. قارىغاندا، نېرۋىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك غىدىقلىنىشتىن ناركوزلىنىپ، ھېچنېمىنى سەزمەس بوپقالىدىغان ئوخشايدۇ. خۇددى مەلئۇنلار ھەممىگە كۆنۈپ كەتكەندەك. بەلكىم بۇ بىزنىڭ سەنئىتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىناقلىرىمىز بولسا كېرەك ياكى بولمىسا سەنئەتنىڭ شەھۋانىيلىق دەرىجىسى ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ ھوزۇرلىنىشى مۇھىم ئۆلچەممۇ يە؟

نامراتلار بايلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزىچە بىرەر قېتىم سالام قىلىپ قويۇشىنى ئامەت، دەپ بىلىدۇ. بىراق بايلار نامراتلارنىڭ سالىمىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. كۆرمەك قىيىن ئەمەسكى، ئاجىزلارنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىقى پەقەت كۈچلۈكلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشمەكنى مەقسەت قىلىدۇ. موھتاجلىق قۇللۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇخىل مەقسەت ئۇلارنى ئورۇپ تۇرسىمۇ، ئىگىسىگە سۇۋۇنۇپ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ تۇرىدىغان ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ يىل - يىللاپ توپلىنىپ قالغان ھاردۇقىنى،

بىلەلەيمىز، ئەلۋەتتە.

ئاجىزلارنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، كۈچلۈكلەرنىڭ قىلغانلىرىدىن گۇمانلىنىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ھېكمەت بار، دەپ ئويلايدۇ. سەپتىن چۈشۈپ قېلىشنى دوزاخقا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى بىزدە ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ بۇ يەرلەردىمۇ غەربلىكلەرنىڭ داشقىلى ئالتۇن سانىلىدۇ. ناۋادا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بىرەر ئامېرىكىلىق بىرەر پارچە ماقالە ياكى كىتاب يازسا، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، گويا ئۆزىمىزنى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ شۆھرەت ئېگىلىرىدەك ھېس قىلىمىز.

غەرب مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى، غەربلىكلەرنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، ئەركىنلىك، گۈزەللىك، ھايات ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشلىرى، يەكۈنلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ يەردە قانۇنغا خىلاپ بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش سانىلىدۇ. ئۇ يەردە ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسى، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭرى، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ماتائرىپىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن ھەم بۇ ئۇلارغا غايەت زور ئەجايىپ تەجرىبىلەرنى ئەكەلگەن. لېكىن چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىكمۇ، شۇنداقلا ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇقمۇ ئادەمنى مايمۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، ئالدىنقىسى ئورمانلىقتىكى مايمۇن، كېيىنكىسى سېرىكچىنىڭ ئۆگەتكەن مايمۇنى، ئۇ ئىگىسىنىڭ سول قولىدىكى بانانىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، ئوڭ قولىدىكى قامچىنىڭ تەھدىتىدە ھەرىكەتلىنىدۇ.

مەن شۇنداق قارايمەن: ئىنسانلار گۈزەللىك، سەنئەت، مەدەنىيەت دېگەن نىقاب ئاستىدا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئالداۋاتىدۇ. ھازىر ئىنسانلار چوقۇنۇۋاتقان، ياقتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدىغان سەنئەت

بولالىغانلىرى ئىلغار، دۇنياۋى بولىدۇ. سەنئىتىمىزدە مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇ يېڭىچە دادىل سىناقلىرىمىز بىزدىكى بۇ خىل خاھىشنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈنكى كۈندە يەرشارىلىشىش دولقۇنى غەربنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، قىممەت قاراشلىرىنى كەڭ غەيرىي غەرب ئەللىرىگە شىددەت بىلەن ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يازغان كىتاب، ئىشلىگەن كىنو، ئېيتقان ناخشا، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىغا قەدەر ھەممىسى پۈتكۈل دۇنياغا ئورتاق بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كارتېرنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بېرژىنسكى :«ئاممىۋى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى تارقىتىۋاتقان قىممەت قارىشىنى پۈتۈنلەي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، مەدەنىيەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشى دېيىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ تېلېۋىزور جىنايەتنىڭ مەنبەسى»، دەيدۇ ھەم يەنە :«مۇبالىغە قىلماي ئېيتالايمەنكى، ھوللىۋود فىلملىرى ۋە باشقا تېلېفىلىم شىركەتلىرى مەدەنىيەت ئاغدۇرمىچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى تۈزىتىلگەن لايىھىسىنىڭ ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق تارقاتماقتا» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز: خرىستىئانلارنىڭ روژدېستۋو بايرىمى خەلقئارالىق بايرامغا ئايلاندى. كېچىلىك بەزمىخانا، تانسىخانا، ھەتتا كوكاكولا، پادىچى ئىشتىنى، جاز مۇزىكىلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ئەتراپىمىزغا يامراپ كەتتى.

مەدەنىيەتنىڭ يەرشارىلىشىشى ئەكەلگەن ۋەھىمە پۈتكۈل غەيرىي غەرب ئەللىرىگە ئورتاق. تەيبېي سەنئەت ئىنستىتۇتى پروفېسسورى خې خۇەيشۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن يېڭى ئەسىرگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىدە، غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ ئەندىشىسىنى ۋەكىللىك ئەكس ئەتتۈردى. بىز بۇنىڭدىن بۇ ۋەھىمىگە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا دۇچ كەلمىگەنلىكىنى

بولىدىغان ۋاقتىنىڭ بەك قىسقىلىقىنى، شۇڭلاشقا ھەپتە ئاخىرىدا بىر - بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، تەرەققىياتقا پايدىلىق ياخشى ھادىسە، دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىدەك بايان - تەھلىللەرنى ئوقۇدۇم. بۇ مۇتەئەسسىپ قاراشلاردىن خالىي نەقەدەر ئاجايىپ ئىلمىي تەھلىل- ھە! بۇلار پەقەت مېنىڭ ئۇچراتقانلىرىم. سىز قانچىلىك كۆرگەنسىز؟ ئوقۇغانسىز؟ ئۇچراتقانسىز؟ يۇقىرىقىلارنى ئۆز ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت، قىز - ئوغۇللىرىڭىز، كۆرۈۋاتقان تېلېفىلىم، پىلاستىنكىلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردىكى سۈرەت - رەسىملەر بىلەن باغلاپ ئويلاپ كۆرسىڭىز، قانداقراق خۇلاسىگە كېلەرسىز؟

ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، مەسىلىنى بىر نۇقتىدىن كۆزىتىپ، بىرلا نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر تەرەپكە تەڭ نەزەر سالالمىغانلىقىدۇر. ئىنسان بىرلا نەرسىگە دىققەت قىلغاندا، باشقا نەرسىلەر مۇقەررەر دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئاپەت دەل دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغان يەردە. قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ فىزىكىلىرى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ھەرىكەت، خىمىكلىرى ماددا، ماتېماتىكلىرى سان دېگەن. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئۆز كەسپىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خاتا ئەمەس. ئەمما مۇكەممەل جاۋابقا ھەممىنى بىرلەشتۈرگەندە ئېرىشەلەيمىز. ئىسلامىيەت تارىخىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەردى. ئابباسىيە دەۋرىدىكى مولچىلىق كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇپ، تائەت - ئىبادەتتىن بەزدۈرۈۋاتقاندا، بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇنداق جەمئىيەتتىن ۋاز كېچىپ تاغلارغا، چۆللەرگە چىقىپ كېتىپ ئىستىقامەت قىلىشتى،زاھىدلىق ھاياتىنى باشلىۋەتتى. بۇلار كېيىنچە كۆپىيىپ دەسلەپكى سوپىلار مەيدانىغا كەلدى. كېيىنچە روھىيەتنى پاكلاش خاھىشى ئەۋج ئېلىپ، ماددا، بايلىق، تەبىئىي پەنگە سەل قارالدى،

ماھىيەتتە جىنسىي لەززەتنى قاندۇرۇشنى ئۆلچەم قىلغان سەنئەتتۇر. ھازىر گۈزەللىك ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى گۈزەللىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەزگۈلەرنى راھەتلەندۇرەلىشى بىلەن گۈزەللىك سانىلىۋاتىدۇ. بۇ يەر شارىدا ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەم بوپقېلىۋاتقاچقا، سەپتىن قېلىشنى خالىمايدىغان بىزدەك بىچارىلەر ھە دەپ ئارتىسلىرىمىزنى يالىڭاچلاۋاتىمىز.

ھازىر ئامېرىكىدا تۇغۇلۇۋاتقان باللارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نىكاھسىز پەرزەنت (ھارىمى)، (ئائىلە ئېڭىنىڭ ئاجىزلىشىشى ھازىر ئامېرىكىدىكى جىددىي مەسىلە). ئۆتكەندە قايسى بىر گېزىتتىن شىمالىي ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغىنىنى (قانۇندا رۇخسەت قىلىنغىنىنى) نى كۆردۈم. يەنە بىرىدىن ئاتىسىنىڭ ئۆز قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغىنىنى؛ ھەتتا ئۇرۇمچىدە مەلۇم خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تولۇقسىز بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر قىزنىڭ ئەر - ئاياللار بۇيۇملىرى ماگىزىنىدىن ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش بۇيۇملىرى ئېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن مەلۇم بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ دەپ سورىسا، ئۆزۈمگە ئىشلىتىمەن، بۇ بىزنىڭ سىنىپتا نورمال ئىش، دەپ جاۋاپ بەرگىنىنى. نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز؟ دەپ سورىسا، بۇ دېگەن قانداق دەۋر؟ دېگىنىنى. تولۇقسىز 3- يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر جۈپ ئوغۇل - قىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئەر - خوتۇنلارچە ياشاپ كەتكەن خەۋەرلەرنى كۆردۈم. تولۇقسىزدا ئوقۇيدىغان ئىككى ئۇيغۇر قىزنىڭ چاپان سېتىۋېلىش ئۈچۈن نومۇسىنى ساتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن ژۇرنالدىن ھازىر شاڭخەيدە شەنبىلىك ئەر - خوتۇنلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنىنى، بۇنىڭغا شاڭخەيدىكى جىددىي خىزمەت، ئالدىراش تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى، ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرگە

20- ئەسىرنىڭ قەھرىمانلىرى ئىقتىسادىي ماگناتلار بولدى. ناۋادا بۇ ئەسىردە سامۇئېل سمايلىستەك ئەخلاق تەرغىباتچىلىرى، جامالىددىن ئاففانىيدەك دىنىي ئىسلاھاتچىلار مەيدانغا كەلگەن بولسا، ھەرگىزمۇ بېل گېيتىس، ياڭ جيۈەنلەردەك قارشى ئېلىنماس ئىدى. شۇڭا مەن دەيمەن: قۇتۇپلار ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماسلىق ئاپەتنىڭ مەنبەسىدۇر. «ئىشلارنىڭ ياخشىسى، ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر» (ھەدىس).

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار پەن - تېخنىكىغا ئىمان كەلتۈردى. ئىنسانىيەت ئۇچرىغان ھەممە مەسىلىنى ئىلىم - پەن ھەل قىلالايدۇ، دەپ ئىشەندى. پەن - تېخنىكا پرىنسىپلىرىنى تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە مەسىلىلەرگە قەدەر تەتبىقلاپ باقتى. ھەممە نەرسىنى چوقۇم ئىسپاتلاش كېرەك، دەپ قاراپ ئىلىم - پەن ئىسپاتلىيالمايدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمىدى. ئىلىم- پەن ئىنسانلارنىڭ ئاشكارە مەسىلىلىرىگە جاۋاب بەرگەن بىلەن، مەخپىي مەسىلىلىرىگە ئاجىز كەلدى. ئۇ، تەنگە داۋا بولسىمۇ روھقا داۋا، قەلبكە ھىدايەت ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار بارغانسېرى ماشىنىلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. ئامېرىكىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى بېن بوۋىر « ئىلمىي فانتازىيىنىڭ رولى» دېگەن ماقالىسىنى : « ئىلىم - پەن ئۆلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا يارىتالايدۇ، تېخنىكا ئىنسان روھىنى بۇزالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزەلەيدۇ. پەقەت دانا كىشىلەرلا پەن - تېخنىكىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىگە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. قىسقىسى، بارلىق سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇتۇش، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىشتۇر» دەپ ئاخىرلاشتۇرسا، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى رىچارد نىكسون:«بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر

مەنىۋىيەت بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماددىي يوقسۇللۇقى، تېخنىكا قاششاقلىقى توپەيلى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى، ۋەتەنلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى. ئىنسانلاردىكى بۇ خىل قۇتۇپ خاھىشچانلىقى 20 ـ ئەسىردە تېخىمۇ گەۋدىلەندى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، يارىتىلغان غايەت زور ماددىي بايلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە قولايلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق قولاي تۇرمۇش شارائىتى بۇگۈنكى راھەتپەرەس ـ پارازىت ئىنسانلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقتى. ماددىي بايلىق ئارقىلىق كېلىدىغان راھەت ئىنسانلارنىڭ غايىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرى مۇشۇ غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتى. قىيقاس ـ چۇقانلىق جاز مۇزىكىلىرى، ماشىنا ـ ماتورلارنىڭ گۇرۇلدەشلىرىدىن پاك بوپقالغان ئىنسانلار روھىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن چىقىۋاتقان ئىڭراش، نالىلەرنى ئاڭلىيالمىدى. ئامېرىكا جەمئىيىتى يىمىرىلگەن، چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈۋاتقان جەمئىيەت، دەپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ چېكىدىن ئېشىپ، ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ تۆۋەنلەپ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئىزدەيدۇ.

ئامېرىكا جەمئىيىتىنى «كېسەل جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان «كەلگۈسىشۇناسلار» ژۇرنىلى: «غەربنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىزنىڭ روھىي ساغلاملىقىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىزنى بىر يۈرۈش يېڭى ئەخلاق ئۆلچىمى، ئېتىقاد سىستېمىسى قۇرۇشقا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە قىلدى. غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە غەرب جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ «جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى» دەيدۇ («جۇڭگونىڭ يولى»، «جەنۇب گېزىتى» نەشرىياتى، 2002 ـ يىل يانۋار نەشرى).

باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ سەنئەت بۇيۇمى بولغان بىلەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ چىقىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بۇت ئىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ غەربلىكلەرنىڭ خورىغا جور بولمايدىغانلارنىڭ يەر شارىدا تېخى مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلگەندۇ.

غەرب مەدەنىيەت شۇۋىنىزمىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى بىزدەكلەرگە نېمىنىڭ ھەقىقىي كۆچلۈكلۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە يېڭى ئۆلچەم ئەكەلدى. ئىلگىرى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ماددىي نەرسىلەرگە باغلىغانىدۇق، ھازىر بۇلارمۇ بىزنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كۆچلۈكلەرنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمىغان. دەۋر ئۆزگەرسە دەۋرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىدىن كۈتىدىغىنىمۇ ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. ئۇز دەۋرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىگەنلەرلا ھەقىقىي قەھرىماندۇر.

ھازىر ئېيتقىنىمدەك، ئىلگىرى مەۋجۇتلۇقىمىزنى تەرەققىياتقا، پەن ـ تېخنىكىغا باغلىغانىدۇق. ئەمدى ماددىي تەرەققىيات ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى مەنىۋى ساپلىق بىلەن تولۇقلىمىسا، ئۇنداق تەرەققىياتنىڭمۇ بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمىزدە كۆچلۈك روھىي قۇۋۋەت، بۇيۇكلۈككە، ئەبەدىيلىككە تۇتاشقان بىر ئەقىدە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداقلا بۇ ئەقىدىنىڭ ساپلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۇنى لايىقىدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىقتىسادىي كۈچ، پەن ـ تېخنىكىنى ئارقا تىرەك قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىبى پېرىز دىكۇئېلىيار مۇنداق دەيدۇ: «تەرەققىياتنى ھەرگىزمۇ پەقەت ماددىي بەھرىمەنلىك، دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىز ھازىر ماددىي ئىستېمالنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات شەكلىنى كېڭەيتىۋاتىمىز. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن، جانلىقلارنىڭ، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ».

دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت، شۇنداقلا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ باياشاد دۆلەت، بىراق ماددىي جەھەتتە باي بولساقمۇ، روھىي جەھەتتە نامراتمىز» دېگەنىدى.

يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. ئارنولد توينبى: «تارىخ تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا «ئىلگىرى غەرب مەدەنىيىتىدىن تەشۈشكە چۈشكەن دۆلەتلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بېشارىتىنى بۈگۈنكى دۇنيا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شۇنچىلىك كەڭ تارقىلالىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ ھايۋانىي نەپسىگە تولىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىدا. بولۇپمۇ بۈگۈنكى راھەتنى غايە قىلغان كىشىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق.

دۇنيا نەزەرىيە ساھەسىدە، ئەمدى ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئۆز ئارا دوستلىشىدۇ، ئۇچرىشىدۇ، سۆزلىشىدۇ، دەپ قارىلىۋاتقان چاغلاردا، ئامېرىكا سىياسىيشۇناسى خونتىڭتون«دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان«مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشۇشى» دېگەن ماقالىسىدە، بۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ئاساسىي خەۋپ - مىللىي، ئىرقىي توقۇنۇش، ئىقتىسادىي پەرق، نامراتلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشۇشىدىن كېلىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى شەرھىيلەش ئۈچۈن نەچچە ئون دۆلەتكە بېرىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى مەدەنىيەتكە تەۋە خەلقلەردە ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداش ئىستىكى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. خۇددى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئافغانىستاندىكى تالىبانلار پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، سېنىڭ دېيىشىڭغا مانا مەن ئۇسسۇل ئويناپ بېرەي دېگەندەك، ئۇلار بۇددا نى گۇمران قىلىشقا كىرىشتى.

بۇ دەۋردە روھى كۈچلۈكلەرلا ھەقىقىي كۈچلۈكتۇر. شۇڭا دەيمەن: ئۈچاي دېسىڭىز قانات چىقىرىڭ، ئارزۇنىڭ بولغىنىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەم يەنە دەيمەن، سۇ ئۈزەلمەيدىغانلارنى دەريالارغا تاشلىۋېتىڭلار، يا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنسۇن، يا تۇنجۇقۇپ ئۆلسۇن! ھېلىمۇ ئۇلار سۇ ئۈزەلەيدىغان تالايلارنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ھالاك قىلدى. ئۇۋۇ ئۇۋلىيالمايدىغانلارنى جاڭگال - باياۋانلارغا ھەيدىۋېتىڭلار، يا ئۇۋۇ ئۇۋلاشنى ئۆگەنسۇن، يا يىرتقۇچقا يەم بولسۇن.

تەرەققىياتىنىڭ مۇكەممەللىكى تاللاش بىلەن شاللاشنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدا قۇۋۋەت بولمىغان كىشىگە تاشقى قۇۋۋەت ئېغىر كېلىدۇ.

ھەققىقەتنىڭ مىللەت، ئىدىيولوگىيە، مەدەنىيەت، دىن چەكلىمىسى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا باغلىق. بەزىدە مۇسۇلمانلاغا بۇددا نوملىرىدىنمۇ پايدىلىق سۆزلەر ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. «ھېكمەتلىك سۆز مۇئمىننىڭ يىتتۇرۇپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق» (ھەدىس).

بىز ئەمدى مەدەنىيەت، سەنئەت، تەرەققىيات، ئىنسان دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ، قايتا تەبىر بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى بىز ھازىر مۇشۇ ئۇقۇملارنى خاتا چۈشەنگەننىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز. بىز ئىنسانغا ئىنسان دېگەن «سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىنى ياسىيالايدىغان ... ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگەنىدىن بۇيان راستتىنلا ھايۋاندەك ياشىدۇق. ئىنساننىڭ ياشاش مەقستى نېمە؟ دېگەن سوئالغا شەمسىددىن تەبرىزىي: «ئىنسانىي كامىل بولماق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ كامىل ئىنسان بولۇشتىن بۆلەك مەقستى يوق، دەيدۇ. بۇ يەردىكى «كامىل» دېگەن ئىبارە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە ئىنتايىن مول. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ:« ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن» دەيدۇ. ئەلۋەتتە ئۆگىنىپ ئالىم بولغىلى بولغان بىلەن، ئۆگىنىپ ئادەم بولغىلى بولمايدۇ. ئادەم بولۇش بىر مۇشكۈل سەپەردۇر. بۇ سەپەرگە ئاتلانغانلار ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپ ئەمەس.

خې خۇەيشۇ ئەپەندى:«بۇ ئەسىردە ئۈمىدنى ھەمراھ قىل» دەپتۇ، مەن ئەقىدە دەيمەن. مەنچە بولغاندا ئەقىدە ئۈمىدنىڭ ئانىسى.

بولىدىغانلىقىنى، ھازىرقى ئەھۋالنى ياخشىلاش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلىيالىغان. ئۇ كەلگۈسىدە قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى ياكى داڭلىق ئارخىتېكتور بوپقېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇنچىلىك ئاددىي. لېكىن شۇنچىلىك چوڭقۇر.

ئەمدى ئۆزىڭىز ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز ھەققىدە ئوبدانراق بىر ئويلىنىپ بېقىڭ، ھېلىقى مەدىكارغا ئوخشامدىكەنسىز؟ جانباقتىغىمۇ ياكى ئارخىتېكتورغىمۇ؟ بۇ پاكىتنى ئىقرار قىلماي ئامال يوق. كۆپىنچىمىز تامچىلىقنى پەقەت تام قوپۇرۇش دەپلا چۈشىنىمىز. قىلىۋاتقان ئۇقتىمىزگە نىسبەتەن مەزكۇر ھېكايىدىكى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىمىز. ئۆز كەسپىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك جەمئىيىتىمىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك، ئومۇمىيۈزلۈك كرىزىسنىڭ بىرى.

ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ دېگەندەك، زور كۆپچىلىكىمىز كاللىمىز ئىشلىمەي پۇت - قولى ئارام ئالالمايۋاتقانلاردىن. گەپ مۇنداقلا قويۇلسا زاكونغا قايىل بولماسلىقىمىز مۇمكىن . تارتىۋاتقان جاپا بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئۈنۈمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا ھەممە ئايان بولىدۇ. بىر گەپ بولسىلا سوغۇق قان بولماي، بىز تولا ئويلانغان، يەنە دېسەك يەنە شۇ گەپ، دەپ قاراپ نۇرغۇن ئاددىي، ئەمما مۇھىم مەسىلىلەرنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىمىز - دە، كۆپ ھاللاردا شۇ تەتۈرلۈكىمىز بىزنى ئاچچىق نادامەتكە قويىدۇ.

ئەمىسە، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئۆز خىزمىتى، مائارىپ ھەققىدە قانچىلىك ئويلىنىپ باقتى؟ باشقىلىرىچۇ؟ ئېيتايلۇق، ياغاچچى، سەيپۇڭ، تۆمۈرچى، رېمونتچى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، كادىر، ھېسابچى، تەنھەرىكەتچى، يازغۇچى-شائىرلىرىمىز، ئىشچى - دېھقانلىرىمىز ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشقا ئەقىل كۆزىدە قاراپ، تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا، ھازىرقى ئەھۋالنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردىمۇ؟

## نېمىشقا ئويلانمايمىز

بىر مۇتىۋەر يولدا كېتىۋېتىپ يول بويىدا ئۈچ ئادەمنىڭ تام قوپۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلاردىن:

– نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ دەپ سوراپتۇ. بىرى:

– تام قوپۇرۇۋاتىمەن، – دەپتۇ. ئىككىنچىسى:

– پۇل تېپىۋاتىمەن، – دەپتۇ. ئۈچىنچىسى:

– ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بىر ئۆي سالماقچىمەن، – دەپتۇ.

ھېكمەتنى ئۆزىگە تەتبىقلايدىغان كىشىلەر بۇ ھېكايەتتىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىدۇ: بىرىنچىسىنىڭ نەزىرىدە تام قوپۇرۇش خىشنى لاي بىلەن ئۈستى-ئۈستىلەپ چاپلىسا بولىدىغان بىر ئىش، كاللا ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ چۈشەنچىسى بىلەن ئۆمۈر بويى سۇۋاقچىلىق، تامچىلىق قىلىپ، خەقكە مەدىكار ئىشلەپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىسى، ئۆز ئەمگىكىنىڭ ئاز - تولا قىممەت يارىتالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسىمۇ، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ قىممەت ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەن. ئۇ، تاپقىنى ئۆزىدىن ئاشمايدىغان، جانباقار، كىشىلەرگە يا پايدىسى يوق، يا زىيىنى يوق ئادەملەردىن بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىسى، قىلىۋاتقان كەسپىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن، قانداق قىلغاندا ئۆز ئىشىنى تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى

كىچىك چەمبەردىكى سىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىڭلار، چەمبەرنىڭ سىرتىدىكىسى بولسا، بىزگە نامەلۇم نەرسىلەر. قاراڭلار، چوڭ چەمبەرنىڭ نامەلۇم نەرسىلەرگە تېگىشىپ تۇرغان يۈزى كىچىك چەمبەرنىڭكىدىن چوڭ. دېمەك، بىلىدىغانلىرىم كۆپەيگەنسېرى، بىلمەيدىغانلىرىممۇ شۇنچە كۆپىيىپ ماڭىدۇ، دەپتۇ.

ھېكمەت ئاشكارىدۇر. ھېكمەتنى پىنھاندىن ئىزدەپ يۈرىدىغان كىشىلەرگە ھەيرانمەن. بىزدە ئوقۇتقۇچى شۇنچە كۆپ. بۇلاردىن قانچىسى مائارىپىمىزنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىپ ھەقىقىي پېداگوگ، مائارىپشۇناسلارغا ئايلىنالىدى؟ بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولسىمۇ، باشقىلار ئۆرنەك ئالغۇدەك قانچىلىك ئوقۇتۇش تەجرىبىسى يەكۈنلىيەلىدى؟ نۇرغۇن تالانتلىق تەنتەربىيىچىلىرىمىز ياشىنىپ قالسا، دەرۋازىۋەن، زاپخوز بولۇپ، قانچىلىكى پىشقان مەشقاۋۇل بولالىدى؟ سەيپۇڭلىرىمىز بىر ئۆمۈر تۆت-بەش شاگىرت يىغىپ كىيىم تىكىپ، ياماق ياماپ ئۆتۈپ كەتتى، قانچىسى مۇستەقىل بىرەر كىيىم تىكىش كارخانىسى قۇرالىدى؟ ۋېلىسىپىت رېمونتچىسى موتسىكلىت رېمونتچىسىغا، موتسىكلىت رېمونتچىسى ماشىنا رېمونتچىسىغا ئايلىنالىدىمۇ؟ بىرەرى رېمونتچىلىق زاۋۇتى قۇرالىدىمۇ؟ ھوقۇقنى دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ئەمەس، مەجبۇرىيەت ئادا قىلغانلىق دەپ چۈشەنگەن ئەمەلدارلار قانچىلىك؟ دېھقانلىرىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دېھقانچىلىق قىلىپ كەلدى، دېھقانلاردىن چىققان يېزا ئىگىلىك ئالىمى قانچىلىك؟ قەلەمكەشلىرىمىزدىن قانچىسى نېمە ئۈچۈن يېزىۋاتقىنىنى چۈشىنەر؟ ئەدىبلىرىمىزدىن ئەلگە روھىيەت بايرىقى بولالىغانلار قانچىلىك؟ ئەگەر قەلەم ھەققى بېرىلمىسە، ھازىرقى قەلەمكەشلىرىمىزدىن يېرىمى قالارمۇ؟...

مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز، بۇ ماھىيەتتە كالىلىمىزنىڭ ئىشلىمەيدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كالىلىمىزنى ئىشلەتمىگەنلىكىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ.

دىققىتىمىز ھەمىشە يىراقتىكى غۇۋا نەرسىلەردە بولغاچقا، پۇتىمىزدىكى تاشلارغا پۇتلىشىپ يۈرىمىز. بىزگە ئەڭ يېقىن نەرسىلەر ھەمىشە نەزەرىمىزدىن ساقىت. خۇددى ئادەم ھەر دائىم باشقىلارنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك. شۇڭلاشقا، مەسىلىلىرىمىز دۆۋىلىنىپلا تۇرىدۇ.

— مانا، سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقلىرىمىز شۇنچىلىك ئاددىي، لېكىن شۇنچىلىك ئەجەللىك.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىزگە ھەمىشە يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، باش قاتۇرۇش دائىرىمىزنىڭ سىرتىدا قالغان . ئەمەلىيەتتە بىز كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارغا بىزگە پايدىلىق نۇرغۇن نەرسىلەر يوشۇرۇنغان. پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئىش، ۋەقە،بىر تال يوپۇرماق، بىر تامچە سۇغا قەدەر ھەممە نەرسە بىر ھېكمەتلىك دۇنيانىڭ ئىشىكلىرىدىن ئىبارەت. بىراق بىز ھەمىشە ھېكمەتنى باشقىلاردىن ئىزدەپ، قوبۇل قىلىپ كۆنۈپ قالغاچقا، ئۆز قولىمىزدىكى ھېكمەت ئىشىكلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى تونۇيالماي يۈرىمىز. ئويلانماسلىقىمىز ھەرگىزمۇ ھەممىنى بىلىپ بولغانلىقىمىزدىن ئەمەس. ئۆزۈم كىچىك، ئەقلىم چولتا بولسىمۇ، ياشاش تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى چۈشەندىمكى، بىلىۋاتقانلارلا ئويلىنىدىكەن، ئويلانغانلارلا تېخىمۇ كۆپ بىلىدىكەن. بىلمىگەنلەرلا ئويلانمايدىكەن. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قەدىمكى يۇناننىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك ھېكايىتىنى قىستۇرغۇم كېلىپ قالدى:

بىر مەشھۇر پەيلاسوپتىن شاگىرتلىرى سوراپتۇ:

— ئۇستاز، سىز شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىسىز، لېكىن يەنە توختىماي ئۆگىنىدىكەنسىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

پەيلاسوپ يەرگە چوڭ چەمبەردىن بىرنى، كىچىك چەمبەردىن بىرنى سىزىپتۇ ۋە چوڭ چەمبەردىكى مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم،

ئۆگىنىۋاتقىنى بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلىسە، تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان، ئۆزىنىڭ ماگىستىرلىقىغا قانائەت قىلىپ ئارمىنىمغا يەتتىم، دەپ يۈرگەن بولسا، تېۋىپلىرىمىز نوقۇتنى ھاۋانچىدا تالقانلاپ يۈرگەن، ئۆزىمۇ مەلۇم خىزمەت ئورنىدا تەتقىق قىلمەن، ئىلغار بولىمەن، دەپ يۈرگەن بولاتتى. ئۇ چاغدا ھازىرقى ئارمىنى ئىشقا ئاشامتى؟!

يېقىنقى 500 يىلدىن بۇيانقى ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى غەربتىن چىققانلىقى ھەممىمىزگە ئايان . ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئالىم-كەشپىياتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈزۈكرەك مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ئىشچى - ھۈنەرۋەنلەردىن ئىبارەت. بۇ يەردە پەقەت ھور ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغان ۋات، پاراۋۇزنى كەشىپ قىلغان ستىۋېنسونلارنىلا تىلغا ئالدۇق، مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇمىغان ئېدىسون، لومونوسوفلارنى نېمە دەيمىز؟ ماكس ۋېبىر: «يېقىنقى زامان غەرب دۇنياسى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ مەھسۇلى» دېگەنىدى. بۇ يەردىكى پەرق غەربلىكلەرنىڭ باشقا غەيرىي غەرب ئەللىرىگە قارىغاندا، پىكىر قىلىش، كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر بولغانلىقىدا، ئىجادىيلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى قۇدرىتىنىڭ ماھىيەتلىك دەسمايىسىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسى، پەزىلىتى، خاراكتېرى، خىسلىتى شۇ مىللەتنىڭ رېئال ئەھۋالى، ئىستىقبالىنى زور دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ. ئۇيۇشۇپ بولغان مۇقىم پىسخىكىنىڭ مىللەتكە بولغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر. بۇ خىل پىسخىك قۇرۇلما شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە ئاستا - ئاستا يىغىلىپ نىسپىي تۇراقلىق ھالەتكە كېلىدۇ. دېڭىز بويى خەلقلىرىنىڭ

بىزدە ئۆز كەسپىنىڭ ئەھمىيىتى، ئىجتىمائىي قىممىتى، ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلىنىدىغانلار، شۇ ئويلىنىشتىن يول تېپىپ گۈللىنەلىگەنلەر، نەتىجە قازانغانلار بەك ئاز. ئارىمىزدا نەتىجە قازانغانلارنىڭ ئاز بولۇشى قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ناچارلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى شۇ كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى ھەققىدە ئويلانمىغىنىدىن . ھېچقانداق پۇرسەت بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى پۇرسەت بايقالماي قالىدۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ بىخۇدلۇقى تۈپەيلىدىن بارماق چىشلەپ قالىمىز.

بىر دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر ئالتۇن كېنى بايقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر دەريادىن ئۆتۈپ ئالتۇن قېزىشقا بەس-بەستە ئاتلىنىپتۇ. ئىككىيلەن ئالتۇن قازغىلى بارماي، دەريادا كېمە بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ.

پۇرسەت دېگەن دەل شۇنداق نەرسە.

— بىر - بىرى بىلەن قوشنا ئىككى ئۆگرىخانا بار ئىكەن. تاماقلىرىنىڭ سۈپىتى، مۇلازىمىتى ئوخشاش ئىكەن. بىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ئاۋۋال سول تەرەپتىكى ئۆگرىخانىغا كىرىپتۇ. كۈتكۈچى ئۇنىڭدىن ئۆگرىگە تۇخۇم سالايمۇ، دەپ سوراپتۇ.

— بولدى، سالماڭ.

ئاندىن ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئۆگرىخانىغا كىرىپتۇ. كۈتكۈچى ئۇنىڭدىن ئۆگرىگە تۇخۇمدىن ئىككىنى سالايمۇ، بىرنىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— مەيلى،بىرنى سېلىڭ.

سەۋەبىنى چۈشەنگەنسىز . بۇنداق كاللا ئىشلىتىشكە ئالىي مەلۇمات، يۇقىرى بىلىم - سەۋىيە كەتمەيدۇ.

ناۋادا رادىل ئابلا (ئارمان شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى) شاڭخەيدە ئوزۇقشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۆزىنىڭ

ئەسىرلەپ ئالدىيالايدۇ)، بىراق ماھىيىتى يەنىلا بىر. چۈنكى، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىجراچىسى، ئوبيېكتى بىر - بىرى بىلەن يىلتىزداش ئىنسان. ئەسىرلەپ ئىلگىرىكى دانىشمەنلىرىمىز ئېيتقان دۇردانىلەرنى ھازىرمۇ قەدىرلەپ ئاڭلاپ ئەمەل قىلىۋاتامدىمىز؟ مۇسۇلمانلارمۇ 14 ئەسىر بۇرۇنقى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھازىرمۇ مۇقەددەس بىلىپ، تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلىپ ياشاۋاتامدۇ؟ ئېينىشتېينمۇ:«ماگا نىسبەتەن مېنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمدىن يەنىلا مۇسا، ئىيسالارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى ئەلا» دېگەنىكەن.

ۋۇجۇدىمىزدا ھېسسىياتنىڭ ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى داۋۇت ئوبۇلقاسىم:«تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز» (بۇ ماقالە شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىلى 2-سانىغا بېسىلغان). دېگەن ماقالىسىدە تولىمۇ قايىل قىلارلىق شەرھلەپ ئۆتكەن. دېمىسىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىزدە «قۇتادغۇبىلىك»نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەفلاتونىڭكىدەك «غايىۋى دۆلەت»، ئارىستوتىلىڭكىدەك «سىياسىيشۇناسلىق»، مورنىڭكىدەك «ئوتوپىيە»، رۇسسونىڭكىدەك «ئېمىل»، «ئىنسانىيەت تەگسىزلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسى»، سارترىنىڭكىدەك «مەۋجۇدىيەت توغرىسىدا»، گېگىلىنىڭكىدەك «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيە»، نېتزىنىڭكىدەك «ھوقۇق ئىرادىسى» (يەنە باشقا كانت، شوپېنخائۇئېر، ۋولتېر، دېكارت، ماخ، جون دېۋېي، يېقىنقى زاماندىكى ماكس ۋېبېر، سپېنسېر، ئېمىل دۇركېم، ئارنولد توينبى، روسسېللارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالمىدۇق) دېگەندەك يىرىك پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدىمۇ؟ ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ فارابى، يۈسۈپ خاس

پسىخىكىسىنى چۈل خەلقلىرىنىڭكىگە، مۇستەملىكە مىللەتنىڭ
پسىخىكىسىنى ئەركىن مىللەتنىڭكىگە،تېرىقچىلىق بىلەن مۇقىم
ھايات كەچۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىنى سۇ، يايلاق
قوغلىشىپ ياشىغان مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسىغا ئوخشاتقىلى
بولمايدۇ. بۇ خىل نىسپىي مۇقىم پسىخىكا شۇ مىللەتنىڭ ھەر خىل
ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك
قىلىدۇ ۋە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى،
ئۇنۇمىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل پسىخىك
ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇن ساقلاپ قېلىشقا، قەدىرلەشكە
تېگىشلىك ئاجايىپ گۈزەل خىسلەتلەر، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان،
مىللەتنى زاۋالەتكە، قارا كۈنگە باشلايدىغان نىجىس خىسلەتمۇ
بولىدۇ. بۇ يەردە بايانىمىز گۈزەل خىسلەتلىرىمىز ئۈستىدە ئەمەس،
بەلكى بىزنىڭ مەنۋىيىتىمىزگە چۈشكەن ۋابا، ئاتا مىراس
خىسلەتلىرىمىز- ئەقىل نامراتلىقى ئۈستىدە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ
بەھس قىلىنمىغان تېما ئەمەس. لېكىن، كىشىلىرىمىز ئۇنتۇپ
كېتىپ تېخىچە تاشلىۋېتەلمىگەن خىسلەتتۇر. ھەقىقەتلەر شۇنىڭ
ئۈچۈن تەكرار-تەكرار سۆزلىنىۋېرىدۇكى، ئىنسان ھەمىشە ئۇنى
ئەستىن چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنى تەكرارلاش تەقەززاسىنى پەيدا
قىلىدۇ. ناۋادا ئىنسان ئۇنتۇغاق بولمىغان بولسا، خۇدامۇ بىر
پەيغەمبەر بىلەن كۇپايىلەنگەن، كۈندۈزى ماڭىدىغانلار ئۈچۈن
قۇياشنىلا يارىتىپ، كېچىسى ماڭىدىغانلارغا ئاي، يۇلتۇزلارنى
ياراتماس ئىدى (ئەلۋەتتە، دانالار ئىنسانىيەت زۇلمىتىدىكى
يۇلتۇزلاردۇر). دۇنيادا ھەقىقەت بىر خىللا بولىدۇ. پەقەت ئۇ
تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئوخشىمىغان ماكان، زاماندا پەرقلىق
ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئوخشىمىغان ئاتالمىش قىممەت قاراش،
پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە مەۋقەلىرىدە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ھەرخىل
بولسىمۇ(بەزىدە جاھالەتمۇ ھەقىقەتنىڭ تونىنى كىيىپ، كىشىلەرنى

قانداق بىر پەتىۋاغا سۆزسىز باش ئەگدۇق. تا بۈگۈنگە قەدەر يالغان پەتىۋالارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەلمەكتىمىز. باشقىلارنىڭ دېگىنىنى دەلىلەپ باقمىدىغان تەجرىبىچىلىك روھى بىزدە بولمىغاچقا، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر: «پۈتكۈل دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىغا خاستۇر» دېسە، ھېچكىمدىن پەيغەمبىرىمىز: «سىلەرگە قارا قۇل باشلىق بولسىمۇ، گېپىنى ئاڭلاڭلار» دېگەن دەپ؛ ئاتالمىش ئۇلۇغ زات، پىرلاردىن دۇئا - تەلەپ قىلىپ، مازار - ماشايىخلاردىن مەدەت تىلەپ، ئۇلارغا سېغىنىپ يۈرگەندە، كۈندە ئوقۇيدىغان 32 رەكئەت نامازدىكى سۈرە پاتىھەدە: «(رەببىم) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز»، دەپتىكەنغۇ دەپ؛ مەخدۇم ئەززەم: «كىشى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ» دېگەندە، ئاللا قۇرئاندا: «سىلەرگە رىزقى قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەرنى كىم ھارام قىلدى؟ ئىززەت - ھۆرمەت پەقەت ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، مۆمىنلەرگە خاستۇر» دەپتىكەنغۇ دەپ؛ ئافاق خوجا: «بىرەر كىشى دىنىنىڭ پۈتكۈل ئەركانلىرىنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر پىر، ئەۋلىياغا قول بەرمىسە، ئىشەنمىسە گۇناھكار بولىدۇ، قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ»، دېگىنىدە، بۇ گەپ ئاللا بىلەن بەندە ئارىسىدا ۋاسىتىچى بولمايدۇ، دېگەن ئەقىدىگە خىلاپ دەپ ھېچقانداق سادا چىقماي، خەلق يەنىلا ھەممىنى ھەق بىلىپ يۈرۈۋەردىغۇ؟!

مىللەتنىڭ ئەقىل پىرامىداسى شۇ دەۋردىكى مىللەت ئاقىللىرىنىڭ ئاز- ئازدىن ئەمگەك قوشۇشى ۋە سىرتتىن پايدىلىق جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىشى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. ناۋادا ئۇنداق ئاقىللار بولمىسا، مىللەتنىڭ روھى ئۆزىنىڭ روھى بولالمايدۇ، بۇنداق روھ پاھىشىنىڭ تېنىگە ئوخشاش ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولمايدۇ. بۇ خىل روھ خۇددى زەيكەش يەردەك سۇپەتلىك ئۇرۇقنىمۇ

ھاجىپ، ئىبن سىنا، ئەلىشىر نەۋائى، ئابدۇقادىر داموللاملاردىن باشقا جالالىددىن رۇمىي، ئىبنى تەيمىيە، غەززالى، ئىبن رۇشد، ئەھمەد يەسەۋى، مۇھەممەد بىن ئابدۇلۋەھھاب، جامالىددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇ، ئىسمائىل بەگ غەسفىرىنسكى، مۇسا جارۇللالاردەك پېشۋالار ئەمەس (مەھەللىۋى زاتلارنى ساناپ يۈرمىدۇق)، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىرىم، مەخدۇم ئەززەم، خوجا ئىسھاق ۋەلى، ئاپاق خوجا، دانىيال خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، ۋەلىخان تۆرىلەردەك جاھالەت پىرلىرى مەيدانغا كەلدى ئەمەسمۇ؟

شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، ئەدەبىياتىمىز خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك رېئال ھالقىلىق مەسىلىلەردىن ئىزچىل ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى.چاينالغان تېمىلار قايتا-قايتا چاينالدى. بىراق بىزدە بۇنداق ئەسەرلەر يەنىلا بازارلىق بولىۋەردى. «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «پەرھاد - شېرىن» قېلىپىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكى ئەدىبلىرىمىزگە ئايان. خۇددى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇھەببەتلىشىشتىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك ئىش يوقتەك. قارىغاندا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا دېگەن ماقال بىزدە بىكارغا چىقمىغان ئوخشايدۇ. ئەدەبىياتىمىز خەلقكە پەقەت تەسەللى شەربىتى ئىچكۈزۈپ پەپىلەپلا كەلدى. يىغلىتالىدى، كۈلدۈرەلىدى، لېكىن ئويلاندۇرالمىدى. ئۇلۇغ ھەرىكەتلەر ئويلىنىشتىن چىقىدۇ، ناۋادا يىغىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولسا، ئاياللار مەقسىتىگە يەتكەن بولاتتى . كەيپىيات خۇددى پاخال ئوتىغا ئوخشايدۇ، گۇررىدە كۆيىدۇيۇ، ھارارىتىنى ھېس قىلىپ بولغۇچە ئۆچىدۇ. كۆپچىلىكىمىزدىكى ئوت دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئېھتىمال تارىختا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ شەكلەن قوبۇل قىلغان بولساق كېرەك، ساددىلىقىمىز، ئەخمەقلىقىمىز(قوبۇل قىلغانىنى چۈشەنمىگىنىمىز) تۈپەيلىدىن ئىسلام نامىدىكى ھەر

خاتالىق سادىر قىلماسلىقتىنمۇ ياخشى. ئۇ بىزگە زۆرۈر قاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئېھتىياجنىڭ نېمىلىكىنى تونۇتۇپ، تەپەككۇر خىياللىرىمىزنى تاغنىڭ كەينىدىكى باغدىن كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا ئەكېلىدۇ.

ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئويغىنىشى ئۇنىڭ ھاياجانلانغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەقلىنىڭ ئاجايىپ بىر چوڭقۇرلۇقتا كۆز ئاچقىنىدۇر. ئەقلىنىڭ سىلكىنىپ ئويغىنىشى خۇددى قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىشىغا ئوخشايدۇ. غەزەپلەنگەن بۇقىنىڭ غەزىپىنى بېسىشقا بىر باغلام بېدە كېتىدۇ. غالجىرلاشقان ئىتقا سۆڭەك تاشلاپ بەرسە جىمىيدۇ. خاپا بولغان خوتۇنغىمۇ ئىككى - ئۈچ ئېغىز شېرىن سۆز كۇپايە. لېكىن، ئەقىل ئوخشمايدۇ، ئۇ سۈكۈت قىلىدۇ.

ھېسسىيات يېتەكلەۋاتقان جەمئىيەتتە ھەقىقەتنىڭ نوپۇزى بولمايدۇ، پىتنە - پاسات، بۇزۇق ئىدىيە، يولسىز ئەقىدە ئاسان بازار تاپىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدا مۇستەقىل تەپەككۇر، ئۆزىگە خاس چۈشەنچە بولمايدۇ. ئۇلار خۇددى قاچىغا ئوخشايدۇ: سۈت قۇيۇپ قويسىمۇ ساقلايدۇ، سىيىپ قويسىمۇ ساقلايدۇ، ئەقىدە - ئىدىيەلەرنى ئىچ كىيىم يەڭگۈشلىگەندەك پات - پات يەڭگۈشلەپ تۇرىدۇ. بۇلارنى بۈگۈن مەسچىت سالدۇرغىلى، ئەتە چاقتۇرغىلى، بۈگۈن قۇرئان كۆيدۈرگۈزگىلى، ئەتە يادلاتقىلى بولىدۇ.« ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى كىتابنى ئوقۇمايدۇ، ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ» (قۇرئان كەرىم: سۈرە بەقەرە 78- ئايەت). بۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 60 قا يەتسىمۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ياشانغان دانىشمەنلەرگە خاس ئېغىر - بېسىقلىق، ئاقىل- دانالىقنى، سوغۇق قانلىقنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇلار ئارقىدا قالسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاستا ماڭغىنىدىن كۆرمەي، باشقىلارنىڭ تېز ماڭغىنىدىن كۆرىدۇ،

كۆيدۇرۇۋېتىدۇ.

مىللەت روھىنىڭ يىگىلىشى ئاۋۋال ئېتىقادقا قۇرت چۈشۈش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇمۇ ئەقلىنىڭ گاللىشىپ، ئېتىقادقا چۈشكەن قۇرتلارنى تازىلاپ تۇرمىغانلىقلىقىدىن بولىدۇ. ئەقىل ساغلام بولمىسا، ئۆز ئىگىسىگە پايدىلىق ئېتىقادنى توغرا تاللىيالماي، ئىگىسىگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ. بىزدە دەللەش، تەجرىبىچىلىك روھىنىڭ بولماسلىقى بىزنى بارغانسېرى ئۆزىمىزنىڭ رېئال مەسىلىلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىش، ئۇنى ھەل قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئالدىمىزدىكى تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلاي دەيدىغان جۇرئەتنى، تاغنىڭ كەينىدە باغ بارمىش دەيدىغان رىۋايەتلەرگە مەستۇ مۇستەغراق بولۇپ، شۇ باغنى كۆڭلەرنىڭ بىردە بىرسى ئۆز يۇرتىغا بىرەر كىمنىڭ بەرپا قىلىپ بېرىشىنى تەمە قىلىپ يۇرۇيدىغان خىيالپەرەسلىككە ئالماشتۇردى.

بىز ھەدېسىلا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى شۇ دەۋر شارائىتىغا دۆڭگەپ، ئۆزىمىزنى پەردازلاشقا تولىمۇ ئۇستا. ئەقىللىق كىشىلەر خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئاۋۋال ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ، ئاندىن نەزىرىنى سىرتقا ئاغدۇرىدۇ. لېكىن بىز ئاتالماس ئوقىدىن، چىچالماس پوقىدىن دېگەندەك ئۆزىمىزگە قىلچە ئالمايمىز. شۇنى سەل چاغلىماسلىقىمىز كېرەككى، خاتالىق - سەۋەنلىكلەر ئالدىدا ئاۋۋال ئۆزىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ بېقىش ئاقىلانە ئىشتۇر. بۇ بىزنى شۇ خاتالىقنى تەكرارلاشتىن ساقلايدۇ ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئۆيىنىڭ پاكىز تۇرۇشى ئەخلەت تاشلانمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پات-پات تازىلىنىپ تۇرغانلىقىدىندۇر. ئادەمنىڭ ئۆزىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ تازىلانماي قالغان ئۆيدەك بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

يېتەرسىزلىكىنى، خاتالىقىنى سەممىي بويىنىغا ئېلىش

قالماسلىق مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئويغىنىپ تۇرۇش تامامەن مۇمكىن .

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەسىر ئاجىزلارنى ساقلاپ تۇرىدىغان، رەھىم قىلىدىغان ئەسىر ئەمەس. بۇ ئەسىر بىلىمسىزلەرگە نىسبەتەن خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەمدى چۈشكەن زېمىندەك ناتونۇش. دېمەك، يېڭى ئەسىر غالىبلىرى ئەمگەكنى كۆپ قىلىدىغانلار ئارىسىدىن ئەمەس، ئەمگەكنى ئاقىلانە قىلىدىغانلار ئارىسىدىن چىقىدۇ. بىزنىڭ باشقا ساھەدىكى نەتىجىلىرىمىزنىمۇ نۇرسىزلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي كىرىزىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغىنى دەل بىزدىكى ئەقىل نامراتلىقىدۇر. ئىش+ئەقىل=ئۈنۈم دېگەن قائىدە ھەرگىز يېڭى بايقالغان ھېكمەت ئەمەس. ئىنسانىيەت سەھنىسىنىڭ باش رولچىلىرى ھامان ئاقىللاردىن بولۇپ كەلدى. ئاللامۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىنغا خەلىپە قىلىشتىن ئىلگىرى ھەممە نەرسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ ئاندىن تەيىنلەپتىكەن. ئېھتىمال بۇ بىلىملىكلەرلا زېمىنغا ئىز باسار بولۇشقا لايىق، دېگەنگە ئىشارە بولسا كېرەك.

ھاياتلىق خاتالىق سادىر قىلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. ھاياتلىقتىكى كۈچلۈكلەر خاتالىق سادىر قىلمىغانلار ئەمەس، خاتالىقنى باشقىلاردىن بالدۇر بايقاپ تۈزەتكەنلەر. چۈنكى، خاتالىقنى تۈزىتىش خاتالىق سادىر قىلمىغانغا ياكى يەنە سادىر قىلماسلىققا باراۋەر. «ئىنسان خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئەڭ ياخشىلىرى تەۋبە قىلىپ تۈزەتكەنلەر» (ھەدىس).

دېمەك، ئەقىلدىن مەھرۇم قېلىشىمىز بىزنىڭ ئەڭ ئەجەللىك خاتالىقىمىزدۇر. دەرۋەقە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سوغۇق قانلىشىپ، ئاقىلانىلىشىپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىزمۇ ھېسسىياتىمىزدىن بىر مەزگىل بۇزۇق ئەر ئاشنىسىدىن ئايرىلىشقا قىيالمىغاندەك قىيالمايمىز. ئەلۋەتتە، ھېسسىياتسىز ئادەم ئادەم ئەمەس، ئۇ بىر ماشىنا. ئەقىلسىز ئادەممۇ بەئەينى چاھارپايدۇر. بىزدە

مېڭىسى بار ئويلىمايدۇ، كۆزى بار، ئەمما كۆرمەيدۇ، قۇلىقى بار ئاڭلىمايدۇ، قەلبى بار، ھېس قىلمايدۇ. بۇلار دېڭىز دولقۇنى ئارىسىدىكى يەلكىنى يوق كېمىگە چىقىپ قالغان كىشىلەردۇر. تاكى ئەقلىگە ماغدۇر كىرىپ بولغۇچە دېڭىزدا مەقسەتسىز لەيلەپ يۈرىدۇ. بۇ يەردە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىسى مۇھىم ئىش ئەمەس. بىر قارىسىڭىز شۇنداق قايناق، بىر قارىسىڭىز ھەممە ئۇيقۇدا. بۇ جەمئىيەتتە باتۇرلۇق بولىدۇ، بۇ تولىمۇ ئەخمىقانە، بۇلاردا كۈلگۈنچەك بىلەن يىغلاڭغۇ كۆپ. بۇلار يېڭىلىق بولمايدىغان نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ.

رېئاللىق ئۆزىدىن قاقشاپ يۈرگەن زەيپانىلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ. رېئاللىقتىن پايدىلىنالمىغانلار رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ پەقەت ئەقىللىقلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئەقلىي روھنىڭ يېگىلىشى بىر مىللەتنىڭ كۈچىنى خۇددى خىروئىندەك خورىتىۋېتىدۇ، بېھۇدىلىك تولىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇ بىر جەمئىيەت ئۇيقۇسىنىڭ داۋاملىشىشىدىن بېشارەتتۇر. ئەقلىي روھتىن مەھرۇم خەلق ئۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكىنىنى ئادەم ئۆزىنىڭ سائەت نەچچىدە ئۇخلاپ قالغىنىنى ئېنىق بىلەلمىگەندەك بىلەلمەيدۇ. ھاياتلىقلا بولىدىكەن، ئۇيقۇدىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇخلىمايدىغان ئادەم بولمىغاندەك، ئۇخلاپ قالمايدىغان جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى پات ـ پات ئويغىنىپ يۈز-كۆزىنى چايقاپ سەگىدەپ تۇرۇشى، ئەتراپىغا زەن سېلىپ بېقىشى زۆرۈر.

بىر جەمئىيەتنىڭ سەرگۈزەشتىمۇ بىر ئادەمنىڭ سەپىرىگە ئوخشايدۇ. ئادەم ئاتتا ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنى قولىدىن چىقىپ كېتىشى، ئات ئۇنى باشقا يوللارغا باشلاپ كېتىشى مۇمكىن (چۈنكى ئەڭ قاباھەتلىك ئىشلار ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا يۈز بېرىدۇ). ئادەم ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئويغىنىپ، ئات تىزگىنىنى تارتىپ تۇرمىسا، ئۇ بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ كېتىدۇ. دېمەك، مۈگدەپ

# ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ

تارىخنى ۋاراقلاپ باقسام، تارىخنىڭ يىللىرى يېزىلماپتۇ، لېكىن ھەر بىر ۋارىقىغا ۋاپا، ئىنساب، ئەخلاق، ساخاۋەت، دېگەن خەتلەر ئەگرى - بۈگرى يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تارىخنى تۈن ھەسسىسىگىچە دىققەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن، خەتلەرنىڭ ئارىلىقىداچۇشۇپ قاپتۇ، پۈتۈن كىتاب بويىچە يېزىقلىق تۇرغان ئادەم يېيىش دېگەن خەتنى كۆردۈم. «سەۋدايى خاتىرىسىدىن».

لۇشۈن ئەپەندى4000 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئادەمدەك ياشايەن دەيدىغانلارنى يەپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، سەۋدايى خاتىرىسىنى يازغانىدى. ئىلگىرىكىۇ ئۇلار گۆش يەپتىكەن، ھازىر بولسا كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ روھىنى، ئىپپىتىنى، ئەخلاقىنى يېمەكتە. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇ چاغدىكى پاجىئەدىن قېلىشمايدۇ. ناۋادا لۇشۈن ئەپەندى ھازىر بولغان بولسا، يەنە نېمە خاتىرىسىنى يازار ئىدى؟

ھېچكىم خاتالىششنى خالىمىسىمۇ، توغرىلىقنى ئىزدىسىمۇ، خاتالىشش ئىنسانلارنىڭ دائىملىق تەقدىرى بولۇپ كەلدى. ئادەملەر ئەزەلدىن بەختكە ئىنتىلدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن تالاي بەدەللەر تۆلىدى، لېكىن بەختنىڭ قەيەردىلىكى، ھەتتا ئۇنىڭ زادى نېمىلىكى ھازىرغىچە بىر سوئال پېتى تۇرۇپتۇ. بەخت تارىختىكى بارلىق پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلارنىڭ بەھس تېمىسى، لېكىن كىشىلەر

ھەر ئىككىلىسى بولۇشى، مۇۋاپىق تەڭشىلىشى كېرەك. ئۇيلىنىش ھەممىنى ھەل قىلالمايدۇ، بىراق ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەقىل بازارلاردا سېتىلمايدۇ، پوكەيلەردە تېپىلمايدۇ. «ئۇ ئاللا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى»(ھەدىس).

دېگەنلىرىم چېكىدىن ئاشقان ئەقىلچىلىكنى تەرغىب قىلغانلىق ئەمەس. ئادەم ئەقىل بىلەن ھەقىقەتنى تاپىدۇ، يەنە ئەقىلدە چېكىدىن ئېشىپ ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ھەقىقىي ئاقىللار دەل شۇ ئارىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالىغانلاردۇر.

ئىنسانلارنىڭ توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلدى. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىشى، ئىلگىرى سىرلىق بىلىنگەن ئىشلارنىڭ جاۋابىنى بىر-بىرلەپ تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىگە، تەبىئەتكە، دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئىنسانلار ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەك ئاجىز ھېس قىلمايدىغان بولدى. تېخنىكا ئارقىلىق قولغا كەلگەن، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك مۆجىزىلەر كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. شۇ جەرياندا تېخنىكا تېخنىكىنى، بايلىق بايلىقنى، ئېھتىياج ئېھتىياجنى تۇغدى. ئىلگىرى ئىنسانلار ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايتتى، ھازىر ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ خوجايىنى، دەپ قارايدىغان بولدى. بۇ قىياس - سۈرەتكە تولغان ئىلگىرىلەش ئىچىدە ئىنسانلار ئاستا - ئاستا ئەمەلىي، ماددىي ئۇنۇم ئەكېلەلمىگەن ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئومۇمىيۈزلۈك سەل قاراشقا ئۆتتى. كىشىلەر بارا - بارا تەكەببۇرلىشىشقا باشلىدى. خۇددى قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلغاندەك: «ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا كۈلپەت يېتىپ قالسا (ئاللانىڭ رەھمىتىدىن)، تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا كۈلپەتتىن كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم بۇ ئۆزۈمنىڭ سەئيى-ئىجتىھاتىدىن كەلگەن... دەيدۇ. ئىنسانغا نېئمەت ئاتا قىلساق، يۈز ئۆرۈيدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە، ئۇزۇلۇكسىز دۇئا قىلىدۇ» (سۈرە فۇسسىلەت، 49-، 50-، 51-ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى) .

بۈگۈن مەسىلىلەر ئاچلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، ھازىر توقلۇقتىن چىقىشقا باشلىدى. روھىي قىممەت، ئەخلاق - پەزىلەتلەر

هازىرغىچە بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالىغىنى يوق. يەرشارىدىكى دۆلەتلەر ئادالەتسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادالەت دەۋاسى بىلەن قوزغالغان. بىراق بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئادالەت ئۈچۈن تىنىمسىز ياڭراۋاتقان سادالارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېتىمىز.

تارىخ خەزىنىسىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس تەجرىبە - ئىبرەتلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىبرەت ئالمايدىغان ئىنسانلارنىمۇ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. خۇددى تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى ئاز كەپقىلىپ، خوجىنىياز ھاجى بۇنىڭدىن بىزگە قايتا ئۆلگە تىكلەپ بەرگەندەك. ھەقىقەتەنمۇ ئۆتكەنكىلەر ئۆز خاتالىقلىرىدىن پاتمان - پاتمان پۇشايمان - تۆۋىلەرنى قىلىپ، ئەۋلادلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ - يۇ، ئەۋلادلار بولسا ئىبرەت ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۆگەنگەن خۇي ئۈجمە پىششىقىغىچە دېگەندەك ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەنىلا تالاي قان ياشلىق ۋەسىيەت، نادامەتلەرنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ بىر شۇنداق ئايلىنىدىغان، ھەممە ئادەم شۇنداق بولماسلىقنى ئۈمىد قىلىسىمۇ، يەنىلا ھېچ ئامال قىلالمايدىغان جەريان.

بۈگۈنىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نوقۇل تارىخىي تەجرىبىلەرلا ئەمەس، تارىخىي تەجرىبىلەرنى دەۋرلەشتۈرەلەيدىغان پاراسەت، بۈگۈنىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆرەلەيدىغان كۆز، يۈزلىنىشىنى پەرەز قىلالايدىغان ئۆتكۈرلۈك، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ساداقەتمەنلىك بولۇشى كېرەك.

ئىنسانلار ئۆز قولLIرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئامىللارنى بەلگىلە قىلغان يېڭى - يېڭى دەۋرلەرنى ياراتتى. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مەسىلىلىرى پەيدا بولدى. بۇلار يېڭىچە تەدبىرلەرنى تەقەززا قىلدى. يېڭى تەدبىرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭى مەسىلىلەرگە ھامىلىدار ئىدى.

قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يېقىندا پارىژ خەلقى ئۆزىگە ئۆزىنىڭ بەچچىۋاز ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىغان بىرىنى شەھەر باشلىقى قىلىپ سايلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ گۈزەللىك، رەزىللىككە ھۆكۈم قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئامېرىكىچە، فىرانسۇزچە كۆزى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خەلق تاللىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا، دەپ قارالدى. بۈگۈنكى كىشىلەر دەل ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى قاندۇرالايدىغان (نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغۇچىلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. «قۇرئان كەرىم» دىن)، ئۆزىگە راھەت، لەززەت ئەكېلەلەيدىغان بارلىق ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئىستېمال بۇيۇمى سۈپىتىدە تاللىۋالدى. جىنسىي راھەت بولسا، ئىنسانلار تاللىۋالغان ئەڭ ئەجەللىك راھەت بولدى. بۇنى قاندۇرۇش بۈگۈنكى دەۋردە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شەخسنىڭ ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش، دەپ قارالدى. ئەنئەنىۋى نىكاھ، ئائىلە تۈزۈلمىسى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. ھەتتا بەزى يەرلەردە ئائىلە ھېچقانچە مۇھىم دەپ قارالمايدىغان، كىشىلەر ئائىلىنى ئۆزىگە تۈرمە، دەپ قارايدىغان بولدى. كىشىلەر زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىنسانىيەتنىڭ تېنىگە زىيانلىق بولغاچقا، كىشىلىك ھاياتىغا تەھدىت ئەكەلگەچكە چەكلىدى. ناۋادا ئىنسانلار ئۆز روھىنىڭ ساغلاملىقىنى تېنىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدىغاندەك قوغدىغان بولسا، ئىنسانلار بۈگۈنكىدەك مىسلىسىز روھىي كرىزىسكە دۇچار بولماس ئىدى. مەنىۋى بۇزۇلۇش ئادەمنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە تەھدىت ئەكەلمىگەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭغا سالامەتلىككە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى. ئادەملەر زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى قولغا ئالدى، جازالىدى، مېنىڭچە، روھنى بۇلغىغان مەنىۋى زەھەر تارقاتقۇچىلارنىمۇ ئوخشاشلا جازالاش كېرەك.

شۇنى قىستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىر جەمئىيەتتە

ئىقتىدار، قابىلىيەت دائىرىسىدىن سانالمىغاچقا، ئۇ ئىنسانلارغا بىۋاسىتە نەپ ئەكېلەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بۇگۈنكىدەك بازارلاشقان دۇنيادا ئۇلارنى ئۆزىگە ئارتۇقچە ساناپ، تەرك ئېتىشكە باشلىدى. ئەگەر ئىنسانلار ئادەم ئەخلاققا موھتاج ئەمەس، دېگەنگە ئاساس تاپماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئىنكار قىلىشى كېرەك. ئادەم ئادەملىك سالاھىيىتىنى، مەنىسىنى يوقاتمايدىكەن، ئەخلاقمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ. ئەخلاقنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ. ھازىرقى ئەخلاقلىق، دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىمۇ ھەقىقىي، ئىنسانىيلىقتىن كەلگەن تەبىئىي ئەخلاق بولماستىن، بەلكى ئەخلاقلىق بولۇش زۆرۈر بوپقالغاچقا، شەكىللەندۈرۈۋالغان سۈنئىي ئەخلاق ئىدى.

كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرغىب قىلىنىشى باشقىلارغا ئېنىق دەخلىسى بولمىغان بارلىق ئىشلارنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلارغا ئايلاندۇردى. ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئوچۇق - ئاشكارا ئىنكار قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نوپۇزى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ئەخلاققا ئۇيغۇنمۇ؟ يا بۇ ئەقىل قايسى خىل ئەقىل؟

ماھىيەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراش، گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ قانداق كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ شەكلىگىلا باغلىق بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى كۆزىتىشتە قوللانغان ئۇسۇلغا باغلىق (ئېينىشتېين). بىز ئوخشاش بىر شەيئىنى ئوخشىمىغان بىر قانچە نۇقتىدىن كۆزەتسەك، ئۇمۇ بىر قانچە خىل شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك - رەزىللىككە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلار پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ جىنسىي سەتچىلىكىنى ئەپۇ قىلدى. بۇ ئامېرىكا خەلقىنىڭ گۈزەللىكنى مەنپەئەت ئۈچۈن قانداق قۇربان

سەمۇد قوۋملىرىدىن بەس تالىشالايدۇ. بۈگۈن ئىخلاس، ساداقەتمەنلىك يوقالدى، بۇ بىر خۇدا ئۇنتۇلغان، ئىنسانلار ئۆزىنى خۇدا قىلىۋالغان بىر دەۋر بولدى. نەپس ئېتىقادتىن غالىب كەلدى.

ئېرىخ فىروم نېتزىنىڭ 19-ئەسىردە: «خۇدا ئۆلدى» دېگەن كېپىگە قارىتا، 20- ئەسىردە: «ئادەملەر ئۆلدى» دېدى. ئۇ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىتالىيىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدەك بىر مىسلىسىز ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. گەرچە بۇ گەپ 1970- يىللاردا دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىمىز يوق.

يەرشارى خاراكتېرلىك بۇ روھىي قۇرغاقچىلىق، ئېتىقادى ئەزەلدىن سۇيۇق بۇ مىللەتكە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. بۈگۈنكى كۈندە ھېچبىر ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ قىز - ئوغۇللىرىدىن خاتىرجەم ئەمەس. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇھەببەت بۇزۇقچىلىقنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندى. ئىپپەتلىك قىزلار ئۆزلىرىنىڭ گۆھەرلىك سالاھىيىتىنى بارا - بارا يوقىتىشقا باشلىدى. يىگىتلەرمۇ بۇنىڭغا خۇددى كىچىكىمىزدە سۇنى: كۆزۈم كۆرمىدى، قۇلىقىم ئاڭلىمىدى، دەپ ئىچكەندەك مۇئامىلە قىلىشقا يۈزلەندى. قىزلىق پەردە ئوپېراتسىيىسىنىڭ بازارلىشىشى پارتلىيالماي قالغان يانار تاغنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىۋەتكەندەك بىر ئىش بولدى. ياشلىرىمىز تورمۇزى بۇزۇلۇپ كەتكەن ماشىنىغا ئوخشاپ قالدى. ئىلگىرى كوچا - كويلاردا، كىشى كۆرۈپ قالىدىغان ئوچۇقچىلىقتا ئىتلار جۈپلىشىپ قالسا، كىشىلەر تاش ئېتىپ قوغلىۋېتەتتى، ھازىر ئىتلارمۇ خىجىل بولۇپ خالىي جايلارغا كېتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە ئادىمىي ئىتلار ئالدى. ئەرلەر ئاياللىرى باشقىلار بىلەن تانسا ئوينىسا، ئۇنى كۈنلەشنى قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، دەپ قارايدىغان، ئاياللارمۇ ئەرلىرىنىڭكىنى توغرا چۈشىنىدىغان بولدى.

ئوغرىلىق، بۇزۇقچىلىق، قاتىللىق دېگەندەك جىنايەتلەر گاھ - گاھىدا يۈز بېرىپ تۇرسا، بۇ نورمال ھادىسە ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ھەمىشە يۈز بەرسە ئۇ نورماللىق بولماي، ئاللىقاچان بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، جىنسىي بۇزۇقچىلىق جەمئىيەتلىشىپ كەتكەندە، بۇنى ساقلانغىلى بولمايدىغان نورمال ھادىسە، دەپ قاراش ئەخمەقانىلىق بولىدۇ. مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم بۇ خىل ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ بۇ ئىشلارنى نورمال ھادىسە سۈپىتىدە توغرا چۈشىنىپ، ئەپۇ قىلىشى. ناۋادا كېيىن ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇپ كەتسە، بەلكىم ئاۋۋال مەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرك ئېتەرمەن.

مەن يۇقىرىقىدەك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، بۇزۇقچىلىقلارنى مەسىلىنىڭ ئۆزى، دەپ قارىمايمەن. ئۇ بۇگۈنكى دەۋردىكى داغدۇغىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىسىدا شەكىللەنگەن، ئىنسانلارنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە قۇرغاقلىشىپ، قاغجىراپ كەتكەن روھىيەت ئېتىزلىقىدىن ئۈنۈپ چىققان شۇمبۇيىلارنىڭ بىر نەچچە تۈپى (بۇ يەردە باشقىلارنى تىلغا ئالمىدۇق) دۇر.

بۇ ئەسىردە ئەڭ كۆپ نەرسىمۇ ئادەم، ئەڭ ئاز نەرسىمۇ ئادەم بولدى. بۇ ئەسىردە جاھان ئىمپېراتورى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە ماڭا چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىنى توسۇۋالدىڭ، دېيەلىگەن ھېلىقى كىشىدەك روھىي بار ئادەملەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ رەتلىك ئىشخانىلىرىدىن، دۆۋە - دۆۋە كىتاب-ماتېرىياللار ئارىسىدىن، قاتۇرۇپ كىيىنىپ، قورساقلىرىنى ساڭگىلىتىۋالغان ئېسىلزادىلەر ئارىسىدىن، قىلالمىغان، قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىشلىرىنى پەلسەپىۋى تىللار بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ماھىر كىشىلەر ئارىسىدىن تېپىلمايدۇ. ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى شۇنچىلىك ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتىكى، ئۇلار تارىختا ئۆتكەن ئاد،

ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى. ئاتا - ئانىلارمۇ كۈيئوغۇل -
كېلىنلىرىنى ئابرۇي، پۇل، ھوقۇق نۇقتىسىدىن بەكرەك تاللايدىغان
بولدى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىيانەتلىكنى تاللاڭلار، دېگەنىدى).
ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتىگە بولغان تەلىپىمۇ دەرس نەتىجىسى بىلەنلا
چەكلىنىپ قېلىپ، ئەخلاق تەلىپى تولىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاتا -
ئانىسىنى سىز، سىلى دەپ ئاتايدىغان باللار قالمىغىلى تۇردى.

ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن بەختلىك دەپ كەتكىلى
بولمىسىمۇ، خاتىرجەم ئائىلە تېپىش ئاسان ئەمەس. ئاياللار
ئەرلىرىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنمىگەنلىكىدىن، تەلەپ - ئېھتىياجلىرىنى
پەرمانبەردارلىق بىلەن ئورۇندىمىغىنىدىن ...، ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ
بۇيرۇقلىرىنى خوش دەپ ئاڭلىمىغىنىدىن، بۇرنىدىن يېتىلمەكچى
بولغانلىقىدىن، پارچە - پۇرات ئىشلارغا تولا پۇل بۇزىدىغانلىقىدىن،
ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا تولا ئارىلىشىۋالغىنىدىن ... قاقشايدۇ. ئەرلەر
لايىقىدا ئەر، دادا بولۇپ بولالماي، ئاياللار خوتۇن، ئانا بولۇپ
بولالماي تۇرمۇشتىن رەنجىپ يۈرۈشمەكتە. تۇرمۇش ۋە مۇھەببەتتىكى
كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ روھىنى بەربات
قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ روھىمىزنىڭ قانچىلىك ئەرزىمەس ھالغا چۈشۈپ
قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەرلەر دۆلەتنىڭ غېمىنى
يەيدىغانلاردىن ئىكەنمىش. ھازىر ئائىلە غېمى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىگە
ئايلانغان. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى ئائىلە ماجىرالىرىنى بىر
تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلەنمەكتە، يىگىت دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا جەڭچى دېگەننى بىلدۈرەتتىكەن، ھازىرقى يىگىتلەرنىڭ
ئىقتىدارى مۇھەببەتلىشىشتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئائىلە تاپا - تەنە،
رەنجىش - كايىشلار بىلەن تولغان. ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىك،
مۇھەببەت بۇلىقىغا ئايلانماي، ئۇرۇش - جېدەلنىڭ ئۇۋىسىغا
ئايلىنىپ قېلىشى، ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىدىن كۆڭلى سۇ
ئىچمەسلىكى ئۇلارنى تالادىن سۇ ئىچىدىغان يەر تېپىشقا مەجبۇر

ئەجەبا، ئۇلار بۇزۇقچىلىقنىڭ مۇشۇنداق ئاددىي ئىشلاردىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەسمۇ؟

جىنسىيەت ھازىرقى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاشكارا تېما قاتارىدا قوبۇل قىلىندى، جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ يوشۇرۇشقا تېگىشلىك ئەمەسلىكى، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ ئىلمىيلىك ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشى ھازىرقى كۈندە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ. بىز بولساق، بۇنى ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىي ساۋاتلارنى ئىلمىي چۈشەندۈرمىگەنلىكتىن، دەپ قارىدۇق. ئوقۇغۇچىلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، ئوقۇغۇچىلار بۇنى بىلىم، دەپ قوبۇل قىلارمۇ ياكى ھەۋەسلىنىپ ئاگلاپ ئولتۇرارمۇ؟ (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە گىگىېنا دەرسىدە كۆپىيىش سىستېمىسىنى ئۆتكەندە قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ) نومۇسلۇق جايلارنىڭ يۆگىلىشىنىڭ ئۆزىلا بۇ تېمىنىڭ يۆگىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن (بۇ ھەرگىزمۇ جىنسىي بىلىملەرنى ئۆگەنمەسلىك كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس). ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاياللارغا ئايرىم كۈندە، ئايرىم جايدا نەسىھەت قىلىدىكەن ھەم ئاياللارنىڭ سوئاللىرىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئائىشە ئارقىلىق سورايدىكەن.

ناۋادا ئېتىقاد يوقالسا، ئەخلاق يوقايدۇ، ئەخلاق يوقالغاندا، قانۇنىڭمۇ رولى بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىشىچە، ئەخلاقنى يوقاتقان لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بەچچىۋاز بولۇپ كەتكەچكە، ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماي ئاخىر تاش ياغدۇرۇلۇپ ھالاك بوپتىكەن.

ھازىر قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىنى تاللىغاندا، تاشقى قىياپىتىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى قىياپىتى بىلەن ئانچە

ئىشلار چىقىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇنىڭغا قاراشقا ھەقىقەتەن چولىسى تېگىپ بولالماي قالدى.

ئىلگىرى كىشىلەر ئاچلىقتىن بىر-بىرىنى يېگەنىدى، ھازىر بولسا توقلۇقتىن يەۋاتىدۇ. لۇشۈن ئەپەندى:«باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ نىدا قىلغانىدى، لېكىن مەن:« ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!»، دەپ نىدا قىلىمەن. چۈنكى، ئۆزى ئوت ئىچىدىكى ئادەم قانداقمۇ يەنە ئوت ئىچىدىكى ئادەمنى قۇتقۇزالىسۇن ؟

قىلغان ... ئاقىۋەتتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

بۈگۈنكى دەۋر ئەقلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. لېكىن، ئەقلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەرگىزمۇ روھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئادىل يىلدىرىمنىڭ «غەلىتە ئۆزگىرىش» ناملىق ھېكايىسى گەرچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى رېئاللىقنى پۈتۈنلەي ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمىسىمۇ، روشەن بىر يۈزلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھېكايىدىكى پاجىئەلەر ئاۋۋال روھ ئايىنىغاندىن كېيىنكى تەننىڭ ئايىنىشىدۇر.

مېنىڭ نەزىرىمدە بىر مۇكەممەل جەمئىيەت جىنايەتتىن پۈتۈنلەي خالىي جەمئىيەت ئەمەس (ئەمەلىيەتتە بۇنداق جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس)، بەلكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىشقا ھەقىقىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ قويمىغان جەمئىيەتتۇر. ئادەمنىڭ مۇكەممەللىك ئۆلچىمىنى جەمئىيەتكە تەققاسلاشقا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ دىپلوم، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى، بىر نەچچە يىل ئىشلەپ دوتسېنت، پروفېسسور بولغىلى بولىدۇ. لېكىن ھەقىقىي ئادەمىيلىكنى دىپلوم، ئۇنۋان ئالغاندەك ئالغىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتمۇ بىرەر قېتىملىق ئىسلاھات بىلەنلا بولدى قىلسا بولمايدۇ، چوقۇم ئىزچىللىقنى ساقلىشى كېرەك، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ، ئۈزۈلۈپ قالمىغان ئەمەلدۇر (ھەدىستىن).

تارىختىن بۇيان ھەققانىيەت، ئەخلاق دەۋەتلىرى پەيلاسوپ-مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئاغزىدىن بالدۇر چىققان بولسىمۇ، بۇلارنى ھەل قىلىدىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ پەرۋايى ھەمىشە پەلەك بوپكەلگەن. ھاكىمىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت، ئىقتىسادقا زىيان ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىشلار ھامان كۈن تەرتىپىنىڭ ئاخىرىغا تىزىلدى. بۈنىڭغا نۆۋەت كېلىپ بولغۇچە يەنە يېڭى - يېڭى باش ئاغرىتىدىغان

ئىگىلىگەن - ئىگىلىمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىلىم ھەرىكىتىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئۇنىڭ - نەتىجىسىنى بەلگىلەيدىغان بولۇپ، ھەرىكەت قىلغۇچى چوقۇم مەزكۇر ھەرىكەت قانۇنىيىتى ھەققىدىكى بىلىملەرنى چوقۇم بىلىشى كېرەك. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەيئى نىسپىي ئۆزگىرىشچان بولسىمۇ، بەلگىلىك بىرەر قانۇنىيىتى بولىدۇ، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بىلىمنىڭ كۆچكە ئايلىنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقىلىق ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ، ئادەمنىڭ بىلىمى ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئارقىلىق ئاندىن كۆچكە ئايلىنىپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. خۇددى ئوقيا ئۆزلۈكىدىن ئوۋ ئوۋلىيالمىغاندەك، بىلىممۇ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ. دېمەك، بىلىمنىڭ كۆچكە ئايلىنىشى ئۇنى ئىگىلىگۈچىنىڭ ئۇنىڭدىن قانچىلىك پايدىلىنىشىغا باغلىق. پايدىلىنىلمىغان بىلىم گويا ئېتىلمىغان ئوقتۇر.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلەرگە ئايان ئاددىي ساۋاتلار، ئەمما كىشىنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، رېئاللىقتا بىز نۇرغۇن بىلىملەرنىڭ ئىگىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۆگىنىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز، ئەمما كۆچكە ئايلىنىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ ئەمەلىي رول ئويناپ، تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئاز كۆرۈۋاتىمىز، بىلىملەر ئىگىلىنىۋاتىدۇ، ۋەھالەنكى شۇ بىلىملەر بىلەن ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر ھەل بولماي تۇرۇۋاتىدۇ.

شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، ھەر قانداق بىر بىلىم بىر ئاچقۇچ، ئۇ چوقۇم مەلۇم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ، بىر قۇلۇپنى ئاچىدۇ، بىلىم ئىزدىگۈچىلەر چوقۇم بۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. مەيلى پەن - تېخنىكا، تەبىئىي پەن بىلىملىرى بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىمائىي - دىنىي ئىلىملەر، گۇمانىتار پەنلەر بولسۇن، چوقۇم

# بىلىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

تەبىئەتتىكى شەيئىلەر ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بايقالمىغان قانۇنىيەتلىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن بايقىلىپ ئىگىلەنگەندە، ئۇ ئىنسان مېڭىسىدە بەلگىلىك ئۇقۇم، چۈشەنچە ھالىتىدە ساقلىنىدۇ. ئۇ تەجرىبىدىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەندە، ئىسپاتلانغاندا ئېتىراپ قىلىنغان تەجرىبىگە ئايلىنىدۇ، مانا بۇنى بىز بىلىم دەيمىز. ئەمما بۇ خىل بىلىم كۈچ ئەمەس. بىلىمنىڭ كۈچكە ئايلىنىشى ماھىيەتتە نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە، تەجرىبىنىڭ ئۈنۈمگە، چۈشەنچىنىڭ نەتىجىگە ئايلىنىش جەريانىدۇر. بىلىم كۈچكە ئايلىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇ نەزەرىيىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشى، ئوبيېكتىپ دۇنياغا ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. يەنى ئادەم شۇ بىلىم ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەندە، بىلىمنى ئۆزىنىڭ مەقسىتى، مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئىش - خىزمەت ئۈنۈمىنى ئەسلىدىكىدىن يۇقىرى كۆتۈرەلىگەندە ئاندىن بىلىم كۈچكە ئايلىنىدۇ. بىلىم ئىنساننىڭ ئەسلىي تۇغما كۈچىگە قوشۇلغان يېڭى كۈچ بولۇپ، ئۇ تۇغما كۈچ ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ ھەم تەسىر - ئۈنۈم جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بىر ئادەمنىڭ دۇنيادا قانداق ھالەتتە ياشىشى ھىدايەت - زالالىتى، غەلىبە - مەغلۇبىيىتى، دۇنيادىكى ئورنى، باشقىلار بىلەن بولغان پەرقى ئۆزى ياشاۋاتقان بەلگىلىك دەۋر، ماكاندىكى زۆرۈر بىلىملەرنى، شۇنداقلا دەۋر، ماكاندىن ھالقىغان مەڭگۈلۈك بىلىملەرنى قانچىلىك

قولۇپقا چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

بىر ئادەم مەلۇم بىر بىلىمنى ئىگىلەشتىن ئاۋۋال، مېنىڭچە چوقۇم شۇ ئىگىلىمەكچى بولغان بىلىملىرى بىلەن قايسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، قايسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، قايسى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ياكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ قانداق بىلىملەر بىلەن ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. قولۇپنى تېپىپ بولۇپ ئاچقۇچ ئىزدەش، ئاچقۇچلارنى تېپىپ بولۇپ قولۇپ ئىزدىگەنگە قارىغاندا ھەم تېز، ھەم ئوڭاي بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ۋاقىت - ئېنېرگىيە ئىسراپچىلىقى يۈز بېرىدۇ. ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى بولغان بىر ئادەمنىڭ ئىشقىلىپ ئۈرۈمچى شىنجاڭدا دەپ يولغا چىققىنىدىن تۆمۈر يولدا ماڭسام ھەم تېز، ھەم بىخەتەركەن، دەپ يولغا چىققىنى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. بىلىش كېرەككى، مەقسەت يولنى يورۇتىدۇ، تۇرمۇشتىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، تولا زېرىكىپ قالىدىغان، قىلغىلى ئىش تاپالماي، ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان، تولا تۇرمۇشىدىن، ئەتراپىدىكىلەردىن قاقشايدىغانلارنىڭ تولىسىنىڭ ھاياتىدا ئۆزىنى پىدا قىلغۇدەك بىرەر مەقسىتى يوق.

دېمەك، بىلىمنىڭ كۈچكە ئايلىنىشى ئىچكى مۇقەررەر تەلەپ، ۋەھالەنكى يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك بۇ، ئادەم ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، ئەگەر بىر قوۋمدىن ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر كۆپ، ئەمما ھەل بولۇۋاتقان مەسىلىلەر ئاز بولسا، ئۇنداقتا بۇ مىللەت ئومۇمىيۈزلۈك غايە-مەقسەت كرىزىسىغا مۇپتىلا بولغان بولىدۇ. شۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، ئالىملىرى نانقېپى مىللەت ھەقىقىي بىچارە مىللەتتۇر.

## بىلىم ۋە ئېھتىياج

بىزنىڭ بەزى كىشىلەرنى بىلىملىك، بەزى كىشىلەرنى بىلىمسىز دەپ ئاتىشىمىز بىر نىسپىي ئۆزگىرىشچان ھۆكۈم بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي

شۇنداق. ئەگەر مەلۇم بىر خىل بىلىم ئىگىلىنىپ، ئۆزى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىنى ھەل قىلمىسا، ئۇنداق بىلىمنىڭ ئىگىلەنگىنىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ. بىر ئادەم پسىخولوگىيە ئۆگەندى، ھەتتا ئۇ بۇ ساھەدە مۇتەخەسسىس، بىراق ئۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تولىمۇ گاللۋاڭ ياكى ھەمىشە خوتۇنى بىلەن چىقىشالماي يۈرىدۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ پسىخولوگىيە بىلىملىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنىۋان ئېلىپ بېرىشتىن باشقا نېمە پايدىسى بولدى؟ بىر قوۋمنىڭ كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىدىغانلىرى، كومپيۇتېر ئۆگەنگەنلىرى تولا، ئەمما ئۇلارنىڭ يېزىق مەسىلىسى كومپيوتېردا تېخىچە جايىدا ھەل بولۇپ بولالمىدى، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كومپيۇتېر ماگىستىرى، دوكتورى بولغىنىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

دېمەك، ھەر قانداق بىر بىلىم بىر قىلىچ، بىر ئاچقۇچ، ئۇ چوقۇم مەلۇم بىر نەرسىنى كېسىدۇ ياكى مەلۇم بىر قۇلۇپنى ئاچىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئىشتان بېغىدا نۇرغۇن ئاچقۇچ بار، ئەمما ئۇ شۇ ئاچقۇچلىرى بىلەن قايسى قۇلۇپلارنى ئېچىشنى بىلمەيدۇ، مۇشۇنداق كىشىلەرنى بىلىملىك، ئالىم دەپ ئاتاشتىن كىشىنىڭ نومۇسى كېلىدۇ، ئۆز بىلىمىنىڭ زادى قايسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغانلىقىغا بەلگىلىك چۈشەنچىسى بولمىغان ئادەملەر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بويىنىغا 40 غارنىڭ ئاچقۇچىنى ئېسىۋالغان مۇشۈككە ئوخشايدۇ: «بىر تاغدىكى 40 غاردا نۇرغۇن ئادەم سولانغان بولۇپ، ھەر كۈنى يالماۋۇز كېلىپ، ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنى يەيدىكەن. بۇ غارلارنىڭ ئاچقۇچى شۇ جايدىكى بىر مۇشۈكنىڭ بويىنىدا ئىكەن، بىر باتۇر كېلىپ شۇ ئاچقۇچلارنى مۇشۈكنىڭ بويىنىدىن ئېلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزىدىكەن». دېمەك، مۇشۈكتە غارنىڭ ئاچقۇچلىرى بار، ئەمما ئۇ بۇنىڭ بىلەن غارنى ئېچىشنى بىلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك رېئاللىقتا بويىنىغا نۇرغۇن ئاچقۇچ ئېسىۋالغان بىلىملىك كىشىلەر نىھايىتى كۆپ، ئەمما ئۇلار ئاچقۇچلىرىنىڭ قايسى

قىزىقىش بىلەن ئېھتىياج زىت كەپقالغان ئەھۋالدا ئېھتىياجنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئەلۋەتتە، بىر ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنىڭ خاھىشى، قىزىقىشىدىن ۋاز كېچىش ئوڭاي ئەمەس. ئەمما، ئادەم چوقۇم قۇربان بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بەلكىم بىر ئادەم تولىمۇ قىممىتى يوق، ئەھمىيەتسىز بىر كەسىپكە قىزىقىشى مۇمكىن، جەمئىيەتتە بولسا شۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان باشقا نۇرغۇن مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا چوقۇم قىزىقىشتىن ۋاز كېچىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. پىشىپ يېتىلگەن مىللەت چوقۇم بۇنداق قۇربانلىقنى بېرەلەيدۇ. ئەقلىي سالماقلىق بىر مىللەت ئېڭىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاندا، چوقۇم بۇ جەمئىيەتتە بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئازىيىپ، ئۈنۈملۈك، نەتىجىلىك ئىشلار كۆپىيىدۇ.

كىرىزىس قاندۇرۇلۇشقا تېگىشلىك ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلماسلىقىدىن تۇغۇلىدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى بەكلا ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش. قىيىنى بولسا، شۇ ئېھتىياجنى بايقاش ۋە قاندۇرۇش يوللىرىنى تېپىش. ئادەم ئۆزىگە نېمىنىڭ لازىملىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ نېمىگە لازىملىقىنى بىلەلىسە، ئۇ ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تېپىۋالغان بولىدۇ، بىر مىللەت، بىر قوۋممۇ شۇنداق.

## بىلىم ۋە يېڭىچە نادانلىق

بىلىمنىڭ بولماسلىقى بىر كىرىزىس، ئۇ بىر ئاپەت، ئەمما بۈگۈنكى دەۋر بىلىمنىڭ، ئۇچۇرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشىمۇ يەنە بىر خىل كىرىزىسقا ئايلاندۇردى. بۈگۈنكى دۇنيا سېكونتلاپ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان سان ـ ساناقسىز ئۇچۇر بىلىملەر

بەلگىلىك زامان ۋە ماكاننى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بەلگىلىك جەمئىيەتتىكى بىلىمگە بولغان ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي ئېھتىياج شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىغا قويۇلىدىغان بىلىم تەلىپىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ تەلەپكە قانچىلىك دەرىجىدە لايىقلىشىش بولسا ئاندىن شۇ شەخسنىڭ «بىلىملىك»، «بىلىمسىز»لىكىنى بەلگىلەيدۇ، قەدىمكى دەۋردىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىلىدىغانلىرىنى بەلكىم ھازىرقى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ئالىملارنى بىلىمسىز، بۇ ئوقۇغۇچىنى بىلىملىك دېگىلى بولمايدۇ. بىر ئادەم شۇ جەمئىيەتتىكى كونكرېت، تەلەپ - ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىلىم ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئۇ بىلىملىك سانىلىدۇ، شۇڭا «بىلىملىك»، «بىلىمسىز» ئۆلچەملىرىمۇ ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆگەنگەنلىرى، بىلىدىغانلىرى كۆپ، ئەمما يەنىلا ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، ئۇنى بىلىملىك دېگىلى بولمايدۇ. ئېھتىياجنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى ۋە يېڭىلىنىشى، شەخسنىڭ بىلىم ئىزدىشى، ئىلگىرىلىشىگە، تەتقىقات يۈنىلىشى، كەسىپ تاللىشىغا دەرھال، بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر مەلۇم جەمئىيەتتىكى بۇ خىل ئېھتىياج تەلىپى شۇ جەمئىيەتنىڭ بىلىم - مائارىپ سىستېمىسىدا جايىدا، مۇۋاپىق ئىنكاسقا ئېرىشەلمىسە، بۇ جەمئىيەتنىڭ بىلىملىك كىشىلىرى ئورگانلارغا نىسبەتەن بىلىملىك ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئەمەلىي ئېھتىياجغا نىسبەتەن تولىمۇ نابابلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

ئادەمنىڭ ئۆگىنىدىغان كەسىپ تاللىشى، يەنى قانداق بىلىم ئۆگىنىشى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئۇنى شۇ شەخسنىڭ قىزىقىشى، خاھىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ. مانا بۇ خىل ئەھۋالدا ئادەم ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن ئېھتىياج بىردەك بولىدىغان ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ، چوقۇم بىردىن كېچىش كېرەك. بۇ بەك مۇھىم، ئەمەلىي مەسىلە، مېنىڭچە

زەربىسى ۋە مىقدارى كىشىلەرنىڭ ئىچكى روھىيەت، ئېنېرگىيە زاپىسىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مۇۋازىنىتىدە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېنېرگىيە زاپىسىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا ئۇلار توغرا، خاتا، بولىدىكەن، بولمايدىكەن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئامالسىز، ئادەم ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى جايىدا دەڭسىيەلمىگەندە، مەنىۋى قۇللۇق، مەۋقەسىزلىك تەبىئىيلا باش كۆتۈرىدۇ.

بىلىم ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ، ئەمما ھەددىدىن زىيادە، ئېھتىياجدىن ئارتۇق بىلىم ئادەمنى زالالەتكىمۇ باشلايدۇ. بىلىم يولغا باشلايدۇ. كاللىدىكى ئارتۇقچە كېرەكسىز بىلىم ئەقىل كۆزىنى، ھەقىقەت نۇرلىرىنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدۇ. كومپيۇتېردىكى ۋىرۇسمۇ ئەمەلىيەتتە بىر يۇمشاق دېتال، تېخنىكىلىق مەھسۇلات، ئەمما ئۇ قاتتىق دېسكىدىكى باشقا سىستېمىلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كومپيۇتېرنىڭ نورمال خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ھەتتا ئېغىرراق بولغاندا كومپيۇتېرنى كاردىن چىقىرىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك كېرەكسىز بىلىممۇ ئاشۇ ۋىرۇستەك بىر ئادەمنىڭ نورمال، توغرا ئۇسۇلدا پىكىر قىلىشى، ھەرىكەت قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ئادەمنى بۇزۇپ قويىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە نۇرغۇن پايدىلىق بىلىم بولسىمۇ، ئەمما كاللىسىدىكى بىر نەچچە ۋىرۇس ھەممىنى يۇقۇملاندۇرۇپ، باشقا پايدىلىق بىلىملەرنىمۇ كاردىن چىقىرىپ قويىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن بىلىملىك كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا شۇنداق ۋىرۇس بولغاچقا، تولا جۆيلۈشلەردىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇلار ئۆزى شۇنداق بىلىملىك، ئەمما قاراڭغۇلۇق، گۇمراھلىق ئىچىدە تېڭىرقايدۇ.

فىزىكىدا ماددىلارنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى دەيدىغان بىر ئۇقۇم بار. ئېغىرلىق مەركىزى ئادەتتە جىسىملارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان مۇھىم نۇقتا. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمدىمۇ

بىلەن تولغان، خىلمۇ خىل تەلىمات - ئىدىيىلەر، يېڭى قاراش - چۈشەندۈرۈش، ئىزاھاتلار ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەن دۇنيا. ھازىر بۇ دۇنيانىڭ پۇقرالىرى زادى نېمىنى تاللىشنى، نېمىگە ئىشىنىشنى، نېمىنىڭ راست، نېمىنىڭ يالغان، نېمىنىڭ ھەقىقەت، نېمىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي، قايمۇقۇش ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ھازىر كىشىلەر بۈگۈن راست دەپ ئېتىقاد قىلغانلىرىدىن ئەتە گۇمانلىنىدۇ، بۈگۈن تاللىغانلىرىنى ئەتە تاشلايدۇ.

ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئىجاد قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەر قوبۇل قىلغۇچىلار ۋە تارقاتقۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، قوبۇل قىلغۇچىلار پۈتۈنلەي پاسسىپ ئورۇندا، ئۇلار تارقىلىۋاتقان بىلىم - ئۇچۇرلارغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككىلا خىل تاللاش قويۇلغان، تارقاتقۇچىلار تارقاتقان ئۇچۇر - بىلىملەر ئارقىلىق قوبۇل قىلغۇچىلارنى مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلىدۇ، ئۇلارنى سىستېمىلىق تەرزدە ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا باشلايدۇ.

بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن نېمىنى تاللاش، نېمىگە ئاساسەن تاللاش - تاللىماسلىقنى قارار قىلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بۇنداق بىلىم پارتلىغان يېڭىچە قارىغۇلۇق دەۋردە، تاللايدىغان نەرسىنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتى، ئۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدىغان مۇستەقىل ئاڭ، مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، بېيىتىش ھالاكەت ياكى نىجاتلىقنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق ئامىل.

كىشىلەر خاتا، توغرا دەپ ھۆكۈم قىلىشتا ئۆزىدە ئىلگىرىلا بار بولغان بەلگىلىك دۇنيا قاراش، پەلسەپىۋى ئىدىيە، ئېتىقاد، ئاڭ، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئاساسلىنىدۇ. تاشقى ئۇچۇر - بىلىملەرنىڭ

كىشىلەرنىڭ بىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، چەمبەرچاس بولسىمۇ، بۇ خىل يېقىنلىق بىلىمنى نوقۇل ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەنلا بىرلەشتۇرۇۋاتىدۇ. ئەكسىچە ئىنسانلار بارغانسېرى ئېتىقاد، ئىنسانىي تۇيغۇ، ھېسسىيات، مۇھەببەت - نەپرەت بويىچە ھەرىكەتلەنمەستىن ، ئۇقۇم ، فورمۇلا، نەزەرىيىلەر بويىچە ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ، بىلىم كىشىلەرنىڭ مېڭىسى بىلەن ئاجايىپ يېقىنلاشقان بولسىمۇ، قەلبى بىلەن چەكسىز يىراقلىشىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىنى بەلگىلىيەلمەيدىغان بوپقالدى.

كىشىلەر ماتېماتىكىلىق تەرزدە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا يۈزلەندى، ھەممە نەرسىنىڭ نەق، ئەمەلىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، بىلىمنىڭ قىممىتىمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن بەلگىلەندى، كىشىلەر ھازىر نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە، ئەمما بۇ بىلىم ئۇلارنىڭ شۇ چەكلىك ئىلمىي ساھەسىدىلا ئۆزىنىڭ تەسىرى، رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بىر ئاتوم مۇتەخەسسىسى ئۆزى ياسىغان ئاتوم بومبىسىنىڭ كىملەرگە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى، قورال - ياراغ ئالىملىرى ئۆزى ياسىغان قورال بىلەن كىمگە تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. مەنىۋى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قىممەتلىرىنى ئىقتىسادىي قىممىتىدەك مۇھىم بىلمىدى. ئىگىلىگەن بىلىم چۈشەنچىلەر كىشىلەرنىڭ كونكرېت كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان بولدى. تەتقىقات نەتىجىلىرى مول بىر ئەخلاقشۇناس پروفېسسور ئۆزىنىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى تەتقىقات - تەھلىللىرىنى ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە تەتبىقلاپ باقمايدۇ. مائارىپچىلار، پېداگوگلار تەربىيە - مائارىپ ھەققىدە ئاجايىپ ئۇنۇملۇك، قالتىس ئۇسۇل - چارە، تەلىمات - قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانداق تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ،

ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇۋازىنىتىنى ساقلايدىغان ئىبىغىرلىق نۇقتىسى بولىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئادەمنىڭ مەنىۋى مۇۋازىنىتىنى ساقلايدىغان ئىبىغىرلىق نۇقتىسى بولىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئادەمنىڭ سىرتقى تەسىر ئۇچۇرلارغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان بىر مەنىۋى ئىستىھكامى، ئىنسانغا نىسبەتەن بىر روھىي تەڭشەك. بەزى كىشىلەر شۇنچە ئۆگىنىدۇ، شۇنچە بىلىملىك، ئۇلار ئوخشىمىغان ئىلمىي قاراش، چۈشەنچىلەرنى توپلاشقا، ئۇنى ئىزاھلاشقا ئۇستىلىشىپ كەتكەن. ۋەھالەنكى ئۇلاردا شۇ ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلىگۈدەك، ئۇنى چەكلىيەلىگۈدەك بىر مەنىۋى جۇغلانما يوق، يەنى بىر ئىبىغىرلىق مەركىزى يوق. شۇڭا ئۇلار ماھىر تەپسىرچى، شەرھشۇناسلار، توپلىغۇچىلار بولۇپ يېتىشكەن، ئەمما ئۆزىنىڭ مۇستەققىل مەۋقە، سىستېمىلىق قاراش، ئىدىيىسى يوق، ئىبىغىرلىق مەركىزى يوق كىشىلەر مەڭگۈ سىرتتىن چىققان شاماللاردا پولاڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا تەگكەن شامال ھەم سوققا شامال ئۇلارنىڭ مېڭىسى، قەلبىنى ئۇزاققىچە چالغىتىۋېتىدۇ، پات ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. ئىدىيە مەپكۇرىلەر، قاراش - تەلىماتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپ خىللىشىشى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى بىرلىكىنى ئىبىغىر دەرىجىدە يىمىرىپ تاشلاۋاتىدۇ، ھەر كىم ئۆز - ئۆزىگە يول، مەۋقە بەلگىلەپ، ھەر مەزھەپ ئۆز تەلىماتلىرىدىن پەخىرلىنىپ، مىسلىسىز بىر ئارغۇنلۇق باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئادەم تۇرمۇشتا ئۇنچىۋالا كۆپ ئىدىيە - قاراشلارغا موھتاج ئەمەس. ھازىر ئادەملەر بىلىمنى كونترول قىلماي، بىلىم ئادەمنى كونترول قىلىۋاتىدۇ.

دېمەك بۇگۈنكىدەك تاللاش ھالاكەت - نىجاتلىقنى بەلگىلىگەن بىر دەۋردە، تاللاشنىڭ ئاساسى بولغان ئىبىغىرلىق مەركىزى ئىنسان مەنىۋىيىتى ئۈچۈن خۇددى تەندىكى يۈرەكتەك مۇھىم.

## بىلىمنىڭ ئادەمسىزلىشىشى

بۇ دەۋرىمىزنىڭ يېڭىچە بىر پاجىئەسى. گەرچە ھازىر

## بىلىم ۋە نوپۇز

بىر جەمئىيەتتە بىلىمنىڭ ياكى نوپۇزنىڭ قازى بولۇشى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنى بىلىشتە مەزكۇر جەمئىيەتتىكى ئەمەلدارلار بىلەن ئالىمنىڭ ئورنىغا قاراش كېرەك. قەغەزدە، نەزەرىيىدە، ئېغىزدا ئالىملار مەدھىيىلىنىدىغان، تەرىپلىنىدىغان، ئالىملارنىڭ تۆھپىلىرى تولا تەشۋىق قىلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئىش يۈزدە بولسا، ئەمەلىي ئىش ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرى ئەمەلدارنىڭ ئېغىزىغا قاراپ قالغان، ئىلىمنى ھوقۇق تىزگىنلىگەن جەمئىيەتتە، چوقۇمكى نوپۇزنىڭ ئورنى بىلىمدىن يۇقىرى بولىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلام، نورمال تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بۇ بىر تورمۇزدۇر.

بىلىم مەسىلىلەرنىڭ ئۇنۇملۇك، غەلىبىلىك، تېز ھەل بولۇشىدىكى ئاساستۇر، بىلىمنىڭ تەبىئىتى شۇكى، ئۇ ھەر قانداق كىشىدىن ئۆزىگە رىئايە قىلىشنى، ئۆزى كۆرسەتكەن قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىر مۇقەررەر تەلەپ، بىلىمنىڭ ئالدىدا ھەممە باراۋەر، ئەمما بەزى جەمئىيەتلەردە بىلىم تەكىتلەنگەن بىلەن لايىقىدا ھۆرمەت قىلىنمايدۇ. بىلىمنى ھۆرمەتلەش، ئالىملارغا ئۇنىۋان تاجلىرىنى تاقاش ۋە ياكى نوقۇل بىلىمنىڭ قىممىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى توختىماي تەشۋىق قىلىۋېرىش ئەمەس، بەلكى بىلىم بويىچە ئىش كۆرۈش، بىلىمنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇش ئادەملەردىن ئۆزىنىڭ بەزى ئىلگىرىكى قاراشلىرى ۋە جامائەتچىلىكتە ئاشكارىلىغان ھۆكۈم - يەكۈنلىرىدىن ۋاز كېچىشنى، ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە توغرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋەھالەنكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىلمىي

كىشىلەرنى غاپىللىقتىن دەل غاپىللار توسۇۋاتىدۇ.

دەۋرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز رەۋىشتىكى ئىقتىسادىي ئەمەلىي ئۈنۈمگە بولغان تەقەززالىقى شۇنىڭغا لايىقلاشقان بىلىملىك، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ توركۆملەپ مەيدانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆزىنى ئۈنۈم، قىممەتكىلا بەخشەندە قىلىۋەتكەن بۇ ئىختىساس ئىگىلىرى تەدرىجىي يوسۇندا ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمالغا ئاجايىپ ماھىر ماشىنا ئادەملەرگە ئايلاندى. كىشىلەر بىلىمنىڭ مەقسەت ئەمەس پەقەتلا بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى.

بۈگۈنكى زامان بىلىم ساھەسىدىكى مەيلى ئالىم، مەيلى ئىزدەنگۈچى، مەيلى ئوقۇغۇچى بولمىسۇن، جاھاندىكى ھەر قانداق شەيئى ياكى ھادىسە ئۇلار ئۈچۈن ماتېرىيالغا، يەنى تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلانغان، تەتقىقات ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، كىشىلەر ھەر بىر مەسىلە، ھەربىر ئىش ھەققىدە توم - توم رىسالە - كىتابلارنى يېزىپ، شەرھلەنمىگەن ساھە، تەتقىق قىلىنمىغان بوشلۇق قالمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل تەتقىقاتلار ئالىي مەكتەپ، ئاكادېمىيەلەردە تەتقىقات تېمىسى ياكى تەتقىقات تاپشۇرۇقى بولغانلىقى ۋە ياكى تەتقىق قىلغۇچىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىرەر تەلىمات ئوتتۇرىغا قويۇشى، بىرەر مەزھەپ پەيدا قىلىشى ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەخت - مەنپەئەتى كۆزلىنىپ خالىس ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار بەكلار ئاز. كىشىلەر ھازىر خۇدانىمۇ بىرەر تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدۇ.

قىسقىسى، بىلىمنىڭ ئىنسان روھىدىن يىراقلىشىشى، بىلىمنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھىدايەت، زالالەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە ئاجىز كەپقېلىشى، مېڭىلەرنىڭ بىلىم - ئۇقۇملارغا تولۇپ، قەلبلەرنىڭ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە تولۇشى، بۈگۈنكى دۇنيا بىلىم ساھەسىدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئە.

ئېتىراپ نەتىجىسى قانداق بولسا، شۇ نەتىجىنى قوبۇل قىلىش، ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ كىملەرنىڭ‌دۇر ئىشتىھايىغا ياقمىغانلىقى، ئەسلىدىكى پەرەزدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. ئەكسىچە بولسا، بۇ نوپۇزنىڭ بىلىمنى قۇل قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر جەمئىيەتتە بىلىمنىڭ نوپۇزنىڭ قۇلى بوپقالماسلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ بارلىق خىزمىتى ئىلمىي يەكۈن، پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىشى، بىلىمنىڭ نازارەت قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تونۇش ـ بەلگىلىمىلەر بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ئەمەلدارلىق ئېگى، ھوقۇق نوپۇزى چوڭ‌كۇر يىلتىز تارتىپ، نوپۇز باشلىقلارنىڭ مىجەزىگە ئايلىنىپ قالغان جەمئىيەتلەردە بىلىمنىڭ ئورنىنى، قىممىتىنى پەقەت تەشۋىقات بىلەنلا تىكلەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەلىي مەمۇرىي تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ھوقۇق ـ بىلىم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تونۇش ئارقىلىق تەڭشەش كېرەك.

قىسقىسى، بىلىم ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلسا، نوپۇز خاھىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ خاھىشقا ئايلىنىپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق مۇستەبىتلىك بارمۇ؟

## بىلىم ۋە ياشاش

بىر ئادەمنىڭ باي ياكى نامرات ھالەتتە، كۈچلۈك ياكى ئاجىز ھالەتتە، ھۆكۈمران ۋە قۇل ھالەتتە ياشىشىنى ئۇ ئىگىلىگەن ماددىي كۈچ بەلگىلەيدۇ. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسا بىر ئادەمنىڭ ماددىي كۈچكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇ ئىگىلىگەن بىلىم بەلگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزى ئوقۇمىغان، مەكتەپ قارىسى كۆرمىگەن بىر ساۋاتسىز ئالىي مەكتەپنىڭ دوكتور، پروفېسسورلىرىدىن باي ئەھۋاللار تولا ئۇچرايدۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھېلىقى ساۋاتسىز پروفېسسوردىن

پرىنسىپ ، قائىدىلەرنى رەت قىلىشى، قوبۇل قىلىشتىن ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشتىن باش تارتىشى بىلىمگە قىلىنغان ھەقىقىي ھۆرمەتسىزلىكتۇر. مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوچۇق دەرستە قوللانغان يېڭى مېتودى مەكتەپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىرغا سەل غەلىتە، چۈشىنىكسىز بىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ دەرسى ناچار باھالىنىدۇ، بەلكىم شۇ مۇدىرلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ھېلىقى ئوقۇتقۇچىغا يەتمەسلىكى مۇمكىن، ۋەھالەنكى بۇ بىچارە مۇدىرلار ئۆزىگە ياقمىغانلىقى، ئۆزى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇ خىل ئۇسۇلنى رەت قىلىدۇ، مانا بۇ بىلىمنىڭ قىيامىتى.

ئەگەر تىرىقچىلىقتا ئاگرانومنىڭ ئەمەس، يېزا باشلىقىنىڭ، ئوقۇتۇشتا پېداگوگىنىڭ ئەمەس، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ، زاۋۇتتا ئىنژېنېرنىڭ ئەمەس، زاۋۇت باشلىقىنىڭ گېپى گەپ بوپقالسا، ئىلمىي نەتىجىلەرنى ئالىملار ئەمەس، باشلىقلار باھالىسا، بۇ جەمئىيەت يىرىگىدىغان جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق جەمئىيەتتە ئالىمنىڭ 10يىللىق تىرىشچانلىقىنى باشلىقنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىكار قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەجەللىك ئاقىۋەت شۇكى، مەركۇر جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىم سىستېمىسى نائىلاج ئۆزىنىڭ، يەنى (بىلىمنىڭ) تەبىئىتىگە، مۇقەررەر تەلىپىگە خىلاپ يۆنىلىشكە بېشىنى بۇراشقا مەجبۇر بولىدۇ. روشەنكى، ئىلمىي تەتقىقات ،ئىلمىي تەجرىبىلەر، ئىزدىنىشلەر ئالدىن بىر نىشان بېكىتىپ قويۇپ، ئاندىن شۇنىڭغا ماس يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەيدىغان، ناۋادا تەتقىقات ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشاندىن چەتنەپ كېتىدىغاندەك بولسا ،ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى قىرقىپ، مەجبۇرىي يوسۇندا زورمۇ زور ھېلىقى تەلەپ ـ نىشانغا ماسلاشتۇرىدىغان پائالىيەت ئەمەس. بىلىش كېرەككى، ئىزدىنىش، تەتقىقات جەريانى بىر ئەركىن جەريان. بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتى، ئۇ ئاردىن بەلگىلەنگەن مەلۇم نىشاننى قوبۇل قىلالمايدۇ. تەتقىقات ـ ئىزدىنىش بىزنى قانداق نەتىجىگە باشلاپ بارسا، ئاخىر

مەقسىتىمۇ؟ بىز پۇل - ئىقتىساد ئۈچۈنلا بىلىم ئىگىلەمدىمىز؟ بۇ سوئالنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى جاۋابى ياق، ئىش يۈزىدىكى جاۋابى بولسا ھەئە، ئەلۋەتتە. نوقۇل پۇل ئۈچۈنلا بىلىم ئىگىلەش بىلىمنىڭ ئادەمسىزلىشىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. مەلۇم بىر غايىنىڭ ئىشقا ئېشىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىقتىسادنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇل تاپقىلى بولىدىغان مەلۇم بىر كەسىپ ئىگىلەش ياكى ئىگىلىگەن بىلىمى بىلەن پۇل تېپىشنى مەن بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئۆلچەملىك مەقسىتى، دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ بەك غايىۋى تەلەپ، ھازىر بۇ خىل مەقسەتتە بىلىم ئىگىلەيدىغانلار يوق ھېسابتا، ئەمما ئۇنداقلارنىڭ ئازلىقى مېنىڭ قارىشىمدىن ۋاز كېچىشىمگە سەۋەب بولالمايدۇ.

دېمەك، بىلىم ئىگىلەشتە بىلىم ئارقىلىق ياشاش ھالىتىنى ياخشىلاش، شۇنداقلا ئۇنى (ياخشىلانغان ھالەت) بىردىنبىر مەقسەت قىلىۋالماسلىق، بىلىم ئىگىلىگۈچىلەر چۈشىنىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم نازۇك مەسىلە.

بىلىش كېرەككى، بىلىملەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ، بەزىسى ئارقىلىق پۇل تاپقىلى، بەزىسى بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ ئادەمدەك ياشىشى ئۈچۈن پۇل تاپقىلى بولمايدىغان بىلىملەر بەكرەك زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمايدىكەن، پۇل تاپالمايدىكەن دەپ، ئۇ خىل بىلىملەرنى تەرك ئېتىش كاتتا ئازغۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئىنسانلار ھەققىدە «ياشاش» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئادەمگە خاس، ئادەملەردىن ھەقىقىي تەلەپ قىلىنغان ياشاش ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ بىئولوگىيىلىك تىرىكلىكتىنلا دېرەك بېرىدىغان ياشاش ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتىمىز. مانا بۇ خىل ئىنسانغا خاس ياشاش، تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئىنسانىي مەنىلەر بىلەن توشقۇزۇش ئىنسانلارغا قويۇلغان تەبىئىي تەلەپ، زادى قايسى خىل يولنىڭ ئىنسانىنىڭ ياشىشىغا ئەڭ لايىق

بىلىمسىز، دەپ ئالدىراپلا يەكۈن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇ بايمۇ ئۆزىنىڭ سودىسى، كەسپى ھەققىدىكى بىلىملەرنى پروفېسسوردىن ئوبدان بىلىدۇ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ بىلىم سېلىشتۇرمىسى مەلۇم ئايرىم تەرەپىنىلا كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلىدۇ. بىلىش كېرەككى، بىلىم دېگەن نوقۇل مەكتەپلەردىلا ئۆگىنىلىدىغان، كىتابلاردىنلا چىقىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ بىر تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك، ھاياتلىقنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېچىلغان بىر بايلىق، ئۇنى بەزىدە ئوقۇمايمۇ ئۆزىگە تايىنىپ بىلىپ كەتكىلى بولىدۇ، بەزىدە ئوقۇماي بولمايدۇ، بۇ ئادەمنىڭ قايسى خىلدىكى بىلىمگە موھتاجلىقىغا باغلىق. يۇقىرىقى بايانلارنى خۇلاسىلىگەندە، ئىنساننىڭ ياشاش ھالىتىنى بىلىم بەلگىلەيدۇ، ئىنساننىڭ ياشاش ھالىتى ئىككى خىل تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار ماددىي تەرەپ ۋە مەنىۋى تەرەپ. چۈنكى، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەم ماددىي مەزمۇنى، ھەم مەنىۋى مەزمۇنى بولىدۇ. ئىنسان ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قاندۇرۇش يوللىرىنى بىلىشى كېرەك، بۇنىڭ قاندۇرۇش يوللىرىنى بىلىش دەل بىلىم، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى مەزمۇنىنى بېيىتىش ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، مەنىلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ شۇنىڭغا زۆرۈر بىلىملەرنى بىلىش كېرەك.

دېمەك، بىلىم ئىگىلەش چوقۇم ياشاشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ.ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنى بەلگىلەيدۇ، ۋەھالەنكى تۇرمۇشتا ئۆزى ھۈنەر - تېخنىكىغا ئىگە بولسىمۇ، نامرات، ئىجتىمائىي بىلىملىرى مول بولسىمۇ، تۇرمۇشى مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز كىشىلەر كۆپ. بىر ئادەم شۇنچە تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەپ يەنىلا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولمىسا، ئەسلىدىكى ھالەتتىن يۈكسەلمىسە، ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلىگىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ: «ئوقۇرمىز، ئوقۇتۇرمىز سېغىز چايناشىمىز باردۇر» دېگەن مىسراسى بىزگە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئالتۇن قانۇننى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا جان بېقىش، پۇل تېپىش بىلىم ئىگىلەشنىڭ بىردىنبىر

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەڭ يۈكسەك مەقسەت، ئىقتىسادىي نەپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ئورگان، ساھەلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ماتورى. دېمەك، دۇنيانىڭ تەلپى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بولغانىكەن، دۇنيا ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك كۈچىنى قوشالايدىغان تېخنىكىلىق، بىلىملىك، ئىختىساسلىق خادىملارغا جىددىي موھتاج. بۇ خىل موھتاجلىق ھازىر دۇنيا مائارىپىنىڭ يۆنىلىشى، مەقسىتى، خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن، چۈنكى ھازىرقى دۇنيا ئېھتىياجلىق ئادەملەر دەل مائارىپ ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلۈپ چىقىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ بىلىم بىلەن چەمبەرچاس بىرىكىپ كېتىشى، بىلىمنىڭ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ئالدىنقى شەرت بولۇپ قېلىشى مائارىپنى پۈتۈنلەي ئىقتىسادقا خىزمەت قىلىدىغان بىر قورچاق ساھەگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. كىشىلەرگە پەقەت بىلىملا ئۆگىتىش، ئادەملەرنى بىلىملىك، ئىختىساسلىق، ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش پۈتكۈل مائارىپنىڭ ئالىي غايىسى بوپقېلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدىغان، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ئىنسانچە مەزمۇنغا ئىگە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىلىملەر قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

روشەنكى، مائارىپ خىش پۈشۈرىدىغان خۇمدان ئەمەس، ئۇ ھەممىسى ئوپئوخشاش كېسەك ئىشلەپ چىقارمايدۇ، ئەمما ھازىرقى زامانىمىزدىكى مائارىپ دەل خۇمدانغىلا ئوخشاپ قالدى. ھازىر مائارىپنىڭ تەربىيىلەۋاتقىنى غايەت زور تورلاشقان ئىقتىسادىي گەۋدە، كان - كارخانا، زاۋۇت دېگەندەك ئىقتىسادىي ماشىنىلارغا ۋىنتا بولىدىغان ئادىمىي زاپچاسلاردۇر. بۇ خىل كىشىلەر تولىمۇ ئىقتىدارلىق، بىلىملىك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاجىز، مۇستەقىل مەۋقە - قارىشى، ئېتىقاد - بايراق ئىگىسى يوق، ماددىي نەپس ئېھتىياجى قانسىلا، باشقىغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈچۈن ئۆزىنى

يول ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىنسانلار تېخى بىرلىككە كەلگىنى يوق. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى مەدەنىيەت، دىنلارنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغان ئادەملىك ئۆلچەملىرى ۋە ياشاش يوللىرىدا زور ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئەمما، ئىنسان مەيلى قايسى خىل يولنى تاللىمىسۇن، شۇ مەسىلە ئورتاقكى، ئۇ چوقۇم ئۆزى تاللىغان شۇ يولنى چۈشىنىشى، ئۇ ھەقتىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. خرىستىئان مۇرىتى خرىستىئان دىنى توغرۇلۇق بىلىملەرنى بىلمەي تۇرۇپ، خرىستىئان بولالىشى، بۇددىست بۇددىزىمنى چۈشەنمەي تۇرۇپ بۇددىست بولالىشى، مۇسۇلمان ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ مۇسۇلمان بولالىشى، كوممۇنىست ماركسىزمنى چۈشەنمەي كوممۇنىست بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ تاللىغىنى بىر يول. يول مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋەھالەنكى مېڭىش بولسا قانداق مېڭىشنى، مېڭىش قائىدىلىرىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، قىسقىسى، بىلىم ئادەمنىڭ «ياشىشى»نى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم كۈچ.

## بىلىم ۋە مائارىپ

بىلىمنىڭ ئىگىلىنىشى ئەمەلىيەتتە بىر تەربىيىلىنىش جەريانى بولۇپ، بۇ تەربىيىلىنىشنىڭ پىلانلىق، مەقسەتلىك، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىشى مائارىپ ھېسابلىنىدۇ، ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى نوقۇل بىلىم ئۆگىنىش جەريانىلا ئەمەس، چۈنكى تەربىيىلىنىشتىن مەقسەت مۇكەممەللىشىش بولۇپ، چىن ئىنسان مەنىسىدىكى مۇكەممەللىك بىلىملىك، ماھارەتلىك بولۇشنىلا ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بەلكىلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى ۋە ئىجتىمائىي ھالىتى، ئېھتىياجى ئۆزگىچە لايىق كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلغاچقا، بۇ خىل ئېھتىياج ھازىر دۇنيا مائارىپىدا تولىمۇ روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا

ئۆزى تەربىيىلىنىۋاتقان مائارىپتىن تېپىلمىغاندا، بۇخىل مائارىپ ئۇلارنى تېخىمۇ گۇمراھلىققا، زالالەتكە باشلىشى، ئۇنى ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىككە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى بىز ئىقتىدار، بىلىم بىلەن بايلىقنى قولغا كەلتۈرەلىسەكمۇ، بەختنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. بەخت ماھىيەتتە روھنىڭ قانائەتلىنىشىدۇر.

قىسقىسى، مائارىپ ئادەمنى بىلىم ـ تېخنىكىغىمۇ ئىگە ئىختىساس ئىگىسى قىلالىشى، شۇنداقلا خاراكتېرى ساغلام، مەنۋىيىتى توق، پەزىلىتى مۇكەممەل ئادەم قىلىپمۇ يېتىشتۈرەلىشى كېرەك. چۈنكى، ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكى بىر تەرەپىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى يۈزلىنىشكە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ مەن ھازىر تىلغا ئالغان مائارىپتىن قانچىلىك يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ھەم بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ قانچىلىك كۈچىيىپ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

بەخشەندە قىلىۋەتكەن يېرىم ماشىنا ئادەملەردۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مائارىپىمۇ ماشىنىلاشقان ئادەم ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتقا ئايلىنىپ قالدى. مائارىپنىڭ مەقسىتى ئادەمنى ئۇمۇرۋايەت تەربىيىلەش، ۋەھالەنكى بۇخىل تەربىيىلەش پەقەت بىلىم، تېخنىكا ـ ماھارەت ئۆگىتىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئادەم ئادەم بولغانىكەن، ئۇنىڭدا بىر مەيدان قاراش، غايە ـ مەقسەت بولۇشى، ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئۆزى نازارەت قىلالىغۇدەك ئاڭ بولۇشى كېرەك. مائارىپنىڭ مەقسىتى ئالىم يېتىشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئادەم يېتىشتۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئادەم ھەر جەھەتتە كەمتۈك يارىتىلغان، بۇ خىل كەمتۈكلۈك دەل كېيىنكى ياشاش، تەربىيە ئېلىش جەريانىدا تولۇقلىنىپ بارىدۇ، ئەمما تەربىيە نوقۇل بىرلا تەرەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر تەرەپنى نەزەردىن ساقىت قىلسا، بۇ خىل روھىي كەمتۈكلۈك ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

ھازىرقى كىشىلەر ئاجايىپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ، ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئالالايدۇ، زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىدە چېمپىيون بولالايدۇ، توم ـ توم كىتاب، لۇغەتلەرنى يادلىۋېتەلەيدۇ، تېز ئىگىلەش، تېز يادلاشلارنىڭ ئاجايىپ ئۇسۇللىرىنى ئىختىرا قىلىشقان، ئۇلار بىر ئۆگىنىش ماشىنىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ روھى قۇپقۇرۇق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مەنىسىز، ھەممىدىن قاقشايدۇ، ئۇكايلا ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئۆلۈۋېلىش ئۇلار دائىم خىيال قىلىدىغان قۇتۇلۇش ئۇسۇلى. ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى قاغجىرىغان، ئەمما ئۇلار بۇ تەشنالىقنى قانداق قاندۇرۇشنى، نېمە بىلەن قاندۇرۇشنى بىلمەيدۇ، ھاياتلىقتا ئۆزىنى بەخشەندە قىلغۇدەك بىرەر نىشانى يوقلار ھەر دائىم روھىي نورمالسىزلىق ئىچىدە ياشايدۇ، كىچىككىنە بىرەر زەربىمۇ ئۇلارنى كۆمپەيكۇم قىلىۋېتەلەيدۇ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن، سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھازىر كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خەۋەر ئەمەس.

ئىنسانىنىڭ قەلبى ۋە مەنىۋىيىتىگە زۆرۈر بولغان ساغلام، پاكىز ئوزۇق

ئۇيلىغانسېرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى، گەرچە ھەممە ساھە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئىشلارنىڭ يەنىلا ئاكام ئېيتقان بايىقى پەدىدە كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن دىققىتىم تەبىئىي ھالدا تەبىئىي پەن ۋە ئۇنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئويناۋاتقان رولى، تۇتقان ئورنىغا مەركەزلەشتى. روشەنكى، تەبىئىي پەن تەبىئەت توغرىسىدىكى پەن. كىشلەر تەبىئىي پەن ئارقىلىق ئالەمنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرىنى ئاچىدۇ، بايقالمىغان قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، شۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن سايمان - قوراللارنى ئىختىرا قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرىدۇ.

تەبىئىي پەننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى شۇكى ئۇ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىنساننى تەبىئەتنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى تەبىئەتتىن ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا يول ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار تەبىئەت ھەققىدە ئېرىشكەن بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەت ئالدىدا تېخىمۇ تەشەببۇسكار، ئەركىن ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ماھىيەتتە بۇ خىل تەشەببۇسكارلىق ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ كۆچەيگەنلىكىنىڭ، ئۆزىگە پايدىلىق بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ خىل كۈچىيىش ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىلغار ياشاش ۋاستىلىرىگە، بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بولغىنىنى ئۆزىنىڭ بەلگىسى قىلىدۇ. قىسقىسى، تەبىئىي پەن بايلىقنى ۋاستە قىلىپ، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

مەن بۇ يەردە تەبىئىي پەننىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت - فۇنكسىيىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى، بۇنداق چوڭ تېمىنى يەڭگىللىك بىلەن ئۇنداق ئاسان مۇلاھىزە قىلغىلى

# ئىلىم، تۈزۈلمە، ئۇنۇم

بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئاكام ماڭا: «شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بىر ساۋاقدىشىم ھازىر ناھىيىلىك ماي زاۋۇتىدا كۆمۈر تاسقاۋاتىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، بۇ گەپ ھەققىدە ئانچە ئويلانماپتىكەنمەن. مانا ئەمدى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فىزىكا كەسپىدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىزگە كومپيۇتېر ياكى ئىنگلىز تىلى قوشۇپ ئۆتۈلسە، دېگەن تەلىپىگە ئىنستىتۇت مۇدىرىنىڭ: ھەرقايسىڭ ئارتۇقچە دەرسنى تەلەپ قىلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟ جەمئىيەتكە چىققاندا دەرس ئۆتۈشەلىسەڭلا بولىدۇ، دېگىنىنى، مەخسۇس كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ھەپتىسىگە ئۆتۈلىدىغان 22 سائەتلىك دەرستە پەقەت تۆت سائەتلا كومپيۇتېرغا ئائىت دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقىنى، بىرىنچىلارنىڭلا DOS، Windows98، office2000 يىلى ئۇلارغا پەقەت ئۆتۈلگىنىنى، ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە توك سائىتى كەشىپ قىلغان ئىشچىنىڭ، باشلىقنىڭ باشقا توك سائەتلىرى سېتىلماي قالىدۇ، دەپ قاراپ چۈشۈرگەن بۇيرۇقى بىلەن ئۆزى كەشىپ قىلغان توك سائىتىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولغىنىنى، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىككى يىل ئوقۇپ، ئاران 3- ئوقۇش يىلى 1-مەۋسۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئاندىن رەسمىي كەسىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ، ئاكامنىڭ ھېلىقى گېپىنى قايتا ئويلىدىم.

شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇكى، قەيەردە تەبىئىي يەن تەرەققىي قىلسا، شۇ يەردە سانائەت شەكىللىنىدۇ، قەيەردە سانائەت بولسا، شۇ يەردە ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدۇ، شۇ يەردە قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلىدۇ.

سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، تەبىئىي يەن نەتىجىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىلا سانائەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭدا يەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى پائال ماسلىشىپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرەلەيدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا شۇنىڭغا ماس ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شەكىللەنمىسە، مەيدانغا كەلگەن تېخنىكىلارنى تەتبىقلاشقا سورۇن، شارائىت بولمايدۇ ـ دە، ئۇ ھېچقانداق ئەمەلىي قىممەت يارىتالمايدۇ.

تۆۋەندە بىز تەھلىلىمىزنى ئاۋۋال جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىگىلىك فورمىسىدىن باشلايمىز:

ئىگىلىك فورمىسى دېگىنىمىز، بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىملەشنىڭ بىر پۈتۈن شەكلى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىز تېپىك يېزا ئىگىلىك (دېھقانچىلىق)جەمئىيىتى. ئەزەلدىن مۇتلەق كۆپ سانلىقى دېھقانچىلىق قىلىدىغان جەمئىيەتتە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلمايدىغانلىقى، بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ مەزكۇر جەمئىيەتتە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكى ئاللىقاچان ھازىرقى زامان ئىقتىسادشۇناسلىرى يەكۈنلىگەن قانۇنىيەت. ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ %3تى دېھقان، لېكىن ئۇ يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاشلىق ئېكسپورت دۆلىتى. بىزنىڭ رايونىمىزدا%80ئادەم يەر تېرىيدۇ، لېكىن دېھقانلىرىمىز ئۆزىنىڭ قورسىقىنىمۇ تۈزۈك تويدۇرالمايۋاتىدۇ. ئىقتىساد ئۆگىنىۋاتقان بىر دوستۇمنىڭ دېيىشىچە، نوقۇل ئاشلىق تېرىشقا تايىنىپ دېھقانلارنى بېيىتقىلى بولمايدىكەن.

بولمايدۇ، ئۇ بىر ئايرىم، تەپسىلىي توختىلىشقا تېگىشلىك زور تېمىدۇر.

مەيلى تەبىئىي پەن كۆرۈنمەس سەييارە، پلانېتلارنى تەتقىق قىلسۇن ياكى دېڭىز ئاستى جانلىقلىرىنى ۋە ياكى گېن-ئىرسىيەت، قورال- ياراغ، قۇرت - قوڭغۇزنى تەتقىق قىلسۇن... ئۇ يەنىلا ئادەمنى مەركەز-مەقسەت قىلىدۇ. دېمەك، ھەر بىر تەبىئىي پەن تەتقىقاتى ئىنسانلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ئۇلارنى ھازىرقىدىن ياخشىراق ماددىي ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ يادرولۇق مۇھىم مەسىلە تەبىئىي پەننىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىش رولى. بۇ جەھەتتە تەبىئىي پەننىڭ رولى ئىجتىمائىي پەنگە قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

مەلۇم جەمئىيەتتە تەبىئىي پەن نەتىجىلىرىنىڭ جۇغلىنىشى شۇ جەمئىيەتتە سانائەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، سانائەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي پەننى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشتا ئىمكانىيەت ۋە مەيدان بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەك بۇلار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۆز ئارا رول ئوينايدۇ. ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى ئالۋىن توفلېر مۇنداق دەيدۇ: «پەن-تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى ئۈچ باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلار بىرىكىپ بىر - بىرىنى كۈچەيتىدىغان بىر زەنجىرنى ھاسىل قىلىدۇ. بىرىنچى، ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىجادىي ئىدىيە، ئىككىنچى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىشى، ئۈچىنچى، ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تارقىلىشى». دېمەك، ئاۋۋال ئىجادىي ئىدىيە تۇغۇلىدۇ، شۇ ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن تېخنىكا ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىدۇ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە كېڭىيىدۇ، بۇ يەنە يېڭى بىر ئىجادىي ئىدىيىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ... ئەپسۇسكى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بۇلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىش تېخى يىراق گەپ.

سانائەت ئىنقىلابىدىن ھازىرغىچە بولغان دۇنيا تارىخى بىزگە

سانائەتتە قوللىنىلغان ياكى قوللىنىلمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

دېمەك، پولاتتەك يەكۈن شۇكى، تەبىئىي پەننىڭ ئىقتىسادىي قىممەت، ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىشى ئۇنىڭ ئەسلىي تەبىئىي خۇسۇسىيىتى. ئەگەر تەبىئىي پەننىڭ قولىدىن ئۇنداق قىلىش كەلمىسە، ئۇنىڭ مائارىپتا دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگىنىنىڭ، ئۇنى ئۆگەنگەنىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بىر جەمئىيەتتە تەبىئىي پەننىڭ تېگىشلىك رولىنىڭ جارى بولماسلىقى، تەبىئىي پەننىڭ ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈك ياكى ئۇنى ئىگىلىگۈچىلەردىكى ئىقتىدارسىزلىق تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي پەننىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش سورۇنى بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىگىلىك فورمىسىدىكى نۇقسانلار تۈپەيلىدىن بولغان بولىدۇ. تەبىئىي پەن ئۆگىنىشتىن مەقسەت مائارىپتا تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ياكى ئوقۇغۇچىلارغا نوقۇل قوشۇش، ئېلىشلارنى... ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار تۇرمۇشىغا پايدىلىق قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى تەتبىقلاش، يەنى ئەمەلىي ئۈنۈم، قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

ئەمدى نەزىرىمىزنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يۆتكەيلى: قىسقارتىپ ئېيتقاندا، بىزدە تەبىئىي پەن پەقەت مائارىپقىلا مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ رولىمۇ پەقەت ئوقۇتۇشتىلا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بىزدە ئالىي مەكتەپلەردە فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە،كومپيۇتېر... دېگەندەك تەبىئىي پەن كەسپلىرىدە مەخسۇس ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا -باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرس ئۆتەلىسىلا كۇپايە. ئۇلار شۇنىڭغا چۈشلۇق بىلىم ئىگىلىيەلىسىلا تەبىئىي پەن ئۆگەنگەن ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆگەنگەنلىرى بىلەن بەلگىلىك ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى جەمئىيىتىمىزنىڭ قايسىبىر ساھەسىدە ئىشلىتەلەيدۇ؟ بۇنداق

گەرچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالغان تەقدىردىمۇ، دېھقانلارنىڭ ئارتولا كىرىمى كۆپەيگەن بىلەن، ئىقتىسادنى ھەقىقىي يۈكسەلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشقان بىلەن، ئۇنى ئىستېمال قىلىدىغان ئادەم كۆپەيمىگەچكە، يارىتىلغان ئىقتىسادىي قىممەت ئەسلىدىكى ھالەتتىن كۆپ ئاشمايدىكەن ھەم ئېھتىياج ئاشمىغان ئەھۋالدا ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى باھانىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ئادەم كۆپ يەر تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشى، باشقا دېھقانلار يا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشى، ياكى سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك ئىكەن. يېڭى مەھسۇلات ئارقىلىق يېڭى بازار ياراتقاندا ئاندىن ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدىكەن، بۇغداي، قوناق يېڭى مەھسۇلات بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان تەلەپ ئاشمايدىكەن.

بىز ئۆزىمىزدىكى تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولىمۇ تەكىتلەيمىز. بىراق ئۇ ئىلغار پەن - تېخنىكا، ئۇنۇملۇك ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بىلەن بىرلەشمىسە، بۇ تەبىئىي بايلىقتىن ئالىدىغان ھەقىقىي پايدىنى بىز ئەمەس، بىزدىن سېتىۋالغانلار ئالىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرى نېفىت بايلىقى ئەۋزەللىكىگە ئىگە ھەم ئۇلار ھەقىقەتەن باي، ئەمما ئۇلارنىڭ بايلىقىغا قاراپ ئۇلارنى قۇدرەتلىك دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قۇدرىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، نوقۇل تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىقتىساد تەبىئىي بايلىقنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ ۋەيران بولىدۇ. دېمەك، ئىقتىساد پەقەت تەبىئىي بايلىق ئاساسىغىلا ئەمەس، مۇھىمى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسى ئاساسىدا قۇرۇلۇشى كېرەك.

سانائەت چىقىش يولى بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ خېمىر تۇرۇچى نېمە؟ ئەلۋەتتە، تەبىئىي پەن. سانائەتنىڭ ئىلغارلىق ياكى قالاقلىق دەرىجىسى تەبىئىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ شۇ

بىزدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن باشقا يەردە خىزمەت تېپىلمايدۇ. شەخسلەر قۇرغان شىركەت، زاۋۇتلار يوق ھېسابتا. پەن- تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندىمۇ ئۇنى ئىشلىتىدىغان زاۋۇت، كارخانا يوق دېيەرلىك.

بىزدە كەشپىياتچىلار خېلى نەرسىلەرنى كەشىپ قىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسمى قامۇسقا كىرگەندىن باشقا،ئۆزى قانچىلىك ئىقتىسادىي قىممەت ياراتالىدى؟ ئۇنىسى نامەلۇم. بىزدە دوكتور مەيدانغا كەلگەندە، بىزدىمۇ دوكتور بار بولدى، دەپ دوپپىمىزنى ئاسمانغا ئاتقانىدۇق. ئەمما، بۇ دوكتور، ماگىستىرلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا نېمە پايدىسى بولدى؟ ئۇلار ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە تەتقىق قىلىپ، قانداق نەتىجە ياراتتى؟ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا قانچىلىك پايدىسى بولدى؟...

ئۇلارنىڭ كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك تىرىشىپ ئېرىشمەكچى بولغىنى ئەلۋەتتە دوكتورلۇق قالپىقى ئەمەس. ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردىكى ھەرخىل تەكلىپلەرنى رەت قىلىپ،ئۆز خەلقىنى دەپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن، شۇنداق ئادەملىرىمىزنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلەنگەنىدۇق. ئۇلار بەلكىم پەقەت ئالىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈپ، يىلدا بىر - ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ئوقۇمىغان بولغىيتتى؟! گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىمى بولغىنىنىڭ دېگەندەك پايدىسى بولمىدى.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى سودىنىڭ بارغانسېرى خارابلىشىۋاتقانلىقى، ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتمىسە ۋەيران بولىدىغانلىقى ھازىر ئاساسەن ھەممىگە ئايدىڭ بىر پاكىت. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى ئىشلەپچىقىرىش دەل سانائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىشتۇر. دېمەك، بىزدە تەبىئىي پەن تەرەققىي قىلمىسا،

سانائەتلەشمىگەن جەمئىيەتتە پەن - تېخنىكا ئېگىلىرىنىڭ سورۇنى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئىگىلىك فورمىمىز(يېزا - ئىگىلىك)نىڭ پەن - تېخنىكىغا بولغان تەلىپىمۇ سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىدەك كۆچلۈك ۋە جىددىي ئەمەس. پەن - تېخنىكا بولمىسىمۇ دېھقانچىلىق يەنىلا جايىدا كېتىۋېرىدۇ. بىزدە تېخى دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلمىدى. بىراق سانائەت ئىگىلىكى بولسا، پەن - تېخنىكىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ، پەن - تېخنىكا ئۇنىڭ جېنى.

رايونىمىزدا سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تېخىچە شەكىللەنمەسلىكى بىزدە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادتا يۈكسىلەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، ئىگىلىك فورمىسى، ئىش تەقسىماتى تۈزۈمى دېگەنلەر مائارىپنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئاستىرتتىن بەلگىلەپ قويىدۇ. چۈنكى، مائارىپتا تەربىيە، بىلىم ئالغانلار جەمئىيەتكە چىققاندا، يۇقىرىقى سىستېمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەلۇم بىر ئورۇندا ئىشلەيدۇ ياكى ئۆزى ئىش تاپىدۇ. ئەمما، مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن جەمئىيەتتە ئۈنۈمدىن تەلەپ قىلىنغان ئىقتىدار ئارىسىدا زور پەرق مەۋجۇت بولغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۇن نەچچە يىل ئوقۇغىنىنىڭ ساۋاتلىق بولغىنىدىن ئۆزگە نېمە پايدىسى بولىدۇ؟ شۇڭلاشقا، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشتا ئاۋۋال شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.

بىزدە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى بىلەن مەكتەپلەر ئارىسىدا بىر ئورگانىك بىرلىك شەكىللەنسە، مەكتەپلەردە ئۆگىنىلگەن بىلىم جەمئىيەتتە ئۇچرىغان ھەرخىل مەسىلىلەر (مەيلى ئۇ قانداق مەسىلە بولسۇن)نى ھەل قىلىشتا ئەسقاتسا، دېھقانلارنى بالاگىنى مەكتەپكە بەر، دەپ قىستاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ ھەم شۇ جەمئىيەتتە سانائەتلىشىشنىڭ قەدىمى تېزلىشىدۇ.

مەزكۇر شەيئىنىڭ تەرەققىياتى، مەۋجۇتلۇقى ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، مەلۇم بىر شەيئىدە بىرنەچچە خىل ئېھتىياج بىرلا ۋاقىت، بىرلا زاماندا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىرى ئاساسلىق ئېھتىياج بولىدۇ.ئۇنىڭ تەقەززاسى باشقىلارنىڭكىدىن جىددىي، تەخىرسىز بولىدۇ، ئۇ قاندۇرۇلمىغاندا،باشقىلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ مەزكۇر شەيئىگە ئەمەلىي پايدىسى بولمايدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلار نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق؟ مېنىڭچە، بۇ دەرھال جاۋاب بەرمەك ئەڭ قىيىن سوئاللارنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە،ئوخشىمىغان كىشىلەر ئوخشىمىغان جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ مەن ئويلايمەن، ھازىر ئۇيغۇرلار ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەممىدىن بەكرەك ئېھتىياجلىق. مەيلى ئىقتىسادىي ساھەدە ياكى مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدە، ئىجتىمائىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە بولسۇن، ئەمەلىي ئۈنۈم ئەڭ مۇھىم. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى رېئاللىقى بەلگىلىگەن. ھازىر كەسىپ تاللاۋاتقانلار ياكى تاللاپ بولغانلار بولسۇن، چوقۇم بۇنى نەزەردە تۇتۇشى، ئۆزى قىزىققان نەرسىلەرگىلا ئېسىلىۋالماي، ئېھتىياجنىڭ تەقەززاسى بويىچە تاللىشى، ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئاساس قىلىشى كېرەك. مېنىڭ بۇ يەردە تەبىئىي پەننى تەكىتلىشىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىش رولىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن.

بىر جەمئىيەت، بىر مىللەت چوقۇم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا،تەقدىرىگە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئەمەلىي جاۋاب بېرىشى، ئۆز رېئاللىقىدىكى ئەجەللىك مەسىلىلەرگە دادىل يۈزلىنىشى لازىم. دەۋر، رېئاللىق سورىغان سوئاللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ھەقىقىي ۋىجدانسىزلىقتۇر.

بىزنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىمىز قاندۇرۇلماي تۇرۇپ،«قوتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، "12مۇقام»... لار ئۈستىدە بەس ـ بەستە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ، بۇھەقتە

شۇنىڭغا لايىق ھالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىمۇ ئىسلاھ قىلىنمىسا، ئۇيغۇرلاردا ئىقتىسادنىڭ گۈللەنمىكى خام خىيال بوپقالىدۇ. ئادەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھاتى مائارىپ ئىسلاھاتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىر تەكىتلىنىۋاتقان ساپا مائارىپى دەل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىشقا كەڭ كۆلەمدە تەتبىقلانسا، تېخنىكا ئومۇميۈزلۈك ئىستېمال قىلىنسا، ھەرقايسى ساھەلەردە تېخنىكىغا بولغان ئەمەلىي تەلەپ كۆپىيىدۇ، تەبىئىي ھالدا تېخنىكىلىق مەھسۇلات، تېخنىكىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بازىرى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە بولغان ئېھتىياجمۇ كۆپىيىدۇ.

ھازىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىگىلىك فورمىسى بىزدە تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارغا بولغان بازارنىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىزدە بەش يىل كومپيۇتېر ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ كېيىن قىلىدىغان ئىشى خەت بېسىش ياكى جەدۋەل تۈزۈش. ئۇنىڭ ئالاھىدە پروگراما تۈزۈش تالانتى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ تۈزگەن پروگراممىلىرىنى ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىك ئادەم ئىشلىتىدۇ؟ دېھقانلارغا كومپيۇتېر بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئىدارىلەردە خەت بېسىش، جەدۋەل تۈزۈشنى بىلسە كۇپايە. دېمەك ئېھتىياج بولمىسا، ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭمۇ ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ.

بۇ يەردە ئېھتىياج دېيىلگەن سۆز چىقىپ قالدى، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتەيلى: ئېھتىياج زۆرۈر نەرسىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان تەقەززالىق. ئېنىقكى، ئۇ يوق نەرسىلەرگە نىسبەتەن شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭغا ئېرىشكەندىلا قانائەت تاپىدۇ. ئېھتىياج ھەرقانداق نەرسىدە بولىدۇ ھەمدە ئۆزى مەۋجۇت شەيئىنىڭ ھەرىكەت نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ھەرىكەت ئېھتىياج بەلگىلىگەن نىشانغا يۈزلەنمىسە، ئۇ بىھۇدىلىك بىلەن تۈگەللىنىدۇ،

تېخنىكىنىڭ خۇسۇسىيلارغا تېخىمۇ يۈزلىنىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ... دېمەك، دېرەك بېرىدىغان ئىشلار شۇنداق تۈرغۈن، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزدە تېخى ھېچقانچە تەييارلىق يوق. بىز ھەمىشە ھىندىستان كىنولىرىدىكى ساقچىلاردەك بىرقەدەم كېچىكىپلىۋاتىمىز (بۇنداقتىمۇ خېلى بالدۇر كەلگەن ھېسابلىناتتۇق). تارىخي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، بۈگۈنكى بىر قەدەم كېچىكىش كەلگۈسىدىكى مىڭ قەدەم، ئون مىڭ قەدەم كېچىكىشكە سەۋەب بولىدۇ. بىز بۈگۈنكى مۇشۇ بىر قەدەم ئۈچۈن تېخى كەلگۈسىدە قان ـ ياشلىق بەدەللەرنى تۆلەيمىز.

بەزىلەر WTO غا كىرىش پۇرسەت ۋە خىرىسنى تەڭلا ئەكېلىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، ئەمما مېنىڭچە، خىرىس كۆپرەك. ھازىرقى زاماندا پۇرسەتنى تۇتۇشقىمۇ ئىقتىدار كېتىدۇ. بىزنىڭ مەيلى تىجارەتچىلىرىمىز ياكى ستودېنتلىرىمىز ۋە ياكى كادىرلىرىمىز بولسۇن، تېخى بۇ خىرىسقا تاقابىل تۇرغۇدەك ياكى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنالىغۇدەك ساپا ـ ئىقتىدار ھازىرلاپ بولالمىغان.

بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ پەقەت ئۆزىمىزدىنلا دېرەك بېرىدىغان مەۋجۇتلۇق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا بىز باشقىلارنىڭ شاپائىتى، خەيرىخاھلىقىدا ئەمەس، ئۆزىمىزگە تايىنىپ بارلىق ئىرادىسىزلىكنى، بارلىق بىخۇدلۇقنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىپ تۇرۇپ، شۇنداق مەۋجۇت بولۇشىمىز كېرەككى، شۇندىلا كەلگۈسى تارىخ بىز ئۈچۈن بىرەر ئابزاس، بىرەر سەھىپە ئاجراتسا ئەجەب ئەمەس.

بىز ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئەسىردىكى مەۋجۇتلۇقنى ھېكايە ـ رومانلار، شېئىر ـ نەسرلەر، مەسەل ـ ماقالىلەر ھەققىدە قايناپ ـ قىزىشىپ تۇرۇپ قىلىشىدىغان ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە، بايلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ قوغداشتەك تارىخي ۋەزىپىگە دۇچ

تۇم- تۇم كىتابلارنى يېزىشنىڭ، ناخشا - ئۇسسۇلچى، سېركچى- سېھرىگەرلەرنىڭ شان-شەرەپ قوغلىشىشلىرىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ بۇلار بىلەن ئۇيغۇرلاردا قايسى رېئال مەسىلە ھەل بولدى؟ دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشتىمۇ؟ ئىقتىسادى گۈللەندىمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتى بارغانسېرى ساغلاملىشىپ كەتتىمۇ؟...

دۆلىتىمىز15 يىللىق جاپالىق سۆھبەت مۇساپىسىنى بېسىپ، ئاخىر دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا (WTO)غا كىردى. دۆلىتىمىز بۇنىڭغا كىرىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان بەدەللەرنى تۆلەشكە رازى بولدى، ئەلۋەتتە بۇ ئىدېئولوگىيە، قىممەت قاراش ۋە ھوقۇقتىكى بەزىبىر بەدەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەلۋەتتە. بىزمۇ دۆلىتىمىزگە ئەگىشىپ WTO غا كىرگەن بولدۇق. بۇ ئۆزگىرىش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ تېخىمۇ رەھىمسىز، ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىدىن، يىغلاۋاتقانلارنىڭ يىغىسىنى، ئاھ ئۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئاھىنى ئاڭلاشقا ئادەم تاپقىلى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ كەڭ رايونىمىزدىكى مەۋجۇت ئىگىلىك فورمىلىرى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنى ۋاقتىدا ئىسلاھ قىلىشتىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ مۇستەبىتلىك ئورنىنى شەھەرلەردىلا ئەمەس، كەڭ يېزىلاردىمۇ، دېھقانچىلىق ساھەسىدىمۇ تەختتىن چۈشۈرۈشتىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىۋېلىشىنىڭ ئازىيىشى كېرەكلىكىدىن، دېھقانلارنىڭ كەتمەنگە باغلانغان بىچارە تەقدىرىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇلارنىمۇ ئەركىن ئىگىلىككە قويۇۋېتىشتىن (ھېچبولمىسا تەدرىجىي) دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا يەنە بۇ مائارىپنىڭ هازىرقى ھالىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار مەيلى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسۇن ياكى ئۆتەلمىسۇن، ئۇلارغا جەمئىيەتتە جېنىنى باقالىغۇدەك بىرنەرسە ئۆگىتىشى كېرەكلىكىدىن، ئالىي مەكتەپلەر نوقۇل كىتاب ئوقۇتىدىغان ئورۇنلا ئەمەس، پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن بولۇشى كېرەكلىكىدىن، پەن -

# ئېشەك ئۈچامدۇ، ئۈچۈرسا ئۈچىدۇ

## «ئۇنداق دېمە، خاتالىشىپ قالىسەن»گە تەقرىز

ئەلۋەتتە، نۇرمۇھەممەت توختى ئېشەكنى قانات چىقىرىپ ئۇچالايدۇ دېمەكچى ئەمەس، لېكىن شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، بۇ كىشىلەر ئېغىزىدا، قەلەملىرىدە ئېشەكنىلا ئەمەس، ئىت-مۈشۈكلەرنىمۇ ئۇچۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋامنىڭ ئېڭىدا شۇلار ئۇچىدۇ دېگەندەك، راست ئۇچقۇدەك دەيدىغان قاراشمۇ پەيدا بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئېشەك ئۇچىدۇ دەۋاتسا، سىز ۋە مەنمۇ راست ئۇچىدىغان ئوخشىمامدۇ-نېمە؟دەپمۇ قالىمىز. بولۇپمۇ ناھەق، خاتا ئىشلارغا تولىمۇ سەۋر-تاقەتلىك جەمئىيەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ناۋادا بۇ جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئادەتكە ئايلانغاندا، شۇنداق بىر ئەۋلاد يېتىشىپ چىقىدۇكى، ئۇلار ئىشلارنىڭ ھەق - ناھەقلىكىنى شۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان پايدا-زىيىنىغا ئاساسەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلار كۆلۈش ۋە يىغلاشتىمۇ مۇستەقىل ئەمەس. ئۇلار ئەنداز ئېلىشنىلا بىلىدۇ، ئىختىرادىن پەقەت خەۋىرى يوق. مانا بۇ ئىلىم ھوقۇققا مۇرەسسە قىلغان جەمئىيەتنىڭ پاجىئەسى. بۇ جەمئىيەتنىڭ چوڭلىرى سولىشىپ كەتكەن تېرىلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ يالىڭاچ يۈرسىمۇ، ئاۋام ئۇلارغا«كىيىملىرى ئاجايىپ يارىشىپتۇ» دەپ مەدھىيە ئوقۇشىدۇ. بۇنداق يەردىن ئاندىرسوننىڭ چۆچىكىدىكى ھېلىقى بالىدىكىدەك جۈرئەت

كېلىۋاتىمىز. مېنىڭچە، بۇ ئەسىردە بىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم كىشىلەر، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشىلەر يەنىلا مۇسابايۇفلار جەمەتىدىكىدەك كىشىلەردۇر. شۇندىلا مەمتىلى ئەپەندىدەك، مۇتائالى خەلپەتتەك كىشىلەرگە پۇرسەت بولىدۇ.

ئىندىئانلار شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇلارنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالالمىدى. مايالار، ئازتېكلار، ئىنكالار ئاجايىپ مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانىدى، ئۇلارمۇ يوقالدى. بىزنىڭ كروران، ئىدىقۇت مەدەنىيەتلىرىمىزمۇ يوقالدى. تارىخ بىزگە شۇنداق ئۇقتۇرىدۇكى، مەدەنىيەت كاپالەتكە موھتاج.

توغرا، بىر مىللەتنىڭ خەلقئارادا تونۇلغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، تەنتەربىيە چولپانلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ مىللەتتە پات ـ پات ئىلمىي ـ ئەدەبىي مۇھاكىملەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن. خىلمۇ خىل مۇكاپاتلار تەسىس قىلىنغان بولۇشىمۇ، مەشھۇر مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بۈگۈنكىدەك بىر دەۋردە مەزكۇر خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، پەن-تېخنىكا قاتلىمى بولمىسا، مەنۋىيىتىدە يۆلەنگۈدەك ئېتىقادى، ئاساسلانغۇدەك پەلسەپىسى بولمىسا، يۇقىرىقى نەتىجىلەر بۇ خەلقكە ئاز ـ تولا تەسەللى، خۇشاللىق، ئۈمىدتىن ئۆزگە ھېچنېمە ئەكېلەلمەيدۇ. خەلقنىڭ ھالى ئاۋۋالقىدەك تۇرىدۇ، بېشىدا تۇگمەن چۆرگىلەۋېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي ساۋاقلىرىنى«ئارمان بار، دەرمان يوق» دېگەن ماقالغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. دەرمان دەل ئەمەلىي ئۇنۇمدە.

نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ شېئىرلار ئۆز دۆلىتىنىڭ شۇ
چاغدىكى كونكرېت تارىخىي شارائىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان
بولغاچقا، ئادەمگە ئۆتمۈشكە پەقەت ئوخشىمايدىغان بۈگۈنگە
نىسبەتەن ماس كەلمىگەندەك تۇيغۇ بېرىپ سېلىشى تەبىئىي
ئەھۋال. ئەمما مېنىڭچە، بۇنى شۇنىڭلىق بىلەنلا ئۆزگەرتىپ قويۇش
ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ تارىخىي ئاڭ - تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇپ
قويۇشى، دۆلەتنىڭ قانداق جاپالار بەدىلىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ
قېلىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى كۈنلەرنى چۈشەنمەي قېلىشىغا
سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ رېئاللىقنى چۈشىنىشى
تارىخنى چۈشىنىشى ئاساسىغا قۇرۇلسا كېرەك. قارىغاندا،
مۇئەللىملىرىگىزمۇ نۇرغۇن «ئىسسىق - سوغۇقلار»نى باشتىن
ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبە - ساۋاق يەكۈنلىگەن بولسا كېرەك. دەپ قويۇڭ،
تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقەت بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

نۇرغۇن ئىشلار ئەسلى ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ
چۈشەندۈرۈلۈشى، ئىزاھلىنىشى تولىمۇ بىمەنە، مۇرەككەپلەش-
تۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەسلى شۇنداق ئاددىي ئىشلارمۇ
ئاجايىپ بالايىئاپەتلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. ئاۋامنىڭ غاپىللىقى
مۇقەررەر ھادىسىدۇر. ئۇلارنىڭ قانداق بولمىقى كۆپىنچە ھاللاردا
شۇلارنىڭ ئالىم-سەردارلىرىغا باغلىق. ئۇلار مەسىلىلەرنى قانداق
چۈشەندۈرسە، خەلق شۇنداق چۈشىنىدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز ئەينى
ۋاقىتتا، ئافاق خوجا: «پەيغەمبىرىمىزگە ھىرا غارىدا تۇنجى ۋەھىي
چۈشكەندە، مېنىڭ نۇرۇم شۇ غارنىڭ بۇلۇڭىدا بار ئىدى، ماڭا قول
بەرمىگەنلەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەندىمۇ گەپ-سۆزسىز
ئىشىنىشكەن. خەلقىمىز ساختا پەتىۋا قۇربانلىرىنىڭ تىپىك مىسالى
بولالايدۇ. تالاق قىلىنغان خوتۇنلارنى خورازغا نىكاھ قىلدۇرۇپ،
ئاندىن ئۆزى خوتۇن قىلغان موللىلارغىمۇ بەرھەق؛ دەپ سۈكۈت
قىلىشقان. ئۇنىڭغۇ شۇچاغدىكى نادانلىقتىن دەيلى، ئەمما ھازىرمۇ

تېپىلمايدۇ.

ئارستوتېلنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق قاراشلىرى غەرب تارىخىدا تاكى گالىلىي، بېكون دەۋرىگە قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. گەرچە ئۇ نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بەلگىلىك ئېگىزلىكتىن تەڭ قويۇپ بېرىلگەن بىرى ئېغىر، بىرى يەڭگىل جىسىمدىن ئېغىرى بالدۇر يەرگە چۈشىدۇ، دېگەندەك خاتا قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ جىنايىتى ئەمەس. ھەقىقەت ئىزدەپ خاتالىشىشمۇ ياخشى ئىش. ئەمما، خاتالىق قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇنى دەلىللەپ باقماي قارىغۇلارچە قوبۇل قىلغانلىقىدا. ھەقىقەت دەپ قارالغان نەرسىلەردىن گۇمان قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتتى ئۆزىگە تەۋە ھەقىقەت بولمايدۇ، شۇڭا ھەممىلا نەرسىدىن گۇمان قىلىۋېرىدىغان ئادەمدە بولسا پەقەت ھەقىقەت بولمايدۇ.

تۇرمۇش ئادەمگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ، ئەمما تۇرمۇش ئۆگەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەق ساناپ قوبۇل قىلىش ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك. چۈنكى، تۇرمۇش بەزىدە سىزگە نومۇسسىزلىق، مۇناپىقلىقنىمۇ ئۆگىتىدۇ، سىزنى نۇرغۇن رەزىللىكلەرنى قىلىشقا كۆندۈرىدۇ. تولا ئادەملەر ھاياتلىقتا ئېرىشكەن تەجرىبە ـ ساۋاق، بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق-سوغۇققا ئاساسەن بىرنى بىر دېيىش ئەخمەقلىق، دېگەن يەكۈنگە كېلىشىدۇ. بەلكىم بىرنى بىر دېمەيدىغانلارغا قارىغاندا، بىرنى بىر دەيدىغانلارنىڭ ئىزچىل ئاز بولۇشى مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت بولسا كېرەك. قاراڭ، سىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزمۇ شۇنچىلىك ئاددىي بىر ئىشتا بىرنى بىردەپ سىزگە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش بېرەلمەپتۇ. دۆلەت شېئىرىنىڭ مەزمۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تارىخىي شارائىتقا نىسبەتەن ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭلا ئەمەس، دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن ئەللەرنىڭ دۆلەت شېئىرلىرىمۇ نەچچە ئون،

ئايرىلىپ بولغان توغرىدا چىڭ تۇرۇش، توغرىلىقنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ھايات مىزانى قىلىپ ياشاش تېخىمۇ قىيىن بولسا كېرەك. مانا بۈگۈن كىتاب-ژۇرنال، گېزىتلەرگە قارايدىغان بولسىڭىز، ئادەملەرنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان تەلىمات - تەرغىباتلار ئاجايىپ نۇرغۇن، ئەمما رېئاللىققا قارايدىغان بولسىڭىز، ئاشۇ تەلىماتلارغا ئەمەل قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بۈگۈنكى دۇنيا ھەقىقەت ئەڭ كۆپ سۆزلىنىدىغان، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ دەپسەندە قىلىنىدىغان دۇنيا.

شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەقىقەتكە باش ئەگدۇق، بەيئەت قىلدۇق، دېيىشىدۇ، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ نەپسىگە بويسۇندۇرۇشىدۇ. ئۇلار ھەقىقەت باشلىغان نىشانغا ماڭماستىن، ھەقىقەتنى ئۆزى باشلىغان نىشانغا قايرىيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ سەللە - تونى قىلىۋالغان. ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىزانى ئەمەس، بەلكى زىننىتى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەقىقەت مانا مۇشۇنداق «ھەقىقەتچى»لەرنىڭ قولىدا خارلانماقتا. ھازىرقى كىشىلەر ھەقىقەتنى ئېغىزىدا ئېتىراپ قىلىپ، ئەمەلىيىتىدە دەپسەندە قىلىپ ياشايدۇ. ھەقىقەت گويا چوغ، ئۇنى تۇتسا كۆيدۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلىگەنلەرلا ھەقىقەتنىڭ ساھىبى بولالايدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇ چوغدا ئىسسىنىدۇ، مەش - ئوچاقلىرىغا ئوت يېقىشىدۇ ھەم ئوت بەكرەك ئىسسىتىۋەتسە، سۇ قۇيۇپ ئۆچۈرۈپمۇ قويۇشىدۇ. شۇڭا، بۇ چوغنى تۇتماقچى بولغانلار ئۇنىڭ چوقۇم قولنى كۆيدۈرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا تۇتۇپ بولۇپ يەنە تاشلىۋېتىدۇ. ھارارەتكە بەرداشلىقى يوق ئادەملەر قانداقمۇ چوغ مېنىڭ دېيەلىسۇن؟

ھازىرقى بالىلار ئوينامدۇ-يوق، بىلمىدىم، چوڭلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، كىچىكىمىزدە «ئۈچتى-ئۈچتى» دەيدىغان بىر ئويۇن بولىدىغان. بۇ ئويۇندا بىرەيلەن باش بولۇپ، ئاۋۋال ئۈچىدىغان

ناۋادا مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىرى كېلىپ، هاراقنىمۇ بەزىدە ئىچسە «ھالال» بولىدىغانلىقىغا پەتۋا بەرسە ئىشىنىدىغانلار كۆرمىسەك. دېمەك، بۇ خەلق بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىماننى ھەقىقەتكە، ئەمەس نوپۇزغا كەلتۈرىدۇ. ئالىملىرى مۇناپىقلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان خەلقنىڭ ئۆزى ماڭقۇرت بولىدۇ.

جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى بىر تەتۈرلۈك شۇكى، ئىلىم ھوقۇققا ئەمەس، ھوقۇق ئىلىمگە ھۆكۈمران. ئىلىمنىڭ ھوقۇقىنىڭ دېدىكىگە ئايلىنىپ قېلىشى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ زور پاجىئەلىرىدىن بىرى. ئۇون ئالىمنىڭ مىڭ تەستە ئېرىشكەن نەتىجىسى بىرەر ئەمەلدارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن بىكار بوپكېتىدۇ. جەمئىيەتتە ئەمەلدارلارنىڭ نوپۇزى ھامان ئالىمنىڭكىدىن يۇقىرى.مەسىلەن، بىر رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلسە، كۆرگەزمىنى كۆرگىلى كىرگەن چوڭراق بىر ئەمەلدار سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا ھېچقانچە قىممىتى يوق بىرەر ئەسەرنى ناھايىتى ياخشى سىزىلىپتۇ، دەپ ماختىسا، شۇ ئەسەر دەرھال كۆرگەزمىدىكى ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئېسىل ئەسەرگە ئايلىنىدۇ. ھەممىلا جايدا پالانى ئەمەلدارنىڭ ئۇنىڭغا «يۇقىرى باھا» بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. گەرچە ئۇ ئەمەلدارنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىدە ئىقتىدارى بولغىنى بىلەن، رەسىم باھالاشتا شۇ كەسىپنىڭ ئەھلىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما شۇنداقتىمۇ شۇنىڭغا ياققانلىقى ئۇچۇنلا، ئۇ باشلىق «يۇقىرى باھا» بەرگەن نادىر ئەسەر بوپقالىدۇ. مانا بۇ جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئىسلاھ قىلىنمىسا بولمايدىغان بىر مۇھىم مەسىلە.

توغرا،خۇددى سىز ئېيتقاندەك،توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش جاھاندىكى ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى.چۈنكى، ھەرخىل ئادەم، مەزھەپلەر ئۆزى ھەق دەپ بىلگەننى توغرا دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقان.ئەمما مېنىڭچە، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشقا قارىغاندا،

نوپۇزى. ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا پەقەت ئىككىلا مەجبۇرىيىتى بار: ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىش. بەزىلەر ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ھېسابلىشىدۇ، ئەمما ئىجرا قىلمىغان ئادەمنىڭ نەدىمۇ قوغدىغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بولسۇن؟!

نەرسىلەردىن باشلاپ: «ئۈچتى-ئۈچتى كەپتەر ئۈچتى، ئۈچتى-ئۈچتى قاغا ئۈچتى... » دەپ تووۋلاپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى، باشقىلارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تووۋلايتتى، ئاندىن ئۇ باشقىلارنىڭ بىخۇدلۇقىنى پەملەپ تۇرۇپ: «ئۈچتى-ئۈچتى دەرەخ ئۈچتى، ئېشەك ئۈچتى» دېگەندەك ئۇچمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى تووۋلايتتى، سەگەكرەك تۇرغانلار قولىنى كۆتۈرمەيتتى، بىخۇدراقلىرى تووۋلاپ قولىنى كۆتۈرۈپ سالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەلۇم دەرىجىدە جازالىناتتى. مانا ھاياتلىقتىمۇ مۇشۇ ئويۇنغا ئوخشاش ئىشلارمۇ نۇرغۇن بولىدىكەن. سىزمۇ، مەنمۇ بەلكىم نۇرغۇن قېتىم ئۇچمايدىغان نەرسىلەرنى ئۈچتى، دەپ تووۋلاپ سالغاندىمىز.

بۇرادەر مۇھەممەت مەتنىياز دانىش «كۆڭلۈمنى ياسايدىغان مۇڭداش تاپالماي» دەپسىز. ئەمما مېنىڭچە، سىزدەكلەر «كۆڭلىنى ياساشقا» موھتاج بولماسلىقى كېرەك. كىشى ئۆزى ئەقىدە قىلغان ھەقىقەتتىن تەسەللى تاپالمىسا، ئۇنىڭ شۇ ھەقىقەتكە بولغان ئەقىدە-چۈشەنچىسىدىن مانا مەن گۇمانلىنىمەن. سىزگە دېمەكچىمەنكى، بەردەم بولۇڭ. ھازىر كىشىلەر ئاجىزلاردا ھەقىقەت بارلىقىغا ئىشەنمەس بوپكەتتى. كىشىلەر ھەقىقەتنىڭ ھەمىشە ئۆزلىرىنى كۈلدۈرۈشىنى، خۇشال قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەت سەۋەبىدىن تارتقان دىشۋارچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

كىشىلەر ھەقىقەتكە ھەۋەس قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ھەۋەسكارغا موھتاج ئەمەس؛ يەنە ھەم يۈرەكىنى تىترەتكۈدەك قەسىدە-مەدھىيەلەرنى ئوقۇشىدۇ، ئەمما ئۇ قەسىدىچىگىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇ ھەمدۇسانا، قەدىرلەشلەرگىمۇ موھتاج ئەمەس؛ قوغداش-ھىمايىگىمۇ موھتاج ئەمەس... قىسقىسى، ئۇ زادىلا ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ھەقىقەتكە موھتاج.ھەقىقەت بۇيرۇقلا قىلىدۇ، تەلەپلا قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تەبئىي

تەسىر قىلغۇدەك، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغۇدەك بىرەر شەخسنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ باقماپتىمەن، ياكى قەلبىم قېتىپ قالدىمۇ، يا مەن ئۇچراتمىدىممۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ۋۇجۇدۇم زىلزىلىگە كەلمىگىلى ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتكەنىدى، ئادەم چوقۇم پات - پات مەلۇم بىر ئىش ئۇچۇن ھاياجانلىنىپ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ تۇرالىشى، مەلۇم ئىشلارغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ۋۇجۇدى تىترەپ تۇرالىشى كېرەك. بۇ ئادەمگە زۆرۈر بىر روھىيەت قەلب گىمناستىكىسى.

بەزىدە ئادەم ۋۇجۇدىنىڭ پارتلىشى نوقۇل تەپەككۇر قىلىش بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدۇ، كىشى قەلبىنى پات - پات يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك ئەپسۇس، ھازىر ئادەمگە بۇنداق زىلزىلە، لەرزە ئەپكېلىدىغان ئىشلار يۈز بەرمىگىلى ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى، گەرچە تولىمۇ ئەقىللىقلىشىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما بۇ ئەقىل ئېتىقادسىزلىقتىن قاغجىراپ كەتكەن روھىمىزنى نەمدەشكىمۇ يارىمايۋاتىدۇ، قەلبى كاردىن چىققاندا ئەقىل تاپتىن چىقىدۇ، قەلبى بىلەن ئەقلىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالىغان كىشىلەرلا جاھاندىكى ئەڭ مۇكەممەل كىشىلەر بولسا كېرەك.

ئاخىر ئۇچراتتىم، ئاخىر ۋۇجۇدۇمنى تىترەتكۇدەك ئادەمنى ئۇچراتتىم، كىملىكىنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال ئوقۇرمەنلەردىن بىر نەچچە سوئال سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، سىزنىڭ پۇت - قولىڭىز ساق، ھوش - كاللىڭىز جايىدىمۇ؟ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرىڭىزدە بالا تېپىش، بېقىشتىن باشقا، ئىدارىدىكى ياكى ئېتىزدىكى ياكى بازاردىكى ئىشىڭىزدىن باشقا يەنە قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىدىڭىز؟ ياكى چىقىرىشقا تىرىشىپ باقتىڭىز؟ پەقەت ئۆزىڭىزلا ئەڭ سەمىمىي جاۋاب بېرەلەيسىز.

ئەمدى مەن سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان كىشىنى تونۇشتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ.

# ئىلىم كۆكىدىكى گىگانت چولپان

ئەسلەپ باقسام، مەن كىچىكىمدىن باشلاپلا، شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئالاھىدە قىزىقىدىكەنمەن، تا ھازىرغا قەدەر كىچىك ۋاقتىمدا ئوقۇغان نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ مەيلى چۆچەكلەردىكى پېرسوناژ ياكى رېئاللىقتىكى، تارىختىكى شەخس بولسۇن، شۇلارنىڭ كەچۈرمىش، سەرگۈزەشتىلىرى تا ھازىرغا قەدەر ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بەلكىم بۇلار ماڭا ۋە كېيىنكى ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەندۇ، مەن بۇنى ھېس قىلالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۆزى قوبۇل قىلغان تەسىرلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى بىلەن باغلىق. ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا قايسى خىل تەسىرنى بەكرەك قوبۇل قىلسا، شۇبھىسىزكى شۇ ئادەم شۇ تەسىرلەرنىڭ ئېكرانى ۋە يىغىندىسىغا ئايلىنىدۇ، بەلكىم ئادەمگە (ئەگەر ئۇ تەسىرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇپ قوبۇل قىلىشنى بىلسە) ئۆزى رېئاللىقتا ئۇچراتقان ياكى كىتابلاردا ئوقۇغان شەخسلەرنىڭ ئالاھىدە ئىش ـ ئىزلىرى، ھاياتى باشقىچە ئالاھىدە تەسىر قىلىشى، ھەتتا شۇ ئادەمنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە قانداق يول تۇتۇپ ياشىشىنى بەلگىلىۋېتىشى مۇمكىن.

باشتا قولۇمغا قەلەم ئالغان چاغلىرىمدا شەخسنىڭ تەرجىمىھالى، ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىشنى ھەرگىز ئويلاپ باقمىغانىدىم، ئويلاپ باقسام، مەن بۇ يېقىنلاردا ئۆزۈمگە ئالاھىدە

دادام ئالاھىدە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلاتتى، مەن ئەزەلدىن شەيئىلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا ئالاھىدە قىزىقاتتىم، ھەمىشە بىر نەرسىلەرنى چۇۋۇپ كۆرۈپ باقاتتىم، ئەمما قوراشتۇرۇشقا ناباب ئىدىم، دادام مېنى ھەمىشە ئىلھاملاندۇراتتى، ئۇ مېنىڭ ماتېماتىكا ئۇستازىم ئىدى، مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا مېنىڭ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا كىرىپ قېلىشىم تەبىئىيلا بىر ئىش ئىدى». بۇنىڭدىن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشەنمەك تەس بولمىسا كېرەك.

خاۋكىڭ كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەنى 21 يېشىدا ھەرىكەت نېرۋا ھۈجەيرىلىرى كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ، دوختۇرلارمۇ ئۇنى داۋالاشقا ئەمەس، كونترول قىلىشقىمۇ ئامالسىز ئىدى، بۇ ئىش خۇددى خاۋكىڭ ئېيتقاندەك «بېشىدا چاقماق چاققاندەك» ئىش بولغانىدى. بۇ كېسەل ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى.

ئۆزىمۇ ئەمدى ئۇزاق ياشىيالمايمەن، دەپ قارايتتى، ۋەھالەنكى ئىشنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا تارىختا كۆپ قېتىم شۇنداق بولغىنىدەك، بۇ قېتىممۇ ئادەملەرنىڭ پەرىزىنى خىجىل قىلىۋەتتى، ئۇ خېلىلا ياخشىلىنىپ كېسەلنىڭ تەرەققىياتىمۇ توختىدى، خاۋكىڭ ھەرگىز بۇنىڭلىق بىلەن توڭگىشىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىدى، ئۇ تېخى شۇ مەزگىلدە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى تاماملاپلا قالماي، يەنە ئەنگلىيە خان جەمەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، 23 يېشىدا ئۇ يەنە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى.

پاجىئە بۇنىڭلىق بىلەن توگىمىگەنىدى، يەنە 1985 ـ يىلى ئۇ ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئوپېراتسىيىگە چۈشتى، ئوپېراتسىيە ئۇنىڭدىن تىلىنى تارتىۋالدى، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن زۇۋاندىن قالدى، مانا ھازىر ئۇ پەقەت چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ

ئەلۋەتتە مەن بۇ زاتنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، پەقەت ئۇنىڭ كىملىكى، نېمە ئىش قىلغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بېرىمەن.

بۈيۈك ئاسترونوم گالىلېينىڭ 300 يىللىق خاتىرە كۈنىدە، يەنى 1942- يىلى1- ئاينىڭ 8- كۈنى ئەنگلىيىدە يەنە بىر « گالىلېي»، يەنى نيۇتون، ئېينىشتېينلاردىن كېيىنكى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىمى،«قارا ئۆڭكۈر نەزەرىيىسى ۋە يورۇق كائىنات نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان، ئالىم ستېفېن. خاۋكىڭ stephen·sw·hawking دۇنياغا كەلدى.

ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ھېچقانچە ئالاھىدە ئۆتمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنىڭ تاپشۇرۇقنى شۇنداق قالايمىقان، رەتسىز ئىشلەيدىغىنىدىن ئۇنى قوتقۇزۇۋالغىلى بولمىغۇدەك دەپ قارىغانىدى، 12ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىككى دوستى بىر خالتا كەمپۈتتىن خاۋكىڭنى مەڭگۈ تالانت ئىگىسى بولمايدۇ، دەپ باغلاشقانىدى. شۇنى قىستۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ، باشلانغۇچ، تولۇقسىزدا ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا تاپشۇرۇقنى ناھايىتى رەتلىك ئىشلەيدىغان، ئىمتىھاندا ھەمىشە يۇقىرى نومۇر ئالىدىغان، دەرستە ئەلاچى ساۋاقداشلىرىم بولىدىغان، ھازىر قاراپ باقسام، ئۇلارنىڭ ئەلاچىلىقى شۇلارنى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن باشقىغا يارىماپتۇ، بەلكىم تاپشۇرۇقنى شۇنداق رەتسىز قالايمىقان ئىشلەيدىغان خاۋكىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىزنىڭ ئاتالمىش «رەتلىك» لىكنى قوغلىشىدىغان مائارىپىمىزغا بىر ئاچچىق مەسخىرە بولسا كېرەك.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى تەربىيىلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە مۇنداق دەيدۇ: «دادام تروپىك بەلۋاغ كېسەللىكلىرىنى تەتقىق قىلاتتى، ئۇ ھەمىشە مېنى تەجرىبىخانىسىغا باشلاپ ئاپىراتتى، مەنمۇ بېرىشقا ئامراق ئىدىم، بولۇپمۇ مىكروسكوپ بىلەن كۆزىتىشكە ئالاھىدە ئامراق ئىدىم، مېنى يەنە ھاشارات‌لار مۇزېيىغا ئاپىراتتى،

نورمال ئادەمدەك ياشاشقا تىرىشتىم، كېسىلىمنى ھەمدە كېسىلىم ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئىشلارنى تولا ئويلاپ ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتمىدىم».

مانا بىزدەك كىچىككىنە كېسەل ياكى باشقا ئىشلار تۈپەيلىدىن بىردەمدىلا تۈگىشىپ ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ كېتىدىغانلار ياكى ساپساق تۇرۇپ، مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىدىن ۋەياكى باشقا توخۇ تۈكى ئىشلار ئۈچۈن كۈنى قىيامەتكە ئايلىنىپ كېتىدىغانلار بۇنىڭدىن قۇلاقلىرىچە قىزارساق، نومۇستىن ئۆلسەك بولىدۇ.

جاھاندا ساپساق، تېمەن، ئەمما ئەخلەتچىلىك قىممىتى يوق ياشايدىغانلار كۆرمىڭ. سىزچۇ؟ مەنچۇ؟بىز قانداقراق ياشاۋېتىپتىمىز؟ ئۆزىمىزنى خاۋكىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردىڭىزمۇ؟ خاۋكىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن جاھاندىكى بارلىق تۆت ئەزاسى ساق، بىچىرىم كىشىلەرگە مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك دەرس ئۆتتى. ئۇ بىزگە بەدەن پالەچلىكىنىڭ ھېچ گەپ ئەمەسلىكىنى، ئەڭ ئەجەللىك مەسىلىنىڭ روھىنىڭ، ئىرادىسىنىڭ پالەچلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، قاراڭ، سىز، مەن، يەنە ئۇ ساپساق تۇرۇپتىمىز، ۋەھالەنكى بىزنىڭ بۇ ساقلىقىمىزدا قانچىلىك مەنە بار؟!

بىز بۇ يەردە شەخسىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ ئادەم ئىشەنگۈسىز كۈچىنى ئىنتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. مېنىڭچە خاۋكىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى پەقەت ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، ئۇ ياشىغان، تەربىيە ئالغان كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مۇھىتى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە زور ئاساس سالغان، ئۇ كامبرىجدا پالەچلىكى تۈپەيلىدىن كەمسىتىلمىگەن، چەتكە قېقىلمىغان، ئۇ يەنىلا ساق ئادەم بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھۆرمىتىدىن بەھرىمەن بولالىغان، ھەممە ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن، ھېسداشلىق قىلغان، مانا بۇ ئىنسانىي مۇھەببەتكە تولغان مۇھىت، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى جارى

كومپيۇتېر ئارقىلىق قېپىقالغان مىدىرلىغۇدەك ئەزالىرىدىن ئۈچ بارمىقى بىلەن باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ گالىلېي، نيۇتونلارغا ئوخشىمايدىغان تەرىپى.

ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا ئىشەنچ، ئۈمىد بېغىشلىغۇدەك ئادىمى بارمۇ؟ بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئايالى جېين ۋارد،بۇ ھەقتە ئۆزى مۇنداق دەيدۇ:« مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ھەقىقىي ئۆزگەرتكىنى مېنىڭ جېين ۋارد بىلەن تويلاشماقچى بولغىنىم، بۇ ئالاھازەل مېنىڭ نېرۋا مۇجەيرىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىمدىن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى، ئۇ مېنىڭ ياشىشىمغا ئۈمىد بېغىشلىغانىدى».

خۇدايىم بەندىسىنى خار قىلمايدۇ، خۇدايىم بەندىسىنى قىستىمايدۇ، دېگەن شۇ بولسا كېرەك، ھەقىقەتەن خۇدا ئۇنىڭدىن ھەرىكەتنى، زۇۋاننى مەھرۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىر سادىق ھەمراھ بەرگەنىدى.

ئېرىنىڭ پالەچ بولۇپ قالىدىغىنىنى بىلىپ تېگىدىغان ئاياللار جاھاندا ئاز، بەلكى ئاز بولسا كېرەك، بىز ئەتراپىمىزدا مۇشۇنداق ئاياللارنىمۇ ئۇچراتقانمۇ؟ ئىشىنىپ مەن كۆرمىگەن، جېين ۋارد بىزگە مۇھەببەتنىڭ قانداق قۇربان بېرىش ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي چۈشەندۈرۈپ قويدى، بىز قىزلىرىمىزنىڭ پالەچ ئەرگە تېگىشىنى ئەمەس، تېگىپ بولغان ئېرى پالەچ بولۇپ قالسا تاشلاپ كەتمىگىنىدىن خوش بولساق بولىدۇ.

دېمەك، خاۋكىڭ ئەنە شۇنداق كىشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز شارائىتتا يەنە كىشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بىز خاۋكىڭنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، بىز ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىگە توسالغۇ ئەمەس، بەلكى كۈچ بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز، باشقىلار خاۋكىڭدىن كېسىلىڭىز سىزگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتتى، دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ھېچقانچە ئەمەس، مەن قۇربىمىنىڭ يېتىشىچە بىر

ئۇنداق بولغانىكەن، خاۋكىڭنىڭ«قارا ئۆڭكۈر»نەزەرىيىلىرىنى چۈشىنىش ئەمەس، ئاڭلاپمۇ باقمىغانلىقىمىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئۇنىڭ «ۋاقىتنىڭ قىسقىچە تارىخى »دېگەن كىتابى نەشر قىلىنىپ، ھازىرغىچە 25 مىليون پارچە سېتىلىپ بولدى، 30 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندى، جۇڭگودىمۇ 45 مىڭ تىراژدا نەشر قىلىندى، 2002- يەنە يېڭى كىتابى«قۇلۇلە قېپى ئىچىدىكى كائىنات»نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى، ۋەھالەنكى بىز تېخى بۇ دۇنياۋى شەخس توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيمىز، ئەگەر ئۇنىڭ كىتابى تەرجىمە قىلىنىپ ئۇيغۇرچىدا چىقىپ قالسا، قانچىلىك ئادەم سېتىۋالار؟ قانچىلىك ئادەم ۋاراقلاپ قويار؟ ئەلۋەتتە، بىزنىڭ خاۋكىڭنى بىلمىگىنىمىز نوقۇل ئاددىيلا خاۋكىڭنى بىلىش - بىلمەسلىك مەسىلىسىلا ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ دۇنيادىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەلىسە كېرەك.

خاۋكىڭ ئۆزىنىڭ نېمە دەپ ئاسترونومىيە، فىزىكىغا قىزىقىپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە بەلكىم بىزنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمىز ھەم نېمە ئۈچۈن بۇيەردە بولۇپ قالغانلىقىمىز مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشى مۇمكىن». ئۇ بۇنى ھەل قىلالىدىمۇ؟ يەنىلا ئۆزى جاۋاب بەرسۇن. «كائىناتنىڭ باشلىنىشى پۈتۈنلەي ئىلمىي قانۇنىيەتلەر بىلەن بېرەلگەن... گەرچە ئىلىم پەن قانداق باشلانغان دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلالىسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇنۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز، كائىنات نېمە ئۈچۈن چوقۇم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك؟ بۇنىڭغا مەنمۇ جاۋاب بېرەلمەيمەن».

خاۋكىڭ چاقلىق ئورۇندا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرى كائىناتنىڭ باشلىنىشىغا، ئاياغلىشىشىغا، ۋە ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى دۇنياغا پەرۋاز قىلغان، ئەمما بىزنىڭ خىيال قۇشلىرىمىز ساق تەگمە سىمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتقان ماڭاشىمىزغا،

قىلدۇرۇشقا شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن، كامبرىجدىكى ماتېماتىكا، فىزىكا فاكۇلتېتى ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتا مېڭىشىغا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، مەخسۇس ئۇنىڭغا ماگىدىغان يانتۇ يول ياساپ بەرگەن، بۇ چاغدا بىز يەنىلا بۇنى ئۆزىمىزنىڭ مەكتەپلىرىدىكى مۇھىت بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالىمىز، مەن ئوقۇش تارىخىنى ئەسلەپ باقسام، بىرەر مېيىپ بالا بىلەن بىرگە ئوقۇپ باقماپتىمەن، بەزى سەل - پەل ئەيىبناق بالىلار بىلەن بىلەن بىرگە ئوقۇپ باققان، ئويلاپ باقسام، ئۇلار ئارىمىزدا تېگىشلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالماپتىكەن، ئويىنساقمۇ ئارىمىزغا ئالمايتتۇق، مۇئەللىملەرمۇ ئۇلارغا خۇددى ئۇلار ھامىنى دەرس بىلەلمەيدىغۇ دېگەندەك مۇئامىلە قىلاتتى، ئەگەر ھەقىقەتەن خاۋكىڭدەك بىر ئېغىر مېيىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ قالسا، چوقۇم بىز ئۇنى چىرايلىق گەپ بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇغىنىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، ياخشىسى قايتىپ كېتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ساخاۋىتىنى كۈتۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، يولغا سېلىپ قويىمىز. چۈنكى، بىز ھەرگىز بىرەر مېيىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئەمەس، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىشىغىمۇ ئىشەنمەيمىز، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇلار ئاللىقاچان كاردىن چىققان، كېرەكسىزلەر. ئەمما، خاۋكىڭ بىزگە ھەقىقي كاردىن چىققان كېرەكسىز ئادەمنىڭ بەدىنى ئەمەس، روھى مېيىپ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ شانلىق ھاياتى بىلەن ئېيتىپ بەردى، سىز بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟ بىزدە تالانتلىقلار كەم ئەمەس، ئەمما ئەڭ كەم نەرسە تالانتلىقلارنى قوللايدىغان، يېتىشتۈرىدىغان، سىغدۇرىدىغان مۇھىت.

خوش، بىز خاۋكىڭنىڭ كىملىكىنى ئەمدى بىلدۇق، ئەلۋەتتە باشقا بىلگەنلەر چوقۇم بار، ئەمما ئىشىنىمەنكى بەك ئاز، مەن تېخى شىنجاڭدا ئېينىشتېيىننىڭ نەزەرىيىسىنى تۈزۈك چۈشەنگەن بىرەر ئادەم بارمۇ - يوق، ئۇنىڭغا تازا جەزىم قىلالمايمەن،

# بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل

– تېخىچە ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ بولالماپسىزغۇ؟ نېمە ئىش قىلدىڭىز بۇ كەمگىچە؟ بالىنىمۇ قىلىنىراق يۆگەپ قويماپسىز. چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويسام، بۇرنۇمغا چۇلۇك ئۆتكۈزىمەن دېمەڭ - ھە! سىزدەكلەردىن نەچچىنى كۆرگەنمەن.

– قاراپ تۇرىسىزغۇ گۆشىيىپ، ئەخلەتنى تۆكۈۋەتمەي؟

– ھەي، باۋمۇ دېگەن ھامىنى باۋمۇ، مىڭنى قىلغان بىلەن بىكار. بېرىدىغان پۇلنى ئازايتساق بولغۇدەك جۇمۇ، قوۋۇرغىسىغا ياغ توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ بۇ قەلەندەرنىڭ...

– بولدى قىلە، كىچىك ئەمەسمۇ؟ تېخى ئەمدى كەلدى، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالار .

– بۇ مەيىنەتكە ئىش ئۆگىتىمەن، دەپ چېچىم ئاقىرىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئىسىت، مەكتەپتىن ئاجرىتىمەن دەپ ماڭغان يوللىرىم. باشقا بىرسىنى تاپساق بولغۇدەك.

– نېمە دەۋاتىسەن؟ ھېلىمۇ بالا بىر ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۈچنى ئالماشتۇرۇپ بولدۇق. خەقنىڭ بىكار قالغان قىزى يوق بارساڭ بېرىۋېرىدىغان، مەكتەپتىن ئاجرىتىمەن دەپ كىملەرگە سارغىيىپ يۈرىمەن؟ بولدى قىلە ئەمدى.

– ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئىدارىمىزدىكى ئايگۈلمۇ ئالتىنى يەڭگۈشلەپتىغۇ. ھە راست، ھېلىقى تۇغقىنىڭىزنىڭ قىزى بار ئەمەسمۇ، مەكتەپتىن ئاجراتقىلى بولارمۇ؟

تالىشىۋاتقان ئۇنىۋان - دەرىجىلىرىمىزگە، ئاقماي قېلىشتىن قورققان تىجارىتىمىزگە... پەرۋاز قىلغان.

مانا بۇ بىزنىڭ پاجىئەيىمىز.

بىز بۇگۇن دەل مۇشۇ دىدەكلەر، پەرزەنتلىرىمىز، ئائىلە تەربىيىمىز، ئانىلىرىمىز، ئاياللىرىمىز ھەققىدە كۆڭۈلنى ناخۇش قىلىدىغان بەزى گەپلەرنى قىلماقچى بوپقالدۇق.

## ئوچۇر دەۋرىدىكى دىدەكلەر

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، دىدەك دىگەن بۇ سۆز (ئاتالغۇ) پادىشاھ - ۋەزىرلەرنىڭ، ئەمەلدار - بەگلەرنىڭ، زەردار - بايلارنىڭ ئوردا - سارايلىرىدا ئۆي ئىشى قىلىدىغان نامراتلارنىڭ قىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. باۋمۇ خەنزۇچىدىن تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، بىزچە مەنىسى بالا باققۇچى. ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، دىدەكلەر مۇقىم ئۆي ئىشى قىلىدۇ ۋە خانىش - خېنىملارغا ھەمراھ بولىدۇ. خانزادە، بەگزادىلەرنى بۇلار باقمايدۇ. باۋمۇلار بالا باقىدۇ دىگەن چىرايلىق سەۋەب بىلەن ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، بالا بېقىش ۋە ئۆي ئىشى قىلىشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. دىمەك، بۇلارنىڭ ئورنى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى دىدەكلەرنىڭ ئورنىدىن تۆۋەن .

ئەسلىدە دىدەكلەر ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى ئۆلچەم قىلىپ ئايرىلغان سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئىگىلەر (بايلار)، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن مەھرۇملار (نامراتلار) دەپ ئايرىلغان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇگۇنكىدەك سىنىپ يوقىتىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماس كەلمەيتتى. ئەپسۇس، ئۆلچەمدە شۇنداق بولغان بىلەن ئىش يۈزىدە ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان؟

فېئوداللىق جەمئىيەتكە تەۋە بۇگۇنكىگە بۇ رېئاللىقنى فېئوداللىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن

— بولماسمىكى، هازىر مەكتەپتىن ئاجرىتىش بەك تەس بولۇپ كەتتى.

— سىزچۇ ئۇ بولماسمىكى، بۇ بولماسمىكى دەپلا يۈرىسىز. ئەر كىشى دېگەنچۇ، غاچ - غۇچ بولىدىغان. مېنىڭ جاپا تارتىشىم بىلەنغۇ كارىڭىز يوق. بالا باقمەن دەپ قېرىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. مەكتەپنىڭ مۇدىرى ساۋاقداشلىرىم دەۋاتاتتىڭىزغۇ، شۇنىڭغا دەپ بېقىڭا، ساۋاقداش بولغاندىكىن...

— ھېلىمۇ ئىككىنى شۇنىڭغا دەپ ئەكەلگەن، يەنە نېمىدەپ بارىمەن ئۇنىڭ يېنىغا؟ قايسى كۈنى هازىر تۈزۈم بەك چىڭىپ كەتتى، مەكتەپتىن بالا ئاجرىتىش بەك تەس، دەۋاتاتتى.

— ئىشقىلىپ، بىر ئامال قىلىپ باقمامسىز. ھە راست، بىر دوستۇم شەھەردىكى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ دەپ خەت ئېلىپ ئاجرىتىۋالدىم، دېگەنىدى. يا بولمىسا مەكتەپنىڭ مۇدىرىنىڭ ئايالى بىزنىڭ چۆرگىلىمەكتە، شۇنىڭغا دەپ بىر ئامال قىلالىمىكى...

*　　　*　　　*

بۇ دىئالوگلار ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئانچە ناتونۇش ئەمەس، بولۇپمۇ يەززەنتلىكلەرگە.

چۆچەك - ھېكايىلەردىن ئۆتمۈشتە پادىشاھلارنىڭ، سودىگەر-بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆي ئىشى قىلىدىغان دېدەكلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇغان، بىراق بىز بۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماپتىكەنمىز .

مەسىلىنىڭ ھېس قىلىنماسلىقى ئۇنىڭ ئازلىقىدىن ياكى يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمىزدىن. چۈنكى، ئادەتلىنىپ قېلىش ئادەمنىڭ پىكىر قاناتلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى بوغۇپ قويىدۇ .

ئاچچىق تىللارنى ئاڭلاپ ئولتۇرماقتا. ئۇلار ئەمدى ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىن بۇ پۇرسەت تارتىۋېلىنغان. ئۇلار ئەمدى كىتاب - ژۇرنال كۆرەلمەيدۇ، كومپيۇتېرنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۈستەل ئالدىدا قايتا ئولتۇرالمايدۇ. ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەر مەڭگۈ قايتىلانماس چۈشكە ئايلانغان. باۋمۇ ئاتالغان بۇ قىزچاقلار ئەمدى قۇربانلىق مال. ئۇلار ئازغىنا پۇل ئۈچۈن ھازىرقى زامانىنىڭ شاھزادە - مەلىكىلىرىگە يېشىغا توشمىغان قوزىدەك قۇربانلىق قىلىنغان. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى سىزىپ بېرىلگەن، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. ئەمدىلىككە كەلگەندە بۇ سىزىق ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە، يۈرىكىگە، روھىغا تامغىدەك ئورناپ قالغان. ئۇلار ئەمدى سىزىقنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى كۆرەلمەيدۇ. سىزىق سىرتىدىكى دۇنيانىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى. ئۇلار كۆرەلمەس، ھېس قىلالماس قىلىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆز دۇنياسى تارتىۋېلىنغان. ئىلگىرى ئۇ مەكتەپكە باراتتى، مانا ئەمدى ئۇ مەكتەپكە كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن توپىدىن ئايرىۋېتىلگەن قويدەك تەلمۈرۈپ قارايدۇ. ئۇ كەلگۈسىدە دوختۇر بولماقچىدى، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، قېنى ئۇ دوختۇرلۇق، قېنى ئۇ مۇئەللىملىك؟ ئەمدى بۇ خىياللار چۈشكە ئايلاندى .

ئانىسى ئۇنىڭغا: «قىزىم، سېنى شەھەردىكى مەكتەپتە ئوقۇتىمىز، يا ھۈنەرگە بېرىمىز، شۇڭا مەكتەپتىن ئاجراتتۇق، شەھەردىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ئوقۇيسەن دېگەنىدىغۇ؟» خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى، ئۆز بالىسىدەك كۆرمەكچى دېگەنىدىغۇ؟ قېنى ئۇ مەكتەپ، قېنى ئۇ خىزمەت!

غىچىر - غىچىر. ئۇ بۆشۈك تەۋرىتىشكە باشلىدى...ئۇ دوستلىرى بىلەن يولدا يۈگۈرۈشۈپ ئوينىغاچ مەكتەپكە كەلدى، سىنىپقا كىردى، دەرس باشلاندى :

– تۈنۈگۈن «شەپقەت ھەمشىرىسى رىزىۋانگۈل» دېگەن

ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىرىدە، جەمئىيەت ئورگانىزملىرىدا بۇ پاجىئەگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنى ئىقرار قىلماي ئامالىمىز يوق. پاجىئە دېگىنىمىزگە ھەيران قالماڭ، پەقەت ئادەم ئۆلسىلا، قاتناش ھادىسىسى، ئوت ئاپىتى يۈز بەرسىلا پاجىئە ھېسابلىنىدىغان ئىش يوق. سىزچە، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى سالماق دەرىجىدە بەلگىلەپ قويىدىغان نەچچە ئون مىڭلىغان ئانىلىرىمىزنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشى، شۇ بىلىمسىز پېتى ئانا بوپقېلىشى پاجىئە ئەمەسمۇ؟ زىيالىيلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى بالا تەربىيىسىدىن قىلچە ساۋاتى يوق قىزچاقلارغا تاشلاپ قويۇشى پاجىئە ئەمەسمۇ؟

ئىلگىرى نامرات دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى باي - پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە چاكار ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. ماركسنىڭ سىياسىي قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇلارغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ خاتىمە بېرىلگەن. شۇنداقتىمۇ خەلقىنىڭ ھازىرقىدەك ھال - كۈنى ئۆزگىرىشلىرى، تۇرمۇشى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلانغان ھەم پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈلگەن، دۇنيا ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان، بىلىم ئىگىلىكى ساناتەت ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىۋاتقان، مائارىپقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەربىيىسىز قېلىش كرىزىس، دەپ قارىلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر دەۋردە بۇ مەسىلىنىڭ بىزدەك ئەنئەنىۋى ساۋاتسىزلار مۇتلەق كۆپ سانلىق، ھازىرقى زامان ساۋاتسىزلىرى 98% نى ئىگىلەيدىغان بىر مىللەت ئارىسىدا قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ چۆچۈتىدۇ، ئويغا سالىدۇ.

بۇلار پاكىت، بۇلار رېئاللىق! بۇ باۋمۇ قىزلار ئۆيلىرىمىزدە قاچا-قۇچا، كىر - قات يۇيۇپ، بالا بېقىپ بۆشۈك تەۋرىتىپ، زەھەردەك

ھاشارغا ئەپكەتتى، بارمىسا جەرىمانە. ئۇ يەنە ساۋاقداشلىرىنى ئويلىدى. «مۇئەللىم، بىزگە بۇگۇن قالتىس بىر چۆچەك ئوقۇپ بەردى، سىلەرگىچۇ؟»

كوچىدىن ئاڭلانغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆزى تۇمانلىششقا باشلىدى. ئۇ ئىلگىرى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ چۆچەك ئاڭلايتتى، ئەمدى تېلېۋىزوردىن ئۆزى خالىغىنىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە ئانىسىنى، قەھرىتان سوغۇقتا كەتمەن چېپىۋاتقان دادىسىنى ئويلىدى.

— ھە، نېمە بولدى، يىغلاپسىزغۇ؟ جىن تەگدىمۇ بۇنىڭغا. يەنە ئاتا - ئانامنى كۆرگۇم كەپكەتتى، دەپ ئۆيگە بارماقچىمۇ؟ تېخى ئەمدى ئۈچ ھەپتە بولدى...

بۇ باۋمەك ئۆيدە بولغان بولسا، توپىدا ئېغىناپ، ئەتىگىنى يېسە كەچلىكىگە يوق ئاچ - توق يۈرەتتى تايىنلىق. مانا ھازىر ئوبدان يەپ، ياخشى كىيىپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قېلىۋىدى، يېگەن ئاش - نان مەيدىسىگە تېپىپ، ھە دېسە، ئۆيۈمگە بېرىپ كېلەي، ئاتا - ئانامنى كۆرگۇم كەپكەتتى، دەۋاتقان. ئەمدى مەينىتىدىن ئادالاپ ئادەم سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويۇۋىدىم، ئانام ھۇنەرگە بېرىمەن، تويىڭىزنى قىلىمەن، دەيدۇ، گەپ قىلمىسا ماۋۇ سەھرالىق!

### باۋمۇلار نەدىن كەلگەن؟

كېسىپ ئېيتىمىزكى، باۋمۇلار نامراتلىقتىن، نامرات، قولى قىسقا، يوقسۇز دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن. ھەرگىزمۇ بەزى ساددا كىشىلىرىمىز ئويلىغاندەك دېھقانلارنىڭ بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان بالىلىرىنى ئوقۇشتىن ئاجرىتىپ باۋمۇلۇققا بېرىشى قانداقتۇر ئۇلارنىڭ ئاڭسىزلىقى، نادانلىقىدىنلا ئەمەس. ھەقىقەتەنمۇ ئۇزاق

دەرسنى ئۆگەنگەنىدۇق، قېنى قايسىڭلار تەكرارلاپ كەلدىڭلار؟

بۇ ھېلىقى ئۆزى ھەمىشە ئوقۇيدىغان تېكىست ئەمەسمۇ؟ مانا رىزۋانگۇل يارىدارلارنى ئاكوپىقا سۆرەپ ئېلىپ كىردى. «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھوشىدىن كەتتى. رىزۋانگۇل، رىزۋانگۇل! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ...ئۇ ئاستا كۆزىنى ئاچتى...

— قېنى، قايسىڭلار سۆزلەپ باقىسىلەر؟ ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدى، قولىنى كۆتۈردى.

— قىزىم، — دېدى بىر كۈنى ئانىسى، — «بۇ يىل بۇغدايغا ھال چۈشۈپ ئانچە ئوخشىمىدى، پاختىنىڭمۇ باھاسى چۈشۈپ كېتىپتۇ. بار - يوق پۇلنى جەرىمانىگە تۆلىدۇق. كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پۇلى دېگەنلەر xx كويغا بارىدىكەن. ھازىر يەنە پىلە ئۇرۇقى سېتىپ بېرىمىز دەيدۇ. نەق پۇل بولمىسا بولمايدىكەن. مېنىڭمۇ سېنى ئاخىرغىچە ئوقۇتقۇم بار ئىدى، لېكىن سەنمۇ بىلىسەن قىزىم، پۇلغا چىقىنالمايدىكەنمىز. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە بارساڭمۇ نەچچە مىڭ كوي كېتەرمىش. بۇنچىۋالا جىق پۇلغا چىقىش قىلالمىغۇدەكمىز. ئۆتكەن ھەپتە شەھەردىكى تۇغقانلىرىمىز كەپتىكەن. سېنى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسا، بىز بىرەر ھۈنەرگە بەرسەك، كېيىن ئامال قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساق» دەيدۇ. بىر كىچىك بالىسى بار ئىكەن، شۇنىڭغا قارىشىپ بەرگۈدەكسەن، ساڭا ئايدا 50 كوي بېرىدىغان بولدى، ماقۇل دېدىم.

ئۇ نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟ ئەھۋال ئانىسى دېگەندەك تۇرسا. ئۇ مېنى قايسى ھۈنەرگە بېرەر؟ قانداق مەكتەپتە ئوقارمەن؟ تېلېۋىزور كۆرەلەرمەنمۇ؟ دېگەندەك قىزىقىش بىلەن شەھەرگە كەلدى. ئۇ خاتا ئويلىغىنىنى، 50 كوينى بىكارغا ئالمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا ئاچچىقى كەلدى. يەنە توختاپ قالدى، ئانامدا نېمە چارە؟ دادامنى مۇشۇ توك قىشتا يەر ئاچقىلى

ئەقىل تېپىپ، ئۇلارنىڭمۇ كادىرلارنىڭ بالىلىرىدەك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، كادىر بولۇپ مائاش ئېلىشىنى، ئۆزلىرىدەك دېھقان بوپقالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. بىراق...

مانا، بىر بالىسى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدىيۇ، بىراق ھۇرۇن، ئاقىنانچى چىقىپ قالدى، بەزىدە تېخى مەستمۇ كېلىدۇ، تېخى بەزىدە نامرات ئاتا ـ ئانىسىنى كۆزگە ئىلمايمۇ قويىدۇ. يەنە بىر بالىسىنى ئوقۇش ھەققى ۋە كىتاب پۇللىرىغا چىقىنالماي ھەم ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا يالغۇز يېتىشىپ بولالماي ئاجرىتىۋالغانىدى، ئۇ ھازىر خېلى ئەسقېتىپ قالدى. دادىسى بولماي قالسىمۇ يوقلۇقىنى چاندۇرمايدۇ. دادىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ دادىسىنىڭ خېلىلا ھاردۇقىنى چىقاردى. دادىسىنىڭ ئورنىغا ھاشارغا بارالايدۇ. يەنە بىر بالىسىنى ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا بېرىۋىدى، ھازىر دۇكان ئايرىپ چىقىشقا ئاز قالدى، قولىمۇ ھۈنەرگە ئوبدانلا كەپقالدى. ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالالىشىدىن خېلىلا ئۈمىد بار.

مانا بۇ يېزىلاردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. قېنى، كىم ئۇنداق ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى شۇ دادىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاپ بېقىڭە، قايسىسىنى تاللايسىز؟ ئوقۇشىنىمۇ ياكى ھۈنەرگە بېرىشىنىمۇ؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، نامرات كىشىلەر ئەمەلىي نەپ كېيىن چىقىدىغان ئىشلاردا سەۋرچان بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى قالاق، نادان دەۋېرىش ئادىللىق ئەمەس، بەلكى ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىكتۇر. بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك بەھۇدىلىكنى نامرات خەلق كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەقىقىي تۇردە ۋاقتىدا ھەل قىلىشكى، ھەرگىزمۇ سۈت چىقىپ قالارمىكىن، دەپ قۇرۇق ئېمىزگىنى ئاغزىغا سېلىپ قويۇش ئەمەس.

ئۇنداقتا مائارىپ قانداق بولۇشى كېرەك؟

بىز بۇ يەردە مائارىپ ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان

مۇددەت تارىخىي بېكىنمىچىلىكتە جاھاندىن بىخەۋەر قېلىش ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى تۈپەيلىدىن خەلقىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولغان دېھقانلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بەزىبىر ئەجەللىك مەنىۋى - ئىدىيىۋى ئۆسمىلەر ئۆسۈپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى بالىلارچە ساددىلىق بىلەن تاللايدىغان، ئىلىم - مەرىپەتكە گۇمانىي قارايدىغان، ئىنتىلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان قىزلىرىنى ئۆزى خالاپ خەقكە باۋمۇلۇققا تۇتۇپ بېرىدىغان بىقوۋۇل ناكەسلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغىنى يوق. شۇنى يۈرەكلىك بىلەن تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، ناۋادا ئۇلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىدىن ئېشىنالىغان بولسا، ھەرگىزمۇ ئۆز جىگەر پارىلىرىنى ئوقۇشسىز قويمىغان، 40 - 50 يۈەنگە باشقىلارغا باۋمۇلۇققا تۇتۇپ بەرمىگەن بولاتتى. بىراق، ھازىر نېمىشقا بالىلىرىنى بىر ئامال قىلىپ مەكتەپتىن ئاجرىتىۋالىدىغان بوپقالدى؟ خەلقىمىز ئەزەلدىن پەرزەنتلىرىنى بىرەر تىرىكچىلىك يولىغا ئۇلاشتۇرۇپ قويۇشنى، چوڭ بولسا ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنى كۆزىنىڭ ئوچۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم قەرزلىرىدىن بىرى ساناپ كەلدى. بۇ جەھەتتە تېپىك شەرقچە جاھاندارچىلىق ئۇسۇلى بىلەن غەربلىكلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى غەربلىكلەردەك ئازراقلا ئەقلىنى تاپسا ئۆز كۈنىنى ئۆزۈڭ ئال، دېمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، خەلقىمىز پەرزەنتلىرى قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بالىلىرىغا نان تېپىپ بېرىدىغان - تەگمەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت - ئىستىقبالىنى ئوقۇشتىن ئىزدىگەن دېھقان ئاتا - ئانىلار ئۈمىدىنى مائارىپقا باغلىدى؛ بالىلىرىنىڭ مائارىپتىن

پەندە مۇتەخەسسىس قىلىپ چىقىش يېتەكچى ئىدىيىسىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى خەلقنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمىغاچقا، كونكرېت، ئەمەلىي تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق مائارىپ ئۆز خەلقىگە تولۇق يۈزلىنەلمىگەن مائارىپ بولۇپ قالىدۇ. مائارىپ مەزمۇنىنى جەمئىيەت ئېھتىياجى بەلگىلىشى كېرەك ئىدى (لېكىن بىزدە بۇنى سىياسەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ). بىزدە 11 يىل ئوقۇپ ئېتىزلىققا قايتىپ كەلگەندىن قانچىلىكى ئۆگەنگەنلىرىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىقتا ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ؟ ئۇلار ئۆزى ئۆگەنگەن ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، فىزىكا، خىمىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلاردىن قانچىلىكىنى ھەل قىلالايدۇ؟ ئۆگەنگەنلىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ھەقىقىي ئەسقاتامدۇ؟ قانچىلىكى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلالايدۇ؟ مائارىپنىڭ بىر مەقسىتى مەدەنىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن دېھقان يېتىشتۈرۈش ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ نىشان مەزمۇنغا ماسلاشمىدى؟

ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تەكشۈرۈپ باقساقلا، دەرسلىكلەرنىڭ ئاساسەن دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى مەقسەت قىلىپ تۈزۈلگەنلىكىنى، پۈتكۈل مائارىپ ئورگانىزمىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇنداقتا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىگەنلەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مۇقەررەركى، يېزا مەكتەپلىرىدە دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ساندا. مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەسلىكى پاكىت. بۇ مۇقەررەرلىك چوقۇم نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. دېھقانلار پەرزەنتلىرىنى 11 يىل چىقىمىنى كۆتۈرۈپ، جاپا تارتىپ ئوقۇتۇپ ئېرىشكىنى شۇ بولسا،

ئىزاھ - چۈشەنچىلەرنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. مائارىپ ئادەمگە ياشاشنى، قانداق ياشاشنى ئۆگىتەلىشى كېرەك. بىز بۇ زاكوننى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ئاۋۋال دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىلىۋاتقان بىلىملەرگە قارىتىپ، ئاندىن كېيىن كۆرگەن، ھېس قىلغانلىرىمىز ھەققىدە ئىنساپ بىلەن ئويلىنىپ خۇلاسە چىقارساقلا، مەسىلىنىڭ قەيەردىلىكىنى بايقىشىمىز تەسكە چۈشمەيدۇ. خەلق (دېھقانلار) نىڭ ئەمەلىي ئېھتىياج - قىيىنچىلىقلىرىدىن كۆرە، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىلىۋاتقان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى خېلىلا ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

بەزى پىكىر ئىگىلىرىمىز ئېيتىۋاتقان مائارىپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىككى لاگېر بولۇپ قېلىشى دەل مائارىپنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا، كونكرېت تەلەپلىرىگە لايىقلىشالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەتۈر مۇناسىۋەت مائارىپنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھازىرقىدەك ئۆزگىرىش، تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە يېڭى تەلەپ - ئېھتىياجلار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغان بۇنداق ئەھۋالدا مائارىپ مېخانىزمى، يېتەكچى ئىدىيىسىنى پائال تەڭشەپ ئۆزگەرتىپ، ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ، لايىقلاشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن سەزگۈر ئىنكاس قايتۇرالىشى، ئېلاستىك - ئەۋرىشىم بولۇشى كېرەك. مائارىپنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزىگە ماسلاشتۇرماقچى بولۇشى خام خىيالدۇر. ناۋادا مائارىپ ئۆز سەزگۈرلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى يوقىتىدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا بۇ مائارىپتىن تەربىيە ئېلىۋاتقان مىللەتنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بىلىم ئېلىشتىن بۆلەك يولى قالمايدۇ. ھازىر جەمئىيەت توشقاندەك يۈگۈرسە، بىزنىڭ مائارىپ قولۇلدەك مىڭىۋاتىدۇ. بىزدە مائارىپنىڭ تەربىيە مەزمۇنى، پەن - مەدەنىيەت دەرسلىكلىرى ئوقۇغۇچىلارنى شۇ

ئەنئەنە باركى، ھەرگىز دېھقان بولىدىغان ئەنئەنە يوق.

گەپنى يىغقاندا، دېھقانلىرىمىز مائارىپتىن گۇمانلاندى، ئىشەنچ قىلىشىرىشكە تاقىتى ھەم جۈرئىتى قالمىدى. پايدىسى يوق نېسى سودىنى ھېچكىم قىلمايدۇ ـ دە! خەلقىمىز ھەرگىزمۇ بىلىم قەدرىگە يەتمەيدىغان قاششاق، نادان، قالاق قاتماللاردىن ئەمەس. ئەر كىشىگە 70 تۈرلۈك ھۈنەر ئاز دېگەندەك ھېكمەتلەرنى بىز يات تىللاردىن تەرجىمە قىلىپ ئەكىرمىگەن.

دېمەك، دېھقانلارغا پۇل لازىم. بالىلىرىغا ۋاقتىلىق بولسىمۇ تىرىكچىلىك يولىنى تېپىپ بېرىشى، بۇنىڭ غېمىنى بالدۇرراق قىلىشى كېرەك. ئاچ قورساققا گەپ خۇشياقمايدۇ. شۇڭا، باۋمۇلار باشتا ئېيتقىنىمىزدەك نامراتلىقتىن، نامرات، قولى قىسقا، يوقسىز دېھقان ئۆيلىرىدىن كەلگەن .

باۋمۇلار زادى قانچىلىك؟ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق؟

بىز باۋمۇلارنىڭ كۆپ بولماسلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئوقۇشى، ئۆز ئىستىقبالىنى ئۆزى ئىزدىشى، ئۆز تەگتۈشلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق. تۆۋەندە بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئىمكانىيىتىمىز خوتەن شەھىرىگىلا يەتكىنى ئۈچۈن شۇنىلا ئەۋرىشكە قىلىمىز.

خوتەن شەھىرىدە 108 ئىدارە ـ ئورگان بار. بۇ ئىدارە ـ ئورگانلار ئىچىدە ئادىمى ئەڭ كۆپلىرىنىڭ 200 گىچە، ئەڭ ئازلىرىنىڭمۇ تۆت ـ بەشكىچە خىزمەتچىسى، يوق دېگەندىمۇ ھەر بىر ئىدارىدە تەخمىنەن بەشتىن باۋمۇ بار. شەھەر ئىچىدىلا ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندىمۇ 454 تىن كۆپرەك باۋمۇ بار. بىز بۇنى ئىككىگە كۆپەيتىمىز. چۈنكى، تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، مۇتلەق

ئوقۇتمىسىامۇ بوپتىكەن، ھۇنەرگە بەرگەن بولسام، بۇ كەمگىچە نېنىنى تېپىپ يېيەلەر ئىدى، دەپ پۇشايمان قىلماي قالامدۇ؟ ئەجەبا، بۇ مائارىپ پەقەت دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغان بىر قانچە ئوقۇغۇچىنىڭلا مائارىپىمۇ؟

بۇ خىل يامان سۇپەتلىك ئايلىنىشنىڭ بارا - بارا جەمئىيەتلىشىشى سەۋەبلىك دېھقانلىرىمىز: بالىلىرىمىز ھەر قانچە ئوقۇسىمۇ كادىر بولالمايدىكەن، ھامىنى كەتمەن چاپىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ پۇل تېپىپ، يۇكىمىزنى يەڭگىللەتكەچ تۇرسۇن، دەپ ئويلايدىغان بوپقالغان. ھەتتا بەزى دېھقانلار قىزىمىز باۋمۇ بولسا، ھېچ بولمىسا ئۆچ ۋاخ تامىقىنى شۇ يەردىن يەپ قورسىقىنىڭ غېمىدىن بولسىمۇ قوتۇلىدىكەنمىز، دەپ قارىغان.

مائارىپىمىزدا لاچىنغا قويۇلغان تەلەپ بىلەن كەپتەرگە قويۇلغان تەلەپ ئوخشاش بولغانلىقتىن، بۇ رىقابەتتە لاچىن مۇقەررەر يوسۇندا ئۇتۇپ چىقىپ، كەپتەرنى لاچىنغا ئايلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. قايتا - قايتا مەغلۇبىيەت قاتتىق ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەپتەر ئىلگىرى كەپتەرنى لاچىن بىلەن بەسلەشتۈرىدىغان ئەخمىقانىلىقنى سادىر قىلىۋەرمەسلىك قارارىغا كېلىدۇ. بىزدە جىگدە ياغىچى بادرا بولماس، دېھقان بالىسى كادىر بولماس دېگەن ماقال قارىسىغىلا چىققان گەپ بولماستىن، بەلكى دېھقانلىرىمىزنىڭ ئالدىدىن تالاي قېتىملاپ ئۆتكەندىن كېيىن چىققان. جىگدە شېخىنى ھەر قانچە چاتاپ تۇرسىمۇ بادرا بولالمايدىغانلىقىنى كۆرگەن دېھقانلار بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى شۇ جىگدە شېخىغا ئوخشىتىپ، تاسادىپىي ئامەت كېلىپ قالمىسىلا بالىلىرىنىڭ كادىر بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دېھقانچىلىق مىراسخورلۇق شەكلى بويىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا كادىرنىڭ بالىسى كادىر بولىدىغان

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۇنياغا يۈزلەندۇرۇش شوئارلىرى تىنىماي توۋلىنىپ، ھەر خىل چارە - تەدبىرلەر، سىياسەتلەر تۈزۈلۈۋاتىدۇ. بىزدە ئوقۇشقا تېگىشلىك تۇرۇپ ئوقۇمىغانلارنىڭ سانى يەتكۈچە بار. مەزكۇر مەسىلە بۇ قېتىم ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش ۋە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسەن خىزمىتىنىڭ ئانكېتىنى ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا بەكمۇ ئايدىڭ. ئەلۋەتتە، بۇ سانىنىڭ ئىچىگە باۋمۇلارمۇ كىرىدۇ. بۇنىڭدا مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارمۇ قانداق؟ بۇ ئەھۋال نېمە ئۈچۈن تىزگىنلەنمەيدۇ؟ مائارىپقا ئائىت قانۇن - سىياسەتلەر تۈزۈلگەن، يولغا قويۇلغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ؟ باللارنى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىش شۇنچە ئاسانلىشىپ كەتتىمۇ؟ بۇنىڭ يوللىرى شۇنچە كۆپمۇ؟

ئەلۋەتتە، بۇنى بىز يالغۇز مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى دېمەكچى ئەمەسمىز. بۇ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە. ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە سەۋەب - مەسئۇلىيەتنى بىرلا ساھەدىنلا سۈرۈشتۈرۈش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئىجتىمائىي مەسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك سەۋەب - ئامىللار بولىدۇ. لېكىن، بىرەر ئامىل چوقۇم يادرولۇق، ماھىيەتلىك ئورۇندا بولۇپ، قالغانلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەسىلىنىڭ خاراكتېرى، باشقۇرۇش دائىرىسىدىن قارىغاندا بۇ، مائارىپ ساھەسىدىكى ئىش. مەسئۇلىيەتنى باشتا ئۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈش ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىق. لېكىن، بىز مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ قوللىرىدا پالانى يېزا باشلىقىنىڭ خېتى، پوستانى سېكرېتارىنىڭ تەستىقى دېگەندەك مۇقەددەس خەت ۋە تەستىق بىلەن مەكتەپتىن ئاجرىتىلغان باللارنىڭ ئىسىملىكىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئىگىلىشىمىزچە، ھازىرغا قەدەر بىرەر ئورگان بۇ مەسىلە

كۆپچىلىك ئائىلىدە بىر باۋمۇ ئاخىرىغىچە تۇرالمايدۇ. ئاز دېگەندىمۇ چوقۇم يەنە بىرىگە ئالماشتۇرۇلىدۇ. شىنجاڭدا خوتەندىن چوگراق شەھەردىن 16سى بار. شۇ شەھەرلەرنىڭ ئونىدا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ، دەپ ھېسابلىغاندا، بۇ شەھەرلەردىكى باۋمۇلارنىڭ سانى 50-60 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئەلۋەتتە، باۋمۇلار شەھەردىلا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۇلار ناھىيە توگۇل يېزىلاردىمۇ بار. ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە بىردىن ئىششىپ ئىككىسى بار. ناھىيىمىز لوپنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ پەقەت ناھىيە بازىرى ئىچىدىلا ئاز دېگەندە 70 باۋمۇ بار. ھەر بىر يېزىدا ناھايىتى ئاز ھېسابلاپ بەشتىن بار دېگەندىمۇ، توققۇز يېزىدا جەمئىي 54 نەپەر، شۇ ھېساب بويىچە ناھىيىمىزدىلا 115 نەپەر باۋمۇ بار. بۇنى يەنە باياMقى ئۇسۇلىمىز بويىچە كۆپەيتىپ ھېسابلىساق، بىر ناھىيىدە جەمئىي 230تىن كۆپرەك باۋمۇ بولغان بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر بىلەن ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 50 ناھىيىدە (بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلەرنى نەزەردە تۇتتۇق) ئاز دېگەندىمۇ 10 مىڭ نەپەر، بۇنىڭغا شەھەرلەردىكى 60 مىڭ باۋمۇنى قوشقاندا پۈتكۈل شىنجاڭدا يوق دېگەندە 70 مىڭدىن كۆپرەك باۋمۇ بولغان بولىدۇ. دېمەك، 70 مىڭدىن كۆپرەك قىز-مىز يېگىچە قۇللۇقتا ياشاۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بىزدەك نوپۇسى ئاران 8 مىليونغا يېتىدىغان بىر مىللەتكە نىسبەتەن 70 مىڭ دېگەن ئاز سانمۇ؟ بۇ كىمنى ئېچىندۇرمايدۇ؟ بۇ پەقەت ۋىجدان - ۋۇجۇدى ئۆلگەن كىشىلەرنىلا ئويلاندۇرماسلىقى مۇمكىن. (دىققەت: بۇ سان كىچىكرەك ناھىيىلىرىمىزدىن ئىككىسىنىڭ نوپۇسىغا تەڭ كېلىدۇ).

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلدى، مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. ئىككى ئاساسەن خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. دۆلەتنى پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئاساسلىق دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بەلگىلەندى.

ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلارنى باشلىقلار، چوڭ ئادەملەر، دەپ چۈشىنىدۇ. ئۈرۈمچىلىكلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇھىم، قالتىس ئادەم. مائارىپ ئورگانلىرىمۇ ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلار بۇ قىزلارنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقىلى ئەپچىققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان چېغى. ئەمەلىيەتتە ئۈرۈمچىگە ئەپچىقىلغان قىزلارمۇ باۋمۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈرۈمچىنىڭ زىيالىيلىرىنى باۋمۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان بازارغا ئايلىنىپ قالدى. (ئاڭلىساق، ئۈرۈمچىدىمۇ بۇلارنىڭ سانى كۆپ ئىكەن. ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىكى كونكرېت ئەھۋاللارنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىمىز).

5. كېسەللىك باھانىسى بىلەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. بۇنىڭدا يەنە بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ كېسەللىك ئىسپاتى يازدۇرۇلىدۇ. ئەلۋەتتە، دىئاگنوز نەتىجىسى بالا مەكتەپتە ئوقۇمىسا ساقىيىدىغان، ئوقۇسا ساقايمايدىغان كېسەل بولۇپ چىقىدۇ. بۇمۇ ھېچكىمنى پەلەن - پەشمەت دېگۈزمەيدىغان ئاجرىتىۋېلىش يولىدۇر. بەلكىم مەكتەپتىن بالا ئاجرىتىۋېلىشتا بىز تېخى ئاڭلىمىغان ئىجادىيەتلەر، بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى ئۇسۇل - چارىلەر بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى ئاجايىپ چارە - تەدبىرلەرگە ئەقىل كۆزىمىزنى بىرلا يۈگۈرتسەك، مەسىلىنىڭ كەينىدىكى مەسىلىنى غىل - پال كۆرۈپ قالىمىز. نېمە ئۈچۈن مائارىپنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرىدىغان شۇنداق ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ بازار تېپىشىغا ئىمكانىيەت، مۇھىت بار؟ دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىزدىسەك، بۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى ھەققىدە قىلچىمۇ ئويلانمايدىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىلچىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدىغانلىقىنى، ئۈنچىلىك قۇربانلىقنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ قارىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ مەكتەپ

ھەققىدە يىغىن ئېچىپ، بىرەر قېتىممۇ باۋمۇلار مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىپ باقمىغان. كىم بىلىدۇ، شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يەنە قانچىدىن باۋمۇ بار تېخى؟ تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، باۋمۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى يوللار بىلەن كەلگەن:

1. بىر ئاماللارنى قىلىپ بالىنىڭ ئىسمىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالىدۇ .بۇ بىر ئاماللار بىر قەدەر چۈشىنىكسىز ۋە سىرلىق بولۇپ، زادى قانداق ئامال ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن بالىلارنىڭ مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىنغىنى ئېنىق.

2. ھەيۋەتلىك، مۇقەددەس تامغا، خەتلەر بىلەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن مەكتەپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىردا نېمە ئۈچۈن؟ نېمە؟ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سورۇشتە قىلىدىغان ھوقۇق بولسىمۇ، بۇ ھوقۇقنى ئىشلىتىدىغانغا جۈرئەت بولمايدۇ. باشلىقنىڭ تەستىقى بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس پەرمانغا ئايلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق خەتلەرنى يېزىپ، تامغىلارنى باسىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئوڭاي ئەمەس. يەنە كېلىپ مۇناسىۋەتلىك كادىرلىرىمىز بۇنداق سورلۇك تامغا، خەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى...

3. باشقا مەكتەپكە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇتۇش باھانىلىرى بىلەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ باشقا مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىق خېتى قولغا چۈشۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇربانلىق ھېچكىم بىلمەيدىغان يوسۇندا بوغۇزلىنىدۇ.

4. ئۇرۇمچىدىكى تۇغقانلارغا بالا قىلىپ بەردۇق، شۇ يەردىن خىزمەت تېپىپ بېرىدىغان بولدى، دەپ ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. گەرچە مائارىپ قانۇنىمىزدا ئۇرۇمچىلىكلەرگە بالا قىلىپ بېرىلسە، ئاجرىتىپ بېرىشكە بولىدۇ، دەيدىغان نىزام، ماددا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇسۇل ئۇرۇمچى دېگەن سۆزنىڭ سورى، ھەيۋىسى بىلەن خېلى ئېقىش تاپقان. بۇمۇ تەبىئىي ھالدا ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ قارىلىدۇ.

كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، تاماقتا زەھەر يوق، لېكىن غەرەز بار. مانا شۇ كۆڭۈللەرنىڭ ئازار يېمەسلىكى، مۇبارەك چىرايلارنىڭ تۇرۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن سانسىز سەبىي كۆز قارىچۇقلىرىمىز قۇربان قىلىنىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق قۇربانلىق؟ نېمىدېگەن زور بەدەل؟!

بۇ قىزچاقلارنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ بوۋاقلىرىنى بېقىش ئۈچۈن مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىنغانلىقى، ئاجرىتىپ كېلىنگەندىن كېيىن بولسا ئۇلارغا تۈگىمەس - پۈتمەس ئۆي ئىشلىرىنىڭ يۈكلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇلارنىڭ ئۇخلاشتىن باشقا چاغدا ئۇھ دېگۈدەك ۋاقتى يوق. ئۇلار ھەرۋاقىت قول قوشتۇرۇپ پەرمان كۈتۈپ تۇرىدۇ. پۇقرانىڭ بىكار قېلىشى زالىم پادىشاھقا نىسبەتەن خاتىرجەمسىزلىك، تەھدىت بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ بىكار قېلىشىمۇ خانىشقا تەھدىت. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئايال خوجايىنلار باۋمۇلار بىكار قالسا ئەسكىلىشىۋالىدۇ، ئىش ئۇقۇپ قالىدۇ، كالىدەك ئىشقا سالمىغاننىڭ جېنى بىكار، دېيىشىدۇ. بۇ «خانىشلار»: باۋمۇ دېگەنلەر ئۆيىمىزدە تۇرغىنىغا خۇدا بەختىنى بەردى، دەپ خۇش بولۇپ: «ھازىرقى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولغان بولسا، بۇنداق ئېسىل يېيەلمەيتتى، كىيەلمەيتتى، ئۆيىمىزگە كېلىپ مەينىتى ئېرىپ ھازىر خېلى ئىسكەت كىرىپ قالدى» دېيىشىدۇ. ئۆز ئۆيىنى ئۇلارنىڭ جەننىتى، دەپ قارايدۇ. خانىشلار بۇ قىزچاقلارنىڭ ئېتىز - ئېرىقلاردا قىيغىتىپ ئوينىغاندىكى خۇشاللىقىنى، ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى بىلەن سۇپىدا ئولتۇرۇپ يېگەن زاغىرىلارنىڭ خانىشلارنىڭ دەككە - دەشنامىلىرى بىلەن بەرگەن پولۇ - لەغمەنلەردىن لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى، دۈم يېتىپ ئىچكەن ئېرىق سۈيىنىڭ بۇ ئۆيدىكى قايماق چاي، سۈت چاي، خۇش پۇراق چايلاردىن لەززەتلىك - شېرىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. يامانغا ياغ، ئۆچكىگە تاغ ياراشمىغاندەك، خانىشلار بۇ باۋمۇلارنىڭ يىراق سەھرادىكى ئاتا - ئانىسى، توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئۆيىنى سېغىنغانلىقىغا ھەيران.

مۇدىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق تامغا، خەتلەرنى يۈرەكلىك ھالدا: بۇ خاتا، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنى مەكتەپتىن ئاجرىتىشقا بولمايدۇ، مەن بىر مەكتەپكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىسىگە مەسئۇل ئادەم، دېيەلمەيدۇ؟ ئۇ نېمىسگە مەكتەپ مۇدىرى بولغان؟ يا ئۇ باشقىلار زىياپەتتە كەيپچىلىكتە بېكىتىۋەتكەن مۇدىرمۇ؟ ھېلىقى باشلىقلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ساۋاقداش، ئەل - ئاغىنىلىرى، يېقىن- يورۇق، تونۇش - بىلىشلىرى پالانىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىدىغان ئىشنى بىر ئامال قىلساق دېگەندە، بۇ بالا ئوقۇمىسا بولمايدۇ، بۈگۈنكى دەۋردە تەربىيىسىز، مائارىپسىز قېلىش تاماقسىز قالغان بىلەن باراۋەر، دېيەلمەيدۇ؟ ئۇ يېزىدىكى سېكرىتار، يېزا باشلىقى دېگەنلەرنىڭ شۇنچىلىكمۇ ئاڭ - سەۋىيىسى، ئادىمي ۋىجدانى يوقمۇ؟ نېمىشقا ھېلىقى دوختۇرمۇ: توختاڭلار، بۇ بالا كېسەل ئەمەس، دېيەلمەيدۇ؟

ھازىر بۇ سوئاللار بىزگە خۇددى كىچىك باللارنىڭ ئادەم نېمىشقا ئۆچمايدۇ؟ دەپ سوئال قويغىنىدەك كۈلكىلىك ئاڭلىنىدۇ(گەرچە بۇ سوئالدا ھېكمەت بولسىمۇ). بىزدە بۇ سوئالنى جاھاننىڭ رەپتارىنى بىلمەيدىغانلار، جەمئىيەتنى چۈشەنمەيدىغانلار، ئىشنىڭ ئېپىنى ئۇقمايدىغانلار، ھەممىدىن قاقشاپ ئۆزىنى ئۆپرىتىپ يۈرۈيدىغانلار، سىڭگەن نېنىنى يېمەيدىغان ئەخمەقلەر سورايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەك تەس ئەمەس. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە مۇدىرلارغىمۇ تەس. ئۇستىدىكىلەرنىڭ لەۋزىنى ئالمىسا، بابلىنىپ كېتىشتىن ۋايىم يەيدۇ. يەنە مۇدىرلار كۆڭۈلچەك دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەس، ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتمەيدىغان، قاتناش قائىدىسى، قاتناش ساقچىسى يوق بىر يول بار. ھەممىدىن يامىنى مۇدىرلار ھاجەتمەنلەرنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرۇپ سالغان. «ئېغىز يېسە يۈز ئۇيۇلار، يېگەن تىل باغلىنار» دېگەندەك نۆۋىتى كەلگەندە يېگەن - ئىچكىنى كۆچىنى

غولدايدۇ. ئاياللىرىمۇ كىيىم - كېچەك، ئۇپا - ئەڭلىك ۋە ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن - قىسقا پاراڭلىرىدىن كېيىن تەبئىيلا ئۆيلىرىدىكى باۋمۇلارنىڭ غەيۋىتىگە چۈشىدۇ.

- ئۆيىڭىزدىكى باۋمۇ قانداقراق؟ قولىقى يۇمشاق چىقتىمۇ؟

- نەدىكىنى، بۇرنى جىگدە چېچىكى پۇراپ قاپتۇ. پات - پات ئەينەككە قارايدىغان بوپقالدى. مانا بۇ گەپنى قىلىۋاتقانلار ھۈنەرۋەن - تىجارەتچىلىرىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ «خانىشلىرى».

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەخپىي قالمىغايكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىدە بىر باۋمۇ ئاخىرىغىچە تۇرالمايدۇ (بۇنى باشتىمۇ دېگەنىدۇق). خوتۇنپەرەس ئادەم خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا خۇمار بوپقالغان، «خانىشلىرىمىز»مۇ باۋمۇ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا خۇمار بوپقالغاندەك، ئۇلارچە باۋمۇلار پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىدەك چىقىشى كېرەك. «خانىشلار» باۋمۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا، ئائىلە، پەرزەنت، خىزمەت تۈپەيلىدىن، قانداق ئادەم بولسا بولۇۋېرەتتى، دەپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرەيدۇ. باۋمۇ تېپىلىپ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن يەنە قۇسۇر چىقىرىشقا باشلايدۇ.

دېمەك، بىر ئائىلىدە بىرەر بالا چوڭ بولۇپ، مەكتەپ يېشىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى، بولمىسا ئۈچىنچى ئۇنىڭدىن كۆپ باۋمۇ ياللىنىدۇ. بىر زىيالىينىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ بىر ئاي ئىچىدە سەككىز باۋمۇ تېپىپتۇ. يەنە بىر بالىسى ئۈچ ياشقا كىرىپ بولغۇچە باۋمۇدىن 11نى ئالماشتۇرۇپتۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، باۋمۇلۇق قىلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن زورمۇ زور ئاجرىتىلغان باۋمۇ ئىشتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، قايتا مەكتەپكە بارمايدۇ. يېقىنقى مىسالدىمۇ پەقەت ئىككى بالا ئۈچۈنلا 19 نەپەر قىزچاقنىڭ ئىستىقبالى نابۇت قىلىنغان. ئېنىقكى، بۇ خېلى ئومۇملاشقان ئەھۋال.

يەنە بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال شۇكى، بۇ باۋمۇ قىزچاقلار

*　　　*　　　*

— بۇ قېتىم ئەكەلگىنىڭ قانداقراق؟ كۆنۈپ قالدىمۇ؟

— ئەمدى ھەپتە بولدى، ھازىرچىغۇ يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ، كېيىن خۇي چىقىرىۋالمىسا ـ ھە، سىلەرنىڭچۇ، نەدىن ئەكەلدىڭلار؟ ئەسكە چۈشمىگەندۇ؟

— نەدىكىنى، ئاران تاپتىم.

*　　　*　　　*

— ئادىل، ئايالىڭ يەڭگىي دېگەندۇ؟

— تېخى تۆت ـ بەش ئاي بار.

— ۋاقتىدا بىرەر باۋمۇ ئوقۇشۇپ قوي، كېيىن ئالدىراپ قالىسەن .

*　　　*　　　*

— خوتۇن بۇ قېتىمقىسىنىمۇ قوغلىدى، توگلاتقۇدىكى كاۋاپىنى يەپ قويۇپتىكەن، «قولى ئەگرىكەن، ئۆيدە ئىشىنىپ بىر نېمە قويغىلى بولمىغۇدەك» دەيدۇ.

— ئۇنداقلىرى چاتاق جۇمۇ، يا باشتا بىلگىلى بولمىغان.

*　　　*　　　*

ئاساسەن ئەھمىيەتلىك پاراڭ چىقمايدىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ گەپلىرىگە يۇقىرىقىدەك غەيۋەتلەر قوشۇلۇپ، تېتىقسىز پاراڭلار خېلى

## ئەمىسە بىزگە نېمە ئامال؟

ئەمىسە بىز قانداق قىلىمىز؟ بالىلىرىمىزغا كىم قارايدۇ؟ ياكى بالىلارنى ئاتا - ئانىلارغا باقتۇرامدۇق؟ ھېچ ئىلاج بولمىسا بالىلارنى دەپ خىزمەتنى تاشلايلىمۇ؟ زادى بىزگە نېمە ئامال؟

بۇ گەپلەر كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت، رېئاللىق. ھېچكىم ئۇنداق ئەمەس دېيەلمەيدۇ. بىز بۇ مەسىلىدىكى جاۋابكارلىقنىڭ ھەممىسىنى زىيالىيلارغا ئارتىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ھەل قىلالمايۋاتقان، بېشىنى قېتىۋاتقان نۇرغۇن غەملىرى، قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرمىسەك ئاقىللىق بولمايدۇ. راست، ئۇلار زادى قانداق قىلىدۇ؟ ئايالى خىزمەتتىن قالسا ئەرنىڭ مائاشى ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ. بۇ يەردە شۋېتسارىيە، ياپونىيىلەردىكىدەك ئايالى تۇغسا ئېرىنىڭ مائاشىغا مائاش قوشۇپ بېرىدىغان ئىش يوق. بەزى دۆلەتلەر ئاياللارغا مۇكاپات بەرگەن: شۋېتسارىيىدە ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى تۇغسا 400 فرانىك، شۋېتسىيىدە بوۋاقنىڭ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت توققۇز ئايلىق مائاشقا تەڭ خىراجەتنى ئاتا - ئانىسىغا بېرىدۇ. ئىراق، بۇ يەردە ياردەم ئۇياقتا تۇرسۇن مائاش، مۇكاپات تۇتۇپ قېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق بىمەنىلىك بولمىسا كېرەك. (ۋاڭ دۇڭخۇا: ئۇنتۇلغان ئانىلار»، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى سېنتەبىر بىرىنچى نەشرى، 164 - بەت)، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئۈچ ئايلىق دەم ئېلىش توشسا خىزمەتكە بارماي ئامال يوق. بۇ يەردە خىزمەت ھەممىدىن ئەلا، بۇ يەردە بالا تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكىنى، بالىنى كىم باقار دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلاشمايدۇ. بالىلار يەسلىسى ئاساسەن ئۈچ ياشتىن ئاشقان بالىلارنى قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا (قۇندۇز مۇھەممەت: «ئەۋلادلارغا كۆكۈل بۆلەيلى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى ژۇرنىلى» 2000 - يىللىق 4 - سان)، بۇ قىيىنچىلىق زىيالىيلارنى باۋمۇ

شۇنچە بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپمۇ ئازراقمۇ كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. خوجايىنلار باۋمۇ قىزچاقلارغا نىسبەتەن بىلىمنى بىھاجەت، دەپ قارايدۇ. باۋمۇ قىزچاقلار يېگەن - ئىچكەننى تىلغا ئېلىپ يۈرمەيلى، ئۇلارنىڭ ھېچبولمىسا ئاز - تولا كىتاب كۆرەلمەسلىكى ھەمدە شۇنىڭغا ئىلھاملاندۇرۇلماسلىقى، بۇ ئاتالمىش تەربىيە كۆرگەن زاتلارنىڭ ئۇلارنىڭ نادان قېلىشىغا شۇنچىلىك پەرۋاسىز قارىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇرىدۇ. ئەسلىدە زىيالىي دېگەننىڭ ئۆيىدىن قويۇق ئىلمىي كەيپىيات چىقىپ تۇرۇشى، بۇنداق ئائىلىگە كىرگەن ئادەممۇ يېڭىچە بىر تەسىر ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئۆيلەردىن سۆز ئېچىش قىيىن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە بىرەر كىتاب ئىشكاپىنىڭ يوقلۇقىغا ھۆددە قىلالايمىز. جەمئىيىتىمىزدە بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى، قەدرىنى ئاشۇ ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلىرىمىز چۈشەنمىسە، كىچىك تۇرۇپلا بىلىم، ئەقىل يولى ئېتىپ تاشلانغان ئاشۇ باۋمۇ قىزچاقلىرىمىز چۈشىنەمدۇ؟ ئۆمۈر بويى تۈگىمەس ھاشار، ئاتىسىدىن بالىسىغا مىراس قالىدىغان جاپالىق ئەمگەكتىن ئۆرە قايتىپ كەلمىگەن، تېخى قورسىقى تويۇپ باقمىغان، تىرىكچىلىك غېمىدە بېشىنى قاشلىغىلى چولىسى يوق ساۋاتسىز دېھقانلىرىمىز چۈشىنەمدۇ؟ ياكى جاڭگال، تاغ - يايلاقلاردا پادىلار ئارىسىدا ئۆمرى ئۆتىدىغان پادىچى - چوپانلىرىمىز چۈشىنەمدۇ؟ بىلىمنى شۇلار تارقىتامدۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ بىرىنى دەپ يەنە بىرىنى قۇربان قىلىشقۇ؟ بۇ قىزچاقلار كىم؟ بۇلار كىمنىڭ قىزلىرى؟ ئۇلار بىزنىڭ ھازىرقى قىزلىرىمىز، سىڭىللىرىمىز، پات ئارىدىكى ئاچىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ شۇلارنىڭ غېمىنى بىز يېمىسەك كىم يەر؟ زىيالىيلىرىمىزنىڭ بالىلىرى ئادەم، دېھقانلىرىمىزنىڭ بالىلىرى ئادەم ئەمەسمۇ؟

كىرگەندىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە كېتىدىغان پۈتكۈل خىراجەتنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدىكەن. ئۇلار خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ھەر يىلى بىر قېتىم دۆلەتكە مائارىپ ھەققى (بېجى) تاپشۇرىدىكەن. بۇ بىر ئايلىق مائاشقا توغرا كېلىدىكەن. ئائىلە ئىشلىرى ئىجتىمائىيلاشقاندىن كېيىن، ئادەتتە ئائىلە خىزمەتچىسى ئىشلەتمەي، بەزىدە ئالاھىدە ئالدىراش ۋاقىتلاردا بىرەر ئايالنى قارىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىشلىگەن ۋاقتىغا قاراپ ھەق بېرىدىكەن(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا كەلگەن شۋېتسارىيىلىك بىر مۇئەللىمنىڭ ئېيتقانلىرىدىن)·

ئەنگلىيە: ئەنگلىيىنىڭ ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەلىم - تەربىيە مائارىپى بىر ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلار مائارىپىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بۇ دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىغا تەۋە بولمايدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەلىم - تەربىيە ئورگانلىرى تۆت تۈرگە ئايرىلغان: 1. ئاسراش - تەربىيىلەش مەكتىپى. بۇ ئاساسەن مائارىپ ۋە ئىلىم - پەن مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇللۇقىدا بولىدۇ. 2. ئاسراش - تەربىيىلەش سىنىپى. بۇنىڭغىمۇ مەركىزى مىنىستىرلىك مەسئۇل بولىدۇ. 3. كۈندىلىك يەسلى مەركىزى. ئاساسەن سەھىيە - پاراۋانلىق مىنىستىرلىكى مەسئۇل بولىدۇ. 4.ئويۇن گۇرۇپپىسى. ئائىلە باشلىقى مەبلەغ چىقىرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

ئاسراش - تەربىيىلەش مەكتىپى مۇستەقىل بالىلار مائارىپى ئورنى بولۇپ، ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاسراش - تەربىيىلەش سىنىپى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلار قوبۇل قىلىنىدۇ. كۈندىلىك يەسلى مەركىزى. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تارماقلىرى ئېلىپ كەلگەن ياكى ئاتا - ئانىسى سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كېتىپ، قارىغۇچىسى بولمىغان بەش ياشتىن تۆۋەن

ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغان.

مەزكۇر ماقالىنى يېزىۋاتقىنىمىزدا، خۇددى توغرا گەپ قىلغاندەك بىراۋنىڭ مەلۇم بىر قىزچاقنى ئۆپكە توبېركۇليوز دېگەن نام بىلەن مەكتەپتىن ئاجراتقىنىنى ئاڭلىدۇق. چۈنكى، بۇ كېسەل يۇقۇملۇق بولغاچقا، ئەمدى مەكتەپتە ئوقۇسا باشقا بالىلارغا كېسەل يۇقىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئوقۇسا بولماسمىش.

تۆۋەندە بىز ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ ھەقتىكى چارە - تەدبىرلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

شۋېتسارىيە: شۋېتسارىيىدە كىشىلەر بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ تەربىيىلىشىنى خالىمايدىكەن، شۇڭا بالىلار يەسلىسى يوق ئىكەن. پەقەت چوڭ شەھەرلەردىكى سىرتتىن كېلىپ خۇسۇسىيلارنىڭ زاۋۇتلىرىدا ئىشلەۋاتقانلارلا بالىلىرىنى زاۋۇتلاردا شەخسلەر ئاچقان بالىلار يەسلىسىگە بېرىدىكەن، لېكىن ھەققى يۇقىرى ئىكەن. شۋېتسارىيىدە ئومۇملاشقىنى تەييارلىق سىنىپ بولۇپ، بالىلار ئوقۇش يېشىغا توشۇشتىن بىر - ئىككى يىل ئىلگىرى (بەش - ئالتە ياش ئەتراپىدا) قوبۇل قىلىنىپ، تەربىيىلىنىدىكەن. ئوغۇللار خىزمەتكە چىقىپ توي قىلىپ، بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىن، مەلۇم مىقداردا(ئادەتتە 30-40 پىرسەنت ئەتراپىدا) مائاش قوشۇپ بېرىدىكەن. قىزلار بولسا خىزمەتتىن توختاپ، ئائىلىدە بالا تەربىيىلەيدىكەن. ئومۇمەن شۋېتسارىيىدە يىگىت - قىزلار توي قىلىپ بالىلىق بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇلارغا بالىلىرىنى بېقىش خىراجىتى بېرىدىكەن. ئادەتتە بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100% ئىكەن. توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلغان بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتمىغان ئاتا-ئانىلارغا ۋە ئوقۇمىغان كىشىلەرنى ئىشلەتكەن كىشىلەرگە يۇقىرى ئۆلچەمدە جەرىمانە قويۇلىدىكەن. شۇڭا، بارلىق كەسىپلەردە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ئىشلىتىلمەيدىكەن. بالىلار تەييارلىق سىنىپقا

ئەخلاقىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئانىلار سىنىپى دېگەندەك قىسقا مۇددەتلىك كۇرس، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن دەرسلىكلەرنى تۈزدى.

ھازىرغىچە ياپونىيىدە توي قىلغان ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىناق ئائىلە بەرپا قىلىش ۋە پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش. ئايالى تۇغسا، ئېرىنىڭ مائاشىغا ئايالىنىڭ مائاشى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئايالى خىزمەتتىن چېكىنىپ ئائىلىدە بالا تەربىيىلەيدۇ. ياپونىيە ئانىلىرى بۇ جەھەتتە پۈتكۈل دۇنيا ئانىلىرىغا ئۈلگە بولالايدۇ. ئانىلار مائارىپى، پەرزەنت مائارىپى دېگەنلەر ياپونىيىدە مەملىكەت مىقياسىدا ئورتاق تونۇشقا ئايلانغان بولۇپ، ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە(«ئۇنتۇلغان ئانىلار»دىن).

ياپونىيىنىڭ قايتا تۈزۈلگەن باللار يەسلىسى مائارىپ پروگراممىسىنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ بېشىدا: «باللىق دەۋردىكى مائارىپ ئىنتايىن مۇھىم، يەسلى بىلەن ئائىلە ھەمكارلىشىپ، باللارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ياخشى ئاساس سېلىشى، يەسلى ئاساسلىق پرىنسىپلارغا ئاساسەن يەسلى تۇرمۇشىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ياشاش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسىنى سېلىشى، مەكتەپ مائارىپ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن نىشاننى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. ياپونىيە مائارىپ ساھەسىدە ئازادە مۇھىت ئىچىدە باللارنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك، بۇ يەردىكى ياشاش ئىقتىدارى ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىقتىدارى ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بايقىيالايدىغان، پىكىر قىلالايدىغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ۋە لايىقىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدار بولۇشنى ھەمدە ئاڭلىق، باشقىلار بىلەن ماسلىشالايدىغان، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان

بالىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىلگىرى بۇلار نۆل ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلارنى قوبۇل قىلاتتى. لېكىن، ئەنگلىيىنىڭ بىر قانۇنىدا ئىككى ياشتىن كىچىك بالىلاردىن ئاتا - ئانىسى خەۋەر ئېلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ھازىر ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلار قوبۇل قىلىنىدۇ. كۆپىنچىسى پۈتۈن كۈنلۈك تۇزۇمدە، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدە. بۇ يەسلىلەرنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى نىشانى تۆۋەندىكى بەش جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1 .بالىلارنىڭ زېھنىنى يېتىلدۈرۈش. 2.ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈش. 3. گۈزەللىك ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. 4. فىزىئولوگىيە جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش. 5. ئىجادكارلىقىنى يېتىلدۈرۈش. بۇ يەسلىلەرنىڭ خىراجىتىنى يەرلىك ھۆكۈمەت، زاۋۇت - كارخانىلار ۋە شەخسلەر ئىئانە قىلىدۇ. تەربىيىچى سېستىرا ياكى ياردەمچى تەربىيىچىنىڭ شەرتى بىر قەدەر كەڭرەك بولۇپ، nneb,pcsc قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇپ، ئىمتىھان ئارقىلىق دىپلوم ئالغان بولسا بولىدۇ«(ئىنگلىزلار بالىلارنى قانداق تەربىيىلەيدۇ»،( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى).

ئەمدى ياپونىيىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

ياپونىيە تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ قىزلار ۋە پەرزەنتلەر مائارىپىدۇر. 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى مىگجى يېڭىلىقا كۆچۈش ئىسلاھاتىدىن كېيىن ياپونىيىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى نەزىرىنى بۇ ساھەگە ئاغدۇردى.

ياپونىيىلىكلەر پەرزەنت تەربىيىسىدە ئەڭ ئاۋۋال ئانىلار تەربىيىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى. 1945- يىلى تاجاۋۇزچىلىق مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قايتا قۇرۇلغان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدە بەش قېتىم ئوقتۇرۇش چىقىرىپ: ئائىلە مائارىپ سورۇنىدۇر. ئاتا-ئانىنىڭ ئاڭلىق تەربىيىلىنىشى بولسا خەلق

ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈپ، بۇ ھەقتە ئويلىنىش تۈگۈل باش قاشلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدىغان دېھقانلىرىمىزغا بۇ مەسىلە ھەققىدە ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا ھەقلىق ئەمەسمىز. لېكىن تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق سانالغان زىيالىيلىرىمىزدىكى ئائىلە تەربىيىسىنى كۆزىتىپ بېقىشقا، بۇ ھەقتە ئىككى قوۋۇز گەپ قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئاز ساندىكى روھى ئويغاق، ئىمانى ئەركەك زىيالىيلىرىمىزدىن باشقىلىرىنىڭ بالا تەربىيىسىگە قارىتا ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلگىنىنى، ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقىنى كۆرمىدۇق. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئائىلىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى ئىچىدە قانداق قىلغاندا پەرزەنتنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە بالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تۈرلۈك كەچكى ئولتۇرۇش، ھەرخىل ئەھمىيەتلىك كۈنلەرنى تەبرىكلەشلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بىز پەرزەنت تەربىيىسى دەپ بالىنى ئاچ ـ يالىڭاچ قويماي، كېسەل قىلىپ قويماي بېقىشنىلا دېمەكچى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلغاندا كىچىكىدىن باشلاپ ئىقتىدارىنى بالدۇرراق يېتىلدۇرۇپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرگە قارىتا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، ئۆزى ھەل قىلىپ باقىدىغان، دادىل، ئەقىللىق، ئېتىقادلىق، ئەخلاقلىق، تەرەققىياتقا ماسلىشالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنى كۆزدە تۇتىمىز. گەرچە بالا تەربىيىلەشنىڭ مۇقىملاشقان قېلىپى بولمىسىمۇ، لېكىن مەلۇم ئۆلچەملەردىن خالىي ئەمەس. ئاتا ـ ئانا بۇ مەسىلىدە بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، ئادەملىك ئۆلچىمى، جەمئىيەت ئېھتىياجى دېگەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىۋېلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك كۆيۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەش ھاجەتسىز. ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىز توي

ھېسسىياتلىق، ئادىمىيلىككە ۋە ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ («يەسلى مائارىپى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 2000-يىللىق 2- سان) دەپ تەكىتلىگەن.

* * *

يېتەرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولمىغىنىمىز ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلالمىدۇق. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دېمەك، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسىلىسىنى زىيالىيلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلالمىسا، باۋمۇ قىزلىرىمىزنىڭ سانى ھەرگىز ئازايمايدۇ. شۇڭا بىز مەرىپەتپەرۋەر سودا - سانائەتچىلىرىمىزنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشقىمۇ قاراپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. قۇندۇز مۇھەممەت ئوتتۇرىغا قويغان ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلارنى بۇ ئىشقا تەشكىللەپ، ئىمكانىيەت بولسا ئۇلارغا يەسلى قۇرۇپ بېرىش تەكلىپى («ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، 2000 - يىللىق 4- سان) ئىنتايىن ياخشى چارە. بۇنىڭدا بىر قانچە مەسىلىنى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، زىيالىيلارنىڭ بالا بېقىش قىيىنچىلىقىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ھەل قىلغىلى بولاتتى.

### ئائىلە تەربىيىسى ۋە بىز

كېسىپ ئېيتالايمىزكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە تىلغا ئالغۇدەك ئائىلە تەربىيىسى يوق. تىلغا ئالغۇدەك نەرسىنىڭ بولماسلىقى بىزنى بۇ ھەقتە تېخىمۇ جىق گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ھەركۈنى

ساندىكىلىرىمىز بۇنداق دېيەلمەيمىز.

بىزنىڭ خېلى ئادەملىرىمىز بىر يەرگە كەلسە ئۆيدە قانداق قۇش - هايۋانلار، گۈل - گىياھلارنى باققانلىقىنى، ئۇستىغا قانداق گەپ ئۆگەتكەنلىكىنى، كەپتىرىنىڭ مۈرىسىگە هۈركىمەي قونىدىغانلىقىنى، هەتتا بەزىلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يۈەنگە ئىت - كەپتەر سېتىۋالغانلىقى، قوي - كالىلارنى قانداق سەمرىتكەنلىكىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلىشىپ كېتىدۇ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىدۇ. لېكىن، باللىرىنى قانداق چارە - ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلەۋاتقانلىقى هەققىدە گەپ قىلمايدۇ. چۈنكى دېگۈدەك هېچنېمە يوقتە! ئۆيدىكى هايۋانات، گۈل - گىياھلارنى باققاندا توپلانغان تەجرىبىدەك تەجرىبە يوق. بالا دېگەنگە قاپاقنى ئاچمىغۇلۇق، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بەرگۈلۈك ئەمەس، دېگەندەك ئۇلمىلىككە تولىمۇ يات تەجرىبىلەر بار. كۆپلەر ئاغزىدا شۇنداق دەيدۇ يۇ، ئۇينايمەن دېسە، ئويۇنچۇق - ماشىنا، تاپانچا، قونچاقلارغا؛ كىيىمەن، دېسە رەڭگارەڭ كىيىم - كېچەكلەرگە؛ يەيمەن - ئىچىمەن دېسە، پېچىنە - پىرەنىك، ۋاخاخا، جياجياگەي، كوكا - كولالارغا كۆمۈۋېتىدۇ. ئەجەبا باللىرىمىز مۇشۇلارغىلا ئېهتىياجلىقمىدى؟!

ئائىلە تەربىيىسى دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، تەبىئىي هالدا ئانا دېگەن ئۇلۇغ زات ئېسىمىزگە كېلىدۇ. بۇ ئىلمىي نەزەرىيىلەردە يەكۈن بىلەن ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىنمايدىغان ئاددىي، ئۇلۇغ، بىراق كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار تولا هاللاردا سەل قاراپ قالىدىغان هەقىقەت. يېقىنقى دەۋرلەردە بىز پەرزەنت تەربىيىسىدىكى بايراقدار ئانىلارنىڭ تولىمۇ ئاز چىقىشى، تەبىئىي هالدا ئانا قىممىتىنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شۇ كۈنلەردە قانچىلىغان ئەرزىيالىيلىرىمىز پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ كېپى بولسىلا ئايالىدىن رازى ئەمەسلىكىنى

قىلغۇچە، ھەتتا بىز بالا - ۋاقىلىق بولغانىدىن كېيىنمۇ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز قەرزى، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇلارنى ئادا قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئەقەللىي بۇرچى، دەپ بىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز شۇنداق كۆيۈمچان ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىمىز. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىمىزنى بەك خۇشال تۇتۇشقا، چوڭ سۆزلەشكە ئاساسىمىز يوق. ئۆز پۇشتىغا كۆيۈنۈش پۈتكۈل مەخلۇقاتقا ئورتاق. ئاچ - يالىڭاچ قويماسلىق، خېيىمخەتەردىن ساقلاش، ساق - سالامەت چوڭ قىلىش دېگەنلەردە بىز ھايۋانلار بىلەن ئوخشاش. مېكىيان چېغىدا چۈجىلىرىگە قانچىلىك كۆيۈنىدىغانلىقى، چۈجىلىرىنى تۈرلۈك زىيانداشلاردىن قوغداش ئۈچۈن نەقەدەر باتۇرلىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. بۇ يەردە ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى پەرزەنتىنى مەنىۋى جەھەتتە قانچىلىك يېتەكلىگەن- يېتەكلىمىگەنلىكىدە. مانا بۇ ھەقىقىي كۆيۈنۈش، ھەقىقىي تەربىيە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئىنسانىنى ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغىنى جىسمى ئەمەس، بەلكى روھىدۇر. تىلغا ئالغۇدەك ئائىلە تەربىيىسى يوق دېگەن گەپ نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە كېلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا تۆۋەندىكىلەرگە جاۋاب بېرىپ بېقىڭ.

1. پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت بىرەر كىتاب سېتىۋالدىڭىزمۇ؟

2. ئەر - ئايال ئىككىڭلار پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت سىستېمىلىق پىلان تۈزۈپ باقتىڭلارمۇ؟

3. باشقىلار بىلەن پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ باقتىڭلارمۇ؟

4. پەرزەنت تەربىيىسى جەريانىدا ئىلمىي سىناق، تەجرىبە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ ئىككىسىگە «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرەلەمسىز؟ ناۋادا دۇدۇقلىماي «ھەئە» دېيەلىسىڭىز، سىزنى خېلى مەسئۇلىيەتچان ئاتا - ئانا دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، كۆپ

قايسى رېستوراننىڭ ھەممىدىن كۆركەم، تاماق - قورۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئۇسسۇلچى - ناخشىچىلىرىنىڭ داڭلىقلىقىنى، ساتىراشخانىلارنىڭ قايسىسىنىڭ چاچنى ئوبدان سارغايتىدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ ئوبدان بۇدرە قىلىدىغانلىقىنى، ھۆسن تۈزەش دۇكانلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ قىسىق كۆزنى بولاق كۆزگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. زەرگەرلەردىن قايسى ھالقىغا، قايسى زەنجىرگە، قايسى ئۈزۈككە، قايسى بىلەزۈككە ئۈستىلىقىنى؛ سودىگەرلەرنىڭ مالنى نەدىن ئەكىلىدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ رەختىنىڭ راس - يالغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. قانداق، ئانىلىرىمىز ئەقىللىقمىكەن؟ زەرگەر ئالدىدا سائەتلەپ ساقلاپ ئولتۇرالايدۇ، قايتا - قايتا كېلەلەيدۇ، ئىشقىلىپ ئۆزىنى ياساش، ئويۇن - تاماشا، تۈرلۈك ئولتۇرۇش - چايلارغا شۇنچىلىك قىزغىن. شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلىدۇ. باللىرىدىن زېرىكسە زېرىكىدۇكى، ھەرگىز بولاردىن زېرىكمەيدۇ. بەلكىم بۇ ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدۇر. لېكىن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەممىسى ياخشى بولىدىغان بولسا، ئادەم ۋەھىيگە، تەربىيىگە موھتاج بولماس ئىدى.

نېمە ئۈچۈن ئانىلىرىمىز ئۆز يۈرەك پارىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئانچە قىزغىن ئەمەس؟ ئانىلىرىمىز قاچانمۇ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىمەن، دەپ دوختۇردىن مەسلىھەت سورار؟ كۆز ئاچقۇسى ھاياتلىق ئۈچۈن كۆرپە - ياستۇق، بۆشۈكتىن باشقا نەرسىمۇ تەييارلارمىزمۇ؟ بالام ئۈچۈن، دەپ بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋېلىپ كۆرەرمىزمۇ؟

تەرەققىيات بىزنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتۈردى. پۇللا بولسا خالىغىنىمىزنى بىمالال سېتىۋالالايمىز. بىراق، ئېيتىڭلارچۇ؟! سۈپەتلىك بالىلارنى قەيەردىن ئالىمىز؟ قەيەردىن سېتىۋالىمىز؟ ماللار سۈپەتلىك بولسىلا، قىممەت بولسىمۇ سېتىۋالدۇق، بىراق خۇدا ھەقسىز بەرگەن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى كىم ئويلاشتى؟ ھەممە

يوشۇرمايدۇ. قارىشىمىزچە، بۇ مەسىلىدىكى جاۋابكارلىقنى يەڭگىللىك بىلەن ئاياللارغىلا ئارتىپ قويۇش ئادىللىق بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئىش شۇنداق بولغاندىمۇ، ئەر بولغۇچى چوقۇمكى پەرزەنت تەربىيىسىدە ئايالىغا ياخشى مەسلىھەتى بولسا بېرىشى، قولىدىن كەلسە ئۆگىتىشى كېرەك. چۈنكى، ئەرنىڭ ئايالىغا بىلمىگەننى بىلدۈرۈش، ياخشىلىققا يېتەكلەش، يامان ئىشتىن توسۇش، توغرا يول كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن، بىزدە بۇنداق مەجبۇرىيەتنى ھەقىقىي ئادا قىلالايدىغان ئەرلەر ئازىيىپ كەتكەندەكلا.

دېمەككى، پەرزەنت تەربىيىسى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئورتاق جاۋابكارلىقى ۋە مەسئۇلىيىتىدىكى ۋىجدانىي مەجبۇرىيەت. بولۇپمۇ ئايالغا نىسبەتەن بۇ مەسئۇلىيەت تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ مۇقەددەسرەك.

بىراق، ئائىلىرىمىز بۇ تەخىرسىز مەسىلىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ، زادى قانداق؟ بىزدە بۇ روھىيەت بىناكارلىقىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، ئىلاھىي تەقسىمات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلەر زادى قانچىلىك؟ ساناپ باقساق، جەزمەن بىر قانچە بارمىقىمىز ئېشىپ قالىدۇ. كېسىپ ئېيتىمىزكى، كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئائىلىرىگە نىسبەتەن بۇ خىزمەت ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىدەك مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدۇ. تەربىيە كۆرگەن زىيالىي ئائىلىرىمىزدىمۇ شۇ، يېڭى پاسوندىكى بىرەر خىل كىيىم، ئاياغ چىققىنىنى ئاڭلىسا، شەھەر - بازارلارنى سىرىپ ئالا قويماي ئاقتۇرۇشتىن قىلچە زېرىكمەيدۇ. پىيادە ماڭسا ئاسانلا ھېرىپ قالىدىغان ئېسىلزادە خانىملىرىمىز ماگىزىن ئارىلاشقا كەلگەندە، نەچچە كىلومېتىرلاپ يولنى ھالسىرىماي باسالايدۇ. ئۆزلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلىگىنىنى، قانچىلىك ۋاقىت ئىسراپ قىلغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. باللىرى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگىنى بىلەن

ياكى ئۇلار ئاللىقاچان قورال بولۇپ بولدىمۇ؟!

پەرزەنت تەربىيىسىگە پەقەت ۋە پەقەتلا ئانىلارلا ئەڭ ھەقلىق ۋە ئەڭ تېگىشلىك. بۇ قىلچە مۇنازىرە، ئويلىنىش تەلەپ قىلمايدۇ. ئەر كىشى تالانىڭ ئادىمى دېگەندەك، ئائىلىدە دادا كۆپىنچە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، ئىش - ئوقەت، بار - يوقنىڭ غېمى بىلەن كۆپ ھاللاردا سىرتتا بولىدۇ. ئۆيدە تۇرالمايدۇ. ئۆيدە بولىدىغان بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە ئۇنى تەربىيىلەيدىغان ۋاقتى ئانىنىڭكىدەك ئۇزۇن بولمايدۇ. بالىغا نىسبەتەن دەسلەپكى ئۈچ يىل ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق مەزگىلدۇر. بۇ ئۈچ يىلدا بالىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئورگانلىرى ئاساسەن يېتىلىپ تىلى چىقىپ بولىدۇ، تەپەككۇرى شەكىللىنىدۇ؛ مۇشۇ ئەڭ مۇھىم ئۈچ يىلدا دەل ئانىنىڭ يېنىدا، پەرۋىشىدە قۇچىقىدا ئۆتىدۇ.

«ئانىلارنىڭ بەدىنى مەخسۇس بالا تۇغۇش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. ئانىنىڭ خىزمىتىمۇ مەخسۇس بالا ئۈچۈن تەقسىم قىلىنغان. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىلدە ئانا دادىدىن مۇھىم. دادىنىڭ رولىنى ئانىنىڭ رولى بىلەن تەڭ دەپ قاراشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق» («ئۇنتۇلغان ئانىلار»).

ئانىنىڭ خىزمىتى ئەڭ ئاددىيلىقتا، يېڭىلىق يارىتىشقا باي، يۇقىرى ماھارەت، بىلىم - سەۋىيە، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ھويلىڭىزغا كۆچەت تىكىسىڭىز، تەشتىكىڭىزگە گۈل كۆچۈرسىڭىز، قوي، توخۇ باقسىڭىز ئۇنىڭ ئايىنىشى، سەمرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەردىن مەسلىھەت سورايسىز. ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىسىز. دېمەك، شۇ ئىشلاردىمۇ بەلگىلىك بىر قانۇنىيەت بارلىقىنى، ئۇنى تەتقىق قىلىش، بىلىش لازىملىقىنى، شۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىسىز. شۇنداقلا قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلسىڭىز مەغلۇپ

نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇلدى، لېكىن سۈپەتلىك بالىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇلدىمۇ؟ بۇ زاۋۇت باشقا ھەرقانداق زاۋۇت قۇرۇلماستىنلا قۇرۇلغان. لېكىن زاۋۇت باشلىقى ۋە تېخنىك - ئىنژېنېرلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، زاۋۇت قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەسلىكى، سۈپەت ئۆتكىلىنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەسلىكى ۋە مەسئۇللۇقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، بىزدىكى زاۋۇتلاردىن سۈپەتلىك ماللاردىن كۆرە سۈپەتسىز ماللار كۆپرەك چىقىۋاتىدۇ. بۇ زاۋۇت دەل ئائىلىدىن ئىبارەت.

دۇنيا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بۇ ھەممىمىزگە يېڭى تەلەپ - ئۆلچەملەرنى، شۇنداقلا يېڭى مەسىلىلەرنى ئەكەلدى، پەرزەنتلەرگە يېڭى تەلەپلەر قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ، مۇقەررەر يوسۇندا ئاتىلارغىمۇ يېڭى تەلەپلەرنىڭ قويۇلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق بىزدەك ئەسلىدىكى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشنى ئەمدىلەتىن باشلىغان (ھەل قىلىش تېخى يىراقتا) مىللەتكە نىسبەتەن يېڭى تەلەپلەرگە لايىقلىنىش، بۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش پەقەتلا ئادەمنى تىت-تىت قىلىدىغان مەسىلىدىن ئىبارەت. ئاتىلىرىمىز ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن بۇ تەلەپلەرگە لايىقلىشالارمۇ؟ بىزدە ھەمىشە ھەقىقەتنى تونۇشقا بىر ئەۋلاد، قوبۇل قىلىشقا بىر ئەۋلاد، ئىجرا قىلىشقا بىر ئەۋلاد كېتەرمۇ؟

ئاتىلىرىمىز يېڭى تەلەپلەر ئۈستىدە ئاز - تولا ئويلاندىمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنى بالىلىرى ئىسپاتلايدۇ. جەمئىيەتنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ھەقلىق يوسۇندا مۇۋاپىق لايىقلىشىش مۇۋاپپەقىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئاشخانىلار رېستورانلارغا، رەڭسىز تېلېۋىزور رەڭلىككە، 286 تىپلىق كومپيۇتېر 686 تىپلىققا ئۆزگەردى. مېخانىك سائەت ئېلېكترونلۇق سائەتكە، توپا يوللار ئاسفالت يوللارغا ئۆزگەردى. ئەجەبا، بىزنىڭ ئاتىلىرىمىز يېڭىلىنىشقا، يېڭى ئىدىيە، يېڭى روھ، يېڭى ئېتىقاد، يېڭى بىلىم بىلەن قوراللىنىشقا موھتاج ئەمەسمۇ؟

قوتۇلۇپ، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىشنى قارىغۇلارچە قوغلىشىدىغان بىشەم ئىدىيە شەكىللىنىپ، ئاياللارنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى روشەن ئاجىزلىشىپ كەتتى.

ئەسلىدە ئەر - ئاياللىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى جىسمانىي شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن تەبىئىي ئايرىلغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، يەنى ئەرلەرنىڭ مەخسۇس ئىجتىمائىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامدىشى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، يەنى ئائىلىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئارتتۇرۇشى ئىككى جىنسنىڭ باراۋەر شەكىللەنگەن ئىش تەقسىماتى بولۇپ، ماھىيەتتە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك فورمىسى ئىدى.

17- ئەسىرلەردە ياۋروپادا ئاياللارنى كەمسىتىشنىڭ ئېغىرلىشىشى تەبىئىي ھالدا ھەققانىي يوسۇندىكى ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنى روياپقا چىقاردى. توغرا مەسىلىنىڭ خاتا تەھلىل قىلىنىشى تۈپەيلىدىن، ھەرىكەتنىڭ نىشانى خاتا يۆنىلىشكە بۇرۇلۇپ كەتتى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەۋزەللىكى بىزنىڭ كەمسىتىلىشىمىز، ئېزىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، دەپ قاراپ، بىزمۇ ئائىلىدىن چىقىپ قازاننى تاشلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىپ، بۇ ساھەدە ئەرلەر بىلەن رىقابەتلەشسەك مەسىلە ئاندىن ھەل بولىدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ بالا بېقىش، تۇغۇشىنىمۇ ئېزىلىشىنىڭ سەۋەبى دەپ قارىدى. ئەسلىدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئانىلارنىڭ بالا تۇغۇش، تەربىيىلەش بۇرچىنى قوللىشى، ئېتىراپ قىلىشى، ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى، جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس قىممەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇگۈنكىدەك ئەرلەر بىلەن بەيگىگە چۈشۈشنى غايە قىلىۋالدىغان ئەھۋال شەكىللەندى.

كېيىنچە بۇ ئىدىيە تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، پەقەت تۇغۇش

بولىدىغانلىقىڭىزنىمۇ چۈشىنىسىز. دېمەك، بىز سەل قاراۋاتقان بالا تەربىيىسىدىمۇ تەتقىق قىلىشقا، چۈشىنىشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم قانۇنىيەتلەر بار. سىز تىككەن كۆچەت، تەشتەكتىكى گۈللىرىڭىزگە، باققان قوي، توخۇلىرىڭىزغا چىقارغان ۋاقتىڭىزنى، زېھنىڭىزنى بالىڭىزغا قاراتسىڭىز، چوقۇم تىرىشچانلىقىڭىز بىكارغا كەتمەيدۇ.

ئايالنىڭ قىممىتى دەل ئۇنىڭ ئانىلىق قىممىتىدە. ئايالنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ئادەتتە بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىلىك، يەنى تەربىيىلىگەن باللىرى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. بەلكى بۇ ۋاسىتىلىك ئەمەلگە ئېشىش ئايالنىڭ ئەمگىكىگە قارىتا سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئەمگەكنىڭ قىممىتىگە سەل قاراشقا، تاشلاپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئاياللار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، چۈنكى ئۇلار ئانا بولالايدۇ. بۇ ئىلاھىي بۇرچ ئاياللاردىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، قۇربان بېرىش روھى ۋە ئېرىنمەس ئەمگەك، سەۋرچانلىق، يۇقىرى بىلىم - سەۋىيە، ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ.

بىراق، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ئاتالمىش ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئەركىنلىكى دېگەندەك شوئار، ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى باراۋەرلىك ھوقۇق جەھەتتە ئاياللارغا مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى دەۋردە شۇ ھەرىكەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىگە سەل قارايدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەتتا بالا تۇغۇشنى خالىمايدىغان، نومۇس قىلىدىغان، تۇغۇپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىدىغان بەزى لەنىتى ئانىلار مەيدانغا كەلمەيمۇ قالمىدى. بۈگۈنكى زاماننىڭ بۇ تەربىيە كۆرگەن ئاياللىرىنىڭ ئېڭىدا ئەرلەردەك بولۇشنى ئۆز غايىسى قىلىدىغان، ئەرلەر بىلەن رىقابەتلەشكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئائىلە قەپەسى، ئوچاق بېشى، بۆشۈك يېنىدىن

دەپ قاراپ، بۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە جىنسىي ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىدىيىلىرى بىخ ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن بىرگە بولۇش، يالغۇز تۇرۇش، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى دېگەنلەر تېزلا ئومۇملىشىپ، ئەنئەنىۋى ئائىلە، نىكاھ تۈزۈمىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئاتالمىش جىنسىي ئازادلىق ئېلىپ كەلگەن زوراۋانلىق، خاتىرجەمسىزلىك، ئەرسىز ئانا (14-15 ياشلىق ئانىلارمۇ بار)، نىكاھسىز پەرزەنت، پاھىشىلەر (14-15 ياشلىق پاھىشىلەرمۇ نۇرغۇن) ئاياللار ئۈمىد قىلغان باراۋەرلىك، بەخت - سائادەتنى ئېلىپ كېلىش ئورنىغا پۈتكۈل دۇنياغا يېڭى بىر كرىزىس، ئىقتىساد، مائارىپ بىلەنمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان، ئېتىقادىي، ئەخلاقىي كرىزىس ئېلىپ كەلدى. سىقلىس، ئەيدىز كېسەللىكلىرىنىڭ ۋەھىمىسىدە تۇرۇۋاتقان دۇنيا بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە بىز نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز؟ بىزنىڭ باۋمۇلار مەسىلىسى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

روشەنكى، ئانىلىق قىممەت قارىشىنىڭ، بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشى مۇقەررەر يوسۇندا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كەلگۈسىمىزگە نىسبەتەن يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئائىلىدە ئانىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئەمەس، كىچىككىدىنلا 13-14 ياشلىق قىزلارنىڭ قولىدا چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئەجەبا، بۇ تەربىيە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالارمۇ؟

ئايالارنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بولغان ئېتىبارسىزلىق بۈگۈنكى دەۋر ئىنسانلىرىغا نىسبەتەن خېلى ئورتاق ھادىسە. ئىنسانلار ئايالارغا باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ بالا تەربىيىلەش ئىقتىدارىدىن كۆرە، كەسپىي ئىقتىدارى، گۈزەللىكى دېگەنلەرگە بەكرەك ئېتىبار بېرىدۇ. ھەتتا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ياخشى ئايالنىڭ ئۆلچىمى كۆپ ھاللاردا بالىنى ياخشى تەربىيىلەشتىن كۆرە ئېرى، قېيناتا، قېينانا ۋە ئۇرۇق -

بىزنىڭ كەمسىتىلىشىمىزدىكى تۈپكى سەۋەب، دەپ قارىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ئەر-ئايال ئارىسىدىكى جىنسىي پەرقنى ئىنكار قىلىدىغان ئىدىيە شەكىللەندى. 1789- يىلىدىكى ئاياللار ھوقۇقى خىتابنامىسى، 1792- يىلىدىكى ئاياللار ھوقۇقى شەرھى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە شەخسىي مۇستەقىللىق، كىشىلىك ئەركىنلىك، تۇغما كىشىلىك ھوقۇق دېگەنلەرنى ئاساس قىلىپ ئاياللار ئازادلىقىنىڭ مەنىسىنى شەرھلىدى. ئاياللار ئازادلىقى تەشەببۇسچىلىرى: بۇ پەرق قانۇن-تۈزۈم دېگەندەك ئىنسانىي ۋاستىلەر سەۋەبىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەل بۇ قانۇن-تۈزۈملەرگە ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىش خاھىشى سىڭگەن، دەپ قارىغان بولسا، ھەتتا ئۇلار كېيىنچە دۇنيادا پەقەت ئادەم دېگەن ئۇقۇملا مەۋجۇت، ئەر، ئايال دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارىدى.

ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىغا كەلگەندە س.فورستون بۇنىڭ سەۋەبىنى تەبىئىي بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجغا باغلاپ، بۇنى بىئولوگىيىلىك ئامىل نۇقتىسىدىن شەرھلىدى. ئاخىرىدا بىئولوگىيە ئىنقىلابى قوزغاشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى تېخنىكا- چارىلەردىن پايدىلىنىپ ئەر-ئايال ئارىسىدىكى بىئولوگىيىلىك پەرقتىن كېلىپ چىققان ئاياللارنىڭ تۇغۇت، ھامىلىدارلىق، بوۋاق بېقىش مەزگىلىدىكى ئەرلەرگە تايىنىپ قېلىشنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بۇ تېخنىكىلار ئەمەلىيەتتە سۈت پاراشوكى، بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلىدار قىلىش، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، جىنس ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى دېگەنلەرنى كۆرسەتتى.

1970- يىللارغا كەلگەندە بۇ ئىدىيە تېخىمۇ غالجىرلاشتى. جىنسىي زۇلۇم دۇنيادىكى ئەڭ تۈپكى زۇلۇم، بۇ زۇلۇمنى تۈگەتمىز دەيدىكەنمىز، ھەممە ئىشتا ئەرلەر بىلەن ئورتاق بولۇشىمىز كېرەك،

ئالدىدا تويدىن كېيىن قانداق ئانا بولۇشنى، ئۆز مەجبۇرىيىتىنىڭ نېمىلىكىنى قىلچە بىلمەيدۇ (يۇقىرىقى كىتاب).

بۈگۈنكى كۈندە مۇۋاپپەقىيەت قازانغان ئايال دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ھەرگىز پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلىگەنلەر، ھەقىقىي ئانا بولالىغانلار ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا باشلىق بولغان ئاكتىيپ، گۈزەل سانالغان، چولپان بولغانلار كېلىدۇ. گېزىت- ژۇرناللىرىمىزدا گۈزەللەر، سەتەڭ خېنىملارغا ئورۇن بېرىلگەن بىلەن، ئانىلارغا دېگۈدەك ئورۇن بېرىلمەيدۇ. ھازىرغىچە ھېچ يەردە پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن ئانىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئانىلار مۇكاپاتى دېگەنلەرنى ئاڭلىمىدۇق. گەرچە ھەر يىلى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ سەتەڭلەرنى باھالاش ئېلىپ بېرىلسىمۇ (سەتەڭ دېگىنىمىز گۈزەلدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ بىر قاراشتىلا ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىيالايدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇ تىلىدا 性感، ئىنگلىز تىلىدا sexiest بىلەن ئىپادىلىنىدۇ).

ھەممە نەرسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلىرى مەيدانغا كەلدى. ئالىي دەرىجىلىك تاماكا، هاراقتىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى، ئىنژېنېر، ئاشپەز، ھەتتا ساتىراشقىچە، لېكىن ئانىلارنىڭلا ئالىي دەرىجىلىكى مەيدانغا كەلمىدى. ئۇن ياخشى پىئونېر، كومسومول، كوممۇنىست، ئۇن ياخشى ياش، كۆزگە كۆرۈنگەن ئون...لار باھالاندى، سايلاندى. ئانىلارلا باھالانمىدى. جەمئىيەتتە ھەممە خىزمەت سۈرۈشتۈرۈلدى. خۇلاسە قىلىندى. ئانىلارنىڭ خىزمىتىلا يەكۈنلەنمىدى، خۇلاسىلەنمىدى. ئانىلارمۇ، دادىلارمۇ قانداق ئانا، قانداق دادا بولۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە ئىدارىدە ئىلغار خىزمەتچى بولۇش ھەققىدە ئويلانغاندەك ئويلىنىپ باقمىدى.

ھەممە نەرسىنىڭ چولپىنى ناخشا چولپىنى، كۆلكە، ئۇسسۇل، تەنتەربىيە چولپانلىرى مەيدانغا كەلدى. ئانىلارنىڭ چولپىنى مەيدانغا كەلمىدى. گېزىت - ژۇرنال، رادىئو تېلېۋىزىيىلىرىمىز بىر - بىرىدىن

تۇغقانلىرىنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ـ ياقماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ پەقەت ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىسىلا، بالىنى قانداق تەربىيىلىسۇن، ئۇ يەنىلا ياخشى ئانا.

بىزنىڭ پېداگوگىكا كىتابلىرىمىزدا ئائىلە تەربىيىسى ۋە پەرزەنت تەربىيىسىگە تۈزۈكرەك بىرەر باب ئاجرىتىلمىغان. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا قانداق ئوقۇتقۇچى بولۇش، باشقىلارنىڭ باللىرىنى قانداق تەربىيىلەش ئۆگىتىلىدۇ ـ يۇ، قانداق دادا، قانداق ئانا بولۇش، ئۆز پەرزەنتىنى قانداق تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ئۆگىتىلمەيدۇ.

سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە كىشى چۈشىنىشى كېرەككى، جەمئىيەت ئالدىدا ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيىلەش. بالىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى تەربىيىچىسى، بىرىنچى ئوقۇتقۇچىسى ئانىسى، ئاتىسى. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋاقتىدىلا كەلگۈسىدىكى ئاتا ـ ئانىلارغا پېداگوگىكا ئۆگىتىلىشى، پېداگوگىكا ھەر بىر كىشى بىلىدىغان پەنگە ئايلىنىشى كېرەك. بەلكىم، تۆۋەندىكى گېپىم بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن. مەن ئاساسلىق پېداگوگىكا ئىلملىرىنى ئۆگەنمىگەن ياش پۇقرالارنىڭ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى بولماسلىقى كېرەك، دەپ قارايمەن» («ئۇنتۇلغان ئانىلاردىن»).

يەنە گېرمانىيە ئالىمى بېبىر: بارلىق دوختۇرلار ئاياللار تەربىيىسىدە ئەڭ كەم بولۇۋاتقىنى ئانىلىق مەسئۇلىيىتى ۋە بالا تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان تەربىيىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئەسكەر تەربىيىلەش ئۈچۈن قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش، ئىشچى تەربىيىلەش ئۈچۈن سايمان ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش كېرەك. ھەرقانداق خىزمەت خادىمى تەربىيىلىنىشى كېرەك. پەقەت ئاياللارلا ئانا بولۇشقا زۆرۈر بولغان تەربىيىنى ئالالمايدۇ. ياش قىزلارنىڭ ئۇندىن توققۇزى توي قىلىش

دۇر. مۇنۇ بالىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىڭ: ئۇنىڭ ئانىسى
ق يازغۇچى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىسى مۇنداق
:«ئانام يازغۇچى، لېكىن ئۇ بىزنى ھەرگىز باشقا ئانىلاردەك
نى ئورۇنغا قويمايدۇ»(يۇقىرىقى كىتاب) .
ئۇڭا بىز دەيمىز: ئاياللارغا نىسبەتەن ئانا بولۇش، ئانا بولغاندىمۇ
قىي ئانا بولۇش ئەرلەرسىمان ئىختىساس ئىگىسى بولۇشتىن
مۇھىم.
بىز نېمە ئۈچۈن ئانىلارنى شۇنچە ئۇلۇغلايمىز؟ شۇنچە
ەددەس بىلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد
سالام: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دەيدۇ؟ ئۇ
ەت ئانا بولالىغىنى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ دەۋاتقىنىمىز ھەرگىزمۇ
ي مەنىدىكى ئانا ئەمەس، بەلكى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ
ىن، ئادا قىلغان ئانىلاردۇر. قېنى، ئارىمىزدا شۇنچىلىك
بارغا مۇناسىپ ئانا قانچىلىك؟ شۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا
يارلىق كۆرۈۋاتقانلار قانچىلىك؟ بىراق، بالا تەربىيىسى بىزنىڭ
رىمىزدە ھېچقانداق بىلىم - سەۋىيە تەلەپ قىلمايدىغان
زمەت. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىشخانىدىكى ئىشلىرىمىزغا يەتمەيدۇ.
ز شۇنچىلىك ئەخمەقمىزكى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەقدىر -
ستقبالىنى پەقەت مەكتەپتىنلا ئىزدەيمىز، مەكتەپكە شۇنچىلىك
ەنچ قىلىمىز. تەربىيىنى نوقۇل ھالدا ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپكىلا
لاپ قويۇپ، كۆڭلىمىزنى توق تۇتۇپ يۈرىمىز. بالا ئۆيگە كەلسە،
ستىھاندا نەچچە ئالدىڭ؟ تاپشۇرۇق بەردىمۇ؟ دەپ قويۇپلا
سئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز. يەنە كېلىپ، بىزدە ئائىلە
ربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسى قىلچە ماسلاشمىغان، مەكتەپتە
ر خىل گەپ، ئائىلىدە بىر خىل گەپ، جەمئىيەتتە بولسا يەنە بىر
خىل گەپ. دېمەك، باللىرىمىز بىرى - بىرىگە زىت تەربىيە ئىچىدە
ليمۇقۇپ يۈرىدۇ.

تېتىقسىز ئېلان ـ خەۋەر، ناخشا ـ ئۇسسۇللارغا تولۇپ كەتتى. ئانىلار ھەققىدە، پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە تاسادىپىي ئۇچراپ قالمىسىلا كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك ھېچنېمە كۆرەلمىدۇق.

مانا بۇ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاياللىرىمىزغا تۇتقان پوزىتسىيىسى. ناۋادا ئايال ئازادلىقى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئەركىنلىكى، ئاياللار ھەرىكىتى، فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇپ، يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېگەندەك داغدۇغىلىق شوئار، ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسى ئاياللارنى ئائىلىدىن بەزدۈرىدىغان، مەسئۇلىيىتىدىن تاندۇرۇپ، مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بولسا، بۇمۇ ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئاپىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بىز ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىنى ئائىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويماقچى ئەمەس. لېكىن، ئاياللارنىڭ نوقۇل ئىختىساسلىق بولۇشىنىلا كۆزلەپ، ئائىلىق مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، ئۇنى تەرك ئېتىشى ئىجتىمائىي ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى دەۋردە بالا تەربىيىلەشمۇ ئانىلاردىن ئىختىساسلىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. دېمەكچى بولغىنىمىز ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئاياللارنىڭ قىممىتىنى يارىتىشتا نوقۇل ئۇلارنىڭ ئەرلەردەك ئىجتىمائىي قىممەت، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشىنى قوغلىشىپ، ھەقىقىي ماھىيەتلىك نەرسە ـ ئائىلىق قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەرلەر بىلەن قارىغۇلارچە رىقابەتلىشىش ئاياللارنىڭ خاسلىقىنى، ئۆزىگە خاس ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شەيئىلەر ئۆزىنىڭ خاسلىقى، ماھىيىتى بىلەن گۈزەلدۇر. ئاياللارمۇ ئانىلىقى بىلەن ئۇلۇغ، ئانىلىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ئاياللارنىڭ ئانا بولمىقى ئائىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاياللارنىڭ تەبىئىي ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ۋەزىپىسى بولغىنى

قوبۇل قىلىدۇ. بۇلاردىن نۇرغۇنلىرى دۇنياغا داڭلىق مەكتەپلەر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنكى قىزغىنلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا. بۇ ئائىلە مائارىپىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ»(«تەرمىلەر» ژۇرنىلى 2000-يىللىق 6-سان).

ئانىلار تەربىيىسى ۋە ئائىلە تەربىيىسى مائارىپ تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ بىزدە قىلچە ئەھمىيەت بېرەلمەيۋاتقان غېرىب ساھە، ئۇنتۇلغان زونا. جەمئىيەت ئاياللارغا، ئۇلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولىغا قاتتىق سەل قارىدى. ئانىلارنىڭ خىزمىتى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ھەقىقىي بىر ئىجتىمائىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلمىدى. ئانىلار جەمئىيەتتىن مىننەتدارلىق سادالىرىنى ئاڭلىيالمىدى. ھەتتا بىزنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى مەخسۇس نەشر ئەپكارلىرىمىزمۇ ئاياللىرىمىزغا بۇ خۇسۇستا مەنپەئەتلەنگۈدەك بىر نېمە بېرەلمىدى. سەھىپىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يىگىت قانداق قىلغاندا قىزنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ قىز قانداق قىلغاندا يىگىتنى جەلپ قىلالايدۇ؟ يۈك پوپايكىنى قانداق يۇيۇش، قورۇتۇش كېرەك؟ دېگەندەك تايىنى يوق گەپلەرگە بېرىدىيۇ، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ئۈچۈن مەخسۇس مۇقىم بىر سەھىپە ئاجرىتالمىدى. پەرزەنتىنى ياراملىق قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولغان ئانا چوقۇم بۇ ھەقتە ئىمكانىيەت بولسا، مەخسۇس بولمىغاندىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە ئۆگىنىشى كېرەك. لېكىن، ئانىلىرىمىزغا بۇنداق پۇرسەت يوق. ئەنگلىيە پەيلاسوپى سپېنسېر مۇنداق دەيدۇ: گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، پەرزەنتنىڭ ھايات - ماماتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئانا - ئانىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق. بىراق، كېيىنكى ئاتا - ئانا بولىدىغان كىشىلەرگە پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدە بىرەر ئېغىز تەربىيىمۇ بولمىسا، ئەجەبا بۇ غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟ يېڭى ئەۋلادنىڭ تەقدىرىنى ئەقىلگە نامرات ئۆرپ -

ئائىلە تەربىيىسى باسقۇچى كېيىنكى مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئاساسىدۇر. بۇ ئاساسنىڭ مۇستەھكەم بولۇش-بولماسلىقى دەل ئاندىن ئىبارەت مەنىۋى بىناكارنىڭ تىرىشچانلىقى، ماھارىتىگە باغلىق. ئانىلار ئۆگىنىشى، ئەڭ ئىلغار بىلىملەر بىلەن قوراللىنىشى، پەرزەنتلىرىنى پەن-مەدەنىيەت بىلەنلا ئەمەس، خىسلەت-پەزىلەت جەھەتتىمۇ تەربىيىلىشى، تاۋلىشى كېرەك. بۈگۈنكى دەۋردە ئائىلە تەربىيىسى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا چىقىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

«1950-يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكىدىكى ئاز ساندىكى ئاتا-ئانىلار ئائىلىدە مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇنداق قىلىدىغانلار ئىزچىل كۆپىيىپ، ئامېرىكا مائارىپ ساھەسىدە ئائىلە مائارىپى بىلەن مەكتەپ مائارىپى زىتلىشىپ قېلىپ، مائارىپ ھوقۇقى، مائارىپنى تاللاش مەسىلىسىدە كەسكىن تالاش-تارتىش ئېلىپ بېرىلغان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1998-يىلى يەسلىدىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئارىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئائىلىدە مائارىپ تەربىيىسى ئالىدىغانلار 1 مىليون 500 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 2% تىنى ئىگىلىگەن. پەرەز قىلىنىشىچە، 1999-يىلىغا بارغاندا بەش ھەسسە كۆپىيىدىكەن. ئاتا-ئانىلار ئۇنىڭغا بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى سەۋەب قىلغان. مەكتەپلەردىكى زەھەرلىك چېكىملىك، جىنسىي ئەركىنلىك مەسىلىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. 1993-يىلى ئائىلىدە مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش 50 شتاتتا قانۇنلۇق ئورۇنغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بەزى شتاتلار ئاتا-ئانىلاردىن لاياقەت ئىمتىھان ئېلىشتىن باشلىغان. قىزىق يېرى شۇكى، ئائىلىدە تەربىيە ئالغانلارنىڭ نەتىجىسى مەكتەپ تەربىيىسى ئالغانلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان. ھازىر ئامېرىكىدىكى 100 ئالىي مەكتەپ ئائىلە مائارىپى قوبۇل قىلغانلارنى

ئا. ۋېلسون). ئەر - ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ھەرخىل پائالىيىتى قولۇم-قوشنىلار ۋە ھەرخىل ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، قىلىشقان پاراڭلىرى، يۈرۈش - تۇرۇش ئائىلىدە قويۇق بىر تەربىيە ئاتموسفېراسى شەكىللەندۈرىدۇ. بالا شۇنىڭدىن نەپەسلىنىپ ئۇزۇقلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا، قان - قېنىغا ئورناپ، ئۇنىڭ بالىلىق تەبىئىتى، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئۇيۇپ، كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنىڭ خېمىر تۇرۇچى، باشلىنىش نۇقتىسى، قۇۋۋەت مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. ياخشى ئائىلە تەربىيىسى بالىنىڭ مەنىۋى ئىممونىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھەرخىل ياخشى - يامان تەسىرلەر ئالدىدا قەدەملىرىنى بەرقارار قىلىدۇ. ئېنىقكى، بىزمۇ ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ پالانى ئالىم مۇنداق دېگەن، پۇكۇنى بۇنداق دېگەن دېگىنىگە قارىغاندا، ئانام مۇنداق دېگەنىدى، دادام مۇنداق قىلاتتى، مۇنداق ئۆگەتكەن دېگىنىگە بەكرەك قۇلاق سالىمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز ھازىر تەربىيىنى نۇقۇل ھالدىكى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىش پائالىيىتى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ روھىنى تاۋلايدىغان، مەنىۋى دۇنياسىنى قۇرىدىغان، ئادىمىيلىكىنى يېتىشتۈرىدىغان ئەڭ ماھىيەتلىك رولىغا سەل قارىدۇق. بۇنى بالىلىرىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىزدەۋاتىمىز. مەكتەپتىكى تەربىيە مەلۇم دەرىجىدە سىياسىي فورما تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئائىلىدىكى تەبىئىي مۇھىت، ساپلىق بۇ يەردە تېپىلمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولمىقى 90% ئائىلە تەربىيىدىن بەلگىلىنىدۇ. سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: خاتا تەربىيە بېرىلگەن بالا بۇزۇق ماتور ئورنىتىلغان ماشىنىدەك ئۆزىنى ھالاك قىلىپلا قالماي، باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىدۇ(«ئۇنتۇلغان ئانىلار»دىن).

بۈگۈنكى كۈندە بىز ھەرگىزمۇ بالىلىرىمىزنى ئائىلە، مەكتەپتىن ئۆگىنەلمىگەن نەرسىلەرنى جەمئىيەتتىن ئۆگىنەر دەپ ئويلاشقىمۇ

ئادەت، ھېسسىيات ـ خىياللارنىڭ ئىچىدە تەلەي سىناشقا تاشلاپ قويۇشىمىز، يەنە كېلىپ، ئېلىپنىڭ سونۇقىنى بىلمەيدىغان ئىنىكئانىلارنىڭ تەكلىپلىرىنى ھېكمەت دەپ بىلىپ يۈرۈشىمىز تېخىمۇ ئەخمىقانىلىك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىر سودىگەر ھېسابات بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا سودا ـ تىجارەت قىلسا، ئۇنى كالۋا ـ ئەخمەق دەيمىز ياكى بىر ئادەم ئاناتومىيە ئۆگەنمەي تاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيىسى قىلىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئەخمىقانە قارامىلىقىغا تەئەججۈپلىنىپ، ئۇنىڭ بىمارىدىن غەم يەيمىز. بىراق ئاتا ـ ئانىلار جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتلەردىن پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەيدىغان پرىنسىپلىرىنى بىلمەي، بۇ مۇرەككەپ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ يۈرسە، ئۇلارغا تەئەججۈپلەنمەيمىز. زىيانلانغۇچى پەرزەنتكە ئىچ ئاغرىتمايمىز («ئۇنتۇلغان ئانىلار» دىن).

جوڭگونىڭ ئائىلىق جەمئىيەتشۇناسى پەن گۇاڭدەن مۇنداق دەيدۇ: ھازىرقى تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ئائىلمىش مائارىپ ئادەمگە پەقەت ئىجتىمائىي مەشغۇلىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. ئىنچىكىلىكىدە، پەقەت بىر خىل كەسىپ تېپىشنى، يەنىمۇ ئىنچىكىلىكىدە قورساق بېقىشنى ئۆگىتىدۇ. قانداق ئاتا ـ ئانا بولۇشنى، بولۇپمۇ قىزلارغا قانداق ئانا بولۇشنى ئۆگەتمەيدۇ (يۇقىرىقى كىتاب).

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتكە نىسبەتەن لىپى فېڭ، لەي نىڭ، پاۋېللارمۇ ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇقەددەس ئۇلگىدۇر. گېرمانىيىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۆلگە قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ چوڭ نەمۇنە ئىكەن. بۇ ناخشا چولپىنى، سىياسىئون، تەنتەربىيە چولپانلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ بالىلارنىڭ يېشى 10 ياشتىن 18 ياشقىچە («چەت ئەل ئىجتىمائىي پەنلىرى ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 2000-يىل 4-سان، ئامېرىكا ئەخلاق مائارىپى كرىزىسىدىن ساۋاقلار،

ماھارىپشۇناس، پېداگوگ بولمىغىنىمىز، بۇ ھەقتە تەپسىلىي ئىزدىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارمىغىنىمىز ئۈچۈن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى، ئانىلارنىڭ قىممىتى دېگەنلەرنى قايىل قىلارلىق نەزەرىيىۋى ئاساس، ئىلمىي پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ بېرەلمىگىنىمىزگە ئوقۇرمەنلەردىن ئۆزرە سورايمىز. شۇنداقلا بىز يۈزەكى بولسىمۇ، تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىڭىزنى، ئاتا - ئانا بولسىڭىز قانداقراق بولۇش ھەققىدە، بولۇش ئالدىدا تۇرسىڭىز، تەييارلىقىڭىز ھەققىدە باش قاتۇرۇپ بېقىشىڭىزنى، ئايال بولسىڭىز ئانا بولۇشتىن ئىبارەت ئىلاھىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا لايىقلىشىشىڭىز ۋە ئىمانىڭىز بىلەن ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىزنى كەسكىن تەلەپ قىلىمىز. «ھەربىر بالا ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي قىلىپ چىقىدۇ، يا ناسارا، يا مەجۇسى قىلىپ چىقىدۇ» (سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرىدىن).

## دەسلەپكى تەربىيىنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

تۆۋەندە بىز ئۆزىمىز سەل قاراۋاتقان ئائىلە تەربىيىسىنىڭ پەرزەنتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى مەشھۇر پېداگوگ، مۇتەپەككۇر، پسىخولوگ، ماھارىپشۇناسلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

فرانسىيە مۇتەپەككۇرى مونتان مۇنداق قارىغان: ئىلىم - پەندىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم قىيىنچىلىق بالىلار تەربىيىسىدۇر. 17- ئەسىرگە كەلگەندە مەشھۇر چېخ ماھارىپشۇناسى كامېنوس: ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى ئۇنىڭ خاسلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەكىللىنىشىدە غايەت زور رول ئوينايدۇ، دەپ قارىغان ۋە بارلىق ئانىلارنى پەرزەنتلىرىنى توغرا ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەشكە

پېتىنالمايمىز. بۇ جەمئىيەت بوش تۇرسا، نى - نى ياخشى كىشىلەرنىمۇ ئازدۇرۇپ، تاپتىن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. شۇڭا، كۆپلىرىمىز بەزى نومۇسسىزلىقلارغا باشتا نەپرەتلەنمىسەكمۇ، كېيىنچە قەتئىي مەجبۇرلىنىش جەريانىدا ئادەتلىنىپ، ئاخىر بېرىپ نومۇسسىزلىقتىن قىلچە تارتىنمايدىغان، تېخى كۆڭلىمىز تارتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمىز؟ بۇ جەمئىيەتتە بالىلىرىمىزنىڭ يامان تەسىر ئالماي قېلىشى ئىنتايىن قىيىن. بۇ تەسىرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئائىلە - تەربىيە مۇھىتىنىڭ پەرزەنتكە كۆرسەتكەن قۇۋۋىتىگە باغلىق. پەرزەنت شۇ قۇۋۋەت بىلەن ئازماي ياشىيالىشى مۇمكىن. لېكىن، بىزدە ئۆز پەرزەنتىنى بۇنداق قۇۋۋەت بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان ئائىلە قانچىلىك؟ بالىسىغا ئۈلگە بولالايدىغان ئاتا - ئانىچۇ؟ بىزدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمىغان ساختا ئارزۇ - ئارمانلارنى بالامغا قويدۇم دەپ نومۇس قىلماي ئۆلىدىغان ئاتىلار كۆرمىگەنمۇ؟ ئۇلار ئويلىمامدىغانمىدۇ؟ ئاتىسى قىلمىغان، قىلىشقا تىرىشمىغان ئىشنى بالىلىرى بۇ ئاتامنىڭ ئارزۇسى ئىدى، دەپ بىلەرمۇ؟ ئىلگىرى بىزلەردە ئانىلىرى بالىلارغا ئاتاڭدەك بول، دەپ تەربىيە بېرەر ئىكەن. ھازىر بۇنداق گەپنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. ئاياللىرىمىزنىڭ بالىلىرىغا ئاتاڭدەك بول دېيىشكە ئەرزىگۇدەك ئەرلىرىمۇ يوقمىكىن تاڭ؟

شاخلاپ كەتكەن گېپىمىزنىڭ بېشىنى قايرىپ ئەكەلسەك؛ بىر ئادەمنىڭ روھىنى گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىر كۆرسىتىش، ھەرىكەت بىلەن ئۆزگەرتىش مۇمكىن. لېكىن بىزدە ئەخلاقنىڭ سىڭدۈرۈلمەي، ئۆگىتىلىشى ئادەمنى ئاچچىق كۈلكىگە مەجبۇرلايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئەخلاق دېگەننى باشقىلارغا بىلىم ئۆگەتكەندەك ئۆگەتكىلى، دەرسلىك قىلىپ سۆزلىگىلى بولامدۇ؟ ئەخلاق ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىلىم ئەمەس، بەلكى مۇجەسسەملىنىشكە تېگىشلىك خىسلەتتۇر.

ئىلگىرى ئۆلۈپ بولغان بولىدۇ».

ئامېرىكا مائارىپشۇناسى ئارنولد گېيسېر تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئۇقۇش يېشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشى ئىنتايىن تېز بولىدۇ. ئالتە ياشتىن بۇرۇن چوڭ مېڭە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىلىپ بولغان بولىدۇ. كېيىنكى مېڭە ئىقتىدارى خاراكتېرى ۋە قەلب ھەرگىزمۇ بۇ دەۋردىكىدەك تېز تەرەققىي قىلمايدۇ. بىزنىڭمۇ مەڭگۈ ئەقلىي ساغلاملىقنىڭ ئاساسىنى سېلىۋېلىش پۇرسىتىمىز بولمايدۇ» دەيدۇ.

جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق مائارىپشۇناسى تاۋ شىڭجى مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئېھتىياجلىق بولغان ئەڭ مۇھىم ئادەت، خاھىش، پوزىتسىيە دېگەنلەر كۆپىنچە ئالتە ياشتىن ئىلگىرى يېتىلىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ئادەمىيلىكنىڭ تاۋلىنىپ چىقىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە ياخشى تەربىيەلەنسە، كېيىن مۇشۇنىڭغا بېقىپ تەربىيەلەپ كەتكىلى بولىدۇ. تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتنىڭ سۈپەتلىك ئەزاسى بولىدۇ. ناۋادا ياخشى تەربىيەلىنەلمىسە، ئادەتلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئۆزگەرتمەك تەس بولىدۇ. بۇنداق ئۇقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلسە، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان قىلىقلىرى، پوزىتسىيىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بەك كۈچەپ كېتىدۇ».

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى ل. تولىستوي ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ مەزگىلدە ھازىرقى مەۋجۇتلۇق ئۇقۇمىنىڭ ئاساسىغا ئېرىشمىدىممۇ؟ ئۇ چاغدا مەن شۇنچىلىك تېز سۈرئەتتە، شۇنچىلىك كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشكەن. ھاياتىمنىڭ باشقا چاغلىرىدا ئېرىشكەن بارلىق نەرسىلەر شۇ چاغدا ئېرىشكەن نەرسىلىرىمنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. بەش يېشىمدىن باشلاپ ھازىرغىچە بىرقەدەملىك يول بولسا، تۇغۇلغىنىمدىن بەش يېشىمغىچە غايەت زور مۇساپە، ھامىلىدىن تۇغۇلغۇچە چەكسىز

چاقىرغان ھەم شۇنداقلا ئادەمنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئالغان تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمى بالىلىق دەۋرىدىكى تەربىيە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقان. بالىنى تۇغۇلۇپ ئالتە ياشقىچە ئانا تەربىيىلىشى كېرەك، دەپ قارىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم بۇ ھەقتە نۇرغۇن دەرسلىكلەرنى تۈزگەن. ئەنگلىيىلىك ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، مائارىپشۇناس روك زامانىسىدىكى داڭلىق ئەسەر «مائارىپ ھەققىدە پاراڭ»نى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «مائارىپتىكى خاتالىق دورىنى خاتا تەڭشەپ سېلىشقا ئوخشايدۇ، بىرىنچى قېتىم خاتا تەڭشەپ سالسا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئورۇنلىرىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى مەڭگۈلۈك بولىدۇ، بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىتا ئالغان تەسىرىمىز قانچە كىچىك بولسىمۇ، ھەتتا ئۇنى ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمىسىمۇ، ئىنتايىن ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرگە ئىگە».

18- ئەسىردە فرانسىيىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى رۇسسو مەشھۇر ئەسىرى«ئېمىل»دا مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ دەسلەپكى تەربىيە ئىنتايىن مۇھىم، بۇ تەربىيە قىلچە مۇنازىرە تەلەپ قىلمىغان ھالەتتە ئانىلارغا تەۋە بولىدۇ، ئەگەر ياراتقۇچى بۇ ئىشلارنى ئەرلەرگە تاپشۇرغان بولسا، ئۇ چوقۇم بالىنى سۈت بېرىپ ئېمىتىپ چوڭ قىلغان بولاتتى». ئەينى ۋاقىتتىكى ئاياللارنىڭ بۇ مۇھىم ئىشقا سەل قارىغانلىقىغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ: ئانا ئانا بولالمىسا، بالىمۇ بالا بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەجبۇرىيەت ئۆز - ئارا بولىدۇ. ئەگەر، بىر تەرەپنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمىسا، قارشى تەرەپمۇ مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمايدۇ. بالا ئانىنى سۆيۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئاندىن سۆيىدۇ. ئەگەر، بۇ قانداشلىق مۇناسىۋەت ئانىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن كۈچلەنمىسە، ئۇ دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا يوقايدۇ. بالىنىڭ قەلبى تۇغۇلۇشتىن

تېخىمۇ كۆپ مائارىپشۇناسلارنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچراپ، تېخىمۇ كەسكىن بولغان نۆل ياش تەربىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياپونىيىنىڭ مەشھۇر بالىلار مائارىپشۇناسى مۇسۇن جيۇيى بالىلار ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ كېمىيىش قانۇنىيىتىنى خۇلاسىلەپ چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بالا تۇغۇلۇپلا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە مۇھىتىدا تەربىيىلەنسە، ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى% 100 تەرەققىي قىلالايدۇ. ئەگەر تەربىيە بەش ياشتىن باشلانسا، تەربىيە مۇھىتى ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ %80 تەرەققىي قىلالايدۇ، ئەگەر 10 ياشتا باشلانسا %60 بولىدۇ. دېمەك، تەربىيە قانچە كېيىن باشلانسا، ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇچرايدىغان توسقۇنلۇق شۇنچە زور بولىدۇ».

ئامېرىكا مائارىپشۇناسى بلوم ۋە ئۇنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمەتداشلىرى بىللە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتتا مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئادەمنىڭ ئەقلىي كۈچى تەرەققىياتىدا ئاۋۋال تېز، كېيىن ئاستا بولۇشتەك قانۇنىيەت بار». ئۇلارنىڭ 17 ياشلىق بالىلارغا ئېلىپ بارغان سىناق نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئەقلىي كۈچ تەرەققىياتىنىڭ %50 ى ھامىلە مەزگىلىدىن تۆت ياشقىچە بولغان مەزگىلدە، %30 ى سەككىز ياشقىچە،%20 ى 17 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا تاماملىنىدۇ.

«جىڭ شېن نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنيا مائارىپ ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان ياپونىيە بالىلار مائارىپشۇناسى، كارخانىچى جىڭ شېندا مۇنداق قارايدۇ: «ئىلگىرى تەربىيە بالا گەپ ئۇققۇدەك بولغاندا ئېلىپ بېرىلاتتى، ھازىر بۇنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئۇنداق تەربىيە بەك كېچىككەن سانىلىدۇ. چۈنكى، بالا گەپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ تىل بىلەن ئۆگىتىلىدىغان بىلىمدىنمۇ كۆپ تەربىيىلەرگە ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىنى تەربىيىلەيدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بەرگەندە دەپ قارالسىمۇ بەك كېچىكىدۇ. ئۈچ ياشمۇ شۇنداق. ئەڭ

مۇساپىدۇر».

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپشۇناسى ماكارىنكو: «تەربىيىنىڭ ئاساسى بەش ياشتىن ئىلگىرى سېلىنىپ بولىدۇ. ئۇ پۈتكۈل تەربىيە جەريانىنىڭ %90 نى ئىگىلەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى سىز كۆكلۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن گۈل بەش ياشتىن ئىلگىرى بىخ سۈرۈپ بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئىتالىيىلىك داڭلىق مائارىپشۇناس مونتاسول مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئۈچ يىل دەرىجىسى ۋە مۇھىملىقى جەھەتتە ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ھەرقانداق بىر باسقۇچتىن ئېشىپ چۈشىدۇ... بالىنىڭ مۇشۇ ئۈچ يىلنى ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئۆمرى دېيىشكە بولىدۇ».

ئامېرىكا مائارىپ سىياسىتى كومىتېتى 1996- يىلى تەمىنلىگەن دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئالتە ياشتا كۆپ ساندىكى بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ كۆپ قىسمى يېتىلىپ بولىدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ ئالتە ياشنى بالىلارنىڭ نورمال ئوقۇش يېشى دەپ قاراشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، دەپ قارالغان. تۆت ياشلىق بالىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئوقۇشتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دوكلاتتا يەنە مۇنداق تەكىتلەنگەن: ئەڭ دەسلەپكى ئۈچ يىل تۈتىنچى، بەشىنچى يىلدىن تېخىمۇ ھالقىلىق بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن. بىراق، ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ ياشتىكى بالىلارنى ئائىلە سىرتىدىكى مۇھىتتا قانداق تەربىيىلەشكە نىسبەتەن بىلىدىغىنى بەك ئاز. ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋە كەلگۈسىدىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك چارە بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ خىل تىرىشچانلىقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىمىز. بىراق، ئۈچ ياشتا تەربىيىنى باشلاش قارىشى

قىلماققا مۇشكۇل بولسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىسا ھېچكىم قول سوزالمايدىغان يېرىمىز — ئىدىيىمىزدە ئاز - تولا ھەل قىلىنۇالغان بولساقمۇ چوڭ ئىش بولغان بولاتتى. ھە دېسىلا، ھەممىنى ئىمكانىيەتكە دۆڭگەپ، شۇ ئىمكانىيەتنى ئازراق بولسىمۇ يارىتىشقا تىرىشمىغىنىمىز، ئىش يۈزىدە بار ئىمكانىيەتكە قاراپمۇ قويمىغىنىمىزنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق.

ھازىرچە بەزى «ئىمكانىيەتسىزلىكلىرىمىز» بىزنى باۋمۇ ياللاشقا مەجبۇرلىسىمۇ، ئۇلارنى ساۋاتسىز، نادان قالدۇرۇشقا بىزنى ھېچ نەرسە مەجبۇرلىمايدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئۇلارغا ئاز - تولا ئىلىم سىڭدۈرۈش، كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقىت چىقىرىپ بېرىش، ئۇلارنى شۇنىڭغا پات- پات يېتەكلەپ تۇرۇش ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئەمما ئۇنداق قىلمايمىز. ۋۇجۇدىمىزنىڭ پىنھان بۇلۇڭلىرىدا بىر نېمە كەم. كۆپىنچىمىز ياخشى ئىش قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىش قىلغانلارغا زوقلىنىپ قويىدىغانلاردىن. ئېيتايلۇق، ئارىمىزدا بىرەرسى كىتاب سېتىۋالسا، ئۇنىڭغا مەزكۇر كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنى دانالارچە چۈشەندۈرۈپ، ئۆزى كىتاب ئالمايدىغان كىتابخۇمارلار، ۋاراتاغا توپ چۈشسە، ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ چاۋاك چېلىپ كەتكەن بىلەن، ئوغلىغا پۇتبول ئېلىپ بېرىشكە چىدىمايدىغان توپ مەستانىلىرى نۇرغۇن. قىسقىسى، كۆپلىرىمىز ئۆز ئىشىمىزغا ئەقىدە باغلىغاندەك قىلغان بىلەن ئەقىدىمىز ساختا.

يوشۇرۇن ئاپەتنى ئۆز قويىنىغا ئالغان بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئادەت شەكلىگە ئۆرلەپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەممىمىزنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ھەسسىسى بار. كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىسىمۇ، ئوتقا ئوتۇن تاشلىماسلىق قولىمىزدىن كېلىدۇ. كىرىزىسلىق مەسىلىلىرىمىز خۇددى كوچىلىرىمىزدا قاچانلاردىدۇر پەيدا بوپقالغان ئەخلەتلەردەك

مۇھىم ۋاقىت بالىنىڭ نۆل ياش ۋاقتىغا يىغىنلىشىشتۇر». «ھامىلە مەزگىلىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىدىغان مەسىلىلەر بار». «ئەگەر روھىي خاراكتېر - پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش مەزگىلى مەۋجۇت دېيىلسە، بۇ دەل بالا گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتۇر».

ھازىرقى ئىلىم - پەن بۇ مائارىپشۇناسلارنىڭ نەزەرىيىلىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 1970 - يىللاردا ئانا بىلەن ھامىلە ئۇتتۇرىسىدا باغلىنىش يوق، ئانىنىڭ مېڭىسى غىدىقلانسا ھامىلىگە بىۋاسىتە تەسىرى بولمايدۇ، دەپ قارالغان. 1980- يىللاردا ئىلىم - پەن ئانا بىلەن ھامىلە ئۇتتۇرىسىدا ئېلېكتىر سىگنالىغا ئوخشايدىغان بىر خىل سىگنال بارلىقىنى، ئانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھامىلىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭلاشقا، ھازىر دۇنيادا ھامىلە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، نۆل ياشتىن ھالقىپ مەنپىي بىر ياش، مەنپىي ئىككى ياش تەربىيىسى نەزەرىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس (بۇ قىسىمدىكى ستاتىستىكىلار «ئۇنتۇلغان ئانىلار»دىن ئېلىندى).

### خاتىمە

ھاسىل كالام، باۋمۇلارنىڭ تەقدىرىگە تار مەنىدىن ئېيتقاندا ھەربىرىمىز، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ھەممىمىز مەسئۇل.

ئۆز بىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن خەقنىڭ كارى بولمىغىنىدىن رەنجىپ يۈرۈش ئەخمىقانىلىق،ئەلۋەتتە. بىز قايىناۋاتقان بۇ مەسىلە مۇرەككەپ تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، مەسىلىنىڭ بىۋاستە زىيىنىنى بىز تارتىۋاتقاچقا، بۇ ھەقتە ئويلىنىش، كۆڭۈل بۆلۈش مۇقەررەر يوسۇندا بىزگە تەۋە. گەرچە، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش دېمەككە ئاسان،

دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغان. دېمەك، تارىخىي باسقۇچلاردىكى ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان بولىدۇ. تەتۈر قىسمەتلەر ماھىيەتتە تارىختىكى خاتالىق ئۈچۈن تۆلەۋاتقان بەدەلدىن ئىبارەت. بەلكى، بۈگۈنكى پەرۋاسىزلىقىمىز، كۆپىيىۋاتقان، تەربىيىسىز قالغان باۋمۇللىرىمىزنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يېڭىچە كۈلپەتلىك قىسمەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، دېسەك خاتالاشقان بولماسمىز.

ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئايانكى، باۋمۇلار مەسىلىسى جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى، مائارىپ، ئىقتىسادىي، ئىدېئولوگىيە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ساھەلىرىمىزدىكى مىكروبلار پەيدا قىلغان جاراھەتتىن بىزدىكى كرىزىسنىڭ بىر ئېچىنىشلىق ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بولساقمۇ، ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغىنىمىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمىز. ھازىرچە تاقەت يەتكەنچە تىرىشىپ باقايلى دېيەلەيمىز. ئىشىنىمىزكى، ھەر بىرىمىز ئۆز ئىشىمىزغا پۇختا بولساق، ئۆز پادىمىزنى قوغداشنى كۈچەيتسەك، چوقۇمكى تارتىدىغان زىيىنىمىز ئاز بولىدۇ.

بىزگە شۇنداق ساۋاق قالغان: ھەقىقەتنىڭ سادىسىغا قۇلاق يوپۇرغانلار چوقۇم ھەقىقەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەنئەنىسى.

دۆۋلەنمەكتە. ئەخلەت تۆكىدىغان ئادەم شۇنچە كۆپ، تاكى يول توسۇلۇپ قالمىغۇچە ياكى تازىلىق كومىتېتلىرى تازىلىققا ئورۇنلاشتۇرمىغۇچە ئەخلەتلىرىمىز ئېلىنمايدۇ. ئالساقمۇ شەكىل ئۈچۈن خوجا كۆردىگە ئالىمىز. ئەلۋەتتە، ئالغىنىمىزدىن تۆككىنىمىز كۆپ. ئەخلەتلەرنى ئېلىۋېتەيلى، مەھەللىمىز پاكىزراق تۇرسۇن دېگۈچىلەرنىڭ سادالىرى ئىنكاسسىز، قۇلاقسىز قالماقتا. ماھىيەتتە، بىر مىللەت ئۈچۈن بۇنداق كىشىلەرنىڭ قوللاشتىن مەھرۇم قېلىشى شۇ خەلقنىڭ ئاپېتىدىن باشقا ئىش ئەمەس. مۇشۇنداق چاغلاردا قەيەرلەرگىدۇر يوقالغان يانتاق ئاقساقال («قوم باسقان شەھەر» رومانىدىكى پېرسوناژ)لىرىمىزنى ئەسلەپ قالىمىز. شۇڭا، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىز تاشلىغان ئەخلەتنى ئۆزىمىز ئېلىۋېتەيلى دېمەكتىن باشقا چارىمىز يوق. چاتاق يېرى ھېچقايسىمىز ئۆزىمىزنى ئەخلەت تاشلاۋاتىمىز، دەپ قارىمايمىز. ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئەخلەتكە تولغان جەمئىيەت دېيىش بىزچە ئارتۇقچە ئەمەس. بۇ ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنىڭ مەسئۇلى، ئەلۋەتتە.

يېپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىزگە كىرگەن سوپىزم، بۇ يولسىز ئەقىدىدىن تارالغان ئۈچ يېرىم ئەسىرلىك جاھالەت تۇمانلىرى ۋە فېئودال مىلتارىستلارنىڭ «خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى» بىزنىڭ بۇ 20-ئەسىرىمىزدىكى «روزى موللا»(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينى جاللات شېڭ شىسەيگە چېقىشتۇرغان مىللىي مۇناپىق)، «ئەمەت مەزىن» (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قاتىلى)، «شاپتۇل داموللام» (1930-يىللاردا قەشقەردە ئۆتكەن چوڭ دىنىي، مىللىي مۇناپىق) ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىچە ۋارىسلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ تۇرۇشىنى دەۋرنىڭ مۇۋاپىق ھادىسىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندى. مارتىن ليۇتېرنىڭ دىن ئىسلاھاتى ياۋروپانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىنى، مىگجى يېڭىلىققا كۆچۈش ئىسلاھاتى ياپونىيىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى مەلۇم

دەپ تونۇغان ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەتلەر ئىنسانغا شۇنداق پىكىر قىلىشنى ئۆگەتكەن.

دەل بۇ كۆنۈككەن تەپەككۇر ئادەمنى زالالەتكە باشلايدۇ، پەقەت ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرلا ئەنە شۇنداق غەلىتە (باشقىلارغا نىسبەتەن) بىمەنە سوئاللارنى سورايدۇ ھەم شۇنىڭ جاۋابى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ سىرىنى بىلىش- بىلمەسلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كونكرېت تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئەمما بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن تاشلىغان مۇھىم قەدەم ھېسابلىنىدۇ، مانا مۇشۇنداق قەدەم تاشلاشقا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەرنى بىز پەيلاسوپ دەپ ئاتايمىز. بەلكىم ئۇلار ئىزدىگەن نەرسىلىرىنى تاپالىشى، ھەتتا ئۆزى خىيال قىلمىغان نەرسىلەرگە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تاپقان «ھەقىقەت»لىرى سەپسەتە بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بىز نېمىگە ئاساسەن بۇنى سەپسەتە دەيمىز؟ يەنە نېمىگە ئاساسەن بەزى مەلۇم نەرسىلەرنى ھەقىقەت دەيمىز؟ روشەنكى، بىز سەپسەتە دەپ قارىغان نەرسىلەرمۇ، ھەقىقەت دەپ قارىغان نەرسىلەرمۇ بىز ئەقلىمىزگە تايىنىپ تاپقان نەرسىلەردۇر، ئەگەر ئەقىل ئارقىلىق تېپىلغان «ھەقىقەت» ياكى «سەپسەتە»نىڭ توغرا - خاتالىقىنى يەنە ئەقىل بىلەن ئۆلچىسەك، ئەقىل بىلەن باھا بەرسەك، بۇ ئىشەنچلىك بولامدۇ (ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار شۇنداق قىلىۋاتىدۇ)؟ ياكى ئۇ كۆپ سانلىق كىشىلەر ئېتىراپ قىلسا ھەقىقەت ھېسابلىنامدۇ؟ ۋە ياكى، پالانى شۇنداق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەت ھېسابلىنامدۇ؟ ياكى ئىنسانلار ئۆزىدىن ھالقىغان بىر كۈچنىڭ قازىلىقىغا موھتاجمۇ؟ بۇ مەسىلە ئىنسانلار بىرلىككە كېلەلمىگەن مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

# پەلسەپە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

ئادەمنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلگۈسى، تېگى - تەكتىگە يەتكۈسى، سىر - ئەسرارلىرىنى ئۇققۇسى كېلىدۇ. بۇ ئىنسانـ - نىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى. ۋەھالەنكى، بۇ تۇغما خۇسۇسىيەت بەزى كىشىلەردە ئالاھىدە كۈچلۈك بولسا، بەزى كىشىلەردە تولىمۇ زەئىپ بولىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بىلدۈرۈلگەن نەرسىلەرگىلا قانائەت ھاسىل قىلىپ، بىلدۈرۈلمىگەن ساھەلەر ھەققىدە پىكىر قىلىپ بېقىشقا ئىنتىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى مۇشۇنداق كىشىلەر تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىنى «شۇنداق بولاتتى»، «شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك» ياكى «ئەزەلدىنلا شۇنداقكەن» دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇ خىل قاراش ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش يولىنى توسۇپ قويغان، ئۇلاردىن ئادەم نېمىشقا ئىككى پۇتىدا ماڭىدۇ؟ نېمىشقا ھايۋانلاردەك تۆت پۇتلاپ ماڭمايدۇ؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار چوقۇم سىزنى ساراڭ ئىكەن، ئېلىشىپ قاپتۇ، دەيدۇ. ئۇلار بۇ سوئالغا چۈنكى ئادەم دېگەن ئادەم-دە، ئادەم ھايۋان ئەمەس، ئادەم ئەزەلدىن ئىككى پۇتلاپ ماڭىدىغان تۇرسا، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

زادى نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار مۇشۇنداق پىكىر قىلىشقا كۆنۈپ قالغان؟ «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» دېگەن كىتابتا بۇنىڭغا: «بۇ كۆنۈككەن تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى، ھەممە شۇنداق

ۋاقىت بەلگىلىك نەزەرىيە، قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىش كۆرىدىغان بولغاچقا، پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر مۇقەررەر يوسۇندا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ قىلىپ رىئايە قىلىدىغان مۇقەددەس پرىنسىپ ـ ئۆلچەملىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر پەيلاسوپ بولمىسىمۇ پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى خۇرۇچ قىلغان، جەمئىيەتلىشىپ كەتكەن دۇنيا قاراش، قىممەت قاراشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياشايدۇ.

ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنياغا قاراپ باقىدىغان بولساق، قارىماققا پەلسەپىۋى روھ ئاجىزلىغان، ئەمما پەلسەپىۋى چۈشەنچىنى يىلتىز قىلغان ئىستېخىيىلىك كۆنۈككەك ئىدىيە ھەممىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلغان. مەسىلەن، بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى پراگماتىزمنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرى، ئەمەلىي ئۈنۈم ھەممە ئىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئۆلچەيدىغان قازىغا ئايلانغان، چېكىدىن ئاشقان پراگماتىستىك روھ تۈرتكىسىدە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى پەقەت ۋە پەقەت ئەمەلىي ئۈنۈمنىلا بىردىنبىر ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلغان.

بۇ بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ بەختىمۇ ياكى پاجىئەسىمۇ؟ بۇنىڭغا ھازىر بىر نەرسە دېمەك تەس.

ئۇنداقتا پراگماتىزم ئىنكار قىلىنىشى كېرەكمۇ؟

ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، بولۇپمۇ بىزدەك ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەممىدىن بەكرەك ئېھتىياجلىق كىشىلەر ئۈچۈن پراگماتىستىك روھ بولمىسىمۇ بولمايدۇ، ۋەھالەنكى بۇ خىل روھ چوقۇم «بىزچە» ئىستېمال قىلىنىشى كېرەك.

مەن ماددىي ئۈنۈم ئۈچۈن روھىيىتىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن ۋاز كېچىشنى، ئۇنى دەسمايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئادەم ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان جانلىق. ئۇنىڭ بارلىق پائالىيىتى

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ چەكلىك بىلىشى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان مەخلۇق بولغاچقا، ھەر ۋاقىت ئۆزىگە نامەلۇم دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ سىرىغا يۈرۈش قىلىپ شۇلار ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچە - قاراشلارغا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى، كائىناتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، ئادەمنىڭ كائىناتتىكى ئورنىنى، ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئادەمنىڭ بۇرچىنىڭ نېمىلىكى قاتارلىق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى ئىزدەش، بىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى باشلانغۇچ تونۇش - بىلىشلىرىدىن دەسلەپكى پەلسەپە شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاۋام پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى، دۇنيانى تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل چۈشەنچىسى بولمايدۇ. پەيلاسوپلار خۇدا بار دېسە، ئۇلارمۇ بار ئىكەن دەپ تونۇيدۇ. يوق دېسە، يوق ئىكەن دەپ تونۇيدۇ. بار - يوقلۇقى ھەققىدىكى چۈشەنچە زادى ئۆزىدىن كەلگەن ئەمەس. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېتىقاد- چۈشەنچىلىرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشى، ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئۇلار خۇدا بار دەپ قارىسىمۇ، قانداق بارلىقىنى بىلمەيدۇ ھەم چۈشەندۈرەلمەيدۇ، ئەگەر باشقىلار يوق دەپ چۈشەندۈرسە، ئۆزىنىڭ بار دېگەن قارىشى بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ.

پەلسەپە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد پەيلاسوپلارنىڭ پىششىقلىنىشىدىن ئۆتۈشكە ئەگىشىپ تېخىمۇ سىستېمىلىشىپ، كېڭىيىپ بارىدۇ. تەدرىجىي يوسۇندا بەلگىلىك جەمئىيەت، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئىش- پائالىيىتىنىڭ قېلىپىغا ئايلىنىپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ دۆلەت شەكلى، مەدەنىيىتى، سىياسىي - ئىقتىسادىي فورمىلىرىنىڭ ئاساسى بوپقالىدۇ. ئىنسانلار ھەر

ئىجراچىلىرىنىڭ ئاز بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. پەقەت بەزىبىر گۇمراھ كىشىلەرنى سەل گۇمانغا قويۇپ قويىدۇ، خالاس.

ئەگەر بۇ يەردىكى ئەمەلىي قىممەت ماددىي ۋە مەنىۋى ھالەتلەردىكى ئىككىلا خىل يۈكسىلىشنى كۆرسەتسە، خۇددى ۋىليام جامىس ئېيتقاندەك:«پەقەت ئۇ مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قارالغان ئۇقۇم، ئادەمگە شۇنداق تەسەللى بېرەلىسىلا، ئۇ ھالدا ئۇ چوقۇم كېرەكسىز ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت شۇنچىلىك قىممىتى بار»، ئۇ كونكرېت رول ئوينىۋاتقان بولسا، بۇ قاراشنى ئېھتىيات بىلەن قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئېھتىيات بىلەن دېگەن سۆزنى قىلىشىمغا ئۇنىڭ يەنە مۇنۇ سۆزى سەۋەب بولغان: «ئەگەر مەلۇم بىر خىل تۇرمۇش بىز ئۈچكۈزۈشكە تېگىشلىك بىرقەدەر ياخشى تۇرمۇش بولسا ھەم بىز مەلۇم بىر قاراشقا ئېتىقاد قىلساق، ئۇ (شۇ قاراش) بىزنى مۇشۇ خىل تۇرمۇشقا باشلىيالىسا، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنسەك، بەزىدە تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمىسىلا، بىز ئەڭ ياخشىسى ئۇ قاراشقا ئىشىنىشىمىز كېرەك». بىز بۇ سۆزدىن ئەگەر ئېتىقاد قىلغان بۇ قاراش مەنپەئەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا، بۇ قاراشقا ئىشىنىشتىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك، مەنپەئەت ئۈچۈن قاراشنى قۇربان قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز ھەم يەنە بۇ يەكۈندىن مەنپەئەتكە پايدىلىق بارلىق ئىش ۋە شەيئىلەر ھەقىقەتتۇر دېگەن يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز (ئەمەلىيەتتە، بۇ بۇگۈنكى دۇنيادىكى كرىزىسنىڭ تۈپ مەنبەسى). خەنزۇ نەسرچىسى جۇ گوپىڭنىڭ ۋىليام جامىسنىڭ مۇنداق بىر سۆزنى نەقىل ئالغىنىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە: « ئەگەر خۇداغا ئىشىنىش پايدىلىق بولىدىغان بولسا، مەن ئىشەنگەن بولاتتىم».

شۇنى مەركەز قىلىشى كېرەك.

ۋىلىيام جامىس (پراگماتىزم پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى) مۇنداق قارايدۇ: پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۇ ھەقىقەت. بۇ خىل قاراشتىن ئەگەر ئەمەلىي قىممىتى بولمىسا، بىز ھەقىقەت دەپ ئېتىقاد قىلىپ يۈرگەن نەرسىلەرمۇ ھەقىقەت ئەمەس دېگەن مەنە چىقىدۇ، بۇ مەنە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىي قىممەتكە توسالغۇ بولغان ھەرقانداق بىر نەرسە تاشلىۋېتىلىشى كېرەك، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى بىز بۇ يەردە پايدىلىق دېگەن سۆز ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشىمىز كېرەك. ئۇ زادى ئىنسانغا قايسى جەھەتتىن پايدىلىق؟ ئۇنىڭ كونكرېت ئوبيېكتى نېمە؟ مۇشۇلار ئايدىڭلاشسىلا، بىزنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشىمىز ئوڭايلىشىدۇ. ئەگەر بۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ماددىي ھالىتىگىلا پايدىلىق بولسا ھەم ھەقىقەت دەپ ئېتىقاد قىلىنغان بەزى پرىنسىپ، مىزانلار بۇ خىل ماددىي ھالەتنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشكە پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇلار ھەقىقەت ئەمەس دەپ ھېسابلىنىپ، ئۇلاردىن ۋاز كېچىش مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا شەخسەن مەن بۇ قاراشنى رەت قىلىمەن. مەن يەنە ئەگەر بۇ مەنىۋى ھالەتكىلا پايدىلىق بولسا، ماددىي يۈكسىلىش مەنىۋى ھالەتنى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراتتى دەپ، ماددىي يۈكسىلىشتىن ۋاز كېچىشنىمۇ يەنىلا رەت قىلىمەن. چۈنكى، مەن بۇ ھەر ئىككىلا خىل ھالەتنى بىر - بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلدۇرۇشماي، ئەكسىچە ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرۇش، بىر - بىرىنى ئۆز - ئارا سىڭدۈرۈۋېتىش تامامەن مۇمكىن دەپ قارايمەن. زېمىندا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن مېنىڭ بۇ قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان كىشىلەر ئاز بولسىمۇ يەنىلا بار. ئەلۋەتتە، ھەقىقەت

پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەردىن شەكىللەنگەن پەلسەپە سىستېمىسى بولۇشى؛ ئۇ ئادەم دېگەن نېمە؟ ئۇ قەيەردىن كەلگەن؟ قەيەرگە بارىدۇ؟ دۇنيا قانداق پەيدا بولغان؟ ئاخىرى بارمۇ؟ ھاياتنىڭ مەقسىتى، مەنىسى نېمە؟ دېگەندەك ھەرقانداق بىر پەلسەپە ئاۋۋال ئويلىشىدىغان تۈپكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ جاۋابلار ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھاياتلىق پرىنسىپىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى بولالايدۇ. شۇلارنىڭ ياردىمىدە شەكىللەندۈرگەن ئىدىيە، قىممەت قاراش، دۇنيا قاراشلار بىلەن يات مەپكۇرىلارنىڭ تەسىرىگە لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرالايمىز. بىز چوقۇم پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھەقىقەتلەر بىلەن مەلۇم بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە خاس ھەقىقەتلەرنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ نېمىلەرنى رەت قىلىش، نېمىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىزغا ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلەيدۇ. ئىمېرسون مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلىرى بولىدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇغۇچى»، بۇ سۆزنى بۇ يەرگىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. پەقەت بىزنىڭ مەنىۋىيەتتىن ئىبارەت كۈچلۈك قورالىمىز بولسىلا، سەگەكلىكىمىزنى ساقلىيالساق، ئارتۇق غەم قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇلار مەلۇم جەمئىيەتتىكى ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم پىكىر ئىگىلىرىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا (ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە) ئومۇمىي تەلەپتۇر. پەقەت سىز ئۆزىڭىزنى ئادەم دەپ قارايدىكەنسىز، چوقۇم بۇ مەسىلىلەردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماسلىقىڭىز كېرەك. بولمىسا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەقەللىي ئادەملىك بۇرچىنى تەرك ئەتكەن بولىسىز.

بىز پراگماتىزم، مەۋجۇدىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك دېگەندەك غەربنى مەنبە قىلغان پەلسەپىلەرنى بىزدە مەۋجۇت

ئومۇمەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇ تەكىتلىگەن ئەمەلىي قىممەتنىڭ مەنىۋى تەرەپتىن كۆرە ماددىي تەرەپكە بەكرەك ئاغىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ «بۇ خىل ئېتىقادنىڭ ماڭا روھىي ئارام بەخش ئېتىدىغانلىقىنى ۋاقىتىنچە ئېتىراپ قىلاي» دېگەن سۆزى بۇ قارىشىمىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن ئەقىدە، پرىنسىپلار، مىزان- قائىدىلەرگە ئىنسانلار رىئايە قىلىشى، ئېتىقاد قىلىش بىلەنلا كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي قىممەتكە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇلارنى ھەقىقەت ئەمەس، كېرەكسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىۋېتىش ئىنسانلارغا، مۇقەددەس پرىنسىپلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. خۇداغا ئىشىنىش قارىماققا ھېچقانداق ئەمەلىي قىممەت ئېلىپ كېلەلمەيدىغاندەك، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىغاندەك بىلىنىدۇ، ئەمما ئەمەلىي قىممەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇداغا ئىشىنىشتىن ۋاز كېچىش، ئەمەلىي قىممەتنى خۇداغا ئىشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىش مەنتىقىسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل ئىشىنىش پەلسەپىۋى، ئەقلىي خۇلاسە يولى بىلەن بارلىققا كەلمەي، ئەمەلىي قىممەتكە ئاساسەن بارلىققا كەلسە،بۇنى ھەرگىزمۇ توغرا دېگىلى بولمايدۇ، ھەرگىزمۇ خۇداغا ئىشىنىش دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ خۇداسى نۇرغۇن بولىدۇ. كىم نان بەرسە شۇ ئۇنىڭ خۇداسىغا ئايلىنىدۇ.

بىزدە شۇنداق بىر ئاجىزلىق بار، قانداقلا بىر يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش (بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ) بىزنى ئۇڭايلا ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. بىزمۇ دەرھال قول كۆتۈرۈپ ئەل بولىمىز- دە، ئەجنەبىي ئىدىيەلەرنىڭ سادىق گۇماشتىسىغا ئايلىنىمىز. بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل مەۋقەسى،

ئۆگىتىدۇ، ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىز يۇقىرىقىدەك (پەلسەپە كۆڭۈل بۆلىدىغان) مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇلار مۇھىم ئىكەن، دەپ قارىغان بولسىڭىز، چوقۇم ئۇ ھەقتە ئاز - تولا پىكىر قىلغان بولاتتىڭىز، شۇنىڭ بىلەن پەلسەپە سىزگە ئۇنچىۋالا يوچۇن، بىمەنە، چۈشىنىكسىز بىلىنمىگەن بولاتتى.

سىزنى بىر تەنتەربىيە كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ پەرەز قىلايلى، سىز بازار ئايلىنىپ بىر ماگىزىنغا كىردىڭىز، ئەمدى سىزدىن سوراپ باقاي، سىز ئاۋۋال نېمىگە دىققەت قىلدىڭىز؟ (ياكى نەزىرىڭىز ئاۋۋال نېمىگە چۈشتى؟) چوقۇم سىز ئاۋۋال تەنتەربىيە كىيىم - كېچەكلىرى ياكى سايمانلىرىغا قارايسىز. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى سىز تەنتەربىيىچى، شۇلار سىز ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلىرىڭىز، سىزنىڭ تەنتەربىيىچى بولۇش مەقسىتىڭىز، شۇلارغا بولغان ئېھتىياجنى پەيدا قىلغان، بۇ ئېھتىياج ئۆز نۆۋىتىدە سىزنىڭ شۇ نەرسىلەرگە (باشقا نەرسىلەرگە قارىغاندا) بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزگە سەۋەب بولغان. يەنە مەسىلەن، سىز بىر سەپەرگە چىقماقچى، سەپەرگە زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى ئالدىڭىز، يولغا چىقتىڭىز، يولدا يەنە بەزى لازىمەتلىكلەرنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلدىڭىز، سەپەرنى داۋاملاشتۇرغاچ يول بويىدىكى دۇكان، ماگىزىنلاردىن چالا قالغان نەرسىلەرنى ئالدىڭىز، بۇ جەرياندا سىز پەقەت سەپەرگە چىققان ئادەمدە كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرگە بەكرەك دىققەت قىلىسىز، شۇلارنى باشتا ئالىسىز.

يۇقىرىقىلاردىن بىز مۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىمىز:

مەلۇم بىر مەقسەت مەلۇم ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛

ئادەم ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ كونكرېت ھەرىكەت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛

ئەمەس دەپ قارايمىز. ئەمما، شۇ خىل ئاتالغۇلارنىڭ يوقلۇقى
بىزدە شۇنداق پەلسەپىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى
بىلدۈرمەيدۇ، غەربلىكلەرنىڭ تۆھپىسى شۇكى، ئۇلار بۇ خىل
مەسىلىلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، نەزەرىيىلەشتۇرۇپ،
مۇكەممەل بىر پەلسەپىۋى تەلىمات ھالىتىگە ئېلىپ كەلگەن.
بىز ئۇنداق قىلمىغان. پەلسەپە نوقۇل سىستېمىلىق بىر
نەزەرىيە ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، باشقا ھەرخىل
سىستېمىسىز، پارچە - پارچە قاراشلار ئىچىدىمۇ شۇ خىل
پەلسەپىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ھايات بولىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلى-
رىمىز دەل مۇشۇ ئېلېمېنتلارنى سۈزۈۋېلىپ، بىرىكتۈرۈپ،
سىستېمىلاشتۇرمىغان. مەن بىر قىزنى ناھايىتى ياخشى
كۆرۈشۈم مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى
يا ئاغزاكى، يا خەتتە ئىپادىلىمىدىم، بۇنىڭلىق بىلەن
مەندىكى مۇھەببەتنى يوق دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟ ئۇمۇ ئۇ
مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ قارىسا، ماڭا ئۇۋال قىلغان
بولمامدۇ؟ گەرچە مۇھەببىتىمنى ئىپادىلىمەسلىكىم مەلۇم
دەرىجىدە ئەخمەقلىق بولسىمۇ.

بەلكىم سىز پەلسەپە ئەسەرلىرىنى كۆرسىڭىز تولىمۇ
چۈشىنىكسىزلىك، مۇجمەللىك ھېس قىلىشىڭىز، پەلسەپىنى
پەقەتلا بىر نەزەرىيىلەر دۆۋىسى دەپ قاراپ قېلىشىڭىز
مۇمكىن، بۇ سىزنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىڭىزنىڭ تۆۋەنلى-
كىدىن ياكى تەپەككۇرىڭىزنىڭ گاللىقىدىنمۇ؟ ئۇنداق
ئەمەس، بۇ يەردىكى تۈپكى مەسىلە سىز پەلسەپە كۆڭۈل
بۆلگەن مەسىلىلەرگە سىز پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيسىز، ئۇنى
كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن ئالاقىسىز، دەپ قارايسىز.
(ئەلۋەتتە، ئۇ سىزگە تاماقنى قانداق ئېتىشنى، قانداق
يېيىشنى ياكى ئۆينى قانداق سېلىش، جابدۇشنى
ئۆگەتمەيدۇ، ئۇ پەقەت سىزگە نېمە ئۈچۈن، قانداق ياشاشنى

پەلسەپىنىڭ ئۇل سېلىنىشىدىن كەلگەن، يېڭى پەن، يېڭى بىلىم، پەلسەپىنىڭ خىرەلىكىدىن باشلىنىپ، ئىلىم پەننىڭ ئىپىنقلىقىدا مۇكەممەللىشىدۇ. ۋېل.دولانت مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر پەن پەلسەپىدىن باشلىنىپ، سەنئەتتە ئاخىرلىشىدۇ». ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى سەنئەت بىز چۈشەنگەن ناخشا - ئۇسسۇلدىنلا دېرەك بېرىدىغان سەنئەت ئەمەس. پەلسەپە بىر شەيئى ھەققىدە يېڭى پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى شەرھلەشكە باشلايدۇ، بۇ شەرھلەش كونكرېتلاشقانسېرى ئاستا - ئاستا ئىلىم - پەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمما، بەزىدە ئىلىم - پەن ھەرگىزمۇ پەلسەپە جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، ياخشىلىق، يامانلىق، گۈزەللىك، رەزىللىك، غايە، ئېتىقاد دېگەن مەسىلىلەرگە ئىلىم - پەن ئامالسىز.

ئىلىم - پەن ئانالىز قىلىش، تەھلىل قىلىشنى ئاساسلىق ئۇسۇل قىلىدۇ. ئۇ بىر پۈتۈن شەيئىنى پارچىلاپ، يەككە - يەككە ھالەتتە تەتقىق قىلىدۇ. پەلسەپە دەل ئەكسىچە، ئۇمۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەككە - يەككە شەيئى، ئۇقۇملارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، بىر گەۋدە ھالىتىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىلىم - پەن شەيئىلەرنىڭ نەق ھالىتىنى، رولىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، پەلسەپە مەنىسىنى، قىممىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئىلىم - پەن كۆرگەنلا نەرسىدىن پايدا ئىزدەيدۇ، پەلسەپە بولسا مەنە ئىزدەيدۇ. ۋېل.دولانت يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم - پەن بىزگە ئادەمنى قانداق قۇتقۇزۇشنى، قانداق ئۆلتۈرۈشنى ئۆگىتەلەيدۇ، پەقەت ئەقىللا بىزگە قانداق چاغدا قۇتقۇزۇش، قانداق چاغدا ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ». دېمەك، ئىلىم-پەن بىزگە قورال تۇتقۇزالايدۇ، قانداق ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىتەلەيدۇ، ئەمما كىم ئۈچۈن، قانداق چاغدا ئىشلىتىش

ئادەم كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نەرسە دەل ئۆزى
نەرسىدۇر؛

ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغـ
دىققەت قىلىدۇ.

دېمەك، بىر ئادەمگە نىسبەتەن مەقسەت پە
ئېھتىياج ۋە ئۇنى قاندۇرغىلى بولىدىغان ياكى
ياردەم بېرىدىغان ساھە، شەيئىلەر ياكى شۇنىڭغـ
مەسىلىلەر شۇ ئادەمگە نىسبەتەن (باشقا ساھەگە
ئەڭ تونۇشلۇق، پىششىق بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش
سىزمۇ ئۆزىڭىزنى مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىل
ھاياتىنىڭ ئىنسان ئۇچۇن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانل
چۈشىنىشكە، قىسقىسى ئادەمدەك ياشاشقا ئېھتىياجل
قارىسىڭىزلا، سىز پەلسەپىۋى ئىزدىنىشنى باشل
بولىسىز، شۇنىڭ بىلەن پەلسەپە يەنە سىزگە ناتونۇش
بولمايدۇ. يەنە كېلىپ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياج
قامدىيالىسىلا كۇپايە، دەپ قارىسىڭىز، يەنىمۇ تەپس
ئېچكىرىلەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

كىشىلەر پەلسەپىنىڭ رولى ئېنىق، كونكرېت بولماي
دەپ قارايدۇ. بۇ كىشىلەر ئادەتتە كۆزدە كۆرگىلى بولىدىغ
نەرسىلەرگىلا ئىشىنىپ ئۆگىنىپ قالغان. بۇلار ئۆزىن
ئۇچىنچى كۆزىنى تېخى ئاچالمىغان. ئادەمدە يۈزىگ
جايلاشقان كۆزىدىن باشقا يەنە بىر كۆز بولىدۇ، گېپىمىزگە
قايتىپ كەلسەك، پەلسەپىنىڭ رولىنىڭ خىرەلىكى، ئۇنىڭ
ھەل قىلغان (ياكى ھەل قىلىدىغان) مەسىلىلەرنىڭ بىزنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىمىزدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىدە.

ئىلىم - پەن سۈزۈكلۈك، ئېنىقلىقتا، كونكرېتلىقتا
تولغان. ئەكسىچە، پەلسەپە ئابستراكت (مەۋھۇم) ئۇقۇم،
نەزەرىيىلەرگە تولغان. ئەمما، ئىلىم - پەندىكى ئېنىقلىق

چېگرىسىدىن ھالقىغان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ بەخت-مەنپەئىتىگە باراۋەر ۋەكىللىك قىلالايدىغان پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەگىشىشى كېرەك.

نېتىزنىڭ پەلسەپىسىنى گىتلېر ئىجرا قىلغان، ماركسنىڭ پەلسەپىسىنى لېنىن، ماۋزېدۇڭلار ئىجرا قىلغان، جامالىدىن ئافغانى، رەشىد رىزالار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىنى ھەسەنۇلبەننا ئىجرا قىلغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتچىلىك ئىدىيىسىنى، بەزىدە ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندىلەر ئىجرا قىلغان. دېمەك، تارىخنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، پەلسەپەدىكى يېڭىلىنىش، ئىنقىلاب ھەمىشە دۇنيانىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت ھالەتلىرىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. يۇقىرىقى پەلسەپە ئىجراچىلىرىنىڭ تارىختا قانداق تەسىر كۆرسەتكىنى ھەممىمىزگە ئايان. بىزمۇ مەن باشتا دېگەندەك پراگماتىزمنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرى بولماقتىمىز. قارىغاندا پەيلاسوپلار ئۆز پەلسەپىسىنىڭ رولىنى، نەتىجىسىنى ھايات ۋاقتىدا كۆرەلمىسە كېرەك.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم پەلسەپە ھەققىدىكى پارچە-پۇرات گەپلەردۇر. بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ھەممىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، بۇ پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى. مېنىڭچە، پەلسەپە ئۆزىنىڭ رولىنى، ئۇنۇمىنى پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىيە، شەرھلىرىدە ئەمەس، بەلكى شۇ پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان سىياسىيون، پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىجراسىدا ئاندىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ نامايان قىلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، مەلۇم بىر پەيلاسوپىنىڭ قاراش ـ تەلىماتلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەت، مۇقەددەس تۇتقا قىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. مۇقەررەركى، شەخسىنىڭ قاراشلىرى چەكلىمىلىككە ئىگە. فىزىكلار ئۇچۇن دۇنيانىڭ ماھىيىتى — ھەرىكەت؛ خىمىكلار ئۇچۇن ماددا؛ ماتېماتىكلار ئۇچۇن سان. دېمەك، كىشىلەر ئۆزى ئۇچۇن تونۇشلۇق، پىششىق ساھەدىن چىقىپ، دۇنيا ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى بىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي پىكىر يۈرگۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ساقلىنىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئەزەلىي كەمتۈكلۈك. پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ مۇتلەق مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمەسلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. (بىلىش كېرەككى ئەقىلمۇ ئىنسانغا بىر سىناق) پەلسەپە چوقۇم باشلىنىشى ۋە تۈگۈنچىسى بار ئەبەدىي ھەقىقەتلەر ئاساسىغا قۇرۇلۇشى، تەلىماتى، مىللەت، دۆلەت، مەدەنىيەتتىن ھالقىيالىشى كېرەك. پەلسەپىنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قاراشقا بولىدىغان ئۇلى، تەلىماتلىرى باغلىنىدىغان ئوقى بولىدۇ. ناۋادا بۇ ئۇل، ئوقلارمۇ پەرەز، قىياس ئاساسىغا قۇرۇلسا، بۇ پەلسەپە ئىبلىسنىڭ ئەپسۇنىغا ئايلىنىدۇ.

مېنىڭچە، ئىنسانلار مەلۇم مىللەت، مەدەنىيەتكىلا تەۋە، شۇلارنىڭلا بەخت، مەنپەئىتىگىلا ۋەكىللىك قىلالايدىغان پەيلاسوپلارنىڭ ئەمەس، ئىرق، مىللەت، مەدەنىيەت

ئالدىراقسان ئەمەس ئىكەن، ئۇ ئۆزىدىنمۇ ئەستايىدىل، ھەققانىي ھېساب ئېلىشنى بىلىدىكەن. بۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىخۇدلۇقى، ئىرادىسىزلىكى تۈپەيلىدىن بوپقالغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماپتۇ.

دېمەك، ئادەم ھەۋۋاغا ئاداۋەت ساقلىماپتۇ. ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ئىكەن دەپمۇ قارىماپتۇ، ھەۋۋانىڭ قىلغانلىرى ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆچ كۆرۈشىگە سەۋەب بولالماپتۇ. مۇھەببەت ئاداۋەتتىن غالىب كەپتۇ. مۇھەببەت بىلەن ئەپۇ شۇ چاغلاردىلا چەمبەرچاس باغلانغانىكەن(ئەپۇ يوق مۇھەببەت بولمايدۇ). نۇرغۇن ئىنسان باللىرى مۇشۇ جەھەتتە ئادەم ئاتىسىنى دورىيالماي، باش - ئايىغى يوق دەرد ئىچىدىلا يۈرىدىكەن. مۇشۇ چاغدا ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانىنىلا ئەمەس، ئىنسانىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇلىغان مۇھەببەتنى ياراتقىنىغىمۇ كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىش كېرەك.

كىشىنى ئۆز بەختىدىن مەھرۇم قىلغان ئادەمنى كەچۈرمەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كەتمەك ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەپۇ نەزىرىدە قايتا بىر مۇھەببەت بىلەن باقماق ئوڭايمۇ؟ ھازىر كىم شۇنداق قىلالايدۇ؟! ئادەم شۇنداق قىپتۇ.ئۇ، شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىشنى قىلغانىدى، شۇنىڭ خاسىيىتىدىن مانا بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز.

ئادەم ھەۋۋانى ئىزدەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەرسىسى كەمدەك ھېس قىپتۇ. دېمىسىمۇ ئادەم چالا پۈتكەن قۇرۇلۇشتەك بوپقالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسى يوق، ئۇ شۇنىڭغا موھتاج ئىدى،ئۇنىڭسىز پۈتۈن بولالمايتتى. دېمەك، ئىككىسى بىرلەشكەن، قوشۇلغاندىلا ئۇلار پۈتۈن بولاتتى، بىر - بىرىسىز ئۇلار مەڭگۈ چالا،مەڭگۈ كەمتۈك بوپقالاتتى. ئىلاھىي مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قان - قېنى، نېرۋا - ھۈجەيرىلىرىگە قەدەر سىڭدۈرۈۋېتىلگەنىدىكى، جاھان شۇنىڭ بىلەن تاھازىرغىچە ئۆرە بولالىدى.

# ئائىلە ۋە ئائىلە كرىزىسى

ئېيتىلىشىچە، تەگرىتائالا ئاۋۋال ئادەمنى لايدىن، ئاندىن ھەۋۋا ئانىمىز(يەنى ئايال)نى ئادەم ئاتىمىزنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتقانىكەن. دېمەك، ئەر بىلەن ئايال ئاۋۋال ئەسلى ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەن، يارىلىشىدىلا يىلتىزى، قورۇلمىسى بىر ئىكەن. ئۇلار جەننەتتە بەختلىك ياشاپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئىبلىس(ئۇنىڭغا چەكسىز لەنەتلەر بولسۇن) ئۇلارنى خۇدا قىلىشتىن توسقان بىر ئىشقا قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا تەكرار ـ تەكرار ۋەدىلەر قىپتۇ، قەسەملەر ئىچىپتۇ، ۋەدىلەرگە ئادەم ئىشىنىپتۇ، ھەۋۋا ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە ئادەمگە مەيلىمۇ ـ يە؟ دېگەن نەزەردە بېقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئادەم سەل تۇرۇپ قاپتۇ. ئاھ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلغان ئادەم ھەۋۋانىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا كۈنلەر باشلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلىنىپ، زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئەمما مېھرىبان خۇدا ئۇلارغا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە قانداق كەچۈرۈم سوراشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. خۇدايىتائالا يەنىلا بەندىلىرىنى ئۇنداقلا تاشلىۋەتمەپتۇ.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا زېمىننىڭ باشقا ـ باشقا جايلىرىغا چۈشۈپتۇ. ئادەم ھەۋۋادىن سەل رەنجىپتۇ. ھەي، سەن دېمىگەن بولساڭ يېمەيتتۇق ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ كەينىڭگە كىرمىسەم بوپتىكەن، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئادەم ئۇنچىۋالا

ئائىلە ئەر - ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە بولغان بىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق تەلەپ، تەقەززالىرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەرگە ئىنتىلمەيدىغان ئاياللار، شۇنداقلا ئايالغا ئىنتىلمەيدىغان ئەرلەر ئوخشاشلا بىنورمال كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە دەل بۇ خىل ئىنتىلىشنى دىنىي، قانۇنىي، ئەخلاقىي يوسۇندا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدىكى بىر مۇكەممەل جەريان ۋە نەتىجىگە ئىگە قىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي سورۇندۇر. ئائىلە بۇ ئىنتىلىشنىڭ جەريان، نەتىجىسىنى ھايۋانىي ھالەتتىن ئىنسانىي پەللىگە يۈكسەلدۈرۈپ، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق ھەققى - ھۆرمىتى، ئىززەت - ئىپپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئائىلە مەۋجۇدلۇقنىڭ بۆشۈكىدۇر.

ھەربىر ئوقۇرمەن بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى. مەيلى قايسى خىل سالاھىيەتتىكى ئەزا بولمىسۇن، ئۆزى ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ قۇرۇلمىنى چۈشىنىۋېلىشى بېلىقنىڭ ئۆزى ياشايدىغان سۇنى چۈشىنىشىدەك شۇنداق زۆرۈر. بەلكىم، سىز ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئۆيىدە ياشاۋاتقانسىز ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلىسى باردۇر. ئەمما، سىز بۇ ئائىلىڭىزدىن قانچىلىك رازى، ئۆزىڭىزنى قانچىلىك دەرىجىدە بەختلىك ھېس قىلىسىز، بۇ بەلكىم پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ئايان. خۇددى تۈتۈننىڭ ئاچچىقى مورىغىلا ئايان بولغاندەك(باشقىلارغا چۈشەندۈرمەك، شۇنداقلا باشقىلارنىڭمۇ سىزدەك چۈشەنمىكى ئەڭ تەس نەرسە ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد).

دېمەك، ھەربىر ئادەم مېنىڭچە، ئائىلە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى جەمئىيەتشۇناسلاردەك بىلمىسىمۇ، ھەرھالدا ئاز - تولا چۈشىنىشكە موھتاج. ئۆزىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى، نۇرغۇن خاپىلىق - خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى بولمىش ئائىلە ھەققىدە بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىق كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنىڭ نۇرغۇن دەرد - ئەلەم،

ئۇلار ئاخىر تېپىشتى ھەم تېپىشاتتى. زېمىندا تۇنجى ئائىلە، بىر جۈپ ئاپىرىدە بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن ئايرىلالمىدى، ھەم ئايرىلالمايتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇزاق ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئەرلەر ئاياللارنى، ئاياللار ئەرلەرنى تېخىمۇ چۈشىنىشتى. بىر - بىرى ھەققىدە ھەر - ھەر يەكۈن، خۇلاسىلەرگە كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر - بىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشمىدى. ئەرلەر ئاياللاردىن، ئاياللار ئەرلەردىن قاقشايتتى. ھېچبىر ئەر ئايالدىن، ھېچ بىر ئايال ئېرىدىن رازى ئەمەستەك ئىدى. بىر - بىرىنىڭ ياخشى گېپىدىن غەيۋەت - شىكايىتى كۆپ ئىدى (ئىنساننى نېمە رازى قىلالىغان؟!). نۇرغۇن ئەرلەر: ئىسىت، ئايال زاتى بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، دەپ ھەسرەتلەنسە، نۇرغۇن ئاياللار: ئىسىت، شۇنداق ئەرگە بەرگەن كۆڭلۈم، دەپ ئازابلىنىپ كېتىپ قىلىشتى،دوست - ياران، بالا- چاقىلىرىغا بۇ ھەقتە نۇرغۇن پەند - نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇشتى.

ئىشقىلىپ، بىر - بىرى ھەققىدە قانچىلىك يامان گەپلەرنى قىلىشمىسۇن، مەيلى ئۇلار بىر-بىرىدىن چەكسىز نەپرەتلەنمىسۇن، ساڭا قارايدىغان كۆزۈم، سۆزلەيدىغان سۆزۈم يوق، دەپ ۋەدە - قەسەملەرنى بېرىشسۇن، بىر - بىرىگە قىلغان ئەقىدىلىرىدىن زار - زار يىغلاپ، پۇشايمان، نادامەت پۇتۇشسۇن، ئەمما پاكىت شۇكى، ئۇلار ھازىرغىچە بىر - بىرىدىن ئايرىلماي ياشىدى. ئەرلەردىن قاقشايدىغانلارمۇ ئەرسىز ياشىمىدى. ئايالغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلارمۇ خوتۇنسىز ياشىمىدى، قىزلىرىنى ئەرگە بەرمەي، ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەي قالمىدى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يارالمىش قانۇنىيەتكە تەسلىم بولماي ئامالى بولمىدى.

دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇقەررەر قوشۇلۇش تەقەززاسى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرە ئاساسى بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلىي بىرلىك ئائىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

دېگەن سوئالغا ھەرخىل نۇقتىدىن جاۋاب بەرگەن، بىز بۇنىڭدىن ئائىلە دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەسلەپكى چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولساقمۇ، يەنىلا بۇ تەبىرلەر بەزىبىر كەمتۈكلۈكلەردىن خالىي ئەمەس. ئەگەر ئائىلە ئۆز ـ ئۆزىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرلىك دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئۆزلۈكىدىن پەرزەنت كۆرمىگەنلەر ئائىلە ھېسابلانامدۇ؟ پەرزەنتلىك بولۇش ئائىلىنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ؟ نىكاھ، قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئالدىنقى شەرت قىلىنسا، ئۆزى تۇغماي باشقىلارنىڭ بالىسىنى بېقىۋالغانلارنىڭ ئائىلىسى يەنە ئائىلە ھېسابلىنامدۇ؟ نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلارچۇ؟ ئۇمۇ ئائىلىمۇ؟ پروبىركىدا، بالىياتقۇ سىرتىدا يېتىشتۈرۈلگەنلەرنىڭ ياكى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سالاھىيىتىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ ئۇلارمۇ باشقا ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكمۇ ـ يوق؟... دېگەندەك مەسىلىلەر يەنە بۇ ھەقتىكى ئۇقۇمنى ئېنىقسىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئائىلىگە ئېنىق بىر تەبىر بەرمەك ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئەمما، بىز يەنىلا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر تەبىرگە موھتاج. چۈنكى بىز مەلۇم شەيئى، مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى بىر قەدەر مۇكەممەللىككە، سىستېمىلىق ھالەتكە، ئىلمىي ئېنىقلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم شۇنداق تەبىر، ئەندىزە، قېلىپلارغا موھتاج. بۇلارسىز چۈشەنچىمىز تولىمۇ يۈزەكى، باش ـ ئاخىرى يوق، قالايمىقان بوپقالىدۇ. ئىدىيىنى بىر قۇرۇلۇشقا ئوخشاتساق، بۇلار شۇ قۇرۇلۇشنى تەشكىل قىلغۇچى خىش، بېتون... لار ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە مەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى يانۋاردا نەشر قىلغان «ئائىلە جەمئىيەتشۇناسلىقى» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىرنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنىمەن: ئائىلە نىكاھ، قانداشلىق ۋە بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان

كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بوپقېلىشى مۇمكىن. ئادەم ھەمىشە ئۆزىگە ناتېنىق نەرسىلەر ئالدىدا خاتالىشىدۇ.

خوش، ئەمدى بىز جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئائىلىگە قانداق تەبىر بەرگىنىگە قاراپ باقايلى:

ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگ، روھ ئانالىزى ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فرېئود مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلە جىسمانىي تۇرمۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئورگانىزملىق تۇرمۇش ئارىسىنى باغلايدىغان ئارغامچىدۇر». قارىغاندا، بۇ تەبىر ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى ۋە رولى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، ئائىلىنى تەشكىل قىلغۇچى زۆرۈر شەرتلىك ئامىللار تىلغا ئېلىنمىغان.

ماركس ـ ئېنگېلسلار ئائىلىنى يەنىلا ئۆزلىرى كۆنۈككەن مېتود بويىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەركۈنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىپ تۇرىدىغان كىشىلەر يەنە باشقا ئادەملەرنىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلايدۇ، يەنى كۆپىيىدۇ. مانا بۇ ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى ئائىلە». بەلكىم بۇ ماركسىزمنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش نەزەرىيىسى ئاساسىدىكى ھۆكمى بولۇشى ئېھتىمال.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس بوگىس ۋە لوكلار ئۆزىنىڭ «ئائىلە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلە نىكاھ، قانداشلىق، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق قوشۇلغان كىشىلەر گەۋدىسى. بۇنىڭدا ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانا، ئەر-خوتۇن، قېرىنداش دېگەندەك ئىجتىمائىي ئالامەتلىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، تەسىر كۆرسىتىشىدۇ، رول ئوينايدۇ، شۇ ئارقىلىق بىر ئورتاق مەدەنىيەت يارىتىدۇ». بۇ تەبىردە ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بەكرەك تەكىتلەنگەن.

يىغىنچاقلىغاندا، گەرچە يۇقىرىقى تەبىرلەر ئائىلە دېگەن نېمە؟

پرىنسىپ، جامائەت پىكرى... قاتارلىقلارغا خىلاپ بولۇش- بولماسلىقى ھەققىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقىلار ئويلانمايدىغان بولدى(ئەمما ئويلىنىشلا مەسلىنى ھەل قىلالمايدۇ). قارىغاندا، ئادەملەر تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي پرىنسىپسىز ياشايدىغان بىر دەۋر يېتىپ كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

دېمەك، مېنىڭچە، ئائىلە ئىچىدىكى ئەر - خوتۇن بولۇشقۇچىنىڭ ئارىسىدا چوقۇم نىكاھ بولۇشى، نىكاھ بولمىسا ئائىلە ھېسابلانماسلىقى كېرەك. ئۇ ئىنسانىي ئەخلاق-پەزىلەت، ئىززەت-ھۆرمەتنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاستە. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ دىيارىمىزدا بۇخىل ھادىسىلەر يوق دېيەرلىك. ئەمما، ھازىرقى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئائىلە ئىككى جىنسنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن جىسمانىي بىرلىككىلا بوپقالماي، نىكاھ ئارقىلىق بەلگىلىك دىنىي، ئەنئەنىۋى رەسمىيەت - مۇراسىملار بويىچە ئاشكارا شەكىللەنگەن بىر ئىجتىمائىي بىرلىك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ قوش مەنىگە ئىگە.

تۆۋەندە ئائىلىنىڭ فۇنكسىيىسى(خىزمىتى) ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرىدە ئائىلىنىڭ تۆۋەندىكىدەك فۇنكسىيىلىرىنى سۆزلەيدۇ:

1. بىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى

بۇ، جىسمانىي تەلەپنى قاندۇرۇش، تۇغۇش، بالا بېقىش، ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

2. پسىخولوگىيىلىك فۇنكسىيە

تەسەللى بېرىش، خاتىرجەملىك، بەختىيارلىك ئېھتىياجى، مۇھەببەت ئېھتىياجى دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئىقتىسادىي فۇنكسىيە

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق تەشكىلىي بىرلىك.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەرتلەردىن تىلغا ئېلىپ ئۆتمىسەك زادى بولمايدىغىنى نىكاھ مۇناسىۋىتى. چۈنكى، ھازىرقى زاماندا نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، بۇلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يېڭى بىر تەركىبىي قۇرۇلمىسى بوپقالدى. گەرچە بىزنىڭ رايونىمىزدا بۇخىل قىلمىش ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق ھېسابلانسىمۇ، ھازىر نۇرغۇن ئەللەردە بۇ شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، ئىختىيارلىقى ئىچىدىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا 1997-يىلى نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلار تۆت مىليون جۈپكە يەتكەن. بۇنىڭ 36%ى تېخى 18 ياشقا توشمىغان باللار ئىكەن. پۈتكۈل دۆلەت مىقياسىدا 16 ياشقا توشمىغان 50% ئەتراپىدا بالا نىكاھسىز ئائىلىلەردە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدەك مىساللار نۇرغۇن، ھەممىنى بىر - بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز. مەن بۇيەردە دېمەكچى بولغان مەسىلە ھازىر بەزى جەمئىيەتشۇناسلار بۇخىل نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلارنىمۇ ئائىلە ھېسابلاۋاتىدۇ، ئۇلارغىمۇ بىر قانۇنلۇق نەزەرىيىۋى ئاساس - باھانە ئىزدەۋاتىدۇ. ئەگەر بۇخىل قىلمىش ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن شەرھلىنىپ، ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى، قىممەت قارىشى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتى ھايۋانلار جەمئىيىتىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇيەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىرقى دۇنيادا ئىنسانلار قىلغان ھەرقانداق بىر ئىش، باشقىلارغا ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي بىخەتەرلىك جەھەتتە زىيان ئەپكېلىدىغان ئىش بولمىسىلا، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ. پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارمۇ بۇخىل قىلمىشلارنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن شەرھلەپ، ئۇنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ھازىر قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئەنئەنىۋى، دىنىي

تەربىيىسىنى پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىدىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى مۇتلەق رەۋىشتە غەرەزسىز، تەبىئىيلا ئېلىپ بېرىلىدىغان، كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچ، دەرسلىكلەر، پىلان-پروگراممىلار يوق بولغان بىرخىل ئىستىخىيىلىك تەربىيە جەريانى. بۇخىل تەربىيىنىڭ ئىشقا ئېشىش جەريانى مەلۇم بىر نەرسىنى ئىگىلەش، ئۆگىنىش جەريانى بولماستىن، سىڭىشىش، تەبىئىي ئۆزلىشىش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ تەسىرى خۇددى ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەردەك مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئائىلىدىكى گەپ ـ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، قولۇم ـ قوشنىلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىش ئالاقىلىرى... قىسقىسى، ئائىلىدىكى ھەربىر ئىش دەل ئائىلە تەربىيىسىدىكى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ. پەرزەنتلەر ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا مۇشۇ ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن تەربىيە قوبۇل قىلىدۇ، ئۆرنەك ئالىدۇ. جەمئىيەتتە ئاتا ـ ئانىلىرى جېدەلخور بەزى ئائىلىلەرنىڭ دېگۈدەك ھەممە بالىسىنىڭ ئوخشاشلا ئاتا ـ ئانىسىدەك جېدەلخور ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاتا ـ ئانىلىرى ھەرگىزمۇ مەخسۇس باللىرىغا جېدەل قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ، پەقەت باللىرى ئاتا ـ ئانىلىرىدىن تەبىئىي يوسۇندا ئىستىخىيىلىك ئۆگىنىپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئادەت خاراكتېرلىك سىڭىپ قالىدۇ. بۇخىل تەبىئىي سىڭىپ قالغان يامان ئادەتتىن قۇتۇلماق بەك تەس.

بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىشى ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق تەسىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى ساقلىنىش تولىمۇ تەس بىر مەسىلە، تەربىيە بىردەكسىزلىكى مەسىلىسى. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر دەل مۇشۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى مۇۋازىنەتتە تەكشۈكسىزلىق كۆرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئالايلۇق، ئائىلە باللارغا ئائىلە ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق -

بۇ مـاددىي ئىشلەپـچىقىرىش، تەقسىملەش، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال قىلىش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

4. سىياسىي فۇنكسىيە

بۇ ئائىلىنىڭ بىر كىچىك ھۆكۈمەت ئىكەنلىكى ۋە ئەزالارنىڭ ھوقۇقى مەسىلىسى.

5. مائارىپ فۇنكسىيىسى

بۇ بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىنى يېتەكلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

6. كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسى

بۇ بالىلارنىڭ ئويۇنلىرى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى.

7. مەدەنىيەت فۇنكسىيىسى

بۇ ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت، دىن، ئەنئەنىنى تارقىتىش، ئۆگىتىش فۇنكسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندە مەن پەقەت ئائىلىنىڭ تەربىيە فۇنكسىيىسى ھەققىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن: ھەممىگە مەلۇمكى، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئادەمگە يېزىلىدىغان تۇنجى خەت ئائىلىدە يېزىلىدۇ. ئادەممۇ تۇنجى سۆزنى ئائىلىدە قىلىدۇ، تۇنجى كۈلكىنى ئائىلىدە كۈلىدۇ، تۇنجى يىغىسىنىمۇ ئائىلىدە يىغلايدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپىلا بوپقالماستىن، يەنە مەڭگۈلۈك مەكتىپى، ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەكتەپتۇر. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسى (مائارىپ)گە ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، مەكتەپ ئادەمگە بىلىم - ماھارەت، ئىقتىدار ئۆگەتسە، ئائىلە ئادەمگە كىشىلىك پەزىلەت، ئەخلاق، ئادەم بولۇشنىڭ قائىدە - يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ئىككىسىدىن ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ. مەكتەپ تەربىيىسىنى ئائىلىدە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن، ئەمما ئائىلە

پۈتۈنلەي پەرزەنت ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، پەرزەنتىدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدۇ، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىر مۆجىزە.

قىسقىسى، يۇقىرىقىلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۆت خىل ئاساسلىق مۇھەببەت. بۇلارنى تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە قەدەر كېڭەيتىپ، تەتبىقلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دېمەك، پەقەت ئائىلىدىلا مۇشۇ خىل مۇھەببەتنى يېتىلدۈرگىلى، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغىلى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ تۆت خىل مۇناسىۋەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىلتىزى، ئەندىزىسى، ئۆرنىكى، قېلىپى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قېنى ئەمدى نەزىرىمىزنى ئائىلىنىڭ ئەخلاق فۇنكسىيىسىگە يۆتكەيلى. ھەرقانداق بىر ئائىلە مەلۇم مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ھەرخىل كونكرېت ئامىل، ئېلېمېنتلىرى ئائىلىدە، ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئىپادىلىنىپ، ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئائىلىمۇ بىر كىچىك مەدەنىيەت ئۇچقى. ئۇ ئىستىخىيىلىك يوسۇندا مەدەنىيەت يارىتىدۇ يەنە ھەم شۇ مەدەنىيەتنىڭ سورۇنى بولىدۇ، شۇنداقلا شۇ مەدەنىيەتنى قوغدايدۇ. شۇ مەدەنىيەتكە خاس بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى، قىممەت قاراش، ئەخلاق ئەندىزىلىرى دەل ئائىلىدىكى تەربىيە مۇھىتى ئارقىلىق ئەجدادتىن ئەۋلادقا كۆچىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئەخلاق بىۋاسىتە ئائىلىدە يېتىلىپ مۇكەممەللىشىدۇ. ئادەمنىڭ ئەخلاقىمۇ ئاۋۋال ئائىلىدە يېتىلىدۇ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ، شۇنداقلا ئائىلە تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئائىلىلەر بەلگىلەيدۇ.

ئادەم تۇنجى بولۇپ ئائىلىدە ئەدەپ، ھايا، ھۆرمەت ئۆگىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ئادەمنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى

مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە بولسا، قېرىنداشلىق ئۇنىڭغا ئوخشمايدۇ، ئادەم قېرىنداشلىقتا تەمەدىن، مەنپەئەتتىن خالىي بولمىقى تەس.

ئۈچىنچى باسقۇچتا ئادەم يېڭى بىر ھەمراھ، يەنى ئەر ياكى بىر ئايال بىلەن بىرگە ياشايدۇ، يەنى بىر ئائىلىدە تۇرىدۇ. مانا بۇ تېخمۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە كىشىلىك پەزىلەت، مەنپەئەتسىزلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇتلەق ساداقەت، سەمىمىيلىك بۇخىل مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، ئەپۇ ۋە خالىس قۇربان بېرىش بۇ يىلتىزنى شاخلىتىدۇ، باراقسانلىتىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى باغدەك پات - پات ئوتاشقا، قۇرت - قوڭغۇزلىرىنى تازىلاشقا، سۇغۇرۇپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشقا موھتاج. بولمىسا، بۇباغنى ياۋا ئوت - چۆپ، قۇرت - قوڭغۇزلار بېسىپ كېتىشى مۇمكىن. ئادەم بۇھالەتتە ئۆز سالاھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، ئائىلىدە ئۆز ئورنىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشى، بىر - بىرىنىڭ ئۆزئارا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى، ئائىلە تىنچلىقى ۋە بەختىنىڭ ئاساسى بوپقالىدۇ.

ئەر - ئايال مۇھەببىتى يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەتكە قارىغاندا تېخمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەمنى بىر - بىرىگە نىسبەتەن تېخمۇ ساداقەتمەن، ئەپۇچان، كەڭ قورساق، مەنپەئەتسىز، شەخسىيەتسىز بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇجەرياندا ئادەم پىسخىك جەھەتتە تېخمۇ زور دەرىجىدە پىشىپ يېتىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەت ئەر - خوتۇن مۇھەببىتىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپقالىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچتا ئەر - خوتۇنلار پەرزەنتلىك بولۇپ، ئاتا - ئانىغا ئايلىنىدۇ. ئاتا -ئانىلىق سالاھىيەت ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن پىسخىك ساپا تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى يۇقىرىقى ھەرقانداق بىرخىل مۇھەببەتكە قارىغاندا، ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ خالىس، ئەڭ سېخىي بولىدۇ. ئاتا - ئانا بۇچاغدا

پەزىلەتتە ياشىشىنى بەلگىلەيدىغان دەرسلىك.

بۈگۈن ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئائىلە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كرىزىس، خىرىسقا دۇچ كەلدى. نۇرغۇن ئەل - دۆلەتلەردە ئائىلە تولىمۇ بىچارە ئورۇندا، قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئىنسانىيەت تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىلگىرىكى تۇرمۇش شەكلىدىكى ئاساسلىق مەركىزىي بىرلىك ئائىلىگىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئەكەلدى. نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، جەمئىيەتشۇناسلار ئائىلىنىڭ ئەمدى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە ئىلگىرىكىدەك مەركىزىي، مۇقەددەس ئورۇندا تۇرمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش يوللىرىغا ماسلىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە يېڭى - يېڭى پەتىۋا، نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئىنسانلارغا راستىنلا ئائىلە بولمىسىمۇ بولىۋېرەمدۇ؟

ئىنسانلار ھەرۋاقىت ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. پەقەت ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەر كۆلەم - سۈرئەت، تەسىر جەھەتتە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىز بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئالەمشۇمۇل، غايەت زور دېگەن سۈپەتلەشلەر بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز. ئىنسانلاردىكى مۇشۇ يېقىنقى ئىككى - ئۈچ ئەسىر، بولۇپمۇ بىر ئەسىر مابەينىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى شۇنداق ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقمىز. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، يەنىلا نەزىرىمىز يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن دىنىي ئىسلاھات، ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە چۈشىدۇ. چۈنكى، بۇ ياۋروپا جەمئىيىتىنىلا ئەمەس، ياۋروپا ئارقىلىق پۈتكۈل ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھازىر ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى غەربنىڭ تەسىرىسىز

شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىدە ئەخلاقسىزلىققا كۆنگەن بالىلارنى مەكتەپ، جەمئىيەتتە ئەخلاققا ئىگە قىلماق ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بالىلار دوستلىرى ئارىسىدا قىلىشىدىغان ھاياسىز چاقچاق، پاراڭلىرىنى ئائىلىدە قىلالمايدۇ، سىرتتا تاماكا ـ ھاراققا ئاشنا بولسىمۇ، ئائىلىدە ئاز ـ تولا بولسىمۇ دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئائىلىنىڭ شەخسنى نازارەت قىلىشى جەمئىيەت، مەكتەپتىكىدىن كۆرە ئىنچىكە، مۇقەددەس بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ئەخلاق يېتىشتۈرۈش رولى پەقەت پەرزەنتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت پەقەت ئائىلىدىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ئورگان بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقلاردىن خالىي تۇرىدۇ. قەيەردە ئائىلە ئاساسى ئاجىز، ئائىلە ئېڭى تۆۋەن بولىدىكەن، شۇيەردە تىنچسىزلىق، غەم ـ قايغۇ كۆپ، ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقان، ئەخلاقسىزلىق يامرىغان بولىدۇ. ئەگەر ئائىلە بولمىسا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئائىلە ئەخلاقى شەخس ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدۇ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىسىز ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەخلاقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شەھەرلەردە ئائىلىنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقى شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. قىسقىسى، ئائىلىنىڭ تەربىيە رولىنى ھېچقانداق ئورگان ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىلەن ئاتا ـ ئانىسى يوق، جەمئىيەتتە دوستلىرى بولغان بىلەن قېرىنداشلىرى يوق. ئائىلىدە ھەممە ئادەم تەربىيىلىگۈچى ھەم تەربىيىلەنگۈچى. ئائىلىمۇ بىر مەركىزىي دەرسلىكى يوق مەكتەپ، چۈنكى ئائىلىدىكى ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىش، ھەربىر پائالىيەتنىڭ ئۆزى دەرسلىك. بۇ ئادەمنىڭ قايسى خىل ئىنسانىي خىسلەت،

قىلمىشلارغا قارشى كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي ئەخلاق بېسىمى، قانۇن ۋاستىسى، جامائەت پىكرى بولماسلىق، جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ بىر ئادەت سۈپىتىدە جەمئىيەتلىشىشكە داغدام يول ھازىرلاپ بەردى. كىشىلەر ئىلگىرى ئەرلىرى، خوتۇنلىرىدىنلا ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرگە باشقىلاردىنمۇ بىمالال ئېرىشەلىگەچكە، ئۇنى ھەر ئىككى تەرەپ مېنىڭ ھوقۇقۇم دەپ قارىغاچقا، بۇزۇقچىلىق قانۇنىي كاپالەت بىلەن قوغدىلىپ، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق ھېچكىمدىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى.

بەلكىم مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشسا، ئائىلىسىز جەمئىيەتلەرمۇ مەيدانغا كېلىشى، ھارامدىن بولغان بالىلارنى دۆلەت ياكى ئىجتىمائىي خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرى بېقىشى، ھازىر ئاياللار ئەرلەرسىزمۇ پەرزەنتلىك بولالىغاچقا، ئەگەر جىنسىي تەلەپنى قاندۇرىدىغان يېڭى چارە تاپالىسا(بەلكىم تاپقاندۇ)، بەلكىم بىزگە ئەرلەر لازىم ئەمەس، پەرزەنتلا لازىم، دەپ شوئار توۋلىشى، دورىخانىلاردا ئۇرۇق سېتىلىشى، ئاياللار شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇقلاندۇرالىشى ياكى بەدەن سىرتىدىلا ھامىلە يېتىشتۈرۈپ بېقىشى، بۇنداق چارىلەر تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، بۇنى دوختۇرخانىلاردىلا قىلالايدىغان ھالەتتىن ئۆيىدىمۇ كىشىلەر ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن قىلالايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قانداقراق ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، ناۋادا شۇخىل ھالەت ھەقىقەتەن ئومۇملىشىپ قالسا، ئىنسانلار بۇنىڭغىمۇ يېڭى ئۇقۇم، نەزەرىيە ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە قايىل قىلارلىق ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن. چۈنكى، ھازىر ئىنسانلارغا ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەرقانداق بىر نەرسە،مەيلى ئۇ مۇقەددەس دىنىي پرىنسىپ ياكى ئەنئەنە، ئۆرپ -

تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زاماندا بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر دائىرىسى، كۆلىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجايىپ تېز، بەك چوڭقۇر، بىۋاسىتە يۈز بېرىدىغان بولدى. مانا بۇ شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر ئائىلىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇقەددەس ئورنى، نوپۇزى، قىممىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئائىلە بارغانسېرى ئەسلىي مەنىسىدىن ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئائىلىسىز جەمئىيەت بەزى ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان يېڭى ئۇتوپىيىگە ئايلاندى. ئىنسانلار بارغانسېرى ئائىلىنى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ زور ئىشلارنى تەۋرىتىشتىن توسىدىغان، پۇت - قوللىرىنى بوغۇۋالغان ئاسارەت دەپ قاراشقا باشلاپ، يېڭى تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئىختىرا قىلىشقا يۈزلەندى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش مودىغا ئايلاندى. پەرزەنتلىك بولۇشنى دېمىسە، توي قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرگە ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئاجرىشىش، قايتا توي قىلىش دېگەنلەر خۇددى كىيىم - كېچەكنى سېلىپ كىيگەنچىلىك شۇنچە ئوڭاي، بىمالال قىلىنىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئائىلىدە بەخت ئىزدەشتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك، زور ئىش بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ئائىلىلەر مېھىر - مۇھەببەت ئىزدەيدىغان، يېڭى ئەۋلاد يېتىلدۈرىدىغان ئورۇن بولغان بولسا، ھازىر پەقەتلا بىئولوگىيىلىك ۋە پىسخولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان بىر ئۆتەڭ بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان چۈشەنچىسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇشنىڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، نىكاھنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنى يوقىتىشى، بۇخىل

قىممىتى، ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەگەر ئاياللار ئائىلىدە تۇرۇپ ئېرىگە تايىنىپ، بالىلىرىنى بېقىپ ياشىسا، ئەرلەر ھەددىدىن ئېشىپ، مۇستەبىت بولۇۋېلىپ، ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنى ھاكىم - قازى قىلىۋالدى، ئايالنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى، ئۆزىنىڭ ئايالغا نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ھەققىدە ئويلانمىدى. قىسقىسى، ئائىلىدە ئاياللارغا تەڭسىزلىك پەيدا قىلىپ، ئائىلىنى بىر زۇلۇم زىندانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاياللارنى خارلىدى، ھەرگىزمۇ ئايالىم مېنىڭ تامىقىمنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ، بالىلارنى بېقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولاي، دەپ قارىماي، شۇنى قىلمىسا نېمە قىلاتتى؟ ئۇ دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ئۆكتەملىك قىلدى. ئايال كىشىمۇ ئاز - تولا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ پۇل تاپالىسا، مېنىڭمۇ ئېرىم، بالىلىرىم، ئائىلەم بار، مەن قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىر خوتۇن، بىر ئانا دەپ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاڭلىقلىق بىلەن تونۇمىدى، ئېرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى. دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى توغرا تونۇپ يەتمەسلىكى ئائىلىنى بىر مۇھەببەت، ئىللىقلىقنىڭ ئۇۋىسى ئەمەس، ئازاب - دەردنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە ئەرمۇ، ئايالمۇ ئائىلىدىن ۋاز كېچىشنى دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىۋالدى.

ئىككىنچىسى، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى. ئاڭنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنۇ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى،ھوقۇق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى؛ يەنە بىرى، ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى.

ئىش تەقسىماتىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى تەبىئىيلا ئۇلاردا ھوقۇق ئىستىكىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا يېڭى بىر سوئال قويدى ھەم ئاياللار ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇق

ئادەت بولسۇن، ھەممىسى بەرىبىر. ھازىر ئىنسانلار ئۈچۈن دېگىلى، يازغىلى بولمايدىغان گەپ، قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق.

بىرىنچى، ئىش تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىش.

يۇكسەك دەرىجىدىكى سانائەتلىشىش قايسى سەۋەب بىلەن ئەر- ئاياللىنىڭ ھازىرقى زامان ئائىلىلىرى(بولۇپمۇ شەھەر ئائىلىلىرى)دە يۇقىرىقىدەك يۇزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى تەرەپمۇ بىر - بىرىنى شەرت - سەۋەب قىلىدۇ، بىر- بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان مۇستەقىل جەريان ئەمەس.

ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتىغا زور ئۆزگىرىش ئەكېلىپ، ئىلگىرى ئەرلەرلا قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاياللارمۇ قىلالايدىغان، ئۆزلىرى مۇستەقىل پۇل تاپالايدىغان، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تەڭ ئۈستىگە ئالالايدىغان بولدى. بۇ ئەر ۋە ئاياللىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا، رولىغا يېڭى ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ باشتا قانداقلا بولمىسۇن، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ياخشى ئىش، دەپ قارالدى. ئەمما، بۇ ياخشى ئىش بارغانسېرى ئۆزىنىڭ نورمال دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ئاياللاردىكى ئانىلىق، خوتۇنلۇق بۇرچ تۇيغۇسى، ئېڭى بارغانسېرى سۇسلاپ، ئائىلە ئاياللار نەزىرىدە بارغانسېرى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئائىلىنى كىشەن، تۈرمە، دەپ قارايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى ئىللىقلىق بارغانسېرى يوقاشقا، ئائىلە ئوخشاشلا ئەرنىمۇ، ئايالنىمۇ تازا قىزىقتۇرالمايدىغان، ھەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدىن زېرىكىدىغان، ئائىلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىغان، پەرزەنتنى دەپلا ياشايدىغان بولدى. نەتىجىدە بۇخىل ئائىلىدىن زېرىكىش ئائىلىدىن ۋازكېچىشكە ئۆزگەردى. ئائىلىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ نەزىرىدىكى

ئالماشتۇرۇش كۈلۈبلىرى بىرەر چوڭ مېھمانخانىنى كۆتۈرىگە ئېلىۋېلىپ، بىرلا ۋاقىتتا 4000چە ئادەمنىڭ قىزغىن كەيپىياتتا خوتۇن ئالماشتۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىكەن. لوس ئانژېلىس خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۈلۈبىنىڭ مەسئۇلى راچېيتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئويۇن 20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى باشلانغانىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشنى تولىسى جەمئىيەت لۈكچەكلىرى، جىنسىيەت ئىسيانكارلىرى قىلىدىكەن، ھازىرقىلىرى بولسا 30-40 ياشقىچە بولغان، مۇقىم خىزمەت كىرىمى بار ئوتتۇرا بۇرژۇئازىلار ئىكەن. ھەر ھەپتە ئاخىرى سان - فرانسىسكو دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بۇخىل چوڭ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ ئويۇننى ئوينايدىغانلار ناھايىتى باي بولۇپ، ھەمىشە پۈتۈن بىر بىنانى ئىجارىگە ئالىدىكەن. يېقىندا مىئامى شەھىرىدە 4000 دىن ئارتۇق ئادەم 17قەۋەتلىك بىر بىنانى ئىجارىگە ئاپتۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا 2000 چە ھەۋەسكار ھەر يىلى يانۋاردا يامايكىنىڭ بىر ئىستىراھەت رايونىغا بېرىپ ياشايدىكەن. مەملىكەت بويىچە 500دىن ئارتۇق موشۇنداق كۈلۈب بولۇپ، نەچچە مىڭ ئادەم مۇشۇ ئايدا نېۋادا شىتاتىنىڭ بىر شەھىرىدە مەملىكەتلىك ئەزالار چوڭ يىغىنى ئاچماقچىكەن. بۇ ئويۇنغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بۇ كۈلۈبقا قاتناشقاندىن كېيىن، ئەزالىق بەدەل پۇلى تاپشۇرىدىكەن. كۆپىنچە ئەرلىرىنىڭ دەۋىتىدە ئاياللار قاتنىشىدىكەن، نۇرغۇن ئاياللار بۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۇ يېڭى ئىش ئەمەسكەن. كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنى بىر ئىپلاس قىلمىش، دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئەھلىنىڭمۇ نۇرغۇن باھانىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئەر - خوتۇن ئۇزۇن بىرگە ياشىسا، بىر - بىرىدىن زېرىكىپ قېلىشتىن ساقلانماق تەس، تالاغا قاراپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەر - ئايال بۇنى توغرا چۈشەنگەن ئاساستا خوتۇن ئالماشتۇرۇپ ئىچ پۇشۇقىنى

چاقىرىقلىرى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى ئاياللاردا ئەرلەر بىلەن باراۋەر تۇرۇش ئېڭىنى، ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلىش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى. ئاياللار ئىلگىرىكىدەك باشقۇرۇلمايدىغان، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى خالىغىنى بويىچە قىلىدىغان بولدى. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئائىلە ئۇلار ئۈچۈن ئىككىلەمچى نەرسىگە ئايلاندى.

ئەخلاق ئېڭى جەھەتتە، ئىلگىرى نومۇس قىلىدىغان، ھايا قىلىدىغان نەرسىلەر بارغانسېرى كەڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن قانۇنلاشتۇرۇلدى، شەخسنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا بولغان جامائەت پىكرى بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش، بەچچىۋازلىق قاتارلىقلارنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى، يەنە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، بەدەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىلىرى بۇ خىل ھالەتنى ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرمۇ، ئايالمۇ ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى سىرتتىن، باشقىلاردىن بىمالال تەلەپ قىلالايدىغان، شۇلار ئارقىلىق قاندۇرالايدىغان بولدى، ھەرگىزمۇ قىلغانلىرىغا ئازابلىنىش، ئۆكۈنۈش ھېسسىياتىدا بولمىدى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنۇ خەۋەرنى قىستۇرغۇم كەپ قالدى. باشتا بولدىلا، دېمەي دەپ ئويلىغان، ئەمما يەنىلا كىشىلەرگە ئادەملەرنىڭ قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئارزۇيۇم غالىب كەلدى. ئادەم بۇنى يېزىشتىنمۇ نومۇس قىلىدۇ:

«ئەدەبىي ھېكايىلەر گېزىتى»نىڭ 2002- يىل 12-ئاۋغۇست كۈنىدىكى 31- سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

خوتۇن ئالماشتۇرۇش ئويۇنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالماقتا. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ھازىر ئامېرىكىدا 500 دىن ئارتۇق خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى بار ئىكەن. بەزى چوڭ تىپتىكى خوتۇن

كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا توي قىلغان 90 ئەر-ئايالنىڭ ئاز دېگەندە 65 ياش ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى، قايسى خىل سەۋەبتىن بولمىسۇن ئىشقىلىپ، يا جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى توي قىلمىغانلارنىڭ ئاران60 - 70 بىنىڭ 65ياش ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، توي قىلغانلارنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمەن توي قىلمىغانلارنىڭكىدىن ياخشى بولىدىكەن. دوكتور ۋېتىر ئامېرىكىدا ياشانغانلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، توي قىلغانلارنىڭ بايلىقىنىڭ توي قىلمىغانلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان...

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا دېگەنلىرىم ھەرقانداق ئىشتا پەقەت ماددىي، ئەمەلىي ئۈنۈمنىلا كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن ماھىيەتتە نىكاھنىڭ پايدىسى بۇلا ئەمەس. نىكاھ ئىنسانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، تۇرمۇشنى رەتلىك، بەختلىك قىلىدۇ، جەمئىيەتنى تىنچ قىلىدۇ، ئادەمنى ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلايدۇ، پەرزەنتلەرگە ياخشى تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئىنسانلارنىڭ تۈپ، مۇقەددەس تۇرمۇش قانۇنىيىتى. كىمىكى بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، چوقۇمكى چەكسىز زىيان تارتىدۇ.

ئەمدى بىز ئۆزىمىز، يەنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۈستىدە سۆزلەيلى:

مەلۇمكى، بىز ئۇيغۇرلار ئائىلە ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك مىللەت. مېنىڭچە، بۇ ھەقتە ئارتۇق بايان ھاجەتسىز. جەمئىيىتىمىزمۇ ئائىلە ئۇلى تەۋرەپ، يىمىرىلىۋاتقان، ئائىلە قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلگەن جەمئىيەت ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە مەسىلە-نۇقسان يوق، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەقلى بار كىشىلىرىمىز جەمئىيىتىمىزنىڭ كرىزىس قاپلىغان بىر جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما، نۇرغۇنلىرىمىز يەنىلا بۇ كرىزىسنىڭ

چىقارغان ياخشى، دەپ قارايدىكەن... ھەم ئۇلار بۇ ھېچكىمگە دەخلى قىلمىغاندىكىن، باشقىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋېلىش ئاساسى يوق، دەپ قارايدىكەن.

مەن بۇنى قىسمەن ئۈزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلدىم. بەزى جايلىرىنى يېزىشقا ھەقىقەتەن يۈزۈم چىدىمىدى. مېنىڭ بۇ خەۋەر ھەققىدە ھېچنېمە دېگۈم يوق، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەقلىگە ئىشىنىمەن. ھەراست، يەنە ئاڭلىسام يېقىندا ئاۋستراليىدە بىر پاھىشىخانا پاي چېكىنى بازارغا سېلىپ كۆپ پۇل تېپىپتىمىش(بۇ ئەھۋال بۇ پاھىشىخانىنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ).

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى دەۋردە ئائىلىنىڭ ئورنى، نوپۇزى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن بەك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. نىكاھنىڭ ھەقىقەتەن رولى، قىممىتى يوقمۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىچە، توي قىلغانلارنىڭ سالامەتلىكى، بويتاقلار ياكى ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭكىدىن كۆپ ساغلام بولىدىكەن، كېسەل بولۇپ قالسىمۇ جورىسى يوق كىشىلەردىن تېز ساقىيىدىكەن. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تاشقى كېسەل دوختۇرى بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېرىشكەن خۇلاسىسى مۇنداق بولغان: توي قىلغان ئادەم توي قىلمىغان،ئايرىلىپ ئولتۇرۇشقان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئادەملەرگە قارىغاندا ھەرخىل كېسەللەرگە تېخىمۇ ئاسان تاقابىل تۇرالايدىكەن. لوس ئانژېلىستىكى بىئولوگىيە دوكتورى روبېرت كوھىس 130 تۈردىكى رەسمىي نەشر قىلىنغان تەجرىبە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، نىكاھنىڭ شەخسنىڭ بەختىگە بولغان تەسىرىنى ئۆلچىگەن. بۇ تەتقىقاتلار ئۆتكەن 60 يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نەتىجىسى بىردەك توي قىلغانلارنىڭ توي قىلمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى

قىلىشىدىكى ئەڭ توپ ئامىل. ئۇلار ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنىڭلا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى شېرىن چاغلاردا پۈتۈنلەي چالا مەست ھالەتتە ئۆتۈشىدۇ، ئائىلىنىڭ بىر ئادەمدىن زادى نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلار ئاساسەن ئويلانمايدۇ. نەتىجىدە تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان رېئال مەسىلىلەرگە ئاقىلانە، سوغۇق قان مۇئامىلە قىلالماي، تۇرمۇشتىن تېزلا زېرىكىپ، بىردەمدىلا ئۇ ياخشى كۆرۈشلىرى توزغاقتەك توزۇيدۇ.

ئىگىلىشىمچە، نۇرغۇن ياخشى كۆرۈشۈپ، سىنىشىپ، ۋەدە-قەسەم ئىچىشىپ توي قىلغانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇلار باشتا ئويلىغاندەك كۆڭۈللۈك بولمىغان، نۇرغۇنلىرى ئاجرىشىپ كەتكەن، يەنە نۇرغۇنلىرى ئائىلىنى ۋەيران قىلماسلىق، بالىنى يېتىم قىلماسلىق ئۈچۈنلا ئاجرىشىپ كەتمىگەن.

دېمەك، ئۇلار ئائىلىنى بىر مۇقەددەس، بۈيۈك نەرسە، ئۇ بىزدىن مۇنۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىكەن، بىز مۇنۇلارنى ئۆزىمىزدە ھازىرلىشىمىز كېرەك ئىكەن، دېگەنلەر ئۈستىدە ئويلىمىغاچقا، كاللىسىدا پەقەت توي قىلىشلا، ۋىسالغا يېتىشلا بار، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئىدىيىسىدە بولسىمۇ تەييارلىق يوق. مەن چىۋىنىنىڭ كۆڭلىنىڭ پوققا، مۇشۇكنىڭ كۆڭلىنىڭ بەزگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا، خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك، ئادەم توي قىلغىلى قوپقاندا، كۆزىگە ئىشتان كىيىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن مىساللار ماڭا بۇنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. ئىسىت، شۇنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، قەيرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىم؟ شۇ چاغدا نېمە پوق يېگەن بولغىيتتىم؟... دەيدىغان گەپلەر سىز ۋە مەن تولا ئاڭلىغان گەپلەر. يىگىت، قىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۈزۈكرەك بىرەر تۇرمۇش نىشانى، غايىسى يوق، كاللىسىدا مەن كەلگۈسىدە

زېمىننى، بىزگە كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيمىز، شۇنىڭ بىلەن كرىزىسلىرىمىز يەنىلا دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى ئائىلە كرىزىسى دەل مۇشۇنداق نۇرغۇن كىشىلىرىمىز دىققەت قىلمىغان بىر كرىزىس. بىزدىكى بۇ ئائىلە كرىزىسى ئەلۋەتتە غەرب جەمئىيىتىدىكىدەك ئېغىر، ئەجەللىك ئەمەس، ئەمما بۇ كرىزىس ھازىر بىز بىلىپ - بىلمەي، داۋالىمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى.

بۇ يەردە ئاساسلىق سۆزلەيدىغىنىمىز ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئىناقسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە ئەخلاقى مەسىلىلىرى. ئۇيغۇرلاردىكى ئائىلە مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي بىر ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، ستاتىستىكىلاش مۇمكىن بولماي قالدى. ئەگەر شۇنداق قىلالىغان بولساق، چىقىرىدىغان يەكۈن، ھۆكۈملىرىمىز بەك توغرا، ئىشەنچلىك بولاتتى. مەن بۇيەردە پەقەت ئەتراپىمدىكى ئائىلىلەرنى كۆزىتىشتىن چىقارغان خۇلاسە، ئويلىرىمنى بايان قىلىمەن.

1. ئائىلە چۈشەنچىسى تولىمۇ تۆۋەن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزى ياشاۋاتقان ئائىلىنىڭ رولى، قىممىتى ھەققىدە مۇپەسسەلرەك بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. ياشلىرىمىز پەقەتلا ئەمدى بالاغەتكە يېتىپ قاپتىمىز، بۇنداق ئۆتنۈۋەرسەك بولماس، ھامىنى توي قىلىدىغان گەپ، دەپلا توي قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن دېگۈدەك بىئولوگىيىلىك تەقەززانىڭ تۈرتكىسىدە بولغان بولۇپ، ئائىلىنىڭ قىممىتى، جورىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا تۇتىدىغان ئورنى، ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە ئويلانمايدۇ. بۇخىل توي قىلىشتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن بىرەر ئالىيجاناب مەقسىتى بولمايدۇ، توي قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلىدۇ. بۇخىل ھادىسە ھازىر ياشلىرىمىزدا بەكرەك ئېغىر بولۇپ، ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن توي

بولۇشى، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، قايغۇرۇشقا، ئاچچىقلىنىشقا ئەرزىيدىغان ـ ئەرزىمەيدىغان ئىشلارنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. تۇرمۇش ئادەمدىن ئېغىر ـ بېسىقلىق سالماقلىقنى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىنىڭ تولىمۇ نۇقسانسىز، بىغۇبار، پەرىشتىدەك كەمچىلىكتىن خالىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىر ـ بىرىگە مەلۇم ئۆلچەملەرنى قويىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما چوقۇم بۇنداق بولۇشى ناتايىن ـ دە. شۇڭا، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە ئادەمگە قارايدىغان كۆزدە قارىشى، قارشى تەرەپنىڭ بىرەر كەمچىلىكىنى بايقاپ قالغۇدەك بولسا، ئاھ ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ كەتمەسلىكى، ئۇنىڭ شۇخىل كەمچىلىكىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بىر- بىرىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان ئەر ـ خوتۇن مەڭگۈ چىقىشالمايدۇ ھەم چىقىشالايدىغان باشقا جورىنىمۇ مەڭگۈ تاپالمايدۇ. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئائىلىسىدىنمۇ، خىزمەت، جەمئىيەتتىن، دوستلىرىدىنمۇ قاقشاپ، ھاياتتىكى خۇشاللىق،بەختتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋاقتى، زېھنى، تۇرمۇشى ئائىلە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ بولۇپ كېتىپ، ھېچبىر ئىشنى باشقا ئاچچىقالمايدۇ.

يەنە بىرى، ئادەملىرىمىز تولىمۇ ھېسسىياتچان، ھاماقەت بولغاچقا، كىچىككىنە ئەرزىمەس، تۇتۇرۇقسىز ئىشلارمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا خاپىلىق، بەختسىزلىك ئەكېلەلەيدۇ، ئۇلارنى ئائىلىسىنى ۋەيران، بالىلىرىنى يېتىم قىلىشقا ئاپىرالايدۇ. ئارىمىزدا يېشى 30-40 قا كىرگەن بىلەن تۇرمۇشتا بالىلارچە ياشاشتىن قۇتۇلالمىغان بىچارە دەردمەنلەر بەك كۆپ. ئەر ـ ئاياللىرىمىزدا ئائىلىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىش خاھىشى كۈچلۈك، ئۆزى جورىسىدىن تەلەپ قىلىدىغىنى نۇرغۇن، ئەمما جورىسىغا بېرىدىغىنى بەك ئاز. جورىسى ھەققىدە

مۇنداقراق يولدا ماڭىمەن، مۇنداق مەۋقەدە ياشايمەن دېگەن ئىدىيە، خىيال بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىغا، جورىسىغا قويغان ئۆلچەم، تەلىپىنىڭمۇ ناھايىتى تايىنى يوق، ھەتتا ئۇنداق تەلەپ، ئۆلچەملەرنى ئويلاپمۇ يۈرمەيدۇ. ئادەم قانداق ياشاشنى ئويلىسا، شۇنىڭغا لايىق جورا تاللايدۇ.

2. ئۆز ئارا قانداق چىقىشىپ ياشاشنى، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئۇتۇشنى بىلمەيدۇ. كىشىلىك ھاياتىدىكى دەرد - ئەلەم، قايغۇنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاشنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق ھۆددە قىلالايمەنكى، ھازىرقى ئون ئائىلىدىن ئاز دېگەندىمۇ يەتتىسىدە ئەر-خوتۇن بىر - بىرىدىن رازى ئەمەس. تۇرمۇشىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم پاراڭلار دەل ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىدىن قاقشاش، رەنجىشلىرىدىن تەركىب تاپقان. ھەتتا ئادەم بەزىدە جاھاندا ئېرىدىن رازى ئايال، ئايالىدىن رازى ئەر يوقتەك ھېسسىياتقا كەپقالىدۇ. گەرچە نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىمۇ، ئەمما بۇ ياخشى كۆرۈشنى قانداق تەرزدە مۇۋاپىق ئىپادىلەشنى ئۇقمايدۇ، بىر - بىرىدىن ماڭا كۆڭلى يوق، دەپ ئاغرىنىشىدۇ. ھەرقانداق ئادەم مەيلى ئائىلىدە، مەيلى خىزمەت، جەمئىيەتتە بولمىسۇن، ئىشقىلىپ ئادەم بىلەنلا ئارىلىشىپ ياشايدىكەن، ئازارلىق، كۆڭۈل ئاغرىقى، رەنجىش، باتناشلاردىن مۇقەررەر ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىدىيىسىدە ھەر زامان تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز ھەرقانچە ئېھتىيات قىلساقمۇ، ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. ھايۋانلار جەمئىيىتىدىن بىر ھايۋاننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان يەنە بىر ھايۋاننى تېپىش مۇمكىن، ئەمما ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن بىر ئادەمنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان يەنە بىر ئادەمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەتتە ياشايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى كەڭ قورساق

ئائىلىدىكىلا ئەمەس، جاھاندىكى خاپىلىقلار دەل كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى، سالاھىيىتىنى توغرا تونۇيالمىغانلىقى، توغرا دەڭسىيەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

4. مۇھەببەت ئاساسى ئاجىز، ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە قىلچە مۇھەببەت يوق. مۇھەببەت ئائىلە ئەزالىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ تۇرىدىغان يېلىم. گەرچە مۇھەببەت ئائىلىلەردىكى بەخت - خۇشاللىقنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىردىنبىر كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە دەپ قاراشقا مېنىڭچە بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەم ئاجىز، ئۆز كۆڭلى، نەپسىنى كونترول قىلىشقا ئاجىز. بەلكىم ئادەم ئىلگىرى ياخشى كۆرگىنى بىلەن توي قىلىپ، بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سەۋەبسىزلا سوۋۇپ كېتىشى، باشقا بىرىگە مەيلى چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا مۇھەببەت دەپلا ئائىلىدىن ۋاز كېچىش، ئاجرىشىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىق ھەم ئالدىراقسانلىق. ئەمەلىيەتتىكى نۇرغۇن مىساللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۇنداق قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا بىرمەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ سوۋۇيدۇ. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەرجايغا باشلايدۇ، سەمەرقەند ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ، دېگەن گەپ دەل ئەنە شۇ.شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قايناق ھېسسىيات كەينىدىكى دەل بىر قوچاق پۇشايمان.

5. تۇرمۇش مەزمۇنى ئىنتايىن قۇرۇق، مول ئەمەس. ئەتىگىنى ئىشقا بارىدۇ، چۈشتە تاماققا كېلىپ تاماق يەيدۇ، يەنە كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېلىدۇ، تاماق يەيدۇ، تېلېۋىزور كۆرىدۇ، ئۇخلايدۇ، بىر كۈن شۇنداق ئۆتىدۇ. مەخسۇس ئائىلە پائالىيىتى، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەنىلىك ئىشلار ئاساسەن يوق. ئائىلىدە ئەر - ئايال ئارىسىدا ئىلمىي پاراڭلار دېگۈدەك مەۋجۇت ئەمەس. ئائىلىدە قىلچە ئىلمىي پۇراق يوق، ھەر ئىككىيلەن قىزىقىپ

ئۆزىدىن كېچىپ تۇرۇپ ئويلانمايدۇ. كۆڭۈللۈك نىكاھنىڭ بىر مۇھىم شەرتى شۇكى، ئىككى تەرەپ چوقۇم بىر - بىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، بىر - بىرى ئۈچۈن ئويلاشنى بىلىشى كېرەك. مۇھەببەت قۇربان بېرىش دېمەكتۇر. بىرى - بىرى ئۈچۈن لايىقىدا قۇربان بېرەلمىگەن ئەر - خوتۇنلار ھەرگىز بەختلىك بولالمايدۇ. چۈنكى، كېچىش ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. دېمەك، چىقىشىپ كۆڭۈللۈك ياشايدىغان ئائىلىلەر بەك ئاز بولغاچقا، ھازىر ئەر - ئاياللاردا تالاغا قارايدىغان ئىشلار خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالماقتا. ھەم يەنە بىر پاكىت شۇكى، ھازىر ئادەملىرىمىزدە ھەقىقىي ۋىجدان، ساداقەت دېگەنلەر بارغانسېرى ئۆلۈۋاتىدۇ. ھازىر بىر - بىرىگە چىن دىلىدىن سادىق ئەر - خوتۇنلارمۇ كۆپ ئەمەس. كىشىلەردە تالاغا قاراش تولىمۇ ئاسان يۈز بېرىۋاتىدۇ. دېمەك، توي قىلماق ئوڭاي، ئەمما تويدىن كېيىن كۆڭۈللۈك ياشىماق تەس. ئەر - ئايال ھەر ئىككى تەرەپ قانداق چىقىشىشنى چوقۇم بىلىۋېلىشى كېرەك.

3.مەجبۇرىيەت ئېڭى ئاجىز، ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك، خوتۇنلۇق سالاھىيىتى، ئائىلىدىكى ئورنى، رولىغا بولغان چۈشەنچىسى بەك تۆۋەن. نۇرغۇن ئەرلەر نومۇس قىلماستىن، ئۆزى قىلىدىغان ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى خوتۇنىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ، نۇرغۇن ئاياللارمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن ئېرى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەر بولغۇسى كەپقالىدۇ، ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىدىن پەقەت رازى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەر ھوقۇق تالىشىش كۆرىشىگە تولغان.

ئەر - ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىدىن چىن كۆڭلىدىن رازى بولغىنىدا، ئاندىن بۇ ئائىلىدە بەخت - خۇشاللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ھوقۇق تالىشىشقا تولغان ئائىلە ھالاكەت گىردابىدىكى ھاكىمىيەتتەك بوپقالىدۇ، چۈنكى ھاكىمىيەت ھالاك بولاي دېگەندە ئاندىن ھوقۇق تالىشىش يۈز بېرىدۇ.

بەربىر. بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، بالىلىرىمىزغىمۇ شۇنداق تەلەپ قويىمىز. بىزنىڭ ياخشى ئادەملىك ئۆلچىمىمىز بەكلا ئاددىي. بالىلىرىمىز ئوغرى، يالغانچى، ھاراقكەش، لۈكچەك بوپقالمىسا، بىزنىڭ گېپىمىزنى «لەببەي» دەپ ئاڭلىسا، ياخشى، ۋاپادار بالا، ئەر ئايالغا يۈزسىزلىك قىلمىسىلا، ئايال ئېرىگە ئاسىيلىق قىلمىسىلا ياخشى ئايال ھېسابلىنىدۇ. بىز بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى، غايىلىك بولۇشى دېگەنلەرنى ئۇنىڭ ياخشى ئادەملىك خىسلەتلىرىگە كىرگۈزمىگەن.

ھەممىمىز ئائىلىنى مەركەز، مەقسەت قىلىپ ياشىغاچقا، ئەل-خەلقنىڭ ھالى نېچۈك، مېنىڭ بۇ ھەقتە قانداق مەجبۇرىيىتىم بار، دېگەنلەر ھەققىدە قىلچە ئويلانمايمىز. ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلىرىنى بۇ ھەقتە توسىسا توسايدۇكى، ھەرگىز ئۇلارغا تەربىيە، ئىلھام بەرمەيدۇ. ئۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، ئۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم بار، ئىشىڭنى قىل، سىڭگەن نېنىڭنى يە، ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ، تۆگە كۆردۈڭمۇ، ياق دەپ تەربىيە بېرىدۇ. بالىلىرىنى ئۆزىنى، ئائىلىلىرىنىلا ئويلايدىغان ئادەم قىلىپ چىقىدۇ. بىز ھازىر ياخشى ئادەمنىڭ ئازلىقىدىن، ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەمنى ياخشى ئادەم، دەپ ئاتايمىز. بىزدە ئائىلىدە ياخشى ئاتا، ياخشى ئەر، ئەمما خەلق، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇناپىق، ناكەس كىشىلەر كۆپ.

يەنە بىر تەرەپتىن بىز ھەددىدىن زىيادە ھالدا ئائىلىنى مەركەز قىلىپ، مۇقىم ياشىغاچقا، بىزدە ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا، ۋەزىيەت ھەققىدە ھېچقانچە چۈشەنچە يوق. ئۇزاققىچە مۇقىم ياشاش نادانلىق، قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر ئادەم ئۈچۈن ساياھەت قىلىش، باشقا يۇرت-ئەل ئارىلاش، نەزەر كۆزىنى ئېچىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. تارىخىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى، ئەخمەتجان قاسىمى، تەجەللى، ئابدۇقادىر

ئورتاقلاشقۇدەك بىرەر رىقابەت يوق. مانا بۇمۇ ئادەمنى ئائىلىدىن بەزدۈرىدىغان مۇھىم بىر ئامىل.

مېنىڭ نۇرغۇن دوستلۇرۇم: تولا چاغلاردا مەن ئايالىم بىلەن تۇرمۇش ئىشىدىن باشقا ئىشتا پاراڭلىشالمايمەن، ئىچىم سىقىلىپ كېتىدۇ، دەيدۇ. بەلكىم شۇ دوستلىرىمۇ ئايالىم نېمىگە قىزىقىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپمۇ باقماسلىقى مۇمكىن. مەسىلە شۇيەردىكى، سىز جورىڭىزغا قانچىلىك قىلسىڭىز، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىككە ئېرىشەلەيسىز. بەلكىم سىز ئائىلىڭىزدە جورىڭىز قىزىقىدىغان ئىشقا قىزىقماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىز شۇ جورىڭىز قىزىقىدىغان ئىش ھەققىدە مەن ئۇنىڭغا قىزىقمىسام دەپ ئولتۇرماي، ئاز ـ تولا بىر نەرسە بىلىپ قويسىڭىز، پاراڭلاشقاندا جورىڭىزنى خۇش قىلالايسىز. ئائىلىدە ئۆزىنىڭلا خۇشاللىقىنى ئويلايدىغانلارنىڭ ئائىلىسى ھەرگىزمۇ بەختلىك ئائىلە بولالمايدۇ. جورىسىنىڭ خۇشاللىقىدىن تەڭ خۇشال بولالماسلىق دەل بەختسىزلىكنىڭ ئۆزى.

6. ئەسكەرتىش ئورنىدا شۇنى دېمەكچىمەنكى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۇچۇن ئائىلە ھەممە دېمەكتۇر. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئائىلە ئىشىدىن باشقا كۆڭۈل بۆلگۈدەك، قايغۇرغۇدەك ئىشى يوق، بۇمۇ بىر كرىزىس. ئەلۋەتتە، مەن باشتا ئېيتقىنىمدەك، بىزنىڭ ئائىلە قارىشىمىز كۈچلۈك، ئائىلىنى مەركەز قىلىپ ياشايمىز. مېنىڭ بۇنى كرىزىس دېيىشىم ئائىلىنى تاشلاڭ، ۋاز كېچىڭ، دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت ئائىلىنىڭلا قۇلى بوپقالماڭ، جاھاندا ئائىلە، ئۆي ئىشىدىن باشقىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم ئىش بار، دېمەكچى.

بىز بارلىق ئەس ـ يادىمىز، مېڭىمىزنى پەقەت ئائىلىگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئائىلىنىلا ئەڭ بۈيۈك مەقسەت قىلىپ ياشايمىز. ئائىلىمىز دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمىسىلا، باشقا ھەرقانداق ئىش بىزگە

ئىلگىرى كاللىسىدا ھېچقانداق ئەمەلىي تەييارلىق بولمىغاچقا، يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش ئۇنى تەمتىرىتىدۇ، ئامالسىز قالدۇرىدۇ. ئەگەر تويدىن بۇرۇن ئاز - تولا تەربىيە كۆرسە، ئاز - تولا كۆڭلىدە سان بولۇپ، ئىدىيىسىدە تەييارلىق قىلىۋېلىپ، نۇرغۇن خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى مۇمكىن.

بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر زادى تىلغا ئالمىساق بولمايدىغان مەسىلە شۇكى، ئاتا - ئانا، دوست - بۇرادەرلەر(بولۇپمۇ ئاتا - ئانا)نىڭ تويدىن بۇرۇن ياشلارغا بېرىدىغان پاراڭسىمان تەربىيىسى ناھايىتى ناچار. مەن كۆزىتىش ئارقىلىق شۇ خىل يەكۈنگە كەلدىمكى، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاتا - ئانا بالىلىرىغا تەربىيە قىلغاندا، پەقەت ئۆزىنىڭ بالىسىنىلا مەركەز قىلىپ سۆزلەيدۇ، پەرزەنتىنىڭ بولغۇسى جورىسى ھەققىدە باش قاتۇرۇلمايدۇ، پەقەت بالىسىغىلا ياخشى بولۇشنى ئويلايدۇ. ھەتتا نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە جورىسى بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاش، خۇشاللىق، بەختنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە نەسىھەت قىلماستىن، بەلكى جورىلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، قانداق ئەپلەش - جايلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن چارە - تەدبىرلەرنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ بىر - بىرىگە شۇنداق چارە - تەدبىرلەر بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت شاھمات ئويۇنى ياكى جەڭ ئەمەس. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھىيلە - مىكىر، تەدبىر ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ پەقەت ئەر - ئاياللار ئارىسىدا سەمىمىيلىك، راستچىللىق يوقىغاندا ئاندىن يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت سەمىمىيلىك ئاساسىغا قۇرۇلمىسا، ئۇ ھالدا بۇ ئائىلىدە بەختتىن سۆز ئېچىش تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

داموللام... ئىشقىلىپ دېگۈدەك ھەممە زاتلىرىمىز يۇرت كۆرگەن، سايامەت قىلغان. بىزدە كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار، دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا،پاقا پەقەت ئەتراپىدىكى كۆل، زېمىدان ھەققىدىلا چۈشەنچىگە ئىگە، بۈركۈت تاغ كەينىدىكى ئورمانلىق،يىراق جاڭگاللىق، چۆللۈكلەر ھەققىدىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان ئادەملەر تەۋەككۈل قىلالمايدىغان، قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئۇلار خاتىرجەم، مۇقىم تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، باشقا ماكان، باشقا زېمىندىن ئۆزىگە ھاياتلىق بوشلۇقى، پۇرسەت ئىزدەشكە پېتىنالمايدۇ،يۇرتىدىن ئايرىلىشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. دەريا سۈيى سۈزۈك، چۈنكى ئۇ ئاقىدۇ، كۆل سۈيى سېسىق، چۈنكى ئۇ تۇرغۇن. نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەردە ئۇلۇغۋار غايە بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەم كۆرگەن - بىلگىنىگە چۈشلۈق ئويلىيالايدۇ، پىكىر قىلالايدۇ. بىزدە ئائىلىسى ئۇلارنىڭ ئىستىھكامى ئەمەس، قەبرىسى بوپقالغانلار بەك كۆپ.

دېمەك، ئادەم ئۇچۇن بىرلا ئائىلە ئەمەس، بەلكى شۇ ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ چوڭ بىر ئائىلە بار. ھەقىقىي ئىنساني پەزىلەت، ئادىمىي خىسلەتكە ئىگە كىشىلەر ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمايدۇ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئائىلەم، دەپ بىلىدۇ.

7.بالاغەتكە يەتكەن قىز - يىگىتلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان نىكاھ تەربىيىسى تولىمۇ يېتەرسىز ھەم ناچار. ئەلۋەتتە، مەكتەپلەردە، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ دادا، ئانا بولىدىغان ياشلارغا قىلچە بۇ ھەقتە تەربىيە ئېلىپ بېرىلمايدۇ. بۇ ھەقتە يا ئاتا-ئانىنىڭ، يا مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈزۈك تەربىيىسى بولمىغاچقا، نۇرغۇن ياشلار توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۇشايمان قىلىشىدۇ. تۇرمۇشتىكى ھەرخىل مەسىلىلەر ھەققىدە

تاللاش مەسىلىسىنىڭ ئاچقۇچى. دۇنيادا ئۆزىنى ئاتىغۇدەك، پىدا قىلغۇدەك نەرسىسى يوق كىشىلەر ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر. بۇنداق ھاياتتا مەنە بولمايدۇ، مەنە يوق ھاياتتا بولسا خۇشاللىق، بەخت تېخىمۇ بولمايدۇ. نىشانى يوق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا قويىدىغان بەلگىلىك بىر ئۆلچىمى، تەلىپى بولمايدۇ، ھەتتا تۇرمۇشتا قانداقراق ئادەم بىلەن بىللە ياشىسا بەختلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىيالمايدۇ، ھەممە ئۇلارغا نىسبەتەن بەربىر. ھايات گويا بىر سەپەر، ئەر - خوتۇنلار بىر ئاپتوبۇسقا چۈشكەن يولۇچىلاردۇر. ناۋادا ئىككىسىنىڭ مەنزىلى ئوخشىمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرى يېرىم يولدىلا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئورتاق ئېتىقاد، ئورتاق غايە ئاساسىدىكى ئائىلە ئاندىن مۇستەھكەم بولىدۇ، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن مۇھەببەتمۇ ھەقىقىي، مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ھەممىمىز شۇنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەككى، رېئاللىق بەربىر رېئاللىق، ئۇنىڭدىن قاقشاۋېرىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئەمەس. بىز تۇرمۇشتا ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان بەزى ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ، يەنە باشقا بىر ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان، ئەمما ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. توي قىلىپ ئىلگىرىكى نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى يوقىتىمىز، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىمىز. بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ھاياتلىقتىكى توپ قانۇنىيەت. يوقىتىپ ئېرىشىمىز، ئېرىشىپ يوقىتىمىز. پەقەت ئېرىشمەكچى بولغىنىمىز بىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، يوقاتقانلىرىمىز ھەققىدە قەدرى ئۆتۈلمىسىلا قايغۇرمايمىز. ۋەھالەنكى، ھامىنى قەدرى ئۆتۈلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭدىن دەرھال پۇشايمان قىلىپ، قايغۇرۇپ ئىسىت، دېيىش تولىمۇ ھاماقەتلىك. ئادەمدە مانا مۇشۇنداق مۇقەررەر ھادىسىلەرگە ئىدىيىسىدە تەييارلىق بولۇشى، يۈز بېرىپ قالغاندا ئاھ

## تۇگەنچە

بىز ئائىلىدىن كەلگەن، ئائىلىگە قايتىمىز. بىز ئائىلىسىز ياشىيالمايمىز، ئائىلىسىز بىز ئۆز خۇشاللىقىمىز، بەختىمىزنى يارىتالمايمىز. بىزنىڭ يىغىمىزمۇ، كۈلكىمىزمۇ ئائىلىدىن كېلىدۇ. ئائىلە بىزنىڭ بارلىقىمىز ئەمەس، بىز ئائىلىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر ئائىلىمىزنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئوخشاشلا شۇ ئائىلىنىڭ پەرزەنتى، خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئائىلىمىزدىن ھالقىغان مەسىلىلەرگىمۇ جاسارەت بىلەن يۈزلىنەلىشىمىز كېرەك. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تەس، ئەمما ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغان ئىشنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭدىنمۇ تەس. كېيىنكى ھاياتىمىزغا قانداق ئادەمنى تاللىشىمىز، قانداق كىشى بىلەن توي قىلىشىمىز بىزنىڭ يېرىم ئۆمرىمىزنىڭ، ئەمما ئەڭ مۇھىم ئۆمرىمىزنىڭ غەلىبىلىك ياكى مەغلۇبىيەتلىك ئۆتۈشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە دەل نېمىگە ئاساسەن نېمىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، قانداق كىشىنى تاللاش مەسىلىسىدۇر. نۇرغۇنلىرىمىز دەل مۇشۇ ئىشتا قەدەمنى خاتا باسىمىز ـ دە، ئۆزىمىزنى مەڭگۈلۈك نادامەتتە قالدۇرىمىز. ئالايلۇق، بىزنىڭ نۇرغۇن ياشلىرىمىز نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاشمايلا، سىنىپتا ئەلاچى ئوقۇغان، ھەمىشە ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالىدىغانلارنى تاللايدۇ ھەم دەرس بىلىشنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلىدۇ. ئەمما، تۇرمۇش ئۆلارنىڭ بۇ ئەلاچىلىقى بىلەن كارى يوق. تۇرمۇش ئادەمدىن دىت ـ پاراسەت، ياخشى مىجەز ـ خاراكتېر تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، سىنىپ، مەكتەپ ئائىلە ئەمەس، سىز ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچى تاللاۋاتمايسىز، بەلكى جورا، يەنى خوتۇن، ئەر تاللاۋاتىسىز.

دېمەك، كىمنى تاللاش، نېمىنى كۆزلەپ، نېمىگە ئاساسلىنىپ

ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىدىن ۋاز كېچىش. ھەممىمىز بەختتە، خۇشاللىققا موھتاج. ۋەھالەنكى، بەخت بولسا ھەممىمىزنىڭ سېخىيلىق بىلەن قۇربان بېرىشى، بەدەل تۆلىشىگە موھتاج.

ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ كەتمەسلىكى كېرەك. سەۋر قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختتىن لەززەتلىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ. كىشى پەقەت ھازىر ئۆزى يۈزلىنىۋاتقان رېئاللىققا لايىق يول تېپىشنى ئويلىسا، شۇنىڭغا ھەقىقىي يۈزلىنىپ ياشىسىلا، يەنە يېڭى خۇشاللىق، يېڭى لەززەت تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، يوقىتىش ئازابلىرى يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. بىز كۆلكە بىلەن يىغىمىزنى يۇيۇشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. سىز ئۆزگىرىشچان رېئاللىققا ئۆزگەرمەس كۆز بىلەن قارىماڭ. ئۆزگىرىشچان رېئاللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق تاقابىل تۇرۇش دەل ئادەمدىكى ياشاش ئىقتىدارى مەسىلىسىدۇر. ئەپسۇسكى، بىزدە بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەر بەك ئاز. تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش تويدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. توي قىلغان ئادەم مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قايتا تۇغۇلغان ئادەم بولىدۇ. ئۇ ئۆز قىممىتىنى قايتا يارىتىدۇ، مەسئۇلىيىتىنى قايتا ئويلايدۇ، شەيئىلەرگە ئەمدى باشقىچە نەزەردە قارايدۇ، باشقىچە يولدا پىكىر قىلىدۇ.

ياشلىرىمىزنىڭ يەنە شۇنى سەمىگە سېلىش زۆرۈركى، تۇرمۇش ھىندىستاننىڭ كىنولىرى ئەمەس، تۇرمۇشتا ھەرگىزمۇ يېشىل ئوتلاقلاردا، تاغ ـ داللاردا قىيغىتىپ سەكرەپ يۈرىدىغان ئىش يوق. تۇرمۇش ئۇلار ئېيتقان ناخشىلاردەك ئۇنداق گارمونىك، مۇڭلۇق بولمايدۇ. خىيالىڭىزدىكى قەھرىمان يىگىت، ۋاپادار قىزلار ئەمەلىيەتتە يوق. مۇھەببەت قانچە دەبدەبىلىك، ۋەدە-قەسەملىك بولغانسېرى شۇنچە يالغانلىشىپ بارىدۇ. تولا مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان شېرىن سۆز يىگىتلەر دەل ئالدامچىلاردۇر. سىزگە بىردەمدىلا بارلىقىنى، بەختىنى تاپشۇرغان رەنالارمۇ تولىمۇ ھاماقەت، دۆت قىزلاردۇر، بۇنداقلار مەڭگۈلۈك جورا بولۇشقا ھەرگىز يارىمايدۇ. ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئۆزۈڭلارنى بىھۇدە ئازابلاپ قويىسىلەر. ئازاب دەل ئارزۇلىغىنىنغا ئېرىشەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى تولىمۇ

دەپ ئاتايمىز. ماھىيەتتە بىز تەقدىر دەپ ئاتىغان ئىشلار بىزگە دۇچ كېلىپ بولغان، بىزدە يۈز بېرىپ بولغان ئۆزگىرىش ـ مەسىلىلەردۇر. بىز تولا تىلغا ئالىدىغان تەقدىر دېگەن بۇ ئۇقۇمدا كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز ياكى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىمىز بىزنىڭ بولغۇسى ھالىتىمىز. ئەمما، بۇ ئۇقۇمنىڭ بىزنىڭ خاھىشىمىزغا قارىماي ئىپادىلەۋېرىدىغان ئەمەلىي مەنىسى بىزنىڭ بولۇپ بولغان ھالىتىمىز، يەنى بىزنىڭ نەق رېئاللىقىمىزدۇر. شۇڭلاشقا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ تەقدىر دېگىنى ھازىرقى نەق رېئاللىقنىڭ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى داۋامىدۇر ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇرلاشقان ئىستىقبالدۇر. گەرچە بۇ بىر خىيالىي ئۇقۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مېڭىمىزدە مەۋجۇت بولغانلىقتىن، يەنىلا تەپەككۇرىمىزغا، دۇنيانى بىلىشىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئۇنىڭغا بىر نام قويۇپ، ئۇنى تەپەككۇر ئېقىنىمىزنىڭ بىرەر تامچىسى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنى شەرھلەشكە موھتاج. شۇ سەۋەبتىنمۇ تەقدىر دېگەن بۇ سۇبيېكتىپ ئۇقۇم لۇغەت سوستاۋىدا مۇستەقىل بىر ئورۇن ئىگىلىگەن. مېنىڭچە، ئادەمنىڭ تەقدىر ئالدىدىكى بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئۇنى چۈشىنىش ياكى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ئەمەس، تەتقىق قىلىش تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ خىيالىي ئۇقۇمنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزى نەق دۇچ كەلگەن مەسىلە ھەققىدە پىكىر قىلىش،ئۇنى ھەل قىلىش، رېئاللىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇش. ئادەم دۇچ كەلگەن ئىشنىڭ ئاخىرى چىقسا(مەيلى پايدىلىق ياكى زىيانلىق نەتىجە بولسۇن)، شۇ تەقدىر ھېسابلىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، تەقدىر جەريان ئەمەس، نەتىجىدۇر. تەقدىر دېمەك بۈگۈن دېمەكتۇر. بۈگۈن ئۈچۈن تىرىشىش تەقدىر ئۈچۈن تىرىشىشتۇر.

ئادەم تەقدىر ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆپىنچە ھاللاردا پەقەت ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى تەرىپىدىنلا

# ئۇقۇم، رېئاللىق، تەقدىر

**ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە تولۇقلىما**

تەقدىر ھەققىدىكى مۇنازىرە، تالاش - تارتىشلار ئەزەلدىن بوپكەلگەن، ئەمما ھېچ ئايىغى چىقمىغان بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە نامەلۇم، ئېنىقسىز نەرسىلەر ئۈستىدىكى تالاش- تارتىشلىرى پۈتۈنلەي نەتىجىسىز بولىدۇ. كىشىلەر ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئۆز تەقدىرىمىز ئۆز ئىلكىمىزدە، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىمىز، ئۆزىمىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ تۆمۈرچىسى، دېگەندەك ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان شوئارلارنى توۋلاشقا ئامراق. ئەمما، بۇلار بۇنداق ياڭراق شوئارلارنى توۋلاشتىن ئاۋۋال، تەقدىر دېگەن زادى قانداق ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايدۇ. ئادەم زادى قانداق نەرسىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؟

مېنىڭچە، بىرى ئادەم ئۆزى بىلگەن نەرسىلەرنى، يەنە بىرى قۇربى يېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بىلمىگەن نەرسىنى قانداقمۇ ئۆزگەرتكىلى بولسۇن؟ دېمەك، تەقدىر پۈتۈنلەي كەلگۈسىگە مەنسۇپ بىر ئۇقۇم. بىز كەلگۈسىمىزنى پەرەز قىلالىساقمۇ بىلەلمەيمىز. ئەمما، بىز ھەمىشە ئۆزىمىزگە نامەلۇم بولغان نەرسىنى ئۆزگەرتىمەن دەيمىز. ئادەم مېنىڭچە، تەقدىرنى ئەمەس، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىمەن دېگىنى تۈزۈك. رېئاللىق نەق ئۇقۇم، ئەمما تەقدىر ھېسسىي ئۇقۇم. بىز ھەمىشە بېشىمىزغا ھەرخىل قىسمەتلەر، ئۆزگىرىشلەر كېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئۇنى تەقدىر

كۆچىنى نەزەردىن ساقىت قىلماقچى ئەمەس. مېنىڭ بۇيەردە كۆزدە تۇتقىنىم بىر ئۇمۇمىيۈزلۈك ئەھۋال، يەنى رېئاللىقتا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك ئىرادىسى بار كىشىلەر ناھايىتى ئاز، رېئاللىق تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان كىشىلەر بولسا ساماندەك تولا.

دوستۇم (ئادىل ئابدۇقادىر) «ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر» دېگەن ماقالىسىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىككىلەمچى ئەل خەلقلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ كۆچلۈك قوۋملەرنىڭ مۇتلەق تەسىرى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي نۇقتىلاردىن ئەمەس، بەلكى ئىلىم - ئۇقۇم نۇقتىسىدىن تەھلىل قىپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇ زامانىۋى قۇللۇقنىڭ يېڭىچە شەكلى. ئەمما، نەزىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق قاتلاملارغا تىكسەك، ئاجىز ئەللەردىكى بوخىل تەسلىمچىلىك ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ نامراتلىقى، سىياسىيسىنىڭ تۇراقسىزلىقى ياكى ھوقۇقسىزلىقى، مەرىپەت - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىكىدىن كەلگەن.

جاھاندا نامراتلارنىڭ باي بولۇشىنى، ئاجىزلارنىڭ كۆچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشى ئەقەللىي بىر ھادىسە. ئەمما، بوخىل ئارزۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆچىيىشى مۇقەررەر يوسۇندا مەنىۋى تەسلىمچىلىك، قۇللۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئارزۇ بايلارنى نامراتلارنىڭ ئۈلگىسىگە، نىشانىغا ئايلاندۇرىدۇ. نامراتلار نەزىرىدىكى بۇ ئۈلگە شۇنچىلىك مۇكەممەل، نۇقسانسىز بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ دوپپا كىيمەي يالاڭۋاش يۈرۈشى، گالستۇك تاقىشى ياكى پولۇنى قولىدا يېمەي قوشۇق - چوكىدا يېيىشىمۇ نامراتلار نەزىرىدە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى بوپقالىدۇ-دە، نامراتلار ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىدىن گۇمانلىنىدۇ، ھەممە نېمىسىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەم ھەرۋاقىت ۋاز كېچىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، قالاق، نامرات ھالىتىنىڭ تۈپ سەۋەبى، دەپ بىلىدۇ. مانا بۇ ئىچكى مەنىۋى شەرت ئۆزلۈكىدىن ھازىرلىنىپ قالغاچقا، ياتلارنىڭ مەيلى ئۇقۇم، نەزەرىيىلىرى ياكى تۇرمۇش

بەلگىلەنمەيدۇ، بۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار بەك كۆپ. دېمەك، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى تەسىر كۆرسىتىدىغان قايسى خىل ئامىلنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا باغلىق. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك دۇنيادا شەخسنىڭ تەقدىرى قارىماققا ئۆز ئىلكىدە، ئەمما بۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئارزۇ-غايىلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن. ھازىر بىز غايەت زور بىر ئىجتىمائىي ماشىنىنىڭ بىر ۋىنتىسى. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ ماشىنىدىكى ئورنىنى ئۆزىمىز بەلگىلىيەلمەيمىز، بەلكى ماشىنىنىڭ بىزگە بولغان تەلىپى بەلگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز پۈتۈنلەي ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتقا تەۋە. بىز ئۆزىمىز خالاپ-خالىماي مۇھىتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىمىز.

روشەنكى، ئادەمنىڭ رېئاللىقى مۇستەقىل پائالىيەتچانلىق بىلەن مۇھىتنىڭ بىرلەشمە تەسىرىنىڭ مەھسۇلى. ئەمما، كىشىلەر ئارىسىدا مۇھىتنىڭ تەسىرىگە يەم بولغۇچىلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇستەقىل پائالىيەتچانلىقى بىلەن مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدىغان، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان كىشىلەر بەك ئاز، ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەسلىمچىدۇر.

كىشىلەر ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسىدۇر، دەپ باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە ئىلھام - تەسەللى بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇيەردىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلە تۆمۈر سوقىدىغان بازغاننىڭ كىمگە ھەقىقىي تەۋەلىكى. بازغان ئۆزىڭىزنىڭ بولسا، سىز سوقۇپ چىقارغان تەقدىر ئۆزىڭىزنىڭ، ئەمما بازغان باشقىلاردىن ئارىيەتكە ئېلىنغان ياكى باشقىلار سىزگە بەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا سىزنىڭ تەقدىرىڭىز باشقىلارنىڭ تەجرىبە ئېتىزى ۋە ياكى سەندىلى بوپقالىدۇ. تېخىمۇ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئۇلار بۇ تەجرىبىنى سىزنىڭ قولىڭىز ئارقىلىق ئىشلەيدۇ، ئەمما سىز بۇنىڭدىن بىخەۋەر.

ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە ئىرادىنىڭ، يەنى سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ

ئەل ئىبارىلىرىنى ئىشلىتەلىگىنىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

بىز تەپەككۇر قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بەلگىلىك ئۇقۇم، تەبىر، قېلىپلارغا موھتاج. بۇ بىزنىڭ پىكرىمىزنى تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلىدۇ. بىز بۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز نەزەرىيەمىزنى شەكىللەندۈرىمىز، مەقسەتلىرىمىزنى ئىپادىلەيمىز. ئۇلار خۇددى بىنا سالىدىغان خىشقا ئوخشايدۇ، خىشنىڭ سۈپىتى بىنانىڭ مۇستەھكەم ـ ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىمىزدە بۇنداق خىشلار بولمىغاچقا، تەبىئىي ھالدا بىزمۇ ئىمپورت قىلىنغان ئۇقۇم، نەزەرىيەلەرنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىغا ئايلىنىپ، شۇلارنى چۈشىنىش، شۇلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن بارلىق زېھنىمىزنى، ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇ جەرياندا بىز ئۆزىمىز بىلىپ ـ بىلمەي خىشتا باراڭ سالىمىز.

بىر يېڭى ئاتالغۇ، ئىبارىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي يوسۇندا كىشىلەردىن ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، كىشىلەرمۇ بىلىپ-بىلمەي،خالاپ-خالىماي مۇشۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تولدۇرىدۇ. خۇددى ئادىل ئېيتقاندەك «يېڭى ئۇقۇملار ئىجاد قىلىنىشتىن، ئۇ قوبۇل قىلىنىپ كېڭىيىشكىچە بولغان جەريان ئەمەلىيەتتە مەلۇم خىل ئىرادىنىڭ ئەكس ئېتىش ۋە ئىشقا ئېشىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئۆزىمىزدە ئىبارە بولمايدىكەن، بىز باشقىلارنىڭ ئىبارىسىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىلىم ـ ئەقىل مۇنارىنى باشقىلارنىڭ خىش-تاشلىرىدا قوپۇرۇۋاتىمىز، ئەمما ھازىر بىزگە ئامال يوق، بۇ بىزنىڭ ھازىرقى قىسمىتىمىز.

بىر مىللەتنىڭ تىل ئىستېمالىدىن بەزىبىر تۇراقلىق ئىبارە، ئاتالغۇلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ماھىيەتتە مەلۇم دەۋرنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم تەرىپىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بەزى ئىبارىلەرنىڭ كەينىگە زور بىر تارىخىي دەۋر يوشۇرۇنغان. مەسىلەن، چەنتۇ دېگەن ئىبارە بىزگە 1920-،1930-

ئۇسۇللىرى، مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ نامراتلاردا ئۆزلەشمىگى ئىنتايىن ئۇگايلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇنىڭدىن ياتلارمۇ ھەيران قالىدۇ ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇلاردا ئۇمۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بىزمۇ بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ يەھۇدىيلاردەك، بەزىدە ياپونلاردەك، بەزىدە ئامېرىكىلىقلاردەك بولالمىغانلىقىمىزدىن تولا رەنجىپ قاقشايمىز. ھەتتا بەزىلىرىمىزنىڭ باللىرىمىزنى ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن تامغا چىقىرىپ قويۇپ: قېنى،بالام سەكرە، مەن تۇتۇۋالىمەن، دەپ قويۇپ، سەكرىگەندە قولىمىزنى تارتىۋالغۇمىز (بىر يەھۇدىينىڭ شۇنداق قىلغانلىقى قايسىبىر ژۇرنالغا بېسىلغان) ياكى باللىرىمىزنى ئىمانلىق تەربىيىلەش ئۈچۈن(تۇرمۇشىدا تەۋراتنىڭ بىرەر جۈملىسىگىمۇ رىئايە قىلىپ قويمايدىغان) يەھۇدىيلار تەۋراتقا ھەسەل سۈركەپ بەرگەندەك بىزنىڭمۇ قۇرئان كەرىمگە ھەسەل سۈركەپ بەرگۈمىز ياكى خىزمەت ئىشلىرىمىز بەك ئالدىراش بولغاچقا ۋاقتىنى قەدىرلەش ئۈچۈن، ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشەلمىگەن دوستلىرىمىز يوقلاپ كەلسىمۇ، ئامېرىكىلىقلاردەك: كەچۈر دوستۇم، ھازىر بەك ئالدىراش، بارالمايمەن، ھەپتە ئاخىرى كۆرۈشسەك، دېگۈمىز كېلىدۇ.

قىسقىسى، نامراتلىق ئاجىزلىق، پەسكەشلىك، ناكەسلىككە بەك يېقىن تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ئادەم ئاگلىنغۇدەك، كىشىنى روھلاندۇرغۇدەك جەڭگىۋار سادا چىقمايدۇ. كۈچلۈكلەر ئالدىدا ئۇلارنىڭ تىزلىرى ئەمەس، روھىمۇ پۈكۈلگەن. مانا بۇ خىل پسىخىكا شۇ مىللەت ئىلىم ساھەسىنىمۇ ئەجنەبىي ئۇقۇملارنىڭ قىزىق بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ بازارنىڭ سادىق خېرىدارلىرى شۇ مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى بولىدۇ. ئۇلاردىن كىم مۇشۇنداق ئۇقۇملارنى كۆپ ئىشلىتەلىسە، كۆپ بىلسە، شۇ قالتىس ھېسابلىنىدۇ، ھەم بۇ بىلىملىك بولۇش - بولماسلىقنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىگە، شەرتىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ غەيرىي - غەيرىي چەت

ئىجاد قىلىش شۇ ئىجاد قىلىنغان نەرسىنى شەرھلەش ھوقۇقىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. كىم ئىجادچى ــ شۇ شەرھلىگۈچى، باشقىلار بولسا شەرھلىگۈچى قانداق شەرھلىسە، شۇنداق چۈشىنىپ، شۇنداق قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلاردا ئۇنىڭدىن ئارتۇق تاللاش بوشلۇقى بولمايدۇ. «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك» دېگەن ئاتالغۇنى مىسالغا ئالايلى. ئەسلىدە ئىسلام دىنىدا ئەسلىيەتچىلىك دەيدىغان گەپ يوق، بۇ گەپ ئەسلىدە خرىستىئانلاردا پەيدا بولغان بولۇپ، خرىستىئانلاردىكى ئەسلىي دىنىي ئەنئەنىگە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر ئېقىم. ئەمما، بۇنى غەربلىكلەر يېقىنقى زاماندىكى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكەتلىرىگە نام قىلىپ قويۇۋىدى، مۇشۇ بىر دىن ئىچىدىكى كىشىلەر بىر - بىرىنى سەن ئەسلىيەتچى، سەن ۋەھھابىي... دېگەندەك لاگېرلارغا ئايرىدى، يەنى ئۆزىنى بۇ ئاتالغۇلارغا لايىقلاشتۇردى.

يېقىنقى زاماندىكى غەرب مۇستەملىكىچىلىك تارىخى مەلۇم بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيەت، ئۆز ئەنئەنىسىدىن ياتلىشىش تارىخى بولدى. بۇ جەرياندا غەربچە ئۇقۇم، ئاتالغۇلار مۇستەملىكە رايونلىرىغا كەلكۈندەك ئېقىپ كىرىپ، مۇستەملىكە زىيالىيلىرىنىڭ كۆزلىرىنى مەرۋايىتتەك چاقنىتىۋەتتى. بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرىدە بۇ خىل ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تەربىيىلەنگەن غەرب قىممەت قارىشىدا ئىسلام دىنىنى كۆزىتىدىغان بولدى. مۇستەملىكە تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىسمى ئابدۇرەھمان، ئابدۇللا، ئەمما مېڭىسى روبېرت، جونسونچە بىر ئەۋلاد ئەرەب زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار غەرب پەلسەپىسى سايىسىدىن ئىسلامنى شەرھلەشكە باشلىدى. ئۇلار تولىمۇ بىچارىلارچە غەرب پەلسەپە، مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىمۇ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىپ، ناۋادا ئازراق ئورتاقلىق تېپىلىپ قالسا، بىزنىڭ دىنىمىزدىمۇ مۇنداق ئىلغار نەرسىلەر بار ئىكەن، دەپ دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا،

يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى، شىنجاڭدىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سايىسىنى خېلىلا يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. يەنە ئالساق، داشقازاننىڭ تامىقى، قارا يىپ، ھەتتا سايىم نوچى دېگەن گەپلەرمۇ ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك مەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ خىل ئىبارىلەرنىڭ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇشى بىر مىللەتنىڭ تارىخى، كەچۈرمىشى، مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنتۇلۇش جەريانىدۇر.

بىز ھازىر يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئاتالغۇ ئىجاد قىلىشتا پۈتۈنلەي بېقىندى، پاسسىپ ئورۇندا! بىزنىڭ ھازىر بىردىنبىر قىلالايدىغىنىمىز چەت ئەل تىللىرىدىكى ئاتالغۇلارنى قاملاشتۇرالىساق تەرجىمە قىلىپ، بولمىسا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىپلا تىلىمىزدا ئۆزلەشتۈرۈش. ئۇ ئاتالغۇلارغا ئۆز تىلىمىزدىن ئىسىم قويۇپ باقايلى دەپ زورۇقۇپ باقساقمۇ، ھېچ ئۆزىمىزنىڭكىگە ئوخشىتالمايمىز. چۈنكى بىز شۇ ئاتالغۇ ياكى شۇ ئاتالغۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان شەيئىنىڭ ئىجادچىسى ئەمەس. بالىنىڭ دادىسى كىم بولسا ئىسمىنى شۇ قويىدۇ. باشقىلار بالىسىغا ئىسمىنى قانداق قويغان بولسا، بىزمۇ ئۇلارنى شۇنداق چاقىرىشقا مەجبۇر. بىز بۇ چاغدا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ياكى چۈشىنىش سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئاغرىنماي، بالا تېپىش ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئاغرىنساق بولىدۇ.

مېنىڭچە، بىر تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى، سۆزلۈك مىقدارىنىڭ مول - ئازلىقى، جۈملە شەكىللىرىنىڭ ھەرخىللىقى ئاۋۋال شۇ مىللەتنىڭ ئەقىل - ئىلىم، تەپەككۇر جۇغلانمىسىنىڭ مىقدارىغا باغلىق. تەپەككۇرنى جىلغىلارغا توپلانغان سۇ دېسەك، تىلدىكى ئىپادىلەش شەكىللىرى،جۈملىلەر شۇ جىلغىدىن ئېقىپ چىققان تارام-تارام ئېقىنلاردۇر. جىلغىدىكى سۇ قانچە كۆپ بولسا، ئېقىنلارمۇ شۇنچە دولقۇنلۇق، ئەگرى - بۈگرى، مۇرەككەپ، ئېقىش يوللىرى ھەرخىل بولىدۇ. سۇ ئاز بولسا، ئېقىنلىرىمۇ سۇسىز، جانسىز، ئاددىي بولىدۇ.

تەبىئىي تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە بۇخىل تەلەپ قانۇن ماددىسى ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقلاردەك كەسكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار يازغۇچى، ئالىملارنىڭ شەرھ، ئىزاھلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئاستا-ئاستا ئاۋامنىڭ پىكىر قىلىش ئەندىزىسى، ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئادەم سەزمەك قىيىن بولغان ئىجتىمائىي پىكرىي ئازغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەقىل دۇنيانى گۈزەل قىلىدۇ، بەزىدە رەزىلمۇ قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئەقلىي روھنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ھازىرقى زاماندىكى بۇ مىسلىسىز كرىزىسلەر يەنىلا شۇ ھەددىدىن ئاشقان ئەقلىي روھ ۋە ئۇمىدپەرەسلىكنىڭ مەھسۇلى. جاھاندىكى ھەرقانداق بىر ئىش، مەيلى ئۇ سىياسىي دىپلوماتىيە ئىشلىرى بولسۇن ۋە ياكى تولىمۇ ئەرزىمەس توخۇ تۆكى ئىشلار بولسۇن، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

كىشىلەر ھەربىر مەسىلە ئۈستىدە توم - توم كىتابلارنى، باش - ئايىغى يوق نەزەرىيىلەرنى پەيدا قىلىشماقتا. ئىنسانلار ئالدىدىكى سان-ساناقسىز يوللارنىڭ قايسىسىدا مېڭىشنى بىلمەي قايمۇقماقتا. ھازىرغۇ يول تاللاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلالايدىغان كىشىلەر بەك ئاز، شۇنداقتىمۇ يولنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئازغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھازىر مېڭىمىز ئاشپەزنىڭ قورۇما قاچىسىغا ئوخشاپ قالدى، ئاشپەز بىردە باشقا قورۇما ئۇسىدۇ، بىردە باشقا. شۇڭا دەيمىزكى، مېڭىمىز مەشئەل بولسۇن، ئۇ، يانسۇن، ئۇ، لاۋۇلدىسۇن!

ماركسىزمنىڭ ئەرەبلەردە تارقىلىشى بىلەن دەرھال ئۇلاردا ئىسلامچە سوتسىيالىزم دېگەندەك دادىسى نامەلۇم ئۇقۇملار پەيدا بولدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىمۇ سوتسىيالىزمچى، دەپ شەرھلەشتى. غەرب دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىلىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن «ئىسلام» ۋە دېموكراتىيە، «ئىسلامدا دېموكراتىيە»، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىسلام، دېگەندەك كىتابلار كىتابخانىلارنى بىر ئالدى. ئىسلامنى غەرب ئەندىزىسىگە تەققاسلاپ چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈش ئەرەب ئىسلام زىيالىيلىرىنىڭ بىر يېڭى تەتقىقات مېتودىغا ئايلاندى. ئەلۋەتتە، بۇخىل ئەھۋال ئىسلام دۇنياسىدىلا يۈز بەرگىنى يوق. قانداقلا بىر غەربنىڭ مۇتلەق تەسىرى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان جەمئىيەتتە بۇ خىل ئەھۋال ئاساسەن دېگۈدەك ئومۇمييۈزلۈك ھادىسە. ئۆتكەندە كىتابخانىدا «كۇڭزى ئىدىيىسى ۋە دېموكراتىيە» دەيدىغان بىر كىتابنى ئۇچراتتىم. ئىچىنى ئېچىپ ئوقۇمىدىم، ئەمما زەكىي تەتقىقاتچىلار كۇڭزى ئىدىيىسىدىنمۇ دېموكراتىيە ئېلېمېنتلىرىنى تېپىپتۇ ھەم ئۇنىڭدىن ھاياجانغا چۆمۈشۈپتۇ، دەپ ئويلىدىم.

دېمەك، غەربچە ئۇقۇملارغەربتە پەقەت بىر ئۇقۇم، نەزەرىيە سۈپىتىدىلا مۇئامىلە قىلىنغان بىلەن، ئەمما ئۇ بىزدەكلەرنىڭ يېنىدا ئاللىقاچان بىر ئۆلچەم، پرىنسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بىر جەمئىيەتتىن ئىجادىي، ئەقلىي روھىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بۇخىل ئەجنەبىي ئۇقۇملارنىڭ شۇ جەمئىيەتتە بازارلىشىشىغا يول ئاچسا، بۇخىل بازارلىشىش ماھىيەتتە شۇ پۈتكۈل جەمئىيەت خەلقىنىڭ مېڭىسى، روھىي دۇنياسىدا بىر ئاغدۇرما خاراكتېرلىك ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇخىل ئىستىخىيىلىك ئىستېلانىڭ تەبئىي غەلىبىسى سۈپىتىدە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىگىسى بولغان دۆلەت مۇقەررەر يوسۇندا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئاغا-ئىنىسىغا ئايلىنىدۇ.

مەلۇم بىر نەزەرىيە، ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شۇنىڭغا ماس بىر ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىنىڭمۇ مەيدانغا كېلىشىنى

يادىمدا. ئادەمنىڭ ئىنتىلىشتىن قىلغان ئىشلىرى بىلەن
موھتاجلىقتىن قىلغان ئىشلىرى روشەن پەرقلىنىدۇ. ئىنتىلىش
ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلسا، موھتاجلىق پاسسىپ
روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئىنتىلىش ئەركىنلىككە دالالەت
قىلسا، موھتاجلىق قۇللۇققا دالالەت قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىككىسى
ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىنتىلىش
موھتاجلىقنىڭ ئالىي ماقامدىكى مۇقەددەسرەك ئىپادىسى، ئۇنىڭدا
خىلمۇ خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بار. ئەمما، موھتاجلىق
مەجبۇرلۇقتۇر، بۇنىڭدا بويسۇنۇشلا بار، تاللاش يوق، مەن
ئويلايمەنكى، ئىنسان پائالىيىتى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇۋاپىق
بىرلىكىدىلا ئاندىن مۇكەممەللىككە يەتسە كېرەك. موھتاجلىق
رېئاللىقنى، ئىنتىلىش غايىنى كۆزدە تۇتىدۇ. موھتاجلىقنى
بايقىيالماي، ئىنتىلىپلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى نەتىجىسىز
بولىدۇ، ئەمما ئىنتىلىشنى تەرك ئېتىپ، موھتاجلىق
ھەلەكچىلىكىدىلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئۇلۇغۋار بولمايدۇ،
ھەتتا بەزىدە پەسكەشلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ھەممىنىڭ ئالدىنقى
شەرتى ئادەمنىڭ نېمىگە ئىنتىلگەنلىكىدە، نېمىگە موھتاجلىقىدا،
ئىنسان ئۈچۈن تاللاشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ سىناق.

مانا ھازىر بىز شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋېتىپتىمىزكى، بىز
ساناقسىز موھتاجلىقلار بىلەن قورشالغان، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىي
ئارمانلىرىمىز نەلەردە ئۇنتۇلغان. مائاشقا موھتاج، ئوقۇش ئارمان،
خوتۇنغا موھتاج، مۇھەببەت ئارمان...

ئىنگلىز تىلى ئىگىلەش ئارمىنىم دەيسىز، ئەمما نېمىشقا؟ دەپ
سورىسا، دەۋرنىڭ تەلىپى دەيسىز، مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئارمان
ئەمەس، ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. دەۋر تەقەززا
قىلمىغان، ئەمما ھەر قانداق دەۋردە بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەرنى
پەيدا قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ مېنىڭچە، ياق، بۇنداق

## ئىلىمگە خىيانەت — ئەلگە قىيامەت

بىز ھازىر ھەممە نەرسە سېتىلىدىغان جەمئىيەتتە ياشاۋېتىپتىمىز، ئەگەر بىز سېتىۋېلىشنى خالىساقلا ھەم پۇلىمىز بولسا، ھەممە نەرسىنى سېتىۋالالايمىز. بەلكىم بۇ ھەممىگە ماددىي مەنپەئەت ھاكىم - قازى بولغان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يەنە بىر پاجىئەسى بولسا كېرەك. پۇلغا ھەممىنى سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟ دېگەن سوئال بىردەك ھەممەيلەننىڭ ياق! دېگەن جاۋابىغا ئېرىشكەن، ئەمما ئۇ بىزنىڭ نەسر، نۇتۇقلىرىمىزدىكى ئۇنىدەش جۈملىلەردىلا قېپقالدى، رېئاللىق بولسا يەنىلا پۇلنىڭ قۇدرىتىنى ئالىي رەۋىشتە نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز جەمئىيەتتىن شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار پۇلغا گۈزەللىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ، ئەمما پۇلغا گۈزەل قىزلارنى سېتىۋالىدۇ؛ مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ، ئەمما نىكاھنى سېتىۋالالايدۇ. ھەتتا ھازىر كىشىلەرنىڭ ۋىجدان، ئىمانىمۇ نۆۋىتى كەلگەندە بىر دومىلاپلا تاۋارغا ئايلىنىدۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا سېتىلىدۇ. دېمەك، بۇ دەۋر ئىنسان ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بارلىق ماددىي - مەنىۋى ئېلېمېنتلاردىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدىغان بىر دەۋر.

«جاھاندا ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە؟»

«موھتاجلىق!». شۇنداق، بۇ جۈملىنى باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان چاغلىرىمىزدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ئوقۇغىنىم

ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن دىپلوم، ئۇنۋانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىلىم سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى نان يېيىش دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر دىپلومىڭىز يوغىنىسا، قولىڭىزدىكى زاغرا كاكچىغا، بېشىڭىزدىكى تەلپەك شىلەپىگە ئالمىشىدۇ. مانا بۇ خىل زۆرۈرىيەت جەمئىيىتىمىزدە ئىنتايىن تېزلىكتە جەمئىيەت ئىلىم ساھەسىنىڭ ھەر قانداق بىر ساھە، قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئىلىم ساختىلىقى ھادىسىسىنى پەيدا قىلدى. يېقىندىن خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋان باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم. ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلار بىرەر ئوقۇتقۇچىنى كۆرسىتىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنۋان دەۋاگىرى ئار - نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ «جاپالىق» خىزمەت شارائىتىدا «ھارماي - تالماي» ئىشلەپ قولغا كەلتۈرگەن «شانلىق» نەتىجىلىرىنى ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك قايىنتىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقىدىكەن(يازغان كەمچىلىك - يېتەرسىزلىكلىرى بىرەر ۋاراقمۇ چىقمايدۇ)، ئاندىن بىز ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى قايتا تىلغا ئېلىشىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇ ئۇنۋانغا لايىقلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىدىكەنمىز. ناۋادا بېرىلگەن سان نامزاتلارغا يېتىشمىسە، ئويۇننىڭ قىزىقى شۇ يەردە، ئۇ يەردىكى تالاش - تارتىشلارنى سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ بىر قويۇپ بەرگىلى بولسا، دەپ قالىمەن. مەن ئەسلىدە ئۇ تالاش - تارتىش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى نامزاتلار ئارىسىدا بولىدۇ، ئادەم ئۆز ئۇتۇقلىرىنى ئاشكارا دېيىش، پەش قىلىشتىن يۈزى قىزىرىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئۇلار ماڭا مېنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويدى. ھەتتا ئۇلار شۇ تۆپەيلى بىر - بىرى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ، قاراشمايمۇ يۈرۈشىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا بۇ يىل نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ «بۆلتۈر پالانى باھالانغاندا غىڭ قىلمىدىم، ھازىر مېنىڭ ستاژىممۇ ئەڭ ئۇزۇن، قىلغان خىزمىتىممۇ

كىشىلەر بەك ئاز.

ئىنسانلار ھەرقانداق بىر دەۋردە ياشاش ئۈچۈن ئىلىمگە موھتاج بولغان، ئەمما بۇ خىل موھتاجلىق بۈگۈنكىدەك تەخىرسىز بولمىغان. بىلىملىك بولغانلىقنىڭ ئالامەتلىرى بولمىش دىپلوم، ئۇنۋان، كىنىشكىلەر بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىختىراسى، كىشىلەر ھازىر ئۆز سالاھىيەتلىرىنى شۇلاردىن ئىزدەيدىغان بولدى. بۇ خىل سۈنئىي سالاھىيەتلەر قانچە خىلمۇ خىللاشقانسېرى ئەسلىي ئىنسانلىق سالاھىيەت بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ، ئادەملەر سەن كىم؟ دېگەن سوئالغىمۇ دەرھال جاۋاب بېرەلمەي، ئىپسەنكىرەپ قالىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ بولۇشى خاتا ئەمەس، ئەمما ھەممىنى شۇنىڭدىن ئىزدەش، شۇنى ئۆزلىرىنىڭ ماركىسى قىلىۋېلىش خاتادۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن ئىنسان دېگەن ماركىلا يېتەرلىك شەرەپ، ئادەم بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرەپنى قوغلاشقاندا، تاپتىن چىقىدۇ.

ساختىلىق قارا يۈرەكلىك بىلەن موھتاجلىقنىڭ مەھسۇلى. ھازىرغا قەدەر ئىنسانلار ساختىلىق ئىشلەتمىگەن ھېچنېمە قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلىم ـ مائارىپقا ئىشلىتىلگەن ساختىلىق ئادەملەرنى ئەبەدىي پۇشايماندا قالدۇرىدۇ، بىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز بۇنىڭ زىيىنىنى مەڭگۈ تارتىمىز. ئۇنداقتا، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلىم ـ ساھەسى ياكى مائارىپى قانچىلىك پاكىز؟

بەلكىم بۇ ساھەدىكى پاكىزلىقنىڭ بەلگىلىك ئۆلچىمى بولمىسا كېرەك. رايونىمىزدا «سەللە يوغان ئىمان يوق، داستىخان يوغان بىر نان يوق» دېگەن تەمسىل ئاللىقاچان ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلانغان. ھېچكىم خەنزۇ تىلىدا بەش يىل ئوقۇغا بىرەيلەننىڭ بىرەر پارچە ئىلتىماسنى خەنزۇچە قاملاشتۇرۇپ يازالمىغىنىدىن بەك ھەيران قېلىپ يۈرمەيدۇ (ھەيران قالماسلىق كۆنۈپ كەتكەنلىكنىڭ ئالامىتى، تولا ھەيرا قېلىش بىلمەسلىكنىڭ ئالامىتى، پەقەت ھەيران قالماسلىق غاپىللىقنىڭ ئالامىتى).

ئۇمۇملىشىپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچە ئەركىن ئومۇملىشىپ كېتەلىگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا مەسئۇل ئورگانلارنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىدا.

«ئىسرائىلىيە چوڭامىلىرىغا خەت» دېگەن فېلىيەتوندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىپتۇ: «يۈز نەچچە نەپەر مائارىپ ئەربابى، ئالىي ساقچى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە قاتلاملىرىدىكى سەرخىللار يالغان دىپلوم سېتىۋېلىش دېلوسىغا چېتىلىپ قاپتۇ، بۇ ئىش پۈتكۈل ئىسرائىلىيىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىپتۇ. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، ساقچىلار دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، لاتۋىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسرائىلىيىدىكى تارماق مەكتىپىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەش نەپەر خادىم ھەمدە ئىسرائىلىيە ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىنى رەسمىي قولغا ئاپتۇ. قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىپ، يالغان دىپلوم سېتىۋالغان ئىسرائىلىيە ساقچى ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا بىر نەچچەيلەننى سوراق قىپتۇ. ھەتتا شىمال ساقچىلار قوماندانىنىمۇ دەرھال چاقىرتىپ كېلىپ، ئىسرائىلىيە باش شتابىنىڭ ساقچىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سوراق قىپتۇ. ساختا دىپلوم ياسىغان لاتۋىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېرىدىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسرائىلىيىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى توختىتىپتۇ ھەم بۇ مەكتەپلەر تارقاتقان ھەر قانداق دىپلومنى ئېتىراپ قىلماپتۇ».

ئەگەر بۇ ئىش جۇڭگودا يۈز بەرگەن بولسا قانداق بولار ئىدى؟ ئىشقىلىپ، چوقۇم ئىسرائىلىيىدىكىدەك بولمايتتى. ھەتتا شۇ ماقالىدە دېيىلىشىچە، (جۇڭگودىكى) مەلۇم بىر شەھەردە خىزمەت باھالىغۇچىلار شۇ شەھەردىكى 64% ئالىي مەكتەپ دىپلومىنىڭ يالغانلىقىنى بايقىغان. ئەمما، ھېچقانداق بىر تەرەپ قىلىنمىغان. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇچاڭچىڭ(ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان پارىخور ئەمەلدار) جۇڭگودىكى ئەڭ نوپۇزلۇق بىر

ئاز ئەمەس، ئەمدى مەن بۇ يىل باھالىنىۋالالمىسام، كېلەر يىلى يەنە بىر نەچچىسى چىقىدۇ، دەم ئىلىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال باھالىنىۋالاي، تەشكىل بۇنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ قويسۇن» دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇلارچە بولغاندا ئۇنىۋان خىزمەتىنىڭ سۈپىتىگە ئەمەس، ساتېغا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەشكىلمۇ «ئادەمگەرچىلىك» قىلىدۇ.

ئۇنىۋان ئۈچۈن باشقىلارغا ماقالە يازدۇرۇش، ئۆزنامىدا ئېلان قىلدۇرۇش دېگەنلەر ھازىر ھېچكىم ئېغىر ئالمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ كەتتى.

1998- يىلى ساۋاقداشلىرىم ئۈرۈمچىگە دىسسېرتاتسىيە ياقىلىغىلى كەلگەندە، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدىم. ئۇلار دېگەن گەپلەر مېنى بەك ھەيران قالدۇردى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى:«سىز خوتەندىن كەلدىڭىزمۇ؟ خوتەننىڭ ياڭىقى داڭلىق ـ ھە» دېگەندەك ئىما ـ ئىشارەتلەرنى قىلغانمىش، ھەتتا بەزىلىرى خېلى ئاشكارىلا مەقسەتنى بايان قىلغانمىش، دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى خەققە يازدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يېتەكچىلىرىنى «رازى» قىلغانلارنىڭ ماقالىلىرى «ئەلا» باھالاندى. مانا بۇ رايونىمىزدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ كومپېدىيىلىرى، بۇمۇ موھتاجلىقتىن كېلىپ چىققان پەسكەشلىكمۇ؟

ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ ئاممىۋى تېلېفونلىرى، دۇكانلارنىڭ ئەينەكلىرى، ھەتتا ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەرنىڭ پەشتاقلىرى... ئىشقىلىپ، كۆزگە تاشلىنىدىغانلا ھەر قانداق بىر يەرگە قارىسىڭىز ھەر قانداق دىپلوم، كىنىشكا بېجىرىشتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.«办证» (كىنىشكا بېجىرىمىز) دېگەن خەتنى ھەر قانداق يەردىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي، ئەنسىرىمەي، يانفون، چاقىرغۇلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى يېزىپ قويۇشىدۇ. بۇ يەردىكى ئېغىر مەسىلە بۇ خىل ھادىسىنىڭ

كويى، ماگىستىرلىقنىڭ 20 كويى، دوكتورلۇقنىڭ 30 كويى ئىكەن(ئويلاپ كۆرۈڭ، نەچچە يىل چاچ ئاقارغۇچە ئوقۇپ، كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىماي يازىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ باھاسى شۇنچىلىك بولسا ـ ھە! ھازىر مەدىكارلارمۇ سائىتىگە 10 كويدىن رازى بولامدۇ، بۇ بىر گەپ!)بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان بىر دوستۇم : «بېيجىڭدا ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق دىپلوملىرىنى تاپماق ئاسان، ئىشقىلىپ شۇ ئۇنۋاننىڭ كىنىشكىسىلا بولىدىكەن، ياسايدىغانلار بار، خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالدىدا ساتىدىغانلار بەك كۆپ. ئۇلار دىپلوم، نىكاھ گۇۋاھنامىسى، ئاجرىشىش خېتى، ھەتتا ئۆلۈم ئىسپاتنامىسى... قاتارلىق 160 خىلدىن ئارتۇق كىنىشكا ياسىيالايدىكەن، دېگەنىدى». مەن تازا چىنپۇتمىگەنىدىم. مانا ئەمدى چىنپۇتمەي بولمىدى .

ئەمەلىيەتتە ئۇلار دىپلوم، كىنىشكا ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى سېتىۋاتىدۇ. ئۇلار چىقارغان باھالار ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا چىقىرىلغان باھادۇر!

بولۇپمۇ بۇ خىل چىرىكلىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تېخىمۇ ئېغىر. ئوقۇغۇچىنى قەستەن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلاردىن نەپ تەمە قىلىدىغان ئىشلار تولا، بۇنىڭغا ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ (بىر قىسمى) كۆنۈپ كەتتى، بۇ ئاللىقاچان ئاشكارا مەخپىيەتلىك بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپ قانداق جاي؟ ئۇ قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ مەسىلىلەر بەلكىم بىزنىڭ شۇ يەردە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگىمۇ تېخى ئايدىڭ بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ بىر ئالىي مەكتەپنىڭ، بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىستىقبالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بولىدۇ.

بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى مەشھۇر

ئۇنىۋېرسىتېتتىن ماگىستىرلىق دىپلومى ھەل قىلغان (ئەگەر پارىخورلۇقى ئاشكارىلانمىغان بولسا، بۇنى ھېچكىم بىلمەس ئىدى).

يەنە ئىسرائىلىيىدىكى ھېلىقى ۋەقە توغرۇلۇق مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ: «سىلەر ئەۋلادلىرىمىزغا ئىنتايىن يامان بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭلار» دېگەن. يەنە بىر ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى: «دىپلوم ئالدامچىلىقى ئىنتايىن رەزىل جىنايەت، خۇددى ئەسكەرنىڭ دۈشمەنگە مىلتىقىنى ساتقىنىدەك ئىپلاس قىلمىش» دېگەن.

ئاخىرىدا فېلىيەتون ئاپتورى لېبي چاگفېيڭ كىنايە تەلەپپۇزىدا: «دىپلوم، كىمنىڭكى لازىم بولسا جۇڭگوغا كېلىڭلار، تام ـ ستولبىلاردىكى چاقىرغۇ نومۇرلىرىغا تېلېفون قىلساڭلارلا بىردەمدىلا ھەل بولىدۇ، ھەم ئەرزان، ھەم بىخەتەر» دېگەن .

يەنە تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلارغىمۇ قۇلاق سېلىڭ: مەملىكەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوند جەمئىيىتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مۇپەتتىش ئىشخانىسى 2001- يىلىدىكى ئىلىم ساھەدىكى چىرىكلىكلەرنى ئېلان قىلغان. تاكى 2001- يىلى 31- دېكابىرغىچە بۇ ئىشخانا مۇشۇ خىلدىكى دېلودىن جەمئىي 76 نى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ 54 پارچىسى باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئۆز نامىدا ئېلان قىلدۇرۇۋېلىش، باشقىلاردىن كۆچۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئادىل بولماسلىق، مۇكاپات سوممىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىش...

ئىلىم ساھەسىدە ساختىپەزلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرۈۋېلىش دېگەندەك چىرىكلىكلەر ئادەتتىكى ھادىسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭغا چېتىلىدىغانلار ئىچىدە پروفېسسور، ئاسپىرانتلار بولماستىن، ھەتتا ئاكادېمىكلار، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرىمۇ بار ئىكەن. پۇلغا چىدىسىڭىزلا، ئىنتېرنېتتىن ئىزدىسىڭىز باكلاۋۇرلۇق ئىلمىي ماقالىسى 10

ئادەم چىققان. ئاكادېمىك، سىياسىئون، بانكىر، كارخانىچىلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. كالفورنىيە سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئاران 2 مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 30مىڭ غا يېقىن ئوقۇغۇچى).

خې خەنلىن يەنە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇنىۋېرسىتېت روھى، خىسلىتى بولۇشى كېرەك، ئۇ پۇل، ھوقۇقنى ئەمەس، ئەقىل - ۋىجداننى تۇۋرۇك قىلىشى كېرەك. ئۇ، ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەر قانداق چىرىكلىك، پەسكەشلىكنى سىغدۇرالمايدۇ. ئۇ تارىخىي بىلىملەرنىڭ «كۆۋرۈكى» ياكى باشقىلارنىڭ بىلىملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ئەمەس، بەلكى ئىجاد يىلىقا باي دەۋر روھىنىڭ بالىياتقۇسى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەدەنىيەت يارىتىدىغان بۆشۈك بولۇشى كېرەك. ئۇ پاسسىپ ھالدا جەمئىيەت تەرىپىدىن يېتەكلەنمەستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك؛ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى، ئىلىم ئەھلىلىرى، ھەرگىزمۇ «ئىجتىمائىي ئالاقىچى»، «ئىلمىي پائالىيەتچى» ئەمەس، مۇدىرلىرى بولسا «ئۇنىۋېرسىتېت روھى»نىڭ ئوبرازلىرى ۋە ئىلغار مائارىپشۇناسلاركى، ھەرگىزمۇ «سىياسىئون ئەمەس».

قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىر ئەرەب ماگناتىنىڭ ئۆز ئىسمىنى قويۇش بەدىلىگە بېرىدىغان غايەت زور ياردەم پۇلىنى رەت قىلغان، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بولسا، ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى رېگاننىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش تەلىپىنى رەت قىلغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان مۇقەددەسلەشكەن بىر ئۇنىۋېرسىتېت روھى، خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان پرىنسىپى شەكىللىنىپ بولغان.

قارىغاندا، مائارىپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلىم چىرىكلىكىنى دەپ بولغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەيلى ئوقۇتقۇچى -

ئون ئۇنىۋېرسىتېت مۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلگەن: دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇنداق ئاساسلىق ئىككى ئۆلچىمى بولىدۇ، بىرى، رايون ئىقتىسادى ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالغا سۈرگۈچ رول ئوينىيالىشى؛ يەنە بىرى، شۇ رايون، دۆلەتنىڭ مەرىپەت، مەدەنىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلالىشى كېرەك. ئومۇمەن مۇنداق ئورتاق قاراش بار: دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئاز دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى شەرتلەرنى هازىرلىغان بولۇشى كېرەك.

1. خەلقئارادا زور تەسىرگە ئىگە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى كېرەك.

2. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا بىر تۈركۈم دۇنياۋى پېشۋالار بولۇشى كېرەك.

3. دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەنلىرى بولۇشى كېرەك.

4. ئىلمىي تەتقىقاتلىرى دۇنيا ئېقىمىغا يېتەكچىلىك قىلالىشى هەم دەۋر بۆلگۈچ ئەهمىيەتكە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى كېرەك.

5. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇشى كېرەك، مەدەنىيەت، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇشى كېرەك. (قارىغاندا، مەن هازىرغا قەدەر هازىرقى زامان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان ئوخشايمەن). خې خەنلىن «دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ قانداق بولىدۇ؟» دېگەن فىلىيەتونىدا مۇنداق دەيدۇ:«خارۋارد، ستانفورد،يالى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، كالىفورنىيە سانائەت ئىنستىتوتى، ئوكسفورد، كامبرىج، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەنلەر دەل دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپلەردۇر، بۇلار نۇرغۇن خەلقئارالىق شەخسلەرنى يېتىشتۈرگەن، مەسىلەن، نوبېل مۇكاپاتى ساهىبلىرىدىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 37 نەپەر، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 27 نەپەر

جەمئىيەتنىڭ مېڭىسىدۇر، بۇ يەردىن چىققانلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى، كىشىلەرنىڭ ئىلغارلىرىدۇر. ئۇلار جەمئىيەتنى ساغلام بىر نىشانغا يېتەكلەشكە، ئاۋامنى ئاقارتىشقا، ئۇلارغا يول كۆرسىتىشكە، ئۇلار چۈشىنەلمىگەننى چۈشەندۈرۈشكە، بىلمەي قالغاننى بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك. ئۇلار خۇددى تۇزدەك پۈتكۈل جەمئىيەتكە تېتىشى كېرەك. بولمىسا شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى ئىكەنلىكىدەك زاكونلارنىمۇ چۈشەنمەي يۈرۈيدۇ.

ئەپسۇس، بىز ھازىر ستودېنتلىرىمىزدىن بۇلارنى كۈتەلەمدۇق؟ ئۇيغۇلار ھازىر بۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بوپقالماي ئۆزىنىڭ جېنىنى باقالىغانلىقىدىن خۇش. ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرى ئالىي مەكتەپتىن «ساق» قايتىپ كەلگىنىدىن، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتمىگىنىدىن خۇش، ئوغۇللىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالمىغىنىدىن خۇش. دېمەك، بۇلاردىن بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراق بىر نەرسىنى كۈتكىلى بولمىغاچقا، بىز تەلەپ، ئۆلچەملىرىمىزنى شۇنچىلىك قىلىشقا مەجبۇر. بىز ھازىر ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەملەرنى ياخشى دەپ ئاتايمىز. مۇتلەق كۆپ سانلىق ستودېنتتىن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى، غايە، نىشان كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

كرىزىس ھەرخىل بولىدۇ، ئەمما بۇ كرىزىسلار شۇنىڭ ئۈچۈن پاجىئەلىك، تەخىرسىزكى، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ، خەلقىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ مېڭىسىدە. مېڭىسىدىن چاتاق چىققان ئادەمدىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن!

ئوقۇغۇچىلاردىكى پارىخورلۇق ياكى يالغان دىپلوم، كۆچۈرمىكەشلىك هادىسىلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئوغرىلانغان ماقالە، ئەسەرلەر مەسىلىسى بولسۇن، بۇلار كىشىگە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئاجايىپ «كەڭ قورساق» ئىكەنلىكىنى، شۇنچىلىك ئالەمشۇمۇل رەزىللىكلەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ رەزىللىكلەرگە قارىتا بىر ئۇنۇملۇك نازارەت، باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ بولماسلىقى ياكى بولسىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىقى كىشىنى ئاجايىپ ئېچىندۇرىدۇ.

ۋىي جيەنمىي: «ئالىي مەكتەپلەردە نېمە كەم؟» دېگەن فېلىيەتونىدا بۇ مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئاددىي سەۋەب، ئالىي مەكتەپلەردىكى بيۇروكراتلاشقان تۈزۈمدە. غەربتە مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەر باشقۇرىدۇ، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز بولسا باشقارما، ئىشخانىلارغا تولغان، ھېلىقى ئولتۇرسا ئۆيى، ماڭسا پىكاپى تەييار باشقارما باشلىقى، نازىرلارنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مائارىپ بىلەن پەقەت ئالاقىسى يوق كىشىلەردۇر. بيۇروكرات باشقۇرۇش مۇھىتى ئەلۋەتتە بيۇروكراتلاشقان كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئادەمگە رەجىملىك قىلىپ پارتىيىگە كىرەلەيدۇ، ئەلا باھالىنالايدۇ، يۇقىرى نومۇر ئالالايدۇ. ھەقىقىي ئىلىم ساھىبلىرى، ۋىجدان ئىگىلىرى بولغان پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەر ھوقۇق چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. بۇنداق (رىقابەت) مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوقۇغۇچىلار قانداقمۇ جەمئىيەتتە ئادالەت بارلىقىغا ئىشەنسۇن؟ ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىرى شۇ چاغلاردىلا ئادالەت، ھەقىقەتكە بولغان ئېتىقاد، چۈشەنلىرىدىن ۋاز كېچىپ بولىدۇ ـ دە، چوڭ ئېقىمغا قوشۇلىدۇ».

ھازىرقى زاماندا ئالىي مەكتەپ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا،

# مەۋجۇتلۇق نىمىلەرگە باغلىق

تەبىئەت مەڭگۈ سىرلىق، مەڭگۈ جەلپكار، مەڭگۈ يېڭى، تەبىئەتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات مەيلى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن دىنوزاۋرلار بولسۇن ياكى قۇرت - قوڭغۇز، پىت - بۈرگىلەر بولسۇن ۋە ياكى ئاسمان پەلەك شەمشاد، ياكى تەسكەي زەيكەشلەردىكى مۇخلار بولسۇن ۋە ياكى ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار ۋە زېمىندىكى ئۇششاق تاش، شېغىللار بولسۇن، ھەممىسى بىر مۆجىزە، بىر ھېكمەت، ئەسرارلارغا باي كىتاب. تولىمىز غەپلەتتە بولغاچ بۇ مۆجىزىلەرنى ھېس قىلالمايمىز. سىز تاغدا كېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدىڭىز، قارىسىڭىز ئۇ بىر تاشكەن، سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يەنە يولىڭىزغا راۋان بولدىڭىز، ئەمما يەنە بىردەمدىن كېيىن يەنە پۇتلىشىپ يىقىلدىڭىز، قارىسىڭىز بۇ قېتىم پۇتلاشقىنىڭىز بىر ئۇستەل سائەتكەن، تۇيۇقسىز بۇنىڭدىن ناھايىتى ھەيران قالدىڭىز، باشتا تاشقا پۇتلاشقاندا مېڭىۋەرگەن ئىدىڭىز، ئەمدى يەنە نېمىشقا مېڭىۋەرمەيسىز؟ تاشقا پۇتلىشىش بىلەن سائەتكە پۇتلىشىشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ياكى تېخىمۇ ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاش بىلەن سائەتنىڭ پەرقى نېمە؟ نېمىشقا سائەت دىققىتىڭىزنى قوزغىيالايدۇ؟ تاش قوزغىيالمايدۇ؟ مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت ياكى زالالەتنى بەلگىلەيدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى.



پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۇچۇن تەبىئەت ئاجايىپ بىر مەكتەپ، ئوقۇش پۇلى ئالمايدىغان، ھەممە ئادەمگە باراۋەر ئېچىۋېتىلگەن مەكتەپ، ئىنسانلاردىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ مەكتەپتىن قوبۇل قىلىدىغان تەسىرات - ئىلھاملىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ھەرقانداق بىر شەيئىدىن بىر ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ شولىسىنى كۆرەلەيدۇ، يەنى بەزىلەر شۇلار قارىغان نەرسىگە لوپپا ئەينەك بىلەن قارىسىمۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ كۆزدىكى مەسىلە ئەمەس، دىلدىكى مەسىلە. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانلار ئىچىدە ھەسەل ھەرىسى مېنى ئۆزىگە ئاجايىپ جەلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش ئادىتى، ئىنتىزامى بىلەن باشقا ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئىجتىمائىي توپ شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ھەسەل ھەرىلىرى بىر كەم- كۈتىسىز مۇكەممەل جەمئىيەت، ئۇلاردىكى ئىش تەقسىماتى، سالاھىيەت پەرقى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان. ئۇلار ھەم ئىجتىمائىي بىرلىك ھەم ئىقتىسادىي بىرلىك، ھەم سىياسىي بىرلىك، ئۇلارنىڭ ساقچىلىرى، تازىلىق ئىشچىلىرى، بالا باققۇچىلىرى، ساتىراشلىرى، جانلىق سۇ ئامبارلىرى، جانلىق شامالدۇرغۇچلار، ھەسەل پىششىقلاش ئۇسكۈنىلىرى، گۈلچېكى تەييارلاش سېخلىرى، ئانا ھەرە جەۋھىرى ئىشلەش ماھىرلىرى، موم، پىلىم ئىشلەش ئورۇنلىرى بار. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مۇتلەق بىر ئىنتىزام ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن، ئۇلارنىڭ قەتئىي خىلاپلىق قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان مۇقەددەسلىشىپ كەتكەن پرىنسىپ - قائىدىلىرى، ئەنئەنىلىرى، قېلىپلاشقان ياشاش ئادىتى بار. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنى بىر جەمئىيەت، بىر پادىشاھلىق دەيمىز.

ھەسەل ھەرە جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ، يەنە كېلىپ يەككە - يېگانە ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەسەل ھەرىسىگىلا خاس بولغان ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت

# مەۋجۇتلۇق نېمىلەرگە باغلىق

تەبىئەت مەڭگۇ سىرلىق، مەڭگۇ جەلپكار، مەڭگۇ يېڭى، تەبىئەتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات مەيلى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن دىنوزاۋرلار بولسۇن ياكى قۇرت - قوڭغۇز، پىت - بۈرگىلەر بولسۇن ۋە ياكى ئاسمان پەلەك شەمشاد، ياكى تەسكەي زەيكەشلەردىكى مۇخلار بولسۇن ۋە ياكى ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار ۋە زېمىندىكى ئۇششاق تاش، شېغىللار بولسۇن، ھەممىسى بىر مۆجىزە، بىر ھېكمەت، ئەسرارلارغا باي كىتاب. تولىمىز غەپلەتتە بولغاچ بۇ مۆجىزىلەرنى ھېس قىلالمايمىز. سىز تاغدا كېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدىڭىز، قارىسىڭىز ئۇ بىر تاشكەن، سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يەنە يولىڭىزغا راۋان بولدىڭىز، ئەمما يەنە بىردەمدىن كېيىن يەنە پۇتلىشىپ يىقىلدىڭىز، قارىسىڭىز بۇ قېتىم پۇتلاشقىنىڭىز بىر ئۇستەل سائەتىكەن، تۇيۇقسىز بۇنىڭدىن ناھايىتى ھەيران قالدىڭىز، باشتا تاشقا پۇتلاشقاندا مېڭىۋەرگەن ئىدىڭىز، ئەمدى يەنە نېمىشقا مېڭىۋەرمەيسىز؟ تاشقا پۇتلىشىش بىلەن سائەتكە پۇتلىشىشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ياكى تېخىمۇ ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاش بىلەن سائەتنىڭ پەرقى نېمە؟ نېمىشقا سائەت دىققىتىڭىزنى قوزغىيالايدۇ؟ تاش قوزغىيالمايدۇ؟ مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت ياكى زالالەتنى بەلگىلەيدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى.



پەيكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۇچۇن تەبىئەت ئاجايىپ بىر مەكتەپ، ئوقۇش پۇلى ئالمايدىغان، ھەممە ئادەمگە باراۋەر ئېچىۋېتىلگەن مەكتەپ، ئىنسانلاردىكى پەيكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ مەكتەپتىن قوبۇل قىلىدىغان تەسرات - ئىلھاملىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ھەرقانداق بىر شەيئىدىن بىر ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ شولىسىنى كۆرەلەيدۇ، يەنى بەزىلەر شۇلار قارىغان نەرسىگە لوپپا ئەينەك بىلەن قارىسىمۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ كۆزدىكى مەسىلە ئەمەس، دىلدىكى مەسىلە. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانلار ئىچىدە ھەسەل ھەرىسى مېنى ئۆزىگە ئاجايىپ جەلپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش ئادىتى، ئىنتىزامى بىلەن باشقا ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئىجتىمائىي توپ شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ھەسەل ھەرىلىرى بىر كەم- كۈتىسىز مۇكەممەل جەمئىيەت، ئۇلاردىكى ئىش تەقسىماتى، سالاھىيەت پەرقى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان. ئۇلار ھەم ئىجتىمائىي بىرلىك ھەم ئىقتىسادىي بىرلىك، ھەم سىياسىي بىرلىك، ئۇلارنىڭ ساقچىلىرى، تازىلىق ئىشچىلىرى، بالا باققۇچىلىرى، ساتىراشلىرى، جانلىق سۇ ئامبارلىرى، جانلىق شامالدۇرغۇچلار، ھەسەل پىششىقلاش ئۇسكۈنىلىرى، گۈلچىگى تەييارلاش سېخلىرى، ئانا ھەرە جەۋھىرى ئىشلەش ماھىرلىرى، موم، يېلىم ئىشلەش ئورۇنلىرى بار. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مۇتلەق بىر ئىنتىزام ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن، ئۇلارنىڭ قەتئىي خىلاپلىق قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان مۇقەددەسلىشىپ كەتكەن پرىنسىپ - قائىدىلىرى، ئەنئەنىلىرى، قېلىپلاشقان ياشاش ئادىتى بار. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنى بىر جەمئىيەت، بىر پادىشاھلىق دەيمىز.

ھەسەل ھەرە جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ، يەنە كېلىپ يەككە - يېگانە ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەسەل ھەرىسىگىلا خاس بولغان ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت

پۈتۈنلەي تەتبىقلاشقا بولىدۇ. مېنىڭچە بىر جەمئىيەت، بىر قوۋمنىڭ مەجۇتلۇقىمۇ دەل يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلغا باغلىق. تۆۋەندە مەن ئۇنى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھوقۇق دەپ ئاتايمەن.

## ئىقتىساد

بۇ ھەممىگە ئايدىڭ ئاددىي ھەقىقەت. تەبىئەت دۇنياسىدا كۆللەپ ياشناۋاتقان ھەرقانداق مەۋجۇتلۇق مەيلى ئادەم ياكى ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بولمىسۇن، ھەممىسى ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئورگانىك ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئېنېرگىيىگە موھتاج، تەبىئەتتە سىرتقى ئېنېرگىيىگە تايانماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان نەرسە يوق. ئۇنداقتا ئېنېرگىيە نەدىن كېلىدۇ؟

مانا دەل بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ھازىرقى بايان قىلىمىز بولغان «ئىقتىساد»نىڭ يىلتىزى. ئادەمتە ئادەم تىرىك ياشىشى ئۈچۈن، يېمەك - ئىچمەككە، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىغا موھتاج، بۇ ئەڭ دەسلەپكى شەرت. بۇنىڭلىق بىلەن ئىقتىساد بىلەن يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم ئۇقۇم دەپ قارىساق بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، يېمەك- ئىچمەك ئىقتىسادقا تەڭ ئەمەس، شۇنداقلا ئىقتىساد يېمەك -ئىچمەكنىڭ ئۆزى دېگەنلىك تېخىمۇ ئەمەس. ئەمما پاكىت شۇكى، ئادەمنىڭ تىرىكلىكى ئەڭ ئاۋۋال بىۋاسىتە يېمەك - ئىچمەككە باغلىق، ئادەم ئىقتىساد ئامىللىرى بولغان پۇل ياكى باشقا بايلىقلارنى يېمىسىمۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ، زاۋۇت، كان - كارخانىلار، بازار- ئېتىزلار بولىسىمۇ، ئىنسان قورسىقىنى تويغۇزسىلا تىرىك ياشاپ كېتىۋېرىدۇ، يەنىلا مەۋجۇت بولالايدۇ، ئۇنداقتا نېمىشقا بىز بۇ يەردە مەۋجۇتلۇقنىڭ بىرىنچى شەرتىنى ئوزۇقلۇق دېمەي نېمە دەپ ئىقتىساد دەيمىز؟

بۇنىڭدا ئاۋۋال بىز مەن تىلغا ئالغان مەۋجۇتلۇقنىڭ قايسى مەنىدىكى مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

بولۇپ تۇرۇشى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئامىلغا باغلىق.

بىرىنچىدىن، ھەسەل ھەرىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تىرىك ياشىشى ئۈچۈن گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن تاغ، دالا، باغلاردا، ئېتىزلاردا ياشىشى كېرەك. ئوزۇقلۇق ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئورگانىك ئاساسى. ئۇلارغا ئۆزىگە خاس لايىق بولغان تەبىئىي مۇھىت بولۇشى كېرەك. تەبىئىي مۇھىت بولماي ئۇلار ياشىيالمايدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بىرىنچى شەرت — ئۇلارنىڭ ياشىشىغا ماس بولغان تەبىئىي مۇھىت. ياكى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك دېگەندە ئورۇنلۇق.

ئىككىنچىدىن، ھەسەل ھەرىلىرى يەككە ياشىمايدۇ، ئۇلار توپلىشىپ ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان ياشاش قانۇنلىرى بار. ئۇلار بۇ قائىدە - ئەنئەنىلىرىگە خىلاپلىق قىلسا، گەرچە يەككە - يەككە تىرىك ياشىيالىسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي مەنىدىكى ھەسەل ھەرىسى جامائىتى بولالمايدۇ، يەنى ئۆزلۈك سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ، دېمەك ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ھەقىقىي ھەسەل ھەرىلىرى جەمئىيىتى بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن ئىككىنچى مۇھىم ئاساس ئۇلارنىڭ قېلىپلاشقان، تۇراقلاشقان ياشاش ئادىتى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلاردا ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان، ئۇلار بىر پادىشاھلىق، ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئۆزىگىلا خاس ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى بار. ئۇلار شۇ چەكلىمىدىن چىقىپ كەتمەي، پادىشاھلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ساقچى ھەرىلەر سىرتتىن كەلگەن يات ھەرىلەرنى ئۇۋىسىغا كىرگۈزمەيدۇ، دېمەك ئۇلارنىڭ شۇنداق ئېنىق ئايرىلغان ھوقۇق- مەجبۇرىيىتى ئۇلارنىڭ بىر يىمىرىلمەس، ئىناق، ئىنتىزامچان بىر جامائەت بولۇپ ياشىشىنىڭ مۇھىم بىر كاپالىتى، يەنى بىخەتەرلىك كاپالىتى.

بىز بۇنى، يەنى مەۋجۇتلۇقنىڭ بۇ ئۈچ خىل شەرتىنى مەلۇم مىللەتكە، جەمئىيەتكە، دۆلەتكە تەتبىقلىيالايمىزمۇ؟ مېنىڭچە،

تۇرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن كاپىتالىزمنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى ئىقتىسادنىڭ بىر قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇققا بولغان تەسىرىنى تارىختىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن پەللىگە يەتكۈزدى. ئىقتىساد دۆلەت، جەمئىيەتنىڭ ماددىي نېگىزىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ھوقۇقى، بەختەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. دۆلەتلەرنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولدى، ئەلۋەتتە ئىقتىساد دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىدىكى مۇھىم پەرق كۆرسەتكۈچكە ئايلاندى، دۆلەت، جەمئىيەتنىڭ بارلىق پائالىيىتى ئىقتىسادنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان بولدى، ئەلۋەتتە بايلىق تارىختىكى دۆلەتلەرنىڭمۇ دۆلەت قۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ماددىي ئاساسى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان كۈچلۈك - ئاجىزلىقنى بەلگىلەش رولى توغرىسىدا ھازىرقى زامان دۆلەتلىرى بىلەن ئىلگىرىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۇقۇمىدا پەرق بار. كۈچلۈكلۈك روشەنكى مەلۇم بىر ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا ئايرىلىدۇ، سىزنى كۈچلۈك دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بۇ ئەتراپىڭىزدا سىزدىن ئاجىز كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى ئاشۇ ئاجىزلاردىن كۈچلۈك بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سىزنى كۈچلۈك دەيمىز. ئەگەر ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر سىزدىن كۈچلۈك بولسا، سىزنى كۈچلۈك دېيىشنىڭ ئۆزى بىر ھاماقەتلىك بولىدۇ. دېمەك، قەدىمكى دۆلەتلەر ئاساسەن ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئۆز خەلقىگە سېلىشتۇرۇپ، قارشى تۇرۇپ ئىسيان كۆتۈرۈپ قالسا باشقۇرالىغۇدەك كۈچى بولسا، ئۆزىنى كۈچلۈك ھېسابلاپ، ئۆزىنى ئەتراپتىكى بىر نەچچە قوشنىسىغىلا سېلىشتۇرۇپ خۇلاسىگە كەلگەن ھەم قەدىمكى دۆلەتلەرمۇ ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىگە مەنە جەھەتتىن ئوخشمايدۇ، قەدىمكى دۆلەتلەردە ھازىرقى دۆلەتلەردىكىدەك روشەن چېگرا پەرقى بولمىغان، ئۇلاردا پەقەت پاسىل بولغان، پۇقرانىڭ

بىرىنچىدىن، بۇ بىر شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى بىر قوۋم، بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتىلغان.

ئىككىنچىدىن، بۇ مەيلى قۇل، مەيلى خان بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالمىغانلا گەۋدىلەرگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەن، ئورۇندا باشقىلار بىلەن باراۋەر ھالەتتىكى مەۋجۇتلۇققا قارىتىلغان.

ئۈچىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى، سالاھىيەت قىممىتىنى يوقاتماي ساقلاپ قالغان، ئۆزلىرىگە ئۆزۈل ـ كېسىل ۋەكىللىك قىلالىغان مەۋجۇتلۇققا قارىتىلغان.

بۈگۈندىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىر قوۋمنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمەي، نېمىگە ئوخشىسا ئوخشاپ، ئىشقىلىپ تىرىك مىدىرلاپ يۈرگىنى ئۇلارنىڭ مەن دېگەن مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئەمەس، مەن دېمەكچى بولغان مەۋجۇتلۇق ئۇقۇمىدا ئىنسانلارنىڭ ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالماي ياشاشتەك ئەڭ ئېپتىدائىي، ئەڭ ئەقەللىي مەۋجۇتلۇق چۈشەنچىسىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. يەنە كېلىپ مەن تەكىتلەۋاتقان مەۋجۇتلۇق ئۇقۇمى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قوۋم ـ جەمئىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولماستىن، بەلكى ھازىرقى زاماندىكى جەمئىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر. ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرى ئۈچۈن نوقۇل يېمەك ـ ئىچمەك ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ خىل مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولالمايدۇ. بۇ ئېپتىدائىي جەمئىيەتكىلا ماس كېلىدىغان ئۆلچەم، شۇڭلاشقا بىز بۇ يەردە ئىقتىساد دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئالدىنقى شەرت قىلمىز، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى تارىختىكى ھەر قانداق بىر دەۋردىكىدىن زىچ ھەم ئايرىلماس.

بولۇپمۇ سوللىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ سانائەتچىلىكنىڭ

ناھايىتى ئېچىپ كەتكەن، ئەمما باشقىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇۋاتقان نانىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ قورسىقىنى تويغۇزالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ھاماقەتلەردۇر. ئاجىزلارنىڭ ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرى كۈچلۈكلەردە بولسا، شۇ نەرسىدىنمۇ ئېۋەن تېپىپ چىقالايدۇ. يۇقىرىقىدىن يەكۈن چىقارساق، ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرىمۇ پەن - تېخنىكا سانائىتىنىڭ ئىقتىسادنى غايەت زور تەرەققىي قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ ئىقتىسادتىن ئايرىلالمىغان، شۇنداقلا ھازىرقى مەۋجۇتلۇقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىمۇ ئوخشاشلا ئىقتىسادنى باش شەرت قىلىدۇ.

خوش، ئىقتىسادنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، ئۇنداقتا ئىقتىساد تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرگە تايىنىدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاۋۋال ماددىي بايلىق مەنبەسى، يەنى خام ئەشيا بولۇش كېرەك، بۇ بىرىنچى شەرت، خۇددى بۇ، مەشىنىڭ ئۆينى ئىسسىتىشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئوتتۇن - كۆمۈر بولمىسا بولمىغاندەك بىر ئىش .بۇ ھەرگىزمۇ بايلىق مەنبەسى مول زېمىنغا جايلاشقان خەلقلەر چوقۇم بايلىق مەنبەسى كەمچىل زېمىندىكى خەلقلەردىن باي، كۈچلۈك كېلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، مەيلى خام ئەشيا شۇ زېمىندىن چىقسۇن ياكى باشقا چىقىدىغان جايلاردىن سېتىۋېلىنسۇن، ئۇ چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ماددىي ئالدىنقى شەرتى، ئۇنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۇنىڭ ئاز - كۆپلۈكى تەرىپىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىككىنچى مۇھىم ئامىل ئەقىل جۇغلانمىسى.

ئىككىنچىسى، ئەقىل جۇغلانمىسى. بۇ ماددىي ئامىل، يەنى خام ئەشيادىن قانداق پايدىلىنىشنى، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى

دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى ھەربىي ئالىم، سىياسىيئونلار بولغان بولسا، ھازىر مەسلىھەتچىلەر ئىقتىسادشۇناس، جەمئىيەتشۇناسلاردىن چىقىدىغان بولدى، بولۇپمۇ ھازىرقى دۇنيادا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە، سىياسىتىنى قانداق تۈزۈش، ئۇلارنىڭ گۈللىنىش ياكى ھالاكىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل. بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىي چېگرىلار ئاساسەن يوقالغان دۇنيا بولىدۇ، ئەگەر دۆلەتلەر ناھايىتى دانا بولمىسا، ئۇلار بىلىپ - بىلمەي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، ھازىر گەرچە دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ياخشى تەرەققىي قىلغان، ئىقتىسادىي ئاساسى ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ياخشى ھالەت مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. ھەر ۋاقىت ئىقتىسادنىڭ ۋەيران بولۇش، تۆكىشىش خەۋپى بار. ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇشتىكى نابابلىقى ھەر ۋاقىت شۇ دۆلەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشى مۇمكىن. 1997- يىلىدىكى شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە ئارگېنتىنانىڭ ئۇچرىغان قىيىنچىلىقى بۇ مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن 3 - 4 يىل ئاۋۋال ئارگېنتىنا 3- دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىيات ئۈلگىسى دەپ تەرىپلىنەتتى، مانا ئەمدى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا بىر ۋەيرانە دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

دېمەك، بۈگۈنكى دۇنيا جەمئىيىتىنى غايەت زور بىر تور دېسەك، بۇ تور ئىقتىسادتىن ئىبارەت يىپتا توقۇلغان. نۇرغۇن ساددا، ئاق كۆڭۈل، قىزىق قان كىشىلەر ئىقتىسادنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ، روھىي كۈچنىڭ رولىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشەنچ قىلىدۇ. ئۇلار نامراتلىق تۈپەيلىدىن تارتقان تالاپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ (رېئاللىق تاڭغان مەسىلىلەرگە ئارقىسىنى قىلىۋېلىش ئاجىزلارنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى)، ئۇلار ئېرىششىنى ئارزۇلاۋاتقان نەرسىلەر ئۆزى ئېتىراپ قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، شۇ نەرسىلەرنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار قورسىقى

سىستېما، شۇنداقلا دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى، ھۆكۈمەت ئۆز فۇنكسىيىسىنى، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان ساھە، مەن يۇقىرىقى تىلغا ئالغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە دەل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان ئىقتىسادىي تەدبىر، تۈزۈم - سىياسەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ ياكى بۇنى باشقىچە ئېيتقاندا، ماركسىزم پەلسەپىسىدىكى ئىقتىسادىي بازىغا قۇرۇلىدىغان ئۈستقۇرۇلما ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ قانداق بولۇشى مەزكۇر رايوندىكى خام ئەشيا، پەن - تېخنىكا ئەۋزەللىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى شارائىت، تاشقى مۇھىت جەھەتتىن بەلگىلەيدۇ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ، بىر ئادەم يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە نۇرغۇن پايدىلىق ئەمەلىي بىلىم بىلىشى، شۇ رايوندا شۇنىڭ بىلىمىگە ماس تەبىئىي شارائىتمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما شۇ جايدىكى شۇ تەبىئىي بايلىق ھەققىدىكى سىياسەت، تەدبىرلەر تولىمۇ قالاق، ئۈنۈمسىز بولسا (مەسىلەن، باج يۇقىرى، رەسمىيەت تولا دېگەندەك ) ھېلىقى بىلىملىك ئادەم يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىقى مۇمكىن.

جۇڭگومۇ باشتا كوپېراتسىيىلىشىش يولىدا ماڭدى (ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە)، ئەمما ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، 1978- يىلىدىن كېيىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىقتىسادتا ياخشىلىنىش كۆرۈلدى، ئەمما يەنىلا بەزى مەسىلىلەر يوقالمىدى، كېيىن پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتتى، ئەمدىلىكتە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىردى، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى زور ئىسلاھاتلار بولۇپ، ھەر بىر قېتىملىق ئىسلاھات جۇڭگوغا غايەت زور پايدا ئېلىپ كەلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئىقتىساد ماھىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد

قانداق قىلغاندا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بولۇپ، ئاددىيراق ئېيتقاندا، ھۈنەر ـ سەنئەت، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، پەن ـ تېخنىكا، بىلىمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى خام ئەشيانى تىرىلدۈرۈشتۇر . خام ئەشيا ئەسلى بىر ئۆلۈك ماددىي نەرسە، ئەمما ئۇ ئەقلىنىڭ پىششىقلىشىدىن ئۆتكەندە، يېڭى قىممەت، ئىقتىدار قېتىلغان يېڭىچە بىر بۇيۇمغا ئايلىنىدۇ، ھازىرقى زامانىدىكى باي ـ نامراتلار پەرقى ئۆزىدىكى خام ئەشيادىن قانچىلىك پايدىلىنىش ئىقتىدارى، يەنى چۈشىنىشلىك دېگەندە ئۇلاردىكى پەن ـ تېخنىكا جۇغلانمىسىدىن كېلىدۇ، بۇ يەردە مېڭە بىرىنچى ئامىل، تۆمۈر بايدىمۇ بار، نامراتتىمۇ بار، ئەمما تۆمۈر بايدا ماشىنا، تانكا، ئايروپىلانغا ئايلانغان بولسا، نامراتتا، كەتمەن، گۈرجەك، بولقىغا ئايلانغان، پەن ـ تېخنىكا دەل تۆمۈرنىڭ نېمىگە ئايلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل .

ئەقىل جۇغلانمىسى ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل ئادەملەردىكى تىجارەت ئىقتىدارى، بۇ تەييار بولغان مەھسۇلاتنى بازاردا پايدىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى زاماندا بۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار بولۇپ، بۇنىڭ بولماسلىقى بىلەن نۇرغۇن خام ئەشيالىرى، مەھسۇلاتلىرى بار كىشىلەر يەنىلا باي بولالماي يۈرىدۇ. مەسىلەن، دېھقاندا زېمىن بار، ئاشلىق كۆپ، ئەمما ئاشلىق سودىگەرلىرى دېھقاندىن باي، قاسساپلار چارۋىچىدىن باي.

بەزى ھاللاردا مەلۇم بىر جاينىڭ كىشىلىرى ھۈنەر، تېخنىكىغا، تىجارەتكە ماھىر بولۇشى، تەبىئىي بايلىقىمۇ بولۇشى، ئەمما يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن، بۇنداق ۋاقىتتا بىز سەۋەبنى شۇ يەردىكى ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ بەرپاچىسى ھۆكۈمەتتىن ئىزدەيمىز.

ئۈچىنچىسى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە مەلۇمكى، ھازىرقى زاماندا، ئىقتىساد يۇكسەك دەرىجىدە تۈزۈلمەلەشكەن، سىستېمىلاشقان، دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئىدارە قىلىنىدىغان بىر پۈتۈن

«دۇنيادىكى ئىشلار» پروگراممىسىدا 100 چە ئادەمنىڭ لوندوندا ئىشەككە قەھۋە ئارتىپ نامايىش قىلغانلىقى كۆرسىتىلدى. چۈشەندۈرۈلۈشىچە، يەر شارى مىقياسىدا قەھۋە ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىپ قەھۋە تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن قەھۋەنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىپ قەھۋە ئىشلەپ چىقارغۇچىلار زور زىيان تارتقان، پايدىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت - شىركەتلەر ئالغان، بۇ كىشلەر زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ پايدىسىنىڭ بىر قىسمىنى قەھۋە تېرىغۇچىلارغا ئايرىپ بەرسۇن، دەپ نامايىش قىلغانىكەن. قەھۋە لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئافرىقىدىكى دۆلەتلەردىن چىقىدۇ، ئۇنى سېتىۋېلىپ پىششىقلايدىغان شىركەت - زاۋۇتلار بولسا ياۋروپا، ئامېرىكىدا.

ياپونىيە دۇنيا ئېتىراپ قىلغان تەبىئىي بايلىق ئىنتايىن كەمچىل دۆلەت، ئەمما ئىقتىسادى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەت. ياپونىيىنىڭ پەن - تېخنىكا، تۈزۈلمە ئەۋزەللىكى ئۇلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى كەمچىل بولۇشتەك يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلاپ كەتكەن.

يەنە مىسالغا ئالىدىغان بولساق، يۇرتىمىز شىنجاڭ جۇڭگونىڭ مۇھىم پاختا، ئاشلىق بازىسى، ئەمما نامراتلىق بۇ يەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالاھىدىلىكى، بۇ يەردە پاختا كۆپ ئىشلەپ چىقىرىلغان بىلەن پاختىدىن ئىشلىنىدىغان بازار تاپقان داڭلىق مەھسۇلاتلار يوق دېيەرلىك. مېۋە كۆپ چىققان بىلەن باققاللار نامرات. دېمەك، تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى تېخنىكا، تۈزۈلمە ئەۋزەللىكىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ بىر قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىدۇ، قاراپ باقىدىغان بولساق، قەيەر نامرات، ئىقتىسادى قالاق بولسا، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت - تۈزۈلمىسى قالاق، قۇرۇق رەسمىيەت- قائىدە ھەددىدىن زىيادە تولا. ناۋادا بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىلغار، سىياسەتلىرى ئۈنۈملۈك بولسا، گەرچە

قىلىش، ئەركىن - ئازادە ئىقتىسادىي مېخانىزىم يارىتىپ بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى ھەددىدىن زىيادە چىڭ كونترول قىلىۋېلىشىنى بوشاشتۇرۇشتۇر، ھازىرقى دۇنيادىكى ئىقتىسادتا تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى مۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكنى، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئۇنچىۋالا ئارىلىشىۋالمايدىغانلىقىنى، بازارنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمدى بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئومۇمىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - بىرىگە چەمبەر چەس باغلانغان بولىدۇ، بىر - بىرىگە تايىنىدۇ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئامىلنى ئالاھىدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتى بار دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇلاردىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ھازىرقى زاماننىڭ ئىقتىساد ھالىتىدىن قارىغاندا، كېيىنكى ئىككى ئامىل پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە تۈزۈلمە ئەۋزەللىكى تېخىمۇ بەكرەك مۇھىم ئورۇنغا ئۆتمەكتە، ئەلۋەتتە، خام ئەشيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى، ئەمما ھازىر خام ئەشيانى خام ئەشيا پېتى سېتىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پەقەت قالاق ئەللەرنىڭلا ئىقتىسادىي ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالدى، بىرى بىر تاغار بۇغداينى 100 كويغا سېتىپ خوش بولسا، يەنە بىرى بىر تاغار بۇغدايدىن 1000 كويلۇق قىممەت يارىتىپ پۇل تاپالايدۇ، بۇ يەردە بىلىم شۇنداق زور دەرىجىدىكى پەرقنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ھازىرقى زامان دۇنيا ئىقتىسادى خەرىتىسىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك تەرەققىي قىلمىغان 3- دۇنيا ئەللىرىگە جايلاشقانلىقىنى، ئەمما بۇ بايلىقلاردىن شۇلار ئەمەس، بەلكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بەكرەك ۋايىغا يەتكۈزۈپ پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز، ئۆتكەندە تېلېۋىزوردا

شەيئىنىڭ سالاھىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، مانا بۇ سالاھىيەت شۇ شەيئىنىڭ ئۆزلۈكىنى ساقلاپ ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۆزىدىنلا دېرەك بېرىدىغان يات شەيئىلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلايدىغان مۇھىم كاپالەت.

بىر مىللەت، بىر قوۋم، بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۇلارنى باشقا قوۋم، جەمئىيەتلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ياكى نوپۇسى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئىگە بولغان تېررىتورىيىسى بولماستىن، بەلكى شۇ جەمئىيەتنىڭ مىراس مەنىۋى تىندۇرمىسى بولغان مەدەنىيىتىدۇر. پەقەت مەدەنىيەتلا ئۇلارنىڭ (شۇ جەمئىيەتنىڭ) ھەقىقىي سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى، قانداق جەمئىيەتلەرنىڭ دوستى، قانداق جەمئىيەتلەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، بۇ خۇددى كىمنى قوللاپ، كىمگە قارشى تۇرۇشنى بىلەلمىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زادى كىملىكىنىمۇ تازا ئېنىق ئاڭقىرالمىغاندەك ئىش.

بىزنىڭ ھازىرقى مۇلاھىزىمىز، مەدەنىيەتنىڭ زادى قانداق ئۇقۇم ئىكەنلىكى ئۇنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بارلىقى ئۈستىدە ئەمەس، مەدەنىيەتنىڭ بىر جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىدا تۇتقان ئورنى ھەم مەدەنىيەتنىڭ كۆچىيىشتە تايىنىدىغان زۆرۈر ئامىللىرى ھەققىدە بولىدۇ.

ئىنساننىڭ مېڭە، قەلبكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ، مەدەنىيەتلىك ياشىشىنى بەلگىلىگەن، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتتىن مەھرۇم ھالەتتە ئىنسان ھېسابلانمايدىغانلىقى شەيئى قىممىتىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىدەك ماددىي نۇقتىدىنلا ئۆلچەيدىغان، كۆزىتىدىغانلارغا ئايان بىر پاكىت.

ئادەم ئۆزىنىڭ تىرىك تۇرالىغانلىقىنى ئەڭ زور مۇۋاپپەقىيەت دەپ ساناپ، شۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ئولتۇرمايدىغان بىر

ئۇ يەردىن خام ئەشيا چىقمىسىمۇ، پەن ـ تېخنىكا ئەۋزەللىكى بولسىمۇ، شۇ رايون چوقۇم تەرەققىي قىلىدۇ. ئىلغار تۈزۈلمىلەشكەن مۇھىت خام ئەشيانىمۇ، پەن تېخنىكىنىمۇ جەلپ قىلىپ ئەكېلەلەيدۇ، دېڭىز بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى. شياڭگاڭ ئەسلى بىر كىچىككىنە بېلىقچىلىق يۇرتى، ئەمما ھازىرغا كەلگەندە دۇنيانىڭ مۇھىم پۇل ـ مۇئامىلە مەركىزىنىڭ بىرى بوپقالدى. بۇ يەردىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلمۇ شياڭگاڭنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئەۋزەللىككە قېتىلغان تۈزۈلمە ئەۋزەللىكى.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن شۇ مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، بولۇپمۇ تېخنىكا، تۈزۈلمە بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىدا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەگەر بىز نامراتلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىسەك، چوقۇم مۇشۇ ئۈچ خىل ئامىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمىز. خام ئەشيا ماددىي شەرت، تېخنىكا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، تۈزۈلمە بولسا زۆرۈر شارائىت.

### مەدەنىيەت

مەن باشتا تىلغا ئالغان «بۇ مەۋجۇتلۇق ئۆزىمىزگىلا ۋەكىللىك قىلالايدىغان مەۋجۇتلۇق بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆز ھېلىمۇ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن، مانا بۇ دەل بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت سالاھىيىتى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان.

ئۇنداقتا، خاسلىق دېگەن نېمە؟ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇكى، خاسلىق مەلۇم شەيئىنىڭ ئۆزىدىلا بار بولغان، ئۇنى باشقا شەيئىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالامەت، خۇسۇسىيەتلەر. بۇ ئالامەت، خۇسۇسىيەتلەر بىرلىشىپ شۇ

مەسىلىلەردە ئورتاقلىقنى ساقلايدۇ. ياۋروپالىقلار زوقلانغان نەرسىلەردىن ئەرەبلەر نەپرەتلىنىشى، ئەرەبلەر ئارزۇلىغان نەرسىلەرنى ياۋروپالىقلار نەزىرىگىمۇ ئىلماسلىقى مۇمكىن. مانا بۇنى مەدەنىيەت بەلگىلەيدۇ،مەدەنىيەت دەل شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزلۈكى ھېسابلىنىدۇ، مەدەنىيەت ئۆز ئەھلىگە ئورتاق غايە، ئورتاق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئورتاق قىممەت قارىشى بېرىدۇ، مەدەنىيەت شۇلارنىڭ مەۋقەسى، بايرىقى ھېسابلىنىدۇ، باشقىلار ئۇلارنى شۇ بايرىقى بىلەن تونۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. دېمەك، بىر قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا نىسبەتەن شۇ قوۋمنىڭ سالاھىيىتى، كىملىكى، كىم بىلەن بىر سەپتە، كىم بىلەن ئەمەسلىكى ئۇلار تەۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دېمەك مەدەنىيەت بىر قوۋمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ يىغىندىسى بولغاچقا، شۇ قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، مەدەنىيەت ئۆز قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىگە خاس قىممەتكە، مەنىگە ئىگە قىلىسىمۇ، ئەمما شۇ قوۋمنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ (ئەلۋەتتە بۇنىڭغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئەمما بەلگىلىيەلمەيدۇ).

مەدەنىيەت بىر پۈتۈن سىستېما، ئەمما ئۇ نۇرغۇن تەركىب، ئامىللاردىن تەركىب تاپقان، بۇ ئامىل، تەركىبلەرنىڭ مۇھىم ياكى ئەمەسلىكى شۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىچىدە تۇتقان ئورنى، مەدەنىيەتكە قارىتا ئوينايدىغان رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بەزى تەركىبلەر يادرولۇق، نېگىزلىك بولىدۇ، يوللار مەدەنىيەتنىڭ يىلىكى ھېسابلىنىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئىككىلەمچى ئورۇندا بولىدۇ، ئۇلار يىلىكنىڭ تاشقى ئىپادىلىرى ياكى قاسىرىقى بولىدۇ، قاسىراقنى ئالماشتۇرۇش گەرچە مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما ئۇ مەدەنىيەتنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ، ئەمما يىلىك چوقۇم بولۇشى،

مەخلۇق، ئۇ قىلغان ھەر قانداق ئىشتىن مەنە ئىزدىگۈچى دەل ئىنسانلارنىڭ توختاۋسىز مەنە ئىزدەش تەبىئىتى، مەدەنىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتنى غايەت زور مەنىلەر تورى دېسەك، ئىنسان شۇ تورغا ياماشقان بىر ئۆمۈچۈك، مەلۇم بىر ئادەملەر توپىنىڭ ئوخشاش بىر جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ئۇزاق مۇددەت بىرگە ياشىشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئورتاق تارىخىي كەچۈرمىشلىرى شۇ توپتا باشقا كىشىلەر توپىدا بولمىغان خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ خاسلىقلار شۇ توپنىڭ ھەر قانداق بىر ساھەسىگە مەيلى تەپەككۇر ئۇسۇلى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، قارىشى، مەيلى كىيىم - كېچەكى، يېمەك - ئىچمىكى، يۈرۈش تۇرۇشى، پىسخىكىسى، تىرىكچىلىك ئۇسۇلى، بىناكارلىق ئۇسۇلى... بولمىسۇن، ھەممىگە ئورتاق سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مانا بۇ خىل خاسلىقلار دەل شۇ توپنىڭ مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەدەنىيەتنى بەلگىلىك كىشىلەر توپىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئورتاق تارىخىي قىسمەتنى باشتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھە، قاتلاملىرىدا شەكىللەنگەن ئورتاقلىقلارنىڭ يىغىندىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ياكى ئۇ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىلەردە تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مىراس. ئارنولد توينبىنىڭ قارىشىچە بولغاندا، مەدەنىيەت دىنىنىڭ ئىپادىلىنىشى، دىن بولسا مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى.

ئىنسانلار ئۆز ئارا پەرق - ئوخشاشلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مۇتلەق كەسكىن پەرق، مۇتلەق ئوخشاشلىق مەۋجۇت بولمايدۇ، ئىنسانلاردا پەرق بار، ئورتاقلىقمۇ بار، ئەمما پەرق، ئورتاقلىق ئىنسانلار تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، ئوخشاش بىر مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەردە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەرگە قارىغاندا ئورتاقلىق كۆپ بولىدۇ. ئوخشاش بىر مەدەنىيەت ئەھلى، كونكرېت مەسىلىلەردە پەرقلەنگەن بىلەن ئەمما ئابستراكت ئومۇمىي

قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، يۇقىرىقى مىسال يەنىلا بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، جۇڭگو، ھىندىستاننىڭ زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى ھەممىگە ئايان.

3. كۈچ. بۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەمەلىي كۈچى، ھەربىي كۈچ، پەن - تېخنىكا كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە بۇنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھەممە ئادەم ھېس قىلالايدۇ. بۇلار شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىدارىنى، ھەتتا تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل، بۇ مەدەنىيەتنىڭ كېڭىيىشىنىڭ، تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى.

4. يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەزىم قىلىش، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ سىجىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن قاسىراق تاشلايدۇ، ئەمما قاسىراقنىڭ تاشلىنىشى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسىگە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، يىلىكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، روشەنكى يېڭى قاسىراق يەنىلا ئەسلىدىكى مۇسكۇلدىن ئوزۇقلىنىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىدە ئەبەدىيلىك قىممىتىگە ئىگە نەرسىلەر، شۇنداقلا ۋاقىتلىق نەرسىلەرمۇ بولىدۇ.

قىسقىسى، بىر مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ھالىتى، ئىپادىسى، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئامىللاردىن شەكىللەنگەن رېئال ئەمەلىي كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەم بۇ ئامىللار مەدەنىيەتنىڭ كۆلىمى ۋە ئېنېرگىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى پەقەت ئۇنى باشقا مەدەنىيەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئامىل بولۇپ قالماستىن، مۇھىمى شۇ مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى، نېگىزى بولىدۇ. يۇقىرىقى تۆت خىل ئامىل ئادەتتە بىر بىرى بىلەن كىرىشىپ كېتىدۇ، ھازىرقى زاماننىڭ ئومۇمىي ھالىتىدىن قارىغاندا 3- ۋە 4- ئامىلنىڭ مەدەنىيەت گەۋدىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى بەكرەك گەۋدىلىك بولماقتا.

يوقالماسلىقى شەرت، مەدەنىيەت يىلىكىنىڭ يوقىلىشى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوقىلىشى ھېسابلىنىدۇ، مېنىڭچە بىر مەدەنىيەتنىڭ دۇنيا، ئىنسان، تۇرمۇش ھەققىدىكى تۈپكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ھاياتلىق ھادىسىلىرىگە تۇتقان قىلىپلاشقان ھۆكۈم - ئۆلچەملىرى، تىلى مەركىزى مەدەنىيەتنىڭ يىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئاۋام ئۆز مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان مۇھىتتا ئىستىخىيىلىك تەرىزدە مەدەنىيىتىنى سىزغان يول بويىچە ياشايدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ جەرياندا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ رېئاللىقتىكى ئىستىقبالى، تەقدىرى، قىممىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. مەدەنىيىتى تەھدىتكە، كۈچلۈك بېسىمغا، يات مەدەنىيەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان چاغدا، ئاندىن ئۆز مەدەنىيىتى ھەققىدە ئويلىنىشقا، قىممىتىنى قايتىدىن تونۇپ يېتىشكە باشلايدۇ، ئەمما بۇ چاغدا ئۇلار خېلىلا كېچىككەن بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداقتا مەدەنىيەتنىڭ كۈچىيىشىدە تايىنىدىغان ئامىللىرى قايسىلار؟

مەن بۇنى تۆۋەندىكى تۆت ئامىلغا يىغىنچاقلىدىم.

1. نوپۇس. ئەلۋەتتە، بۇ شۇ مەدەنىيەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە نوپۇسنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇقتۇرمەنلەر چۈشەنسە كېرەك. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئامىلى ھېسابلىنىدۇ، ئادەمسىز مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. ئەمما، نوپۇس يەنىلا ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. مەسىلەن، 19- ئەسىرلەردە ھىندى، جۇڭگو مەدەنىيىتى ناھايىتى زور نوپۇسقا ئىگە ئىدى، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۇلارنىڭ نوپۇسى بىلەن ئۇنىڭ تاناسىپ تۈزمىدى.

2. تېررىتورىيە. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت گەۋدىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى زېمىن ئاساسى، بۇمۇ ئوخشاشلا بولمىسا قەتئىي بولمايدىغان ئامىل. ئەمما يەنىلا ھەل

...ە ئورۇندا باراۋەر بولالىشى دەل ئۇلار بەھرىمەن
...ڭ خاراكتېرى، دەرىجىسى، دائىرىسى تەرىپىدىن
...بولغان چۈشەنچە تارىختىن بۇيان ھەرخىل بولۇپ
...ۈگۈنگە قەدەر پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئورتاق ئېتىراپ...
...مۇقىم بىر ئۆلچەملىك ھوقۇق چۈشەنچىسى مەيدا...
...ى يوق. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، ئوخشىمىغان قوۋملا...
...ۇگىيە، ئۆز ئالدىغا ھوقۇق ھەققىدىكى تۈزۈمگە تەۋە قاتار بىر...
...سىنىڭ ئۆز ئالدىغا چۈشەنچىلىرى بار. مەلۇم نۇقتىسىد...
...ىمايدىغان ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر يۇقىرىقى...
...ھەققىدىكى ئوخشىمايدىغان سىياسىي مۇھىم تۈ...
...ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي - سىياسىي ئەركىنلىك بىلەن...
...خەلقلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان رامكىسىدىلا زىم...
...مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىنختىلاپ ھوقۇق ھە...
ھازىرقى سىياسىي، ئىجتىمائىي بولۇپمۇ ئوخشىمايدىغان...
دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، پۈتۈنلەي شەرقلىقلەر مۇئا...
شەرق بىلەن غەرب نەزەرىدە ھوقۇقى ھوقۇق...
غەربلىكلەر، شەخسنىڭ ھوقۇقىنى...
مۇستەبىت كوللېكتىپىزمنىڭ ھوقۇقى...
يەردە كوللېكتىپ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نىم...
كوللېكتىپنىڭ ھەممىسى ئە...
ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسنىڭ ئا...
كوللېكتىپ كوللېكتىپ ...
بوغۇۋالغان كوللېكتىپنىڭ مەجبۇر...
پۇقرالىرىنىڭ...
تەكىتلىنىدۇ. . .
شەرقلىقلەرنىڭ
ھەددىدىن زىياد...

مەۋ...

قىلىشىغا ئېرىش...
بولۇۋاتقان ھوقۇق...
بەلگىلىنىدۇ.
ھوقۇققا...
كەلدى، تا...
قىلىدىغا...
كەلگ...
ئىدىيە...
ھەم...



قىسقىسى، مەدەنىيەت بىر جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە مەزمۇنىدىن ئىبارەت، مەزمۇنسىز گەۋدە ھېچنىمىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئايرىلغان جەمئىيەت يوقالغان جەمئىيەت، گەرچە ئادەملىرى تىرىك يۈرسىمۇ.

ئەمدى توختىلىدىغىنىمىز مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم ئامىلى.

## ھوقۇق

روشەنكى، ئادەم يەككە - يېگانە ھالدا ياشايدىغان مەخلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئىجتىمائىي - سىياسىي مەخلۇق، ئىنسانىڭ بىر ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ياشىشى ئۇنىڭ سىياسىي سالاھىيەتكە ئىگە بىر بىرلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى ئىنسانلاردىكى، باشقۇرۇش، باشقۇرۇلۇش، ھۆكۈمرانلىق قىلىش، قىلىنىش مۇناسىۋىتى ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىگە خاس بىر ئىجتىمائىي بوشلۇق ياراتقان، بۇنى ئىنسانلارنىڭ سىياسىي پائالىيىتى مەيدانىغا كەلتۈرگەن. مانا بۇ ئىجتىمائىي بوشلۇق ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم قورال شۇ بوشلۇققا لايىقلاشقان ھوقۇقتىن ئىبارەت.

ھەر بىر يەككە شەخسنىڭ بەھرىمەن بولغان ھوقۇقى شەخسنىڭ شۇ ئىجتىمائىي گەۋدە ئىچىدىكى سىياسىي شەخسىيىتىنى، ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئورۇن بولسا ...لاھىيىتىنىڭ، پائالىيەت ئەركىنلىكىنىڭ چەك - چېگرىسى ...ىدۇ. يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ...ولسۇن، ئىشقىلىپ شەرھلىگەندە «ئابۇ ... بۇنىڭدىن ئۆلۈ...

ئارقىلىق بەلگىلەپ بېرىدۇ. يەنى ئۇنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىدىكى قانۇنلۇق پائالىيەت چېگرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ پەقەت شۇ دۆلەت ئىچىدىكى شەخسكە نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ئورتاق بولىدۇ، ئەمما پۇقرالارنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدىكى ئورنى ئۇلارغا يەنە نۇرغۇنلىغان ئايرىم - ئايرىم سالاھىيەت، ھوقۇق مەجبۇرىيەت ئەكېلىدۇ، دۆلەتنىڭ يەنە ئوخشىمىغان رايونلارغا نىسبەتەن تۈزگەن قانۇن - سىياسەتلىرى بولىدۇ، بۇلار شۇ رايون خەلقىنىڭ سىياسىي ھالىتىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ھوقۇقنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىشتىكى ئىچكى سەۋەپ شۇكى، «ئادەملەر توغرا ئىشنىمۇ، خاتا ئىشنىمۇ، قانۇنلۇق ئىشنىمۇ، قانۇنسىز ئىشنىمۇ قىلىدۇ»، شۇڭلاشقا ئۇلارغا قىلىدىغان ئىش بىلەن قىلمايدىغان ئىشنى، قانۇنلۇق ئىش بىلەن قانۇنسىز ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى تىنچ ساقلاش زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بىر قاتار قانۇن - پرىنسىپلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ (بۇ يەردە ناھايىتى بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، كىم كىمگە سىزنى بەلگىلەپ بېرىدۇ؟ بەلگىلەپ بەرگۈچىدىكى بەلگىلەش ھوقۇقى نەدىن كەلگەن؟ ئەگەر ھۆكۈمرانلار بەلگىلىسە، ئۇ ھالدا ھۆكۈمرانلارنىڭ لاياقىتىنى كىم بەلگىلىگەن؟ كىم ئېتىراپ قىلغان؟ ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ھازىرقى مۇلاھىزىمىز بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئەمەس). دەل شۇ كۆرسىتىپ بېرىلگەن دائىرە ئادەملەرنىڭ قانۇنلۇق، ئەركىن پائالىيەت قىلىدىغان دائىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نېمىشقا بىز بۇيەردە «پائالىيەت» دېگەن ئۇقۇمنى ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز؟ چۈنكى، بىر شەخسنىڭ ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى شۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ، شۇ پائالىيەتنىڭ چەكلىمىسىز، توسقۇنسىز ئېلىپ بېرىلىشى ھەمدە پائالىيەتنىڭ دائىرىسى مەۋجۇتلۇق، تەرەققىياتىغا غايەت مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېمەك،

قويغان، كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتتە شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىكتەك ئەجەللىك ئىدىيىلەر ئەۋج ئالغان، ھوقۇق بەكلا تەكىتلىنىپ مەجبۇرىيەتكە سەل قارالغان، كوللېكتىۋىزملىق روھ يوقاپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىزلىغان . . .

ئەلۋەتتە، ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەرنىڭ بولۇشىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە، يەنە شۇ ئىككى جاينىڭ مەدەنىيەت پەرقىدىن كەلگەن، گەرچە ھازىر بىرلىككە كەلگەن بىرەر چۈشەنچە تېخى مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ ياكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا بۇ ھەقتە روشەن ئىختىلاپلار بولسىمۇ، شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەخس ياكى جەمئىيەت مۇئەييەن بىر ھوقۇق ھالىتىمۇ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. (بۇ خىل ھوقۇق ھالىتىنىڭ دەرىجىسى، خاراكتېرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر). ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شۇ ھوقۇقتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ، چۈشەنگىلىمۇ بولمايدۇ، ھوقۇقسىز ئۇلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

مەلۇمكى، ئىنسان خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك، بىر سىياسىي مەخلۇق، ئۇ دۆلەت ـ جەمئىيەت دېگەندەك بەلگىلىك سىياسىي كاتېگورىيىلەردە ياشايدۇ، بۇ سىياسىي كاتېگورىيىلەر شەخسكە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھوقۇق بېرىدۇ، ئۇنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ، بۇ يەردىكى سىياسىي سالاھىيەت ماھىيەتتە شۇ شەخسنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىنىڭ دائىرىسى، خاراكتېرىگە ئاساسەن ئېيتىلغان. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا بەلگىلىك دۆلەت تەۋەلىكى يوق ئادەملەر ئاساسەن دېگۈدەك يوق(پەقەت ياۋايى ئادەملەردىن سىرت). ئادەملەر دەل شۇ دۆلەت ئىچىدە ياشايدۇ، پائالىيەت قىلىدۇ، دۆلەت شەخسنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىنى ئۇنىڭ شۇ دۆلىتىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى

ئەۋزەللىك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ھازىرقى زاماننىڭ ھالىتىدىن قارىغاندا ھوقۇق دائىرىسى كەڭرەك جەمئىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ ياخشى، تېز بولماقتا. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە باشقا رايونلاردا بولمىغان ئەۋزەللىك ھوقۇق ئەۋزەللىكى بار.

## ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى

بىز يۇقىرىدا مەۋجۇتلۇقتىكى ئۈچ مۇھىم ئامىل — ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھوقۇق ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم يۈزەكى بولسىمۇ توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت. ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر - بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. چۈنكى، مەدەنىيەتنىڭ ماددىي قاتلىمىمۇ، مەنىۋى قاتلىمىمۇ بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ماددىي قاتلىمى دەل بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىدىكى قېلىپلاشقان، خاسلاشقان شەكىللەرنى ھەم مەدەنىيەتنىڭ ماددىيلاشقان بەلگىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى مەدەنىيەت بىر قاتار سىمۋوللۇق بەلگىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى ھەر بىر بەلگە بىردىن مەنىگە دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس پارسون مەدەنىيەتنى[1]، ئىچكى مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك قاتلاملارغا بۆلىدۇ. 1.جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي فورمىسى، بۇ جەمئىيەتنىڭ «A» قاتلىمى، يەنى بىئولوگىيىلىك تەشكىلىي قۇرۇلمىسى.

جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلى. ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تورى. بۇ خىل مۇناسىۋەت تورى

ھوقۇق مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھالىتىنى، تەرەققىياتىنى بەلگىلەشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ھوقۇق پائالىيەتنىڭ سېپىلى. كىشىلەر بۇ سېپىل ئىچىدە قوغدىنىدۇ، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن دەخلىسىز كۈرەش قىلىدۇ. چوڭ - كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداقتا بۇ سېپىلنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى كىم بەلگىلەيدۇ؟

بۇنى قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ ياكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى، قانۇن تۈزگۈچىلەر ئۆز ئېڭىدىكى كىشىلەر مۇشۇنچىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بويىچە قانۇن، سىياسەت تۈزىدۇ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

بۇنى يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بەلگىلەپ بېرىلگەن ھوقۇققا بولغان چۈشەنچىسى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ قانچىلىك دائىرىدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولالماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن كىشىلەر ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن ھوقۇقنى يەنە كەم، بىز يەنە مۇنۇ ھوقۇقلاردىنمۇ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، ھەر خىل يوللار بىلەن يەنىمۇ كۆپرەك ھوقۇقنى تەلەپ قىلىشى، قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

بىر دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەزكۇر جەمئىيەتلەرنىڭ شۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي - سىياسىي ئورنىنىڭ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، بىخەتەرلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى تەرىپىدىن شۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھوقۇق ھالىتى بەلگىلىنىدۇ.

قىسقىسى، ھوقۇق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مەنىسىگە ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى، دائىرىسى، دەرىجىسى شۇ جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتىنى مۇھىم بىر

مەدەنىيەتتى باشقىلارنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلىدۇ. باشقىلار ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە باغلاپ چۈشىنىپ، شۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئىنتىلىدۇ (مەسلەن، غەربنىڭ غايەت زور ئىقتىسادىي مۇۋاپپەقىيىتى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭمۇ ھازىرقىدەك كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىنى بەلگىلىگەن)، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىن گۇمانلىنىدۇ. مەدەنىيەتمۇ ئىقتىسادقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىقتىسادمۇ مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەدەنىيەتكە تەۋە بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى، يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئىجادچانلىق ئىقتىدارى، بايلىق دېگەنلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىپ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مەسىلەن، يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدىكى ئىقتىساد قارىشى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ھالىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن، يەنە جۇڭگو تارىخىدىكى خەن، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى بولغان ئىشخانا قول سانائىتى مەيدانغا كەلگەن، ئەمما كاپىتالىزم جۇڭگودا ئەمەس، ياۋروپادا مەيدانغا كەلدى. بەلكى، بۇنى بۇ ئىككى رايوندىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ماركس ۋېبىر كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ياۋروپادىكى دىن ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسى بولغان پروتېستانت دىنىغا باغلاپ ئىزاھلايدۇ. ھەتتا بۈگۈن بەزى جەمئىيەتشۇناسلار ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى بىرىنچى ئامىل مەدەنىيەت دەپ قارىماقتا. ساموئېل خونتىڭتون «مەدەنىيەتنىڭ رولى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «90-يىللارنىڭ بېشىدا مەن گانا ۋە كورىيىنىڭ 60-يىللاردىكى بەزى ئىقتىسادىي ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىنى يولۇقتۇرۇپ قالدىم. ھەيران قالغىنىم شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دارامىتى ئاساسەن دېگۈدەك

تۈزۈملەشكەن شەكىلدە توقۇلىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق،
ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، سىياسىي قانۇن - تۈزۈم دېگەندەك. بۇ
«I» قاتلىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

2.جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى،
مەسىلەن، دىن، سەنئەت دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3.جەمئىيەتنىڭ قىممەت ئۆلچەم سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. يەنى كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭلىق كونترول
قىلىش، چەكلەش ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق تەلىپى بولغان
قىممەت ئۆلچىمى دېگەندەك، بۇ «L» قاتلىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، شۇ روشەنكى، پارسوننىڭ قارىشىچە بولغاندا ئىقتىساد
مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، يەنى «A» قاتلىمى.

ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىگە كۆرسەتكەن
تەسىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە
مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاۋۋال
ئىقتىساد مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ھەم
مەدەنىيەتنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ
مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقى باشقا
مەدەنىيەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش - تۇرالماسلىقى شۇ
مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار ھالىتى، تەشەببۇسلىرى تەرىپىدىنلا
بەلگىلەنمەستىن، مۇھىمى شۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى، ئارقا
تىرىكى بولغان ئىقتىسادىي ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.
مەدەنىيەتلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى، ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ
ئۆتكەنلىكى ياكى كونىرىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ
مەدەنىيەت ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى،
مەدەنىيەتنى قوغدىغۇدەك ماغدۇرىنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن بولىدۇ.
مەدەنىيەت ئۆزى كۈچىيىپ قالمايدۇ، يوقاپ كەتمەيدۇ، بۇ يەنىلا شۇ
مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.
يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۈچلۈك قوۋملەرنىڭ

پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ناھايىتى مۇھىم مەدەنىيەت تەركىبى. ئوخشاش بىر مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ قىممەت قارىشى ئومۇمەن ئوخشاش بولىدۇ. ئادەم ياخشى ـ يامانىنى، گۈزەللىك ـ رەزىللىكنى قىممەت قارىشى بىلەن ئۆلچەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، قىممەت قارىشى تەركىبىدە مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشىمۇ، ۋاقىتلىق قىممەت قارىشىمۇ بولىدۇ. مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشى دېگىنىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق دېگەندەك ئادەمدە بولۇشى زۆرۈر قىممەت قاراشلار. ۋاقىتلىق قىممەت قاراش دېگىنىمىز، بىزگە بىر مەزگىل يېتەكچىلىك قىلغاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدىغان ۋاقتى ئۆتىدىغان ئەسقېتىشچان تىپتىكى قاراشلار، بۇ خىل قاراشلار بىزگە بىۋاسىتە پايدىلىق بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز، ئەمما مەڭگۈلۈك قىممەت قاراشلارغا ئەگىشىشتە بولسا بىز پايدا ـ زىيان ھېسابلاشمايمىز، مەسىلەن، بىر دۆلەت ئىقتىسادتا كۈچىيىشى ئۈچۈن، دۆلەتتە خەلقكە تىرىشىپ ئىشلەشنى، ئەمگەكچانلىقنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشى... مۇمكىن. ئەمما، بېيىپ مەلۇم چەككە يەتكەندە بولسا، تىرىشچانلىق تەبىئىيلا كېمىيىشى مۇمكىن. بۇ يەردە يېتەكچى ئورۇندىكىسى دەل ۋاقىتلىق قىممەت قاراشتىن ئىبارەت.

بەزى دۆلەتلەر ناھايىتى باي، خەلقىمۇ شۇنداق باياشات، ئەمما ئۇلار خۇددى ھېچنېمىسى يوق نامراتلاردەك ناھايىتى تىرىشچان، يەنىلا توختىماي پۇل تاپىدۇ، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە بېيىپ، تىرىشمىسىمۇ جېنىنى خاتىرجەم بېقىپ كەتكۈدەك ھالەتتىمۇ، يەنىلا توختىماي تىرىشىۋېرىدۇ. خۇددى پۇلى يوق چاغدىكىدەكلا تىرىشىدۇ. مانا بۇ يەردە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشى. دېمەك، ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغىنى مەڭگۈلۈك قىممەت قاراشتۇر.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئازادە قامدىيالىغۇدەك پۇل ـ

ئۇخشاش ئىدى... 30 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بولسا كورېيە ئالىلىقاچان سانائەت گىگانتىغا ئايلىنىپ 14- ئورۇنغا چىقتى... گانادا بولسا بۇنداق ئۆزگىرىش يۈز بەرگىنى يوق، ھازىر ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دارامەت كورېيىنىڭ $\frac{1}{14}$ ىگە توغرا كېلىدۇ. تەرەققىيات سۈرئىتىدىكى بۇ ئاسمان - زېمىن پەرقنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭدا نۇرغۇن ئامىللار بار. مېنىڭچە بولسا مەدەنىيەت بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم ئامىل. كورېيىلىكلەر تېجەشلىك مەبلەغ سېلىشقا، مائارىپ، تەشكىللات، ئىنتىزامغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىشچان. ئەمما، گانالىقلارنىڭ قىممەت قارىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، قىسقىسى بۇ يەردە مەدەنىيەت رول ئويناۋاتىدۇ».

بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساقمۇ، مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بايقايمىز. سوپا - ئىشانلار ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەندىن باشلاپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى، قىممەت قارىشى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا، ھايات، ئەمگەك، ئىقتىساد، ئىلىم دېگەنلەرگە تۇتقان پوزىتسىيە، چۈشەنچىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. سوپا - ئىشانلار تەلىماتىدىكى تەركىدۇنياچىلىق، بۇ دۇنيادىن قول ئۈزۈش، بارلىقىنى ئاخىرەتكىلا ئاتاش، بارىغا قانائەت قىلىش، يوقنى ئىزدىمەسلىك، ھەممىنى سىغدۇرۇۋېتىش... تەك قاراشلار ئاستا - ئاستا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىغا ئۆزلىشىپ ئۇيغۇرلاردا بايلىق، پۇلغا ئىنتىلمەيدىغان، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زۆرۈر دەپ قارىمايدىغان خاھىش باش كۆتەردى. مانا بۇ ھادىسە مەلۇم نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى ئومۇميۈزلۈك نامرات ھالىتىنى بەلگىلىۋەتتى، ھەتتا بۈگۈنمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شۇبھىسىزكى، قىممەت قاراش ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە،

تەكىتلەنگەنلىرى جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىسىگە ئايلىنىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى تەكىتلىنىۋاتقان قاراشلارنىڭ تەركىبىدىكى بايلىق، نامراتلىق، پۇل ھەققىدىكى تەشەببۇسلار شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىقتىساد تۈرغۇن جەمئىيەتتە چوقۇم دىنىنىڭ شۈكۈر قىلىش، نامراتلىق، بۇ دۇنيانىڭ باقاسىزلىقى ھەققىدىكى ئەھكام - تەشەببۇسلىرى بەكرەك تەكىتلىنىدۇ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەت بولسا، بايلىقنىڭ مۇھىملىقى، ئىقتىسادىي كۈچنىڭ دىنغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى بەكرەك تەكىتلىنىدۇ. بۇ خىل پەرق دەل شۇ جەمئىيەتتىكى باي - نامراتلارغا بولغان باھا، قاراشلاردا بەكرەك روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادقا توسالغۇ قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە كىشىلەر پۇل تېپىۋالغانلارغا گۇناھ سادىر قىلىۋاتقاندەك، پۇل تاپماي شۈكۈر - قانائەت بىلەن ياشايدىغانلارغا ئۇلار توغرا يولدا مېڭىۋاتقاندەك نەزەردە قارايدۇ.

ئىككىنچى، شەخسكە بولغان تونۇش. ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەتتە، شەخسنىڭ رولى كوللېكتىپنىڭ ئىچىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. شەخسكە ئىشەنچ قىلىنمايدۇ، ئىقتىسادنىڭ ھەقىقىي تۈرتكىسى شەخسنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئەركىنلىكىدۇر. شەخسنىڭ ئەركىنلىكى كوللېكتىپقا بەخشەندە قىلىنغان جەمئىيەتتە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات قەدىمى بەك ئاستا بولىدۇ. شەخس پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىگەندىلا ۋە ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدىغىنىنى ھېس قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقى چەكسىز بولىدۇ، ھەيدەكچى كەتمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئەقىدە - قاراشلاردا باشقا ئادەمگە ئەگەشسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىرەر ئىشتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، ئىجادچانلىقى بولمايدۇ. شەخسكە ئىشىنىش، ئۇنىڭ ئىقتىدارى، كۈچىگە ھۆرمەت قىلىش ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى. ئەكسىچە شەخسنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، كونترول قىلىش ئىقتىسادى تەرەققىي

مالغا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ توختىماي ئىرىشقىنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىرىشىش مەقسىتىنىڭ نوقۇل پۇل تېپىش، جېنىنى بېقىشلا ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ توختىماي ئىرىشىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان مەلۇم بىر ئامىل بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. دەل مۇشۇ «مەلۇم بىر ئامىل» ۋاقىتلىق قىممەت قارىشىغا تەۋە بولماستىن، مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشى تەركىبىدە بولىدۇ.

دېمەك، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمايدىغان ھەم قىلمىغان جەمئىيەتتە دەل ھېلىقى «مەلۇم بىر ئامىل» يوق. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئىقتىساد زۆرۈر بولىدىغان ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، پۇل بولمىسا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان، پۇلنى جىددىي تەلەپ قىلىدىغان مەلۇم بىر غايە، مەقسەتمۇ بىر شەخسنىڭ، ھەتتا بىر جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ باي - نامرات ھالىتىنى بەلگىلەيدۇ. مەڭگۈلۈك قىممەت قاراشىنىڭلا كۈچى پۈتمەس - تۈگىمەس بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بۇ قىممەت قاراش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ رولى ناھايىتى زور. ئەلۋەتتە بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەقەت قىممەت قاراشقىلا باغلاپ قويۇشمۇ تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس.

تۆۋەندە مەدەنىيەت ئامىللىرىغا بولغان بەزىبىر پەرقلىق چۈشەنچىلەرنىڭ چۈشەنچىدىكى پەرقىنىڭ بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قىسقىچە سېلىشتۇرۇپ چىقىمىز.

بىرىنچىدىن روشەنكى، دىن ئىنسانلار جەمئىيىتى قىممەت قارىشىنىڭ مۇھىم مەنبەسى، دىن ئۆزى بىر پۈتۈن مۇكەممەل سىستېما بولسىمۇ، بەلگىلىك زامان، بەلگىلىك ماكان ئوخشاش بىر دىن تەركىبىدىكى ئوخشىمىغان تەشەببۇسلارنى بەكرەك قىلىدۇ. جەمئىيەتتە بەزىلىرى يەنە بەزىلىرىدەك تەرغىب قىلىنمايدۇ ۋە تەكىتلەنمەيدۇ. بۇنى كونكرېت ئېھتىياج بەلگىلەيدۇ. بەكرەك

شەرتى باراۋەرلىك دەپ قاراپ، رېئاللىقتا بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئۇتوپىك باراۋەرلىكنى قوغلىشىدۇ.

رىقابەت ئىقتىسادقا تۇرتكە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. پەقەت رىقابەتتىلا ئادەمنىڭ بارلىق ئىقتىدارى، يوشۇرۇن كۈچى تولۇق قېزىلىدۇ. ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەتتە بولسا، كىشىلەر رىقابەتنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمكارلىشىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ، رىقابەتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ. ھالبۇكى، ھەمكارلىقتا بولسا چوقۇم بىر تەرەپ بىر تەرەپكە يۆلىنىۋالىدۇ، مەسئۇلىيەتتىن قاچىدۇ، تىرىشچانلىقى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىدۇ.

ئالتىنچى، ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ئېڭى. تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ۋەزىپىسىنى تونۇش ... دېگەن چاقىرىقلار ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى، ئۇ يەردە مەجبۇرىيەت ھوقۇقتىن بەكرەك تەكىتلىنىدۇ، يۇقىرىنىڭ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پۇقرانىڭ ھوقۇقى قانچىلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدى؟ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك، ئەمما بەھرىمەن بولالمىغان قانداق ھوقۇقلىرى بار؟ دېگەنلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار قايسى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىدى؟ قايسى ۋەزىپە مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىۋاتىدۇ؟... دېگەنلەردىن ئىبارەت. بىلىش كېرەككى، شەخسنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئىجادچانلىقى مۇۋاپىق ھوقۇق دائىرىسىدە ئاندىن ئۇبدان جارى بولىدۇ، قېزىلىدۇ.

يەتتىنچى، مائارىپ ئېڭى. ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەتتە مائارىپ بىلىنىپ بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش جەريانى. ئىقتىسادقا تۇرتكە جەمئىيەتتە بولسا، مائارىپ، بىلگەن بىلىملەر ئاساسىدا تېخى بىلىنمىگەن ساھەلەرنى بايقاش جەريانى. ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ مېڭىسى توشقۇزۇشقا تېگىشلىك قاچا بولسا، ئىقتىسادقا تۇرتكە جەمئىيەتتە ياندۇرۇشقا تېگىشلىك مەشئەلدۇر. تەييار قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىنماي قولغا كەلتۈرگەن

قىلمايدىغان جەمئىيەتنىڭ تىپىك ئالامىتى. خۇددى ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى مارشانو ئېيتقاندەك: «پەقەت (خەلق)، (ئامما)لا بولۇپ شەخس بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ».

ئۈچىنچى، غايە. ئىقتىساد تەرەققىي قىلمايدىغان جەمئىيەتتە، خىيالىي ئۇتوپىيە، فانتازىيە بەكرەك ھۆكۈم سۈرىدۇ، ھېسسىي ئۇقۇملار بەكرەك بازار تاپىدۇ. رېئالىزملىق ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تېپىلىدۇ، ۋەھالەنكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۇلار ئەمەلىي كۈچكە قارىغاندا مەۋھۇم كۈچلەرگە بەكرەك ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار قانۇنىيەتتىن ھالقىغان مۆجىزىلەرنى، تەرەپبال نەتىجىلەرنى تەمە قىلىدۇ.

ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەتتە بولسا، ئەمەلگە ئاشىدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ. بىراق، كەلگۈسى ئىشلارغا قارىغاندا ئەتىكى ئىشلارنى بالدۇر كۆنتەرتىپكە كىرگۈزىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، بايلىق قارىشى. ئىقتىساد تەرەققىي قىلمايدىغان جەمئىيەتتە كۆز ئالدىدىكى نەرسىنى بايلىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ يەنە بايلىق يارىتىش قىممىتىگە قارىغاندا نەق ئىشلىتىلىش قىممىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بايلىق ئېتىزدا، بازاردا... دەپ قارىلىدۇ، ئەمما، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەتتە بولسا، بايلىق ئېچىلمىغان، بايقالمىغان جايلاردا، بايلىق يېڭىلىق يارىتىشتا دەپ قارىلىدۇ. خۇددى مارشانو ئېيتقاندەك: «ئىقتىساد تۇسالغۇ جەمئىيەتتە كىشىلەر كومپيۇتېرنىڭ بۇگۈنىگە كۆڭۈل بۆلسە، ئىقتىسادقا تۈرتكە جەمئىيەتتە كىشىلەر كومپيۇتېرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا كۆڭۈل بولىدۇ.»

بەشىنچى، رىقابەت ئېڭى. ئىقتىسادقا تۇسالغۇ جەمئىيەتتە رىقابەت دۈشمەنلىشىش دەپ قارىلىپ، ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئۇلار رىقابەتنىڭ ئالدىنقى

ھالەتتىن قارىغاندا، ئىقتىسادى كۈچلۈك بولغانلارنىڭ مەيلى شەخس بولسۇن ياكى دۆلەت بولسۇن، بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىمۇ كۆپ بولۇۋاتىدۇ. بۇنى ھازىرقى دۇنيانىڭ رېئاللىقىدىن كۆرمەك تەس ئەمەس. غەرب ئىقتىسادتا ئەڭ كۈچلۈك، شۇنداقلا بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىتىدىكى يېتەكچى كۈچ، بۇنى ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادى، كۈچلۈك ھەربىي كۈچى بەلگىلىگەن. يەنە بىر جەھەتتىن دۆلەت ئىچىدىكى غايەت زور ئىقتىسادىي گۇرۇھلارنىڭ ھوقۇقىمۇ ئالاھىدە زور بولىدۇ، دۆلەتمۇ ئۇلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارمۇ دۆلەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە ئىنتايىن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى، دۆلەت ئىچىدىكى زور كارخانا، شىركەتلەر دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئېتىبار سىياسەت، تەدبىرلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان ئەۋزەللىك، ھوقۇق، ئۇلاردىن ئاجىز گۇرۇھلارنىڭكىدىن كەڭ، گازىرچى، لەڭپۇڭچى، باققال، ناۋاي دېگەنلەرنى چىرمىۋالغان رەسمىيەتلەر بولسا ساماندەك تولا، دېمەك چوڭ گۇرۇھلارغا ھوقۇق ئۆزلۈكىدىن كەلسە، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۇنى ئىزدەپمۇ قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

ھوقۇق بولسا كىشىلەرنى تېخىمۇ كەڭرى پائالىيەت بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھوقۇق - سىياسەت ئەۋزەللىكىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر خىل كۆرۈنمەس مەبلەغ بولۇپ، قولىدا پۇلى بار، ئەمما سىياسەت - ھوقۇق ئەۋزەللىكى يوقلار ناھايىتى تېزلا ھوقۇق - سىياسەت ئەۋزەللىكى بارلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا ھوقۇق، سىياسەت ئەۋزەللىكى ئىقتىسادنى كۈچەيتىشكە مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خام ئەشيا ئەۋزەللىكىدىن بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر قاراپ باقىدىغان بولساق، ئىقتىسادتا تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى ئاجىز ئەللەرگە قارىغاندا ھوقۇق تۈزۈلمىسى جەھەتتە كۆپ ئىلغار، مۇكەممەل

ئىلمىي نەتىجىنىڭ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىشى، مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇشى ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەت مائارىپىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا، گۇمانلىنىش، يېڭى، مۇخالىپ پىكىر - قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇش، ئىقتىسادقا تۇرتكە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

دېمەك، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، مەدەنىيەت ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن مەدەنىيەت قىممەت قارىشىدىكى نۇرغۇن پاسسىپ تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر ۋاستە.

ئەمما، شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مەدەنىيەتكە تايىنىپلا كۈچلۈك بولغىلى بولمايدۇ، مۇھىمى يەنىلا ئىقتىساد، بۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن.

## ئىقتىساد ۋە ھوقۇق

ئىقتىساد ۋە ھوقۇق مۇقەررەر يوسۇندا بىر - بىرىنى كۈچەيتىدۇ، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - بىرى بىلەن ئۇلۇك تاناسىپ، بىرى كۈچەيسە، يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈچىيىدۇ. ئاجىزلىسا ئاجىزلايدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ھوقۇق ماھىيەتتە سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ، ئىقتىساد بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە ئىقتىساد بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. گەرچە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر كىشىلەردىكى ھوقۇق تەقسىملىنىشىگە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما مېنىڭچە بۇنى پۈتۈنلەي بەلگىلىيەلمەيدۇ، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى پەقەت ئىقتىسادىي پائالىيەتلا ئەمەس. بۇگۈنكى دۇنيادا ئىقتىساد بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ بەك زىچلىشىپ كەتتى. ئومۇمىي

ھوقۇقسىز دەپ قارىغان، بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسىگە، ئېڭىغا باغلىق.

ئەمدى ھوقۇقنىڭ مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىگە كەلسەك، ھوقۇق يەنىلا شۇ مەدەنىيەتنىڭ قالقىنى، قوغدىغۇچىسى بولۇش رولىنى ئويناپ، مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە ئەمەل قىلىشىغا، ئۆز مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىشىغا ئەركىن بوشلۇق يارىتىپ بېرىدۇ، ھوقۇقتىن مەھرۇم ھالەتتە مەدەنىيەتنى ساقلاپ قالماق تەس. چۈنكى، مەدەنىيەت تەبىئىيلا ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ھوقۇققا موھتاج، ئەگەر بىر مەدەنىيەت قەغەزدە، نەزەرىيە ئېغىزلاردا مەۋجۇت بولۇپ ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ھوقۇققا ئېرىشەلمىسە، بۇنداق مەدەنىيەت ئۆزلۈكىدىن ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى قانچىلىك نامايان قىلالىشى،ئىپادىلىشى، باشقىلارغا تونۇتالىشىغا باغلىق. ئەگەر بىر قوۋم ئۆز مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغاندا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ مەدەنىيەت مەزكۇر جەمئىيەتتە ئاستا ـ ئاستا باشقا بىر تاجاۋۇزچى مەدەنىيەتكە ئورۇن بوشىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى مۇزېي ـ مازارلاردىن كۆرۈپ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ ئىزنا، ئىپادىلىرىنى كۆرەلمىگەچكە، تەبىئىيلا ئۆز ئەسلىدىن، مەدەنىيىتىدىن ياتلىششقا باشلايدۇ.

ئەمدى يۇقىرىقىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ئۈچ خىل مەۋجۇتلۇق خۇددى داڭقاننىڭ ئۈچ پۇتىدەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىرى كەم بولسا داڭقان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

مەدەنىيەت بىر جەمئىيەتنىڭ كىملىك سالاھىيىتىنى، مەنىسىنى، مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرسە، ئىقتىساد شۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماي، مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك تىرىكى بولىدۇ، ھوقۇق بولسا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنلۇق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، باراۋەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئىكەنلىكىنى، شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت ھوقۇقىنىڭمۇ، ئىقتىسادىي ئاجىز ئەللەر، خەلقلەرگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئەركىن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

## ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت

بىر قوۋمنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسى ئاۋۋال شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ھوقۇق ھەققىدىكى قاراشلاردىن كېلىدۇ. شۇ قوۋم ھوقۇقنى شۇ قاراشلار بويىچە تونۇيدۇ ۋە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىدۇ. مەسىلەن، غەربلىكلەر بىلەن شەرقلىقلەرنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسىدە نۇرغۇن ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر بار. مۇقەررەركى، مەلۇم بىر قوۋمنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر قوۋمنىڭ شەكىللەنگەن ھوقۇق ئېڭى بولىدۇ، ھەتتا بەزى جەمئىيەتشۇناسلار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ماھىيەتتە شۇلارنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىلىرىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ، ئەسئەت سۇلايماننىڭ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار: «ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى تاجىنا قەشقەردىن خوتەنگە ماڭىدىغان يولدا بىر قونالغۇغا چۈشىدۇ، شۇ چاغدا بىر ئۇيغۇر كېلىپ ئۇلارغا بىر ئەرزنامە سۇنىدۇ، ئەسلىدە ئۇ شۇ جايدىكى جۇڭگو ئەمەلدارى بىر تەرەپ قىلىپ بولغان يەر تالىشىش ماجىراسى ئىكەن، تاجىنا بۇ ئىش توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ياردىمى بولىدىغانلا بولسا، كىمنىڭ ئۇلارغا كېلىپ باشلىق بولۇشى بىلەن كارى يوق ئىكەن. ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق ئىكەن».

دېمەك، بۇ ۋەقەلىكتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا شۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزىنى

# تۇران سودا چەكلىك شىركىتى نەشرگە ئۇيۇشتۇرغان كىتابلار

- ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش
- كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى
- چىرايلىق ئىملا مەشقى
- مەدەنىيەت توقۇنۇشى
- مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز
- ئىنگلىزچە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى لۇغىتى
- ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ مەخپىيىتى
- ھەر خىل مۇھىتتا ئىنگلىزچە سۆزلىشىش

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 0903-2024884
تۇران لايىھىلەش مەركىزى تېلېفون نومۇرى:0991-8205391
URL: http://www.buyukturan.com, E-mail: info@ buyukturan.com

ئىسقىسى، مەدەنىيەت ــ سالاھىيەت، ئىقتىسادىي قورال، ھوقۇق قالقىندۇر.

خاتىمە

دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشنى، تەرەققىي قىلىشنى ئىستىمەيدىغان قوۋم بولمىسا كېرەك. ھازىر ئاجىز قوۋملەردە شۇنداق بىر روھ بولۇش كېرەككى، ئۇلار بارلىق رومانتىك خىيال، فانتازىيىلىك غايىلەرنىڭ مەستۇ مەستانىلىقىدىن قۇتۇلۇشى، پەقەتلا ئەمەلىي پائالىيەتنىڭلا ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، پەقەت رېئاللىقتا دادىل يۈزلەنگەندىلا، رېئاللىقنىڭ سوئاللىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرمىغاندىلا (گەرچە بۇ رېئاللىق ئۇلار خالىمىغان رېئاللىق بولسىمۇ)، رېئاللىقتىكى بارلىق ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئامىللارنى بايقاپ پايدىلانغاندىلا، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك.

غايە تىكلىمەك قىيىن ئەمەس، ۋەھالەنكى غايىگە يەتكۈزىدىغان ۋاستە ــ يول تاللىماق بەسىي مۇشكۇلدۇر.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

مەسئۇل كوررېكتورى: زۇلەيخا ئەزىز

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: تۇران لايىھەلەش مەركىزى

## مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز

ئابدۇرېھىم دۆلەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

ئۈرۈمچى رېنشياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى : 12.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2

2003- يىلى 5- ئاي 1- نەشرى

2003- يىلى 5- ئاي 1- بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 3000

ISBN7 — 228 — 08025 — 4

باھاسى: 18.70 يۈەن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۇران لايىھەلەش مەركىزى

ISBN 7-228-08025-4

ISBN 7 - 228 - 08025 - 4

(民文)　定价：18.70元